# ئوقۇ!



ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى تەرىپىدىن سىكاننىرلىنىپ تارقىتىلدى.


ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

كارل ۋىتېر [ گېرمانىيە ]

# كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى

CARL WETER'S EDUCATIONAL LAW



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

CARL WETER'S EDUCATIONAL LAW

بۇ كىتابنى تەرجىمىگە
ئۇيۇشتۇرۇپ، نەشردىن چىقىرىشقا
قەدەر «مۇنبەر»، «مىراس»
قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ ھەرقايسى
سانلىرىدا بۇ كىتابنىڭ تەر-
جىمىسىدىن پارچىلار بېرىلدى
ۋە ئوبزورلار ئېلان قىلىندى.
بىر خەلق ياقتۇرىدىغان مۇ-
شۇنداق ئېسىل كىتابنى سىلەر
بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگىنىمىز-
دىن بولىمۇ خۇشالمىز. بۇ كىتاب
توغرىلىق بىز بىلەن ئالاقە
قىلىشقىلارنى سورايمىز.

«بۇلاق» كىتابخانىسىنىڭ ئادرېسى:

1-كىتابخانا خوتەن شەھەر جوك
بازار ھېيتگاھ مەسچىت ئۇدۇلىدا.
تېلېفون: 2024884 — 0903

2- كىتابخانا لوپ ناھىيىلىك
دورا شىركىتى ئۇدۇلىدا.
تېلېفون: 6621987 — 0903

3- كىتابخانا قاراقاش ناھىيە
بازىرىدىكى 2- باشلانغۇچ
مەكتەپنىڭ ئوڭ يېنىدا.

4-كىتابخانا كېرىيە ناھىيىلىك
پوچتا- تېلېگراف ئىدارە
سىنىڭ ئوڭ يېنىدا

ئالاقىلەشكۈچى:
ئىمىنجان قۇربان يار
تېلېفون: 13094092011



ئەقلى ئاجىز بىر بالىنى پۈتكۈل گېرمانىيىگە
مەشھۇر تالانت ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ
چىققانلىقىنىڭ ئۆزى «كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت
تەربىيىسى» ناملىق كىتابنىڭ كارامىتى ۋە
بۈيۈكلۈكىنى ئىسپاتلايدىغان ئەڭ ياخشى مىسال.

[ئامېرىكا]خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى پسىخولوگىيە ئىلمى دوكتورى سېيدىز

خارۋارد كۇتۇپخانىسىدا بىر نۇسخىسىلا ساقلانغان بۇ كىتاب تارقاتقان
تەلىم ـ تەربىيە ئىدىيىسىنىڭ لىۇ يىتىڭنى ئاخىرى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا
باشلاپ كېلىشىنى ئەسلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

دۇنياغا مەشھۇر بىرنەچچە ئالىي مەكتەپنىڭ نەزىرى چۈشكەن لىۇ-
يىتىڭدىكى ئېسىل ساپا دەل مۇشۇ كىتاب ئارقىلىق يېتىلگەن.

«خارۋارد قىزى لىۇ يىتىڭ» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى



نېمە ئۈچۈن شۇنچە خىسلەتلىك بالىلار بىرلا
ۋاقىتتا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا يىغىلىپ قالدۇ؟
دۇنيادا مۇنچە كۆپ تاسادىپىيلىقلارنىڭ بولۇشى
مۇمكىن ئەمەس، بۇ پۈتۈنلەي «كارل ۋىتېرنىڭ
پەرزەنت تەربىيىسى» دىن پايدىلانغانلىقىنىڭ
نەتىجىسى.

[ياپونىيە] كىمورا يىسائىچى

كارل ۋىتېر                [ گېرمانىيە ]

# كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى

# *CARL WETER'S EDUCATIONAL LAW*



ئابدۇرېھىم دۆلەت
تەرجىمە قىلغۇچىلار : ئادىل ئابدۇقادىر
جۈرئەت دۆلەت

بۇ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل مائارىپ تارى-
خىدىكى مەشھۇر كىتاب. ئۇنىڭ نېمىسچە ئەس-
لىي نۇسخىسى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇ-
تۇپخانىسىدا ساقلانغان بولۇپ، ئۇ ئامېرىكىدى-
كى بىردىنبىر ئەتىۋارلىق نۇسخا ئىكەن.

بۇ كىتاب يېزىلىپ بولغۇنىچە، ئۇنى
ئوقۇش نېسىپ بولغان ھەم كىتابتا كۆرسىتىل-
گىنى بويىچە ئىش قىلغان ئاتا - ئانىلار ئۆز
پەرزەنتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ياخشى
تەربىيىلەپ چىققان.

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# تۇنجى تەرجىمىسىگە كىرىش سۆز

گېرمانىيىلىك كارل ۋىتېرنىڭ بۇ كىتابىنى ئوقۇغانلار ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن ئۇسۇل - چارىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئاجايىپ تالانتلىق بالىلارنى يېتىشتۈرگەن. بۇ تالانتلىق بالىلار ياشىغان زامان ۋە ماكان ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن ھەممىسىدە ئاشۇنداق بىر ئورتاقلىق بار. بۇ كىتابتىكى بالىلار تەربىيىسىگە ئائىت مەزمۇنلارنىڭ كۆپ قىسمى خەلقىمىزگە تونۇشلۇق. لېكىن، بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلار تەربىيىسى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلانمايدۇ. ئۇلار بالىسىغا شۇنچىۋالا كۆيۈمچان، بالىسىنىڭ قورسىقىنى ئاچ قويمايدۇ، ئۇچىسىنى يالىڭاچ قويمايدۇ. ئەپسۇسكى، بالىنىڭ مېڭىسىنى، قەلبىنى ھەمىشە ئاچ قويىدۇ. بالىلار بىزنىڭ بارلىقىمىز، بالىلار بىزنىڭ كەلگۈسىمىز، بالىلار بىزنىڭ خۇشاللىقىمىز ۋە ئۈمىدىمىز. بۇ ئۈمىد چىرىغىنى ياندۇرۇش يەنىلا بىز ئاتا - ئانىلارغا باغلىق.

ھازىرقى دۇنيادا نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بۇ كىتابتىكى ئىلمىي ساۋاتلارنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، كۆپ بەھرە ئالماقتا. ئۇنىڭدىكى مول تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بايانلار ئاتا - ئانىلارنى بالىلار تەربىيىسىدە مەنىۋى كامالەتكە يېتەكلىمەكتە. شۇڭا، بۇ كىتابنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى پايدىلىق ئۇسۇل - چارىلەردىن ئىلھام ئېلىپ، بالىلارنى تەربىيىلەشكە تەسىر كۆرسىتىش — بىزنىڭ بۇ مەشھۇر كىتابنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ھېس قىلغان چوڭقۇر تەسىراتىمىز.

# نەشرىياتتىن

بۇ كىتاب بالىلارنىڭ دەسلەپكى تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا مول مەزمۇنلۇق تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، تولىمۇ تەسىرلىك يېزىلغان. كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەر خەلقىمىزنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەشتىكى ئېسىل ئەنئەنە ۋە تەجرىبىلىرىگە، نۆۋەتتىكى رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. يېڭى دەۋردە يارامىلىق، يۇقىرى ساپالىق ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈشنى ئويلىغان ئاتا ـ ئانىلار بۇ كىتابنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشقا ئەرزىيدۇ.

يېزىلغىنىغا 185 يىل بولغان بۇ كىتاب دۇنيادىكى كۆپ خىل تىللاردا نەشر قىلىنىپ كەڭ تارقىتىلغان، جۈملىدىن 2001ـ يىلى دۆلىتىمىزدە تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان. بىز بۇ كىتابنى تەرجىمە ۋە نەشر قىلىش جەريانىدا، چەت ئەل يەر ـ جاي نامىلىرى، ئادەم ئىسىملىرى، تۇرلۇك كەسپىي ۋە ئىلمىي سۆز ـ ئاتالغۇلارنى توغرا بېكىتىش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش جەھەتتە، مۇناسىۋەتلىك لۇغەتلەرنى ئاساس قىلىپ كۆپ ئىزدەندۇق، شۇ جەرياندا كىتابتىكى بەزى تەكرار بايانلارنى قىسقارتتۇق. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ مەشھۇر كىتابنىڭ تەرجىمە ـ تەھرىرلىك جەريانىدىن ۋاقىپ بولۇشىنى، تۇنجى نەشرىدە كۆرۈلگەن سەۋەنلىكلەرگە قارىتا تەنقىدىي پىكىر ۋە تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمىز.

# مۇندەرىجە


خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلانغان نۇسخىسى (كىرىش سۆز ئورنىدا) ........ 1

ئوغلۇمنىڭ تالانتلىق بولۇشى مېنىڭ تەلىم - تەربىيەمنىڭ مەھسۇلى (ئەسلىي كىتابتىكى ئىزاھات) ........ 4

بىرىنچى باب پەرۋەردىگار بالامنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي 14

لاياقەتلىك بىر قىزنى جورىلىققا تاللىدىم ........ 14

كىچىككىنە سەۋەنلىك - ئايالىم ھامىلىدار مەزگىلىدە ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ھەمراھ بولۇشى ........ 16

پەرۋەردىگار تىلىكىمىزنى يەردە قويمىدى ...... 19

ئىشنى ئوغلۇمنىڭ ئانىسىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلىدىم ........ 25

ئىككىنچى باب ھەممە بالا ئوخشاش تۇغۇلىدۇ، پەقەتلا مۇھىت ئوخشاش بولمايدۇ ........ 32

ئوغلۇمنىڭ تۇغما تالانتى ۋە كېيىنكى تەربىيىسى 32

تالانتنىڭ مەغلۇبىيىتى ئاتا - ئانىلارنىڭ زىيادە زورلىشىدىن كېلىدۇ ........ 35

ئادەم ساپال قاچىغا، بالىلىق مەزگىل ساپال قاچا ياسايدىغان سېغىزغا ئوخشىشىدۇ ........ 38

مېنىڭ تەلىم - تەربىيە غايەم - بالىلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق ئېچىش ........ 39

بالىلاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ تەدرىجىي ئاجىزلىشىش قانۇنىيىتى ........ 43

ئوغلۇم تۇغۇلغان كۈندىن تارتىپ تەربىيىلەشنى
باشلىدىم .................................... 46
ئۈچىنچى باب ئوغلۇمدىكى ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ئەڭ
ياخشى تەرەققىيات مەزگىلىنى تۇتۇۋالدىم ...... 49
بالا يېيىشكە ئامراق يېمەكلىك ئەڭ ياخشى
يېمەكلىكتۇر .................................... 49
ئوغلۇمنىڭ ساغلام روھىي ھالىتىنى ساقلىدىم 52
ئوغلۇمنىڭ بەش ئەزاسىنى مەشىق قىلدۇرۇشتىن
باشلىدىم .................................... 55
ئوغلۇم 15 كۈنلۈك بولغاندىن تارتىپ سۆز ئۆگەتتىم 63
ئوغلۇمنىڭ ئەستە تۇتۇش، تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە
ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى بالدۇر تەرەققىي قىلدۇ-
رۇشنى كۆزلىدىم .................................... 77
تۆتىنچى باب بالىنى توغرا تەربىيىلەش ئۇسۇللىرى ...... 84
ئويۇن شەكلى ئارقىلىق تەربىيىلەش ............ 84
ئوغلۇمغا چەت ئەل تىلىنى قانداق ئۆگەتتىم ...... 88
ئوغلۇم مېنى دوراپ قەلەم تۇتالىغۇدەك بولغاندا،
ئۇنىڭغا خەت يېزىشنى ئۆگەتتىم ................ 97
ئوغلۇمنىڭ كۆپ تەرەپلىمە قىزىقىشىنى قانداق
يېتىلدۈردۇم .................................... 100
قانداق قىلغاندا، بالىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغىلى
ۋە ئۇنى سوئال سورايدىغان قىلغىلى بولىدۇ ... 104
قاچىلاپ قۇيۇش شەكلىدىكى تەلىم - تەربىيىنى
ھەرگىز قوللانمىدىم .................................... 109
ئوغلۇم بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇشنى قەتئىي
داۋاملاشتۇردۇم .................................... 113
پروفېسسور روزىنبلۇمنىڭ ماتېماتىكا ئۆگىتىش
ئۇسۇلى .................................... 118

Contents (continued)


ھەرقانچە ئىجتىھات قىلسىمۇ، نېرۋا زەخىملەن-
مەيدۇ ........................................................ 123
ئوغلۇمنى تەربىيىلەش داۋامىدا، مەن ئىزچىل
ھالدا «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا»
دېگەنگە چىنپۈتۈپ كەلدىم ........................ 125
ئوغلۇمنىڭ ھەرخىل ئىقتىدارىنى ئويۇن ئارقىلىق
يېتىلدۈردۈم ........................................ 130
بەشىنچى باب ئوغلۇمنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان
تالانت ئىگىسى قىلىپ يېتىلدۈرۈشنىلا ئويلىدىم 138
خىسلەتلىك بالا بولۇش - بولماسلىق مۇھىم
ئەمەس ............................................................ 138
ئوغلۇمنى باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان روھ-
قا ئىگە قىلدىم .............................................. 143
مېنىڭچە، مىجەز - خاراكتېرنىڭ ئۆزى ئىقتىدار 148
ئوغلۇمنى ئاتالمىش ئىلىم ئەھلى قىلىپ تەر-
بىيىلەپ چىقىشنى ئەزەلدىن ئويلىمىغان ئىدىم 154
ئالتىنچى باب بالىڭىزنى ھەرگىز كىچىك چاغلىماڭ ... 158
گۈزەل نەرسىلەرنى ئوغلۇمنىڭ تەبىئىتى ۋە ئاڭ-
لىقلىقىغا ئايلاندۇردۇم ................................ 158
بالا بەك كىچىك بولسا قائىدە بىلمەيدۇ، دەپ
قارىماڭ ............................................................ 162
ئوغلۇمنى ئۆزۈم باشلامچى بولۇپ ھۆرمەتلىدىم 165
بالىڭىزنىڭ چوڭ بولۇشىنى كۈتسىڭىز، ئۇ چوڭ
بولغاندا گېپىڭىزنى ئاڭلىمايدۇ .................. 168
ئوغلۇمغا مۇئامىلە قىلغاندا، گەپنى ئېنىق قىلدىم 172
ئۆز ئىشىنى ئۆزى ھەل قىلسۇن .................. 176
يەتتىنچى باب قانداق تەربىيىلىگەندە، بالىغا زىيان
يەتمەيدۇ ........................................................ 180

ئوغلۇمغا قاتتىق تەلەپ قويۇشتا، يوللۇق بولدۇم 180
باللارنىڭ ئەقلىنى بوغۇپ قويماسلىق ۋە
هۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق
كېرەك .................................... 185
بالىنى خاتا تەنقىدلەشكە بولمايدۇ ............... 191
بالىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىشكە هەرگىز بولمايدۇ... 196
سەككىزىنچى باب ئوغلۇمغا ئويناش ۋە دوست تال-
لاشنى قانداق ئۆگەتتىم ........................ 202
ئويۇن دېگەن بەربىر ئويۇن ..................... 204
ئوغلۇم بىلەن ئۇنىڭ بىللە ئوينايدىغان
هەمراهلىرى ئارىسىدىكى زىددىيەت ........... 209
كىچىك هەمراهى بولمىسمۇ، باللىق هەۋىسى
يوقالمايدۇ .................................... 212
يامان باللار بىلەن ئويناشنىڭ زىيىنى ......... 220
ئوغلۇمنى باشقا باللار بىلەن چەكلىمەك هالدا
ئۇچراشتۇردۇم ................................ 225
مەن ئوغلۇمنى ئويۇنچۇقلاردىن بىر نەرسە ئۆگە-
نەلمىدۇ، دەپ قارايتتىم ........................ 227
ئويۇن جەريانىدا كىشىلىك تۇرمۇشنى هېس
قىلىش ........................................ 232
ئوغلۇم بىلەن ئىككىمىز ئوينىغان ئويۇنلار ... 239
توققۇزىنچى باب ئوغلۇمنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى هەر
ۋاقىت ماختاپ تۇراتتىم ........................ 243
ئىشەنچىنىڭ مەنىيەسى ........................ 243
بالىنىڭ تۇغما تالانتى هەر تەرەپلىمە بولىدۇ ... 247
ئوغلۇمغا مەغلۇبىيەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى
ئۆگەتتىم ...................................... 253
ماختاشنىڭ سىرى .............................. 255

ئونىنچى باب ئوغلۇمدا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش جە-
ھەتتە كۆچ سەرپ قىلدىم .................... 261
ئوغلۇم ئۈچۈن «پائالىيەت خاتىرىسى» تۈرغۈزدۇم 261
ئوغلۇمنى نېمىشقا پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدىم ... 270
ئاز - تولا ھەققە ئېرىشىشنىڭ تولىمۇ تەسلى-
كىنى ئوغلۇمغا بىلدۈردۈم .................... 275
ئوغلۇمغا پۇلنى قانداق خەجلەشنى ئۆگەتتىم ... 280
ئانىسى ئۇنىڭ دىپلوماتى ئىدى ............... 287
ئوغلۇمنى يامان ئۆگىنىپ قويمىدىم .......... 293
ئون بىرىنچى باب ئوغلۇمنىڭ ياخشى ئادەتلىرىنى قانـ-
داق يېتىلدۈردۈم .............................. 300
پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىش ئادىتى ......... 300
سەزگۈرلۈك ۋە چېۋەرلىك ئادىتى ............... 306
تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىش ئادىتى ... 311
قەتئىي بوشاشماسلىق ئادىتى .................. 316
ئون ئىككىنچى باب ئوغلۇمنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن قانائەت-
لىنىپ قېلىشىنىڭ قانداق ئالدىنى ئالدىم ...... 322
بالىنى خالىغانچە ماختاشقا بولمايدۇ .......... 322
ئوغلۇمنى ھەرگىز زىيادە كۆپ ماختىمايتتىم ... 327
ئون ئۈچىنچى باب ئوغلۇمنىڭ يامان ئادەت يېتىلدۈرۈ-
ۋېلىشىغا يول قويمىدىم ...................... 335
ئوغلۇمدا يامان ئادەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى قانداق
توستۇم ........................................ 335
بالىدا «يامان ئادەت» پەيدا بولغاندا .......... 343
قانداق قىلغاندا ئۈنۈملۈك بولىدۇ ............ 348
بالا نېمىشقا ئاچ كۆز بولۇپ قالىدۇ ........... 353
ئاچ كۆزلۈك ئادەمنى دۆتلەشتۈرۈۋېتىدۇ ....... 358
ئون تۆتىنچى باب ئوغلۇمغا ياخشى پىسخىك ساپا

ھازىرلاشنى ئۆگەتتىم ...... 361
جاسارەت ...... 361
مۇستەقىل ئاڭ ...... 367
ئوغلۇمنىڭ پىسخىك بەرداشلىق بېرىش كۈچى-
نى چېنىقتۇردۇم ...... 374
ئوغلۇم بىلەن «تىنچلاندۇرۇش» ئويۇنى ئوينايتتىم 378
قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش ۋە كەسكىن ۋاز
كېچىش ...... 380
ئوغلۇمنىڭ مەنىۋى ساغلاملىقى ...... 387
ئون بەشىنچى باب ئوغلۇمغا باشقىلار بىلەن ئارى-
لىشىپ ياشاشنى ئۆگەتتىم ...... 393
تىڭشاش سەنئىتى ...... 393
بىر - بىرىنى چۈشىنىشنىڭ كۈچى ...... 400
ئون ئالتىنچى باب مېنىڭ تەلىم - تەربىيە غايەم ...... 407
ئوغلۇمنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشىم ئۇنى بىر-
قەدەر مۇكەممەل ئادەم قىلىپ چىقىش ئۈچۈنلا
ئىدى ...... 407
ئوغلۇمنىڭ ھېسسىياتىنى قانداق تاۋلىدىم ... 413
ئون يەتتىنچى باب ئۇ ھەرقانداق بالىدىنمۇ بەختلىك ... 416
ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ۋەقە ...... 416
لېيپزىگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپنامىسى ... 419
پادىشاھ ئۆزى گيۇتتېنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا
قوبۇل قىلدى ...... 423
14 ياشلىق دوكتور ...... 429
ساغلام ۋە غەمسىز تالانتلىق بالا ...... 432
دوستلىرىمغا بېغىشلايمەن (ئاخىرقى سۆز) ...... 435

# خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلانغان نۇسخىسى

(كىرىش سۆز ئورنىدا)

كارل ۋىتېر XIX ئەسىردىكى گېرمانىيىلىك داڭلىق تالانت ئىگىسى. ئۇ، 8 — 9 ياشلىرىدىلا نېمىس تىلى، فرانسۇز تىلى، ئىتاليان تىلى، لاتىن تىلى، ئىنگلىز تىلى ھەم گرېك تىلىدىن ئىبارەت ئالتە خىل تىلنى بىمالال ئىشلىتەلەيتتى، شۇنداقلا بىئولوگىيە، بوتانىكا، فىزىكا، خىمىيە، بولۇپمۇ ماتېماتىكىغا ناھايىتى پىششىق ئىدى. ئۇ، توققۇز يېشىدا گيۇتتېنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگەن، 14 يېشىدا پەلسەپە ئىلمى بويىچە، 16 يېشىدا يەنە قانۇن ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان ھەم بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن ئىلمى پروفېسسورلۇقىغا تەيىنلەنگەن. 23 يېشىدا «دانتېنى خاتا چۈشىنىش» دېگەن كىتابنى يېزىپ، دانتې تەتقىقاتىدىكى نوپۇزلۇق كىشى بولغان. ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى بالدۇر يوقاتقان خىسلەتلىك بالىلارغا ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، كارل ۋىتېر گېرمانىيىدىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا بىر ئۆمۈر ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، تاكى 1883- يىلى ئالەمدىن ئۆتكۈچە ئالقىشلانغان.

كارل ۋىتېرنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك بۇنداق نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى ئۇنىڭ تۇغما تالانتلىق بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي ئاتا - ئانا تەربىيىسىنىڭ ئۇنۇملۇك

بولغانلىقىدىن. چۈنكى، ۋىتېر تۇغۇلغاندىن كېيىن تۇغما دېۋەڭ دەپ قارالغان. كارلىنىڭ دادىسى ئۇنىڭ 14 ياشقىچە بولغان تەربىيىسى ھەققىدە بىر كىتاب يازغان. ئۇ، دەل قولىمىزدىكى «كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى» دېگەن كىتابتۇر. بۇ كىتابتا كارلىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى، دادىسىنىڭ ئوغلىنى تەربىيىلەش داۋامىدا ھېس قىلغانلىرى ۋە تەربىيىلەش ئۇسۇلى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. بۇ كىتاب 1818- يىلى يېزىلغان بولۇپ، دەسلەپكى تەربىيە ھەققىدە دۇنيا بويىچە ئەڭ بالدۇرقى ئەسەردۇر. لېكىن، بۇ كىتاب يېزىلغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتمىغان، ھەتتا نەشر قىلىنمىغان، بۈگۈنگىچە ئۇنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. بۈگۈنكىچە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن بۇ قىسمى ئامېرىكىدا ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر ئەتىۋارلىق نۇسخىسى ئىكەن. شۇڭا، ئەسلىي كىتابنى كۆرگەنلەر ھازىرغىچە ناھايىتى ئاز. پېشقەدەم كارل ۋىتېرنىڭ تەلىم - تەربىيە قارىشى ئۇنىڭدىن ئىلھاملانغان بىر قىسىم مائارىپ نەزەرىيىچىلىرىنىڭ كىتابلىرىدىلا، مەسىلەن «ئاددىيلىق بىلەن تالانت»، «دەسلەپكى تەربىيە ۋە تالانت» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئاندا - ساندا ئۇچرايدۇ. ئەمما، دەل مۇشۇ كىتابتىن ئېلىنغان ئاشۇ پارچە - پۇرات ئۇزۇندىلەردىن بارلىققا كەلگەن تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى سېيدىز، ۋېينېر، بال ۋە ۋېنىفورتقا ئوخشاش يېقىنقى دەۋردە تەربىيىلىنىپ چىققان، دەسلەپكى تەربىيە ئارقىلىق تالانتلىق بولغان نۇرغۇن ئۆلگىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغان. كىشىنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇرىدىغىنى شۇكى، ئاشۇ دەۋردىن 200 يىل كېيىنكى بۈگۈنكى جۇڭگودا لىۋ يىتىڭنىڭ ئانىسى دەل ئاشۇ پارچە - پۇرات ئۇزۇندىلەرنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ھەم يېتەكچىلىكى بىلەن قىزىنى كۆزگە

كۆرۈنگەن ئىختىساسلىقلاردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىققان. شۇڭا، «خارۋارد قىزى ليۇ يىتىڭ» دېگەن كىتابتا، ئۇنىڭ ئانىسى ھاياجانلانغان ھالدا: «دەسلەپكى تەربىيىنىڭ ئاشۇ تەشەببۇسچىلىرى ھەم ئەمەلىيەتچىلىرىگە مەڭگۇ رەھمەت ئېيتىمەن... نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار كىتابتا كۆرسىتىلگەن ئۇسۇل بويىچە زېھنى بالدۇر ئېچىلغان نۇرغۇنلىغان جۇڭگولۇق ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەپ چىقتى... مەن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلانغان ئاشۇ كىتاب تارقاتقان تەلىم - تەربىيە ئىدىيىسىنىڭ قىزىم ليۇ يىتىڭنى ئەڭ ئاخىرى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا باشلايدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن» دېگەن.

ھازىر بىز بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلدۇق، بۇ ئارقىلىق ئۆز پەرزەنتىنى تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇ مەشھۇر كىتابنى كۆرۈش ئارزۇسىنى قاندۇرماقچىمىز. ئەسلي كىتاب 1000 بەتتىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاساسىي تېمىغا مۇناسىۋەتسىز بولغان مائارىپ نەزەرىيىلىرى ئىگىلىگەن ۋە قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ بولغاچقا، ئانچە زۆرۈر بولمىغان جايلارنى قىسقارتىپ يىغىنچاقلىدۇق، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇشىغا ھەم كارل ۋىتېرنىڭ تەلىم - تەربىيە ئىدىيىسىنى ئاسانراق ئىگىلىۋېلىشىغا قۇلايلىق بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، كىتابنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى ئاساس قىلىپ بابلارغا ئايرىپ، ماۋزۇ قويدۇق. كۆمۈلۈپ قالغىنىغا ئۇزاق بولغان دەسلەپكى تەربىيە ھەققىدىكى بۇ كىتابنىڭ دۆلىتىمىزدىكى ياش ئاتا - ئانىلارغا ياردىمى تېگىپ، بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر تالانتلىقلار تەربىيىلىنىپ چىقسا، بىزنىڭ ئارزۇيىمىز ئىشقا ئاشقان بولاتتى.

2001-يىل 5- ئاي

# ئوغلۇمنىڭ تالانتلىق بولۇشى مېنىڭ تەلىم - تەربىيەمنىڭ مەھسۇلى

(ئەسلىي كىتابنىڭ ئىزاھات)

بۇ، بالىلار تەربىيىسىگە دائىر كىتاب. ياۋروپادا بىر قىسىم مەشھۇر مائارىپشۇناسلار يازغان بالىلار تەربىيىسى ھەققىدىكى كىتابلار ناھايىتى نۇرغۇن. ئەمما، مەن كارل ۋىتېر خاللىرغا يېقىن لوخ كەنتىلىك بىر باستېر، پەرۋەردىگار بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچ ئورنىتىش مېنىڭ ۋەزىپەم تۇرۇقلۇق، بالا تەربىيىلەش ھەققىدە كىتاب يېزىپ يۇرۇشۇم، ئۇنىڭ ئۇستىگە كىشىلەرنىڭ ئۇنى دىنىي ئەھكاملار بىلەن ماس كەلمەيدۇ، دەپ مۇلاھىزە قىلىشى، شۇبھىسىزكى ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس.

بىراق، مەن ئۆزۈمنىڭ تەلىم - تەربىيە ئىدىيىسىنى ھەم ئەمەلىيىتىمنى راستچىللىق بىلەن يېزىپ چىقىشنى قارار قىلدىم. چۈنكى، مەن ھازىر ئېقىۋاتقان تەلىم - تەربىيە ئىدىيىسىنى قوللىمايمەن، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي قارشى مەيداندا تۇرىمەن، مەن مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئۆزۈمنىڭ پەرۋەردىگارغا بولغان ساداقىتىمنى ئىپادىلىيەلەيمەن دەپ قارايمەن. بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىش سالاھىيىتىمگە بولغان

گۇماننى تۇگىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ئوغلۇم كارل ۋىتېرنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇشۇمغا رۇخسەت قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

كىچىك كارل 1800- يىلى 7- ئايدا تۇغۇلغان. 8 — 9 ياشلىرىدا، ئۇ نېمىس، فرانسۇز، ئىتاليان، لاتىن، ئىنگلىز ھەم گرېك تىلى قاتارلىق ئالتە خىل تىلنى بىمالال ئىشلىتەلەيتتى، شۇنداقلا خىمىيە، زوئولوگىيە، بوتانىكا، فىزىكا پەنلىرىنى پىششىق بىلەتتى، بولۇپمۇ ماتېماتىكىغا ماھىر ئىدى. ئۇ توققۇز يېشىدا لېيپزىگ ئۇنىۋېرستېتىغا، 10 يېشىدا گېيۇتتېنگېن ئۇنىۋېرستېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1812- يىلى قىشتا بورما سىزىقچىلار ھەققىدىكى ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، بەزى ئالىملارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. 13 يېشىدا «ئۈچ بولۇڭ ھەققىدە» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان. 1814- يىلى 4 - ئايدا يازغان ماتېماتىكىغا دائىر ئىلمىي ماقالىسى ئالاھىدە ياخشى بولغاچقا، ئۇنىڭغا پەلسەپە ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىلگەن.

كارلنىڭ كىچىك تۇرۇپلا شۇ قەدەر پەۋقۇلئاددە نەتىجىگە ئېرىشىشىدىن شۇنى ئېيتماي تۇرالمايمەنكى، بۇندىن كېيىن ئۇ تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. گەرچە كەمتەرلىك بىر خىل گۈزەل پەزىلەت بولسىمۇ، لېكىن بىر يۇرۇش ئۇسۇلۇم بويىچە تەربىيىلەپ چىققان بۇ بالىغا مېنىڭ زور ئىشەنچىم بار ئىدى.

كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە ئوغلۇم تۇغما تالانتلىق بولۇپ، ئۇ مېنىڭ تەلىم - تەربىيەمنىڭ مەھسۇلى ئەمەس ئىكەن. ئەگەر پەرۋەردىگار ھەقىقەتەن ماڭا تۇغما تالانتلىق پەرزەنت ئاتا قىلغان بولسا، ئۇمۇ پەرۋەردىگارنىڭ ماڭا قىلغان مېھىر - شەپقىتى، ماڭا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت يوق. ئەمما، ئەمەلىيەت ھەرگىز

ئۇنداق ئەمەس.

ئايالىم بىلەن ئىككىمىز بالىلىق بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتۇق، ئەمما بۇ جەھەتتە بەختسىز ئىكەنمىز، تۇنجى بالىمىز تۇغۇلۇپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا ئۆلۈپ كەتتى. بۇ بەختسىزلىك بىزنىڭ يەنە بالىلىق بولۇش ئارزۇيىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. بۇ تىلىكىمىز پەرۋەردىگارنى تەسىرلەندۈرگەن بولسا كېرەك، مەن 52 ياشقا كىرگەندە ئىككىنچى بالىمىز تۇغۇلدى. خۇشاللىقىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئوغلۇمغا كارل ۋېتېر دەپ ئىسىم قويدۇم. لېكىن، ئۇ كۆڭۈلدىكىدەك بوۋاق ئەمەس ئىدى. ئوغلۇم تۇغۇلغاندىن كېيىن، پۇت - قوللىرى يىغىلىپ قالاتتى ھەم نەپىسى قىستايتتى. مەن ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىسامۇ، ئوغلۇمنىڭ تۇغما ئاجىزلىقى چىقىپلا تۇراتتى.

بوۋاق ۋاقتىدىكى كارلنىڭ ئىنكاسى تولىمۇ ئاستا، گالۋاڭ ئىدى. مەن ئاتىلىق ھەسرىتىمنى يوشۇرۇپ قالالماي، دائىم: «پەرۋەردىگار، مېنىڭ قايسى گۇناھىمغا ماڭا مۇشۇنداق دۆت بىر بالىنى بەرگەنسەن؟» دېگەن ئىدىم. قوشنىلىرىم زىيادە ئەنسىرەپ كەتمەسلىكىم ھەققىدە دائىم ماڭا نەسىھەت قىلىشاتتى. ئۇلار ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئىدى، لېكىن كۆڭلىدە كارلنى ھەقىقەتەن دەلدۈش دەپ قارايتتى، بولۇپمۇ بالىمىزنىڭ كەلگۈسى ۋە بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىز ئۈچۈن غەم يېيىشەتتى. مەن ئۇلاردىن قىلچە ئاغرىنمايتتىم. ئەينى چاغدا ھەتتا ئايالىممۇ ئۈمىدسىزلىنىپ: «بۇنداق سارالڭ قېتىش بالىنى تەربىيىلىگەننىڭ ھېچقانچە ئىستىقبالى يوق، ئۇنىڭغا بىكار كۈچ سەرپ قىلماڭ» دەپ، مېنىڭ ئۇنى تەربىيىلىشىمگە قوشۇلمىغان ئىدى.

مەن گەرچە ئىنتايىن ئازابلانغان بولسامۇ، قىلچە

ئۇمىدسىزلەنمىدىم. پەرۋەردىگار بۇ بالىنىڭ تەقدىرىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىغا ھېچكىم بىرنېمە دېيەلمەيدۇ، مەن پەقەت ئاتىلىق مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىشىم، ئۇنى ئەڭ ياخشى تەربىيىلىشىم كېرەك، دەپ قارىدىم. مەن نەۋرە ئىنىمگە يازغان خېتىمدە: «52 ياشقا كىرگىنىمدە ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆردۈم، مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۇنى ياخشى كۆرمىگۈدەكمەن؟ مەن ئۆزۈم توغرا دەپ قارىغان ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇنى ياخشى كۆرۈشۈم كېرەك، مەن ئەتراپلىق ھەم ياخشى بولغان تەلىم - تەربىيە لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتىم، ھازىر ئوغلۇمنىڭ ۋاي دەپ كەتكۈدەك بىرەر يېرى يوق، بىراق ئۇنى پەۋقۇلئاددە ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىمەن» دېگەن ئىدىم.

كۆپلىگەن كىشىلەر مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمىگەن، ھەتتا ئەڭ يېقىنلىرىممۇ ئىشەنمىگەن ئىدى. مېنىڭ گېپىمگە ئىشىنىدىغان بىردىنبىر ئادەم، ھايات ۋاقتىدا خاللېر ئەتراپىدىكى ھەممە ئادەم تونۇيدىغان باستېر گرابىس ئىدى. ئۇ، كىچىكىمىزدە بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان، مېنى ئەڭ چۈشىنىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ، مېنىڭ بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمنى ئەتراپقا تارقىتىشىمغا ئىلھام بېرىپ: «سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك كارلىنىڭ زېھنى ھەقىقەتەن تۇغما ئەمەس، ئۇنىڭ تالانتلىق بولۇشى تامامەن سىزنىڭ تەربىيىڭىزنىڭ نەتىجىسى. كىشىلەر سىزنىڭ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىڭىزنى چۈشەنسىلا، كارلىنىڭ مۇنداق تالانتلىق بولۇپ يېتىلىشىدىن ھەيران قالمايدۇ. ئىشىنىمەنكى، كارل بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدۇ. مەن سىزنىڭ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىڭىزنى چۈشىنىمەن، شۇڭا، تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىڭىز كەلگۈسىدە چوقۇم زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن»

دېگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، تۆۋەندىكى ئىشلار مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى تېخىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئوغلۇم تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى، مادېلېيت شەھىرىدىكى بىر قانچە ياش مائارىپچى شۇ ئەتراپتىكى بىر نەچچە ياش باستېرلار بىلەن بىرلىكتە مائارىپ مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان ئىلمىي جەمئىيەت قۇرغان ئىدى. باستېر گرابىس شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى ئىدى. تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر مېنىڭ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلۇمنى چۈشىنىشى ئۈچۈن، باستېر گرابىس پۈتۈن كۈچى بىلەن ماڭا لېكسىيە سۆزلەش پۇرسىتى يارىتىپ بېرەتتى، ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مەنمۇ ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولغان ئىدىم.

بىر قېتىملىق يىغىلىشتا، خىللارد ئىسىملىك باستېر «بالىلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى تەلىم - تەربىيە ئەمەس، بەلكى تۇغما تالانت. مائارىپچىلار مەيلى قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتسۇن، ئۇنىڭ رولى يەنىلا چەكلىك بولىدۇ» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. مېنىڭ بۇرۇندىن باشلاپ بۇ خىل كۆزقاراشنىڭ ئەكسىچە پىكرىم بولغاچقا، دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، مۇنداق رەددىيە بەردىم: «ئۇدۇللا دېگىنىمنى كەچۈرۈڭ، مەن سىزنىڭ بۇنداق دېيىشىڭىزگە قوشۇلمايمەن. مەن بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئەڭ مۇھىمى تۇغما تالانت بولماستىن، تەلىم - تەربىيە دەپ قارايمەن. بالىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا تالانتلىق ياكى قابىلىيەتسىز بولۇشىنى تۇغما تالانتنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بەلگىلىمەيدۇ، ئەڭ مۇھىمى بالا تۇغۇلۇپ 5 — 6 ياشقا كىرگۈچە بولغان تەلىم - تەربىيىگە باغلىق. دەرۋەقە، بالىلارنىڭ تۇغما تالانتىدا پەرق بولىدۇ، لېكىن بۇ خىل پەرق يەنىلا چەكلىك بولىدۇ. مېنىڭچە، تۇغما تالانتى ئادەتتىن تاشقىرى بالىلارنى تىلغا ئالمىغاندىمۇ، ئادەتتىكى تۇغما تالانتلىق

باللار ياخشى تەربىيىلەنسە، كامالەتلىك كىشىلەرگە ئايلىنىدۇ.
ئېلۋېش ئېيتقاندەك: «ئادەتتىكى بالىلارمۇ ياخشى تەربىيىلەنسىلا ئادەتتىن تاشقىرى ئادەملەردىن بولۇپ چىقىدۇ».
. مەن بۇ يەكۈنگە قەتئىي ئىشىنىمەن.

يىغىلىشتا مەن ئېيتقان سۆزلەر مېنى كۆپچىلىكنىڭ هۇجۇم نىشانىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى، ئۇلار بىرلىشىپ هۇجۇم قىلىپ، مېنى ئامالسىز هالغا كەلتۈرۈپ قويدى، مەن ئاخىرى: «سىلەر 13 — 14 ئادەم، مەن پەقەت بىرلا، كۆپچىلىككە تەڭ كېلىپ مۇنازىرىلىشەلمەيمەن. شۇڭا، سىلەر بىلەن مۇنازىرە قىلغاندىن كۆرە، دېگەنلىرىمنى پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلىغىنىم ياخشى. پەرۋەردىگار ماڭا بىرەر پەرزەنت ئاتا قىلار، سىلەرنىڭ دېگىنىڭلاردەك ئۇ گالۋاڭ بولمىسىلا، مەن ئۇنى چوقۇم ئادەتتىن تاشقىرى ئادەم قىلىپ چىقىمەن، بۇ مېنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئىرادەم» دېدىم. جەمئىيەت ئەزالىرى بەس - بەس بىلەن: «بولىدۇ، بىز كۆرۈپ باقايلى» دېيىشتى.

سۆهبەت يىغىنى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، باستېر خىللاردىنىڭ يەنە گېپى باردەك، مېنى پاراڭلىشىش ئۈچۈن ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى، باستېر گرابىس بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردۇق. بىز باستېر خىللاردىنىڭ ئۆيىدە بايىقى يىغىندا تالاش - تارتىش قىلغان مەسىلىنى داۋاملىق مۇزاكىرە قىلدۇق، ئەمما يەنىلا نەتىجىسى بولمىدى. ئىككىيلەن يىغىندا ئوتتۇرىغا قويغان سۆزىمىزنى تەكرارلاشتۇق.

سۆهبەت يىغىنىدا باشتىن - ئاخىر هېچقانداق پوزىتسىيە بىلدۈرمىگەن باستېر گرابىس ئەمدى مېنىڭ كۆزقارىشىمنى قوللايدىغانلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ: «ئىشەنچىم كامىلكى، ۋىتېر ئەپەندىنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ، ئۇنىڭ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى چوقۇم پەۋقۇلئاددە

نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ» دېدى. بىراق، باستېر خىللارد بۇ كۆزقاراشقا ئەسلا ئىشەنمەي: «ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ تۇرۇۋالدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئوغلۇم تۇغۇلدى. باستېر گرابىس بۇ خەۋەرنى دەرھال باستېر خىللاردغا يەتكۈزۈپتۇ، باستېر خىللارد بۇ خەۋەرنى جەمئىيەتنىڭ باشقا ئەزالىرىغا يەتكۈزۈپتۇ. ئۇلار كىچىك كارل تۇغۇلغاندا، ھەقىقەتەن تۇغما تالانت ئىگىسى ئەمەسلىكىنى كۆرگەنلەر ھەم ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولغانلار ئىدى. كارل تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئوغلۇمغا كۆز - قۇلاق بولۇشقا باشلىدى، شۇ تۈپەيلى ئەتراپتىكىلەرگىمۇ قىلغىلى ئىش تېپىلدى. ئۇ بولسىمۇ كارلنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تالاش - تارتىش قىلىش ئىدى. ئۇلار: «ئەمدى سىزنىڭ كارامىتىڭىزنى كۆرىمىز» دېگەندەك قىلىشاتتى. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ماڭا ھېسداشلىق قىلىدىغانلار ئاز ئىدى، كۆپچىلىك مەغلۇبىيەتلىك تەجرىبە نەتىجىسىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلىشاتتى. ئۇلار ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا، باستېر گرابىس بىلەن مەندىن: «قانداق، ئۈمىد بارمۇ؟» دەپ سوراشاتتى. ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا باستېر گرابىس بىلەن ئىككىمىز قەتئىي ھالدا: «ئۈمىد بار، سىلەرنى چوقۇم ھەيران قالدۇرىمىز» دەپ جاۋاب بېرەتتۇق. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار كارلنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىغا يەنىلا گۇمانسىراش نەزىرى بىلەن قارايتتى.

پەرۋەردىگارغا شۈكرى، مېنىڭ يۈرەك قېنىم بىكارغا كەتمىدى. ئارىدا ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەينى چاغدىكى «ساراڭ قېتىش» بالا قوشنىلارنى ھەم تۆت ئەتراپتىكىلەرنى ھەيران قالدۇردى. كارل 4 — 5 ياشلارغا كىرگەندە، ئۇنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى ئىقتىدارى ئۇنىڭ بىلەن تەڭتۇش بالىلاردىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. مېنىڭ تارتقان جاپالىرىم مېۋە بەرگىلى

ئاز قالغاندا، يەنى ئوغلۇم ئۆستىدە ئېلىپ بېرىلغان «تالانت تۇغما بولامدۇ ياكى كېيىن يېتىلەمدۇ» دېگەن تەجرىبىنىڭ نەتىجىسى ئېنىق كۆرۈلۈشكە باشلىغاندا، مەن پۇرسەت تېپىپ، ئوغلۇمنى باستېر خىللاردىغا كۆرسەتتىم، ئۇ، كارلنى كۆرۈپلا: «ئوھۇي، بەك ياخشى بالا بوپتۇ» دەپ خۇشال بولدى ھەم ئۇنى بىردەمدىلا ياخشى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، باستېر خىللاردمۇ ئوغلۇمنىڭ ئادەتتىكى بالىلاردىن ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ يەتتى. ئۇ، كارلدىكى مۆنچىۋالا ئەقلىي تەرەققىياتنى كۆرگەندىن كېيىن، مېنىڭ تەلىم - تەربىيە نەزەرىيەمگە تەدرىجىي ئىشىنىشكە باشلىدى.

يۇقىرىدا مەن بىرمۇنچىلىغان پەلىپەتىش گەپلەرنى قىلدىم، كۆپچىلىك بەلكىم بۇنىڭدىن زېرىككەندۇ. ئەمما، مېنىڭ تەلىم-تەربىيە قارىشىم ھازىر ئېقىۋاتقان تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدۇ، ئوغلۇمنى تەربىيىلەش داۋامىدا مائارىپچىلار ئىزچىل ھالدا مەندىن گۇمانلاندى، بەلكى مېنىڭ قاراشلىرىم بۇ نوپۇزلۇقلار شەكىللەندۈرگەن قاراشلارغا زىت كېلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

مەن باشتىن - ئاخىر ئۆز قارىشىمدىن تەۋرەنمىدىم، مەن ياخشى تەربىيىلەنسىلا زور كۆپچىلىك بالىلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى كىشىلەردىن بولۇپ چىقىشىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتىم، ئەمەلىيەتمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەردى. تۇغۇلۇشىدىنلا ئوغلۇمدەك بېجىرىم بولمىغان بالىلارمۇ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەنگەندىن كېيىن، ئاشۇنداق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بىراق، كىشىلەر يەنىلا چۈشىنىپ يېتەلمىدى. ئوغلۇم زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ ئۇتۇق قازانغاندىن كېيىن، ھەممىسى بىردەك مائارىپچىلارنى ئىقتىدارسىز دېيىشتى. نېمە ئۈچۈن بالىلىرىمىزنى كارلدەك قىلىپ تەربىيىلىيەلمەيدۇ دەپ ئۇلارنى

ئەيىبلەشتى. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق، مائارىپچىلار ماڭا تېخىمۇ دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالاتتى.

مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مەقسىتىم — ماڭا قارشى ئېقىمدىكىلەرنىڭ دۈشمەنلىكىنى پەسەيتىش ھەم توغرا بولغان تالانت قارىشىنى كىشىلەرگە شەرھلەپ بېرىشتىن ئىبارەت. مېنىڭ ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان قارىشىم بىرلا، يەنى بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئائىلە تەربىيىسى ياخشى بولمايدىكەن، ھەرقانچە مۇنەۋۋەر مائارىپچىلار ئەستايىدىل تەربىيىلىسىمۇ، ياخشى ئۈنۈمى بولمايدۇ. مېنىڭ ئۆز تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلۇمنى ئاشكارىلىشىم دوستلارنىڭ غەمخورلۇقىغا بولغان رەھمىتىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە. شۇنى ئېيتىش زۆرۈركى، ئوغلۇم ئۇتۇق قازانغاندىن كېيىن، مەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دۈشمەنلىك بىلەن قارىشىغا ئۇچرىدىم، يەنە نۇرغۇن دوستلار بىلەنمۇ تونۇشتۇم. دوستلىرىم مېنىڭ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلۇمغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىشتى، پاراڭلىشىش ياكى خەت ئالاقىسى ئارقىلىق دائىم ماڭا ئىلھام بەردى، ھەمىشە مەن ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقىتلاردا كەلگەن قورساقلىق بىلەن مېنى قوللىدى، ماڭا ياردەم بېرىشتى. شۇڭا، مەن دائىم ئۇلارنىڭ ياخشى نىيىتىدىن تەسىرلىنەتتىم، بەزىدە تەسىرلەنگىنىمدىن يىغلاپمۇ سالاتتىم. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مېنىڭ نەتىجە قازىنىشىمدا، ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشى زور رول ئوينىغان ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن.

دوستلىرىم مېنىڭ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلۇمنى كىتاب قىلىپ يېزىپ كىشىلەرگە ئاشكارىلىشىمنى ئۈمىد قىلاتتى. دەسلەپتە مەن رەت قىلغان بولسامۇ، لېكىن ئاخىر ئۇلار مېنى

قايىل قىلدى، ئۇلارنىڭ ياخشى نىيىتىنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالدىم. ئۇلارنىڭ قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلىشى ئارقىلىق ئاخىر بۇ كىتابنى يېزىش قارارىغا كەلدىم. شۇنداقتىمۇ مېنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلۇمنى قوللانغان كىشىلەر چوقۇم مەندەك نەتىجە قازىنالايدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتالمايمەن. ئۇنىڭدىن قالسا، باشقىلارنىڭ بالىلىرى مېنىڭ بالامغا ئوخشاش تەربىيىلىنىشىنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن، شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى، كىمكى مېنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلۇمدىن پايدىلانسا، چوقۇم ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئەمدى مەن ئوغلۇم كىچىك كارل ۋىتېرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى پۈتكۈل جەريانىنى تونۇشتۇرىمەن. بىر بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى تولىمۇ ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار بىلەن تولغان بولىدۇ، مەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە، ئۇنى كۆپچىلىككە تەسىرلىك ھەم قىزىقارلىق بايان قىلىپ، كۆپچىلىكنى مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرىمەن ھەم زېرىكتۈرمەسلىككە تىرىشىمەن.

# بىرىنچى باب پەرۋەردىگار بالامنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي

ئوخشاش بىر روھ ئىككى تەننى كونترول قىلغاندا، ئانىنىڭ ئارزۇسى ئۇنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلىگە ئۈزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئانىنىڭ ئىرادىسى، ئۈمىدى، تەشۋىشى ھەم روھىي ئازابلىرى ھامىلىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئانىنىڭ ئۆزىگە بولغان تەسىرىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كېتىدۇ. شۇڭا، پەرزەنت تەربىيىلەشتە، ئىشنى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىدىن باشلاش كېرەك.

— داۋىنچ (ئىتالىيە)

## لاياقەتلىك بىر قىزنى جورىلىققا تاللىدىم

پەرزەنت پەرۋەردىگارنىڭ ئارزۇسى بويىچە بۇ دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ. بۇ دۇنيا پەرزەنتكە نىسبەتەن غەلىتە ھەم ناتونۇش بولۇپ، پەرزەنت بۇ دۇنيا ئالدىدا تولىمۇ ئاجىز. پەرۋەردىگارنىڭ بەندىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بالامنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن غەيرەتلىك ھەم جاسارەتلىك، راۋۇرۇس تەربىيىلەپ چىقىپ، ئۇنى تۇرمۇش خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن قىلىش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم. مەن بالامنى ئادەملىك گۈزەل ئەخلاقتا ھەم ساغلام جىسمانىي قۇۋۋەتكە ئىگە قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى ئويلايتتىم. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىسى 2 — 3 ياشلارغا كىرگەندە، ئاندىن بۇ

مەسىلە ئۇستىدە ئويلىنىدۇ، ئەمما بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئۇچۇن، ئىشنى ئاتا - ئانا بولۇشتىن ئىلگىرىلا ئويلاش كېرەك، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزىمىز پەرۋەردىگارنىڭ ئارزۇسىغا ماس هالدا ساغلام، لاياقەتلىك بولۇشىمىز كېرەك.

كىشىلەر ئېيتىپ كېلىۋاتقان «يېقىن تۇغقانلارنى چېتىشتۇرۇش ئارقىلىق ئەڭ ياخشى ئات ھەم ئەڭ ياخشى ئىت نەسلىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ» دېگەن گەپلەر ئىنسانلارغا ماس كەلمەيدۇ. بۇنىڭغا ئۆزۈم كۆرگەن ئىشتىن بىرنى مىسال ئالاي: قوشنا كەنتتىكى ياغاچچى خانىسىنگان ئۆزىنىڭ نەۋرە ھەدىسى بىلەن توي قىلغان ئىدى. ئۇلار 10 پەرزەنتلىك بولغان بولسىمۇ، ئۇچى ئۆلۈپ كېتىپ، يەتتىسى ئوخشاشمىغان كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ قالدى، خانىسىنگان بىلەن ئايالىنىڭ جەمەتى بىزنىڭ بۇ يەردە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا كۆكلەپ كېلىۋاتاتتى، بىراق ئەمدى ئۇنىڭ ئىزىنى باسىدىغان ۋارىسى يوق بولۇپ قالدى. ھازىر ئۇ داۋاملىق مۇشۇنىڭ ئۇچۇن كۈن بويى ئازابلىنىپ ياش تۆكىدۇ، بىراق ئۇ كېچىككەن ئىدى. بۇ مىسالدىن يېقىن تۇغقانلار تويلىشىپ تۇغۇلغان بالىلار كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى بولسۇن!

بەزىلەر ئۆزىگە جورا ئىزدىگەندە، ئوخشاشمىغان نىيەتلەرنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ، مەن بۇ خىل كىشىلەردىن تولىمۇ نەپرەتلىنىمەن. بەزىلەر: «قارىماسىز، مېنىڭ ئائىلە ئەھۋالىم ياخشى ئەمەس. شۇڭا جورا تاللىسام، نېمىشقا بولمايدىكەن؟ تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇمنى ئويلاپ، پۇللۇق ئائىلىنىڭ قىزىنى ئالمىسام بولمايدۇ» دەيدۇ، يەنە بەزىلەر: «كېيىنكى كۈنلەردە تېز ئۆسۈپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغۇدەك نام - ئابرۇي قازىنىش ئۇچۇن، باشقىسى بىلەن ھېسابلاشماي، نام -

ئابرۇيلۇق ئائىلىنىڭ قىزى بىلەن تويلاشمىسام بولمايدۇ» دەيدۇ. بەزىلەر: «ئايالىمنىڭ ئۇسسۇلى مېنى جەلپ قىلىۋالغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان ئىدىم» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ئايالىم چىرايلىق بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان ئىدىم» دەيدۇ. بۇ خىل قاراشلارنىڭ ھەممىسى خاتا. ئۆزىمىز ھەم ئەۋلادىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن، چوقۇم ساغلام، قەلبى گۈزەل، ئاق كۆڭۈل ئايالنى جورىلىققا تاللىشىمىز كېرەك. مېنىڭچە، قارشى تەرەپنىڭ باشقىلار بىلمىگەن ئەيىبى بولمىسىلا، بىرەر مەقسەت ئۈچۈن ئۆزىگە جورا تاللاشنىڭ ھېچقانچە زۆرۈرىيىتى يوق. مېنىڭ ئايالىم ئۇنچە گۈزەل ئەمەس، ئەمما بىز بىر - بىرىمىزگە ئىنتايىن ئامراق. ئۇ ساپ دىل، ئاق كۆڭۈل بولغاچقىلا مەن ئۇنى تاللىغان. ئۇ ئىشچان، ئوقۇمۇشلۇق ھەم قائىدىلىك بولۇپ، ھەرقانداق ئەھۋالدا مېنى چۈشىنەتتى ۋە قوللايتتى. مەن بىر نامرات باستىر بولسامۇ، ھەتتا مەئىشەتلىك تۇرمۇش شارائىتىمىز بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىرەر قېتىم ئاغرىنىپ باققانلىقىنى ئاڭلىمىدىم. كارل تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇ بارلىق ئانىلىق مۇھەببىتىنى قىلچە ئايىماي كارلنى پەرۋىش قىلدى. پەرۋەردىگارغا يۈزلەنگىنىمدە دائىم: «كارلنىڭ بۈگۈنكىدەك شان - شەرەپكە ئېرىشىشىنى، ئاق كۆڭۈل ئانىسىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ» دەپ ئويلايمەن.

## كىچىككىنە سەۋەنلىك — ئايالىم ھامىلىدار مەزگىلىدە ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ھەمراھ بولۇشى

بارلىق ئاتا - ئانىلار تالانتلىق پەرزەنت يۈزى كۆرۈشنى

ئۇمىد قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى نەتىجە يارىتىشىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ، ئاياللىم بىلەن مەنمۇ شۇنداق. بىراق، دۇنيادىكى ئىشلار ئادەمنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولمايدىكەن. بالىمىز تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئەر - ئايال ئىككىمىز ئاتا - ئانا بولۇشنىڭ ئارزۇسىدا غەرق مەست ئىدۇق، گەرچە خۇشاللىقىمىزنى تىزگىنلەشكە ئاجىز بولساقمۇ، ھەممىشە بىر - بىرىمىزدىن: «بالىمىز قانداقراق بولار؟» دەپ سورايتتۇق. بالىمىزنىڭ ساغلام بولۇشى ئۈچۈن، ئاياللىم ھامىلدار بولىدىغان مەزگىلدە، بىز ئىككىمىز جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن تېتىك بولۇشقا تولىمۇ دىققەت قىلىشقا باشلىغان ئىدۇق.

مېنىڭچە، ئەزەلدىن ھەشەمەتكە بېرىلگەن كىشى راھەتپەرەسلىككە ئۆگىنىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ روھىي ئازادىلىككە پايدىسى يوق. شۇڭا، ئاياللىم بىلەن ئىككىمىز يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ جەھەتتە ئىنتايىن ئاددىي - ساددا، تىرىشچان، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ياشايتتۇق. ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىش ئۈچۈن، كۈن بويى ئۆيگە سولىنىپ ئولتۇرماسلىق كېرەك. شۇڭا، ئاياللىم بىلەن ئىككىمىز پات - پات سىرتلارغا چىقىپ سەيلە قىلاتتۇق، كەڭ داللاردا تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىناتتۇق، شۇنداق قىلساق، ئاسانلا كۆڭلىمىز ئېچىلىپ قالاتتى. ئاياللىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ مىجەزى ناھايىتى ياخشى ئىدى، ئەتراپىمىزدىكى ھەرقانداق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا خاتىرجەم، مۇلايىم مۇئامىلە قىلاتتۇق. بىزدە ھېسسىيات جەھەتتىكى جىددىيلىك ناھايىتى ئاز كۆرىلەتتى. ئاشۇ كۈنلەردە تۇرمۇشىمىز خاتىرجەم، كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكەن ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا تۇغۇلغان بالا چوقۇم روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام بولىدۇ دەپ ئويلايتتىم.

گەرچە گېرمانىيىلىكلەر هاراق ئىچىشكە ئامراق بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ هاراققا خوشۇم يوق ئىدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن هاراقكەش ئاتا - ئانىلارغا نەسىھەتىم شۇكى، پەرزەنتىڭلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، هاراق ئىچىدىغان ئادىتىڭلارنى تاشلىشىڭلار كېرەك. ئايالىم بىلەن ئىككىمىز بالىلىق بولۇشنى ئويلىشىۋاتقاندا، بىر دوختۇر دوستۇم مېنى ئاگاهلاندۇرۇپ، هاراق ئىچكەندىن كېيىن قورساقتا قالسا هامىلىنىڭ يېتىلىشى ئاستا، ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەن بولىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئاياللار هاراق ئىچسە، ئاقىۋىتىنىڭ تېخىمۇ ئېغىر بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. شۇڭا، ئەڭ ئاز دېگەندە ئايال قورساق كۆتۈرۈشتىن ئۈچ ئاي بۇرۇن ئەر - ئايال هاراقنى تاشلىشى كېرەك. ئايالىم قورساق كۆتۈرۈشتىن ئىلگىرى ئايالىم بىلەن ئىككىمىز بۇ نۇقتىغا ئىنتايىن دىققەت قىلغان. ئايالىم قورساق كۆتۈرگەن مەزگىللەردە، بىز دائىم ھەرىكەت قىلاتتۇق. مەيلى نەگىلا بولسۇن، پىيادە باراتتۇق، زۆرۈر تېپىلمىسىلا پەيتۇنغا ئولتۇرمايتتۇق. ئاشۇ مەزگىللەردە، ئىككىمىز كەلگۈسىدىكى بالىمىزغا تولۇق ئىشەنچ بىلەن قارايتتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالىمۇ كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ تۇتاتتى. بەزىدە ئىككىمىز دالا ئايلىناتتۇق ياكى ئەتراپتىكى تاغ باغرىغا بېرىپ، ئېگىزلىككە چىقاتتۇق. مەن تېخى ئايالىمنىڭ ياۋا گۈللەرنى تېرىشىگە ياردەملىشەتتىم. بۇ، كەلگۈسىدىكى پەرزەنتىمىزگە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىنى كۈچەيتىدۇ، دەپ قارايتتىم. ئىككىمىز ناھايىتى ئىناق ئۆتەتتۇق، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئايالىم بىلەن ئىككىمىز گەپ تالىشىپ قالمايتتۇق. مەن تۇغۇلۇش ئالدىدىكى پەرزەنتىمىز ئۈچۈن، ئىناق ئۆتۈشىمىز كېرەك دەپ ئويلايتتىم.

ئوغلۇم تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى بىز ھەممە ئىشنى ناھايىتى ياخشى قىلغان بولساقمۇ، لېكىن كىچىككىنە بىر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان ئىدۇق، بۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرغىچە ئۆكۈنىمەن. دوختۇر ماڭا، بىر خىل ئەگمە پارازىت قۇرتنىڭ ھامىلىگە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى، بۇ خىل پارازىت قۇرت پەقەت ئىت - مۈشۈكلەرنىڭ گەندىسىدە ۋە ئۇلارنىڭ گۆشىدە بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. لېكىن، ئەينى چاغدا بىز بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغان ئىكەنمىز. ئايالىمنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىمەن دەپ، ئۆيىمىزدىكى مۈشۈكتىن باشقا، قوشنىلارنىڭ بىر ئىتىنى بېقىۋېلىپ، ئۇلارنى ئايالىمنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ھەمراھ قىلىپ قويغان ئىدىم. ئوغلۇم تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭ ئانچە ساغلام بولماسلىقى، مېنىڭچە ئاشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

## پەرۋەردىگار تىلىكىمىزنى يەردە قويمىدى

ئايال ھامىلىدار بولغاندىن باشلاپ، تېخىمۇ تەرتىپلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى كېرەك. ئايالىملا ئەمەس، مەنمۇ شۇنداق قىلدىم. بىز قاتتىق مەشغۇلىيەت تۈزۈمى تۈزۈپ، ئىمكانقەدەر بالدۇر يېتىپ، بالدۇر قوپۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق.

ئىلگىرى مېنىڭ يېرىم كېچىدە قوپۇپ ئىبادەت قىلىدىغان ئادىتىم بولۇپ، بۇ ئادەتنى ياش ۋاقتىمدىكى ئوقۇش مەزگىلىدە يېتىلدۈرگەن ئىدىم. مەن تەپەككۇر قىلىشقا ئامراق بولغاچقا، تېپتىنچ كېچە ماڭا نىسبەتەن ئەڭ ياخشى تەپەككۇر قىلىش پەيتى ئىدى. ھەر قېتىم باشقىلار تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، مەن ھەمىشە چىراغ يورۇقىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇپ

ھۆزۈرلىناتتىم، بۇ، ماڭا نىسبەتەن ھاياتىمدىكى ھەقىقەتەن ئەڭ چوڭ خۇشاللىق ئىدى. ئايالىم ھامىلدار بولغاندىن كېيىن، مەن بۇ ئادىتىمنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدۇم. چۈنكى، ھامىلدار ئايال ئېرىنىڭ كۆيۈنۈشىگە ئەڭ موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. ۋەھالەنكى، مەن كېچىدە كىتاب ئوقۇسام، ئايالىمنىڭ دەم ئېلىشىغا چوقۇم تەسىر يېتەتتى. شۇڭا، ئايالىم ۋە كەلگۈسى پەرزەنتىم ئۈچۈن، كېچىسى كىتاب ئوقۇيدىغان ھەم پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىدىغان ئادىتىمنى ئۆزگەرتىشكە ئەرزىيدۇ، دەپ قارىغان ئىدىم.

ئىتالىيىلىك رەسسام داۋىنچ: «ئوخشاش بىر روھ ئىككى تەننى كونترول قىلغاندا . . . ئانىنىڭ ئارزۇسى ئۇنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلىگە ئۆزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ . . . ئانىنىڭ ئىرادىسى، ئۈمىدى، تەشۋىشى ھەم روھىي ئازابلىرى ھامىلىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئانىنىڭ ئۆزىگە بولغان تەسىرىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كېتىدۇ» دېگەن. قورساق كۆتۈرۈش ناھايىتى جاپالىق. ئەر بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن ھەربىر ئىشتا ئايالىمغا تېخىمۇ كۆپ كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋە غەمخورلۇق قىلىشقا تىرىشاتتىم. بەزىدە ئايالىمنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولمىسا، سەۋرچان ھالدا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشاتتىم، ئۇنىڭ بىلەن ھېسسىيات ئالماشتۇراتتىم، ئامالىمنىڭ بارىچە ئۇنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتىم.

بىر كۈنى ئايالىمنىڭ كەيپىياتى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، بىر خىل خاتىرجەمسىزلىك ھەم تەشۋىش ئىچىدە قالدى. ئۇ كۈنى مەن سىرتتىن دىنىي ۋەز ئېيتىپ قايتىپ كەلگەن ئىدىم. ئادەتتىكى چاغلاردا، مەن ئالدى بىلەن ئايالىمدىن ئەھۋال سوراپتىم ھەمدە ئۇنى سۆيۈپ قوياتتىم. بىراق، ئۆيگە كىرگىنىمدە ئايالىمنىڭ كەيپىياتى ئانچە جايىدا ئەمەسلىكىنى

بايقىدىم. ئاپالىمدىن: «قەدىرلىكىم، سىزگە نېمە بولدى؟» دەپ سورىدىم. ئاپالىم ئازابلانغان هالدا ماڭا قاراپ قويۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئەينى چاغدا مەن هەيران قالغان ئىدىم، چۈنكى ئادەتتە ئاپالىم ئوچۇق - يورۇق ئىدى. ئۇنى قانداق ئىش مۇنچىۋالا قايغۇغا سېلىپ قويىدىكىن؟ ئۇ هاڭۋاقىسىنچە، كۆزلىرى جانسىز، چىرايى غەمكىن هالدا ئولتۇراتتى. مەن دەرهال بېرىپ، ئۇنى ئاستا قۇچاقلاپ تۇرۇپ، پەس ئاۋازدا: «ئارامسىزلىنىۋاتامسىز؟ ماڭا ئېيتىڭا، بىز ناهايىتى بەختلىكقۇ. سىز هەممە گەپلىرىڭىزنى ماڭا دەيتتىڭىزغۇ، بۈگۈن سىزگە نېمە بولدى؟» دەپ سورىدىم. «كاترىنانىڭ ئوغلى ئۆلۈپ كېتىپتۇ» دېدى ئاپالىم ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە.

كاترىنا بىزنىڭ بازاردىكى بىر ئايال ئىدى، ئۇنىڭ ئوغلى ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەن بولۇپ، سالامەتلىكى ئىزچىل هالدا ياخشى بولالمىغان. ئۇ بالا تۇغۇلۇپلا غەلىتە بىر خىل كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالغان، ئۇنى بازاردىكى هەممەيلەن بىلەتتى. بۇ بىچارە بالىنىڭ بۇنچىۋالا بالدۇر ئۆلۈپ كېتىشىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن. ئۇ كۈنى مەن باشقا يەرگە دىنىي ئىش بىلەن چىقىپ كەتكەن ئىدىم، بولمىسا بۇ خەۋەرنى ئاپالىمغا قەتئىي ئۇقتۇرمايتتىم. چۈنكى، هامىلدار ئايالغا بۇنداق خەۋەر تولىمۇ ئېغىر كېلەتتى.

— بۈگۈن ئۇلار سىزنى ئىزدەپ كەپتىكەن، سىز يوق بولۇپ قالدىڭىز. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمنى بىلمەيسىز، مەن تۇيۇقسىزلا بالىمىزنى ئويلاپ قالدىم، — دېدى ئاپالىم ئازابلانغان هالدا.

— هە، قەدىرلىكىم، هەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ، — مەن ئاپالىمنىڭ ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى بىلىپ دەرهال، — كاترىنانىڭ

بالىسى توغما كېسەل، مەن ئۇنىڭ بۇنداق بالدۇر كېتىپ قېلىشىنى ئويلىماپتىمەن. . . بىراق، بىزنىڭ بالىمىزغا چوقۇم ھېچ ئىش بولمايدۇ، — دەپ تەسەللى بەردىم.

— بىراق، بىزنىڭ تۇنجى بالىمىزمۇ ئۆلۈپ كەتكەنغۇ؟ — دېدى - دە، ئايالىم يىغلاپ كەتتى.

ئەينى چاغدا ھەقىقەتەن نىمە قىلىشنى بىلمەيلا قالدىم، لېكىن تىرىشىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، ئايالىمنىڭ بۇ ئازابلاردىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردىم.

— قەدىرلىكىم، كۆپ ئويلاپ كەتمەڭ. تۇنجى بالىمىزنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى پۈتۈنلەي پەرۋەردىگارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئامالىمىز يوق. بىز ھەمىشە ئۆتمۈش ئىچىدە تۇرۇۋالساق بولمايدۇ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىشىمىز كېرەك. مەن ھەركۈنى پەرۋەردىگاردىن بىزگە بىر ساغلام پەرزەنت ئاتا قىلىشىنى تىلەۋاتىمەن، پەرۋەردىگار بىزنىڭ تىلىكىمىزنى يەردە قويمايدۇ. ئاڭلىشىمچە، كاترىنا ھامىلىدار مەزگىلىدە كۆندە دېگۈدەك يولدىشى بىلەن ئۇرۇشىدىكەن، ھەركۈنى ئازاب ئىچىدە ئۆتىدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ بالىسى ساغلام بولمىغان. بالىمىز ئۈچۈن سىزنىڭ خۇشال يۈرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— بۇنى بىلىمەن، بىراق مەن چىدىيالمىدىم، — دېدى ئايالىم يىغلاپ تۇرۇپ.

— كېلىڭ، مەن سىزگە ياردەملىشەي. سىز ئازابلىق ئىشلارنى دەرھال ئۇنتۇپ كېتىڭ، تۇغۇلۇش ئالدىدىكى بالىمىزنىڭ تەقى - تۇرقىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ، ئۇ چوقۇم ناھايىتى ساغلام بالا بولىدۇ. قېنى، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ سىناپ بېقىڭ، — مەن بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ، بىر تەرەپتىن ئايالىمغا ئۈلگە كۆرسەتتىم. ئايالىم ماڭا ئەگىشىپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىشقا باشلىدى، بىردەمدىن كېيىن، ئۇنىڭ كەيپىياتى

ياخشىلىنىپ قالدى. شۇ كۈنى كەچتە مەن ئايالىمغا ھەمراھ بولدۇم، ئۇنىڭغا خىزمەت ئەھۋالىم ھەم يېقىندا مەن ئوقۇغان بىر كىتاب توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم. ئەتىسى ئايالىم پۈتۈنلەي ئوڭلاندى، چىرايىمۇ ئىلگىرىكىدەكلا ئېچىلىپ كەتتى.

ئايالغا كۆڭۈل بۆلۈش جەھەتتە مەن ئۆزۈمنى لاياقەتلىك ئەر ھېسابلايتتىم. ئۇنى خۇشال - خۇرام قىلىش ئۈچۈن، بارلىق ئاماللارنى ئويلاپ تاپاتتىم، مەيلى يېمەك - ئىچمەك ياكى باشقا جەھەتلەردە بولسۇن، ئەڭ ياخشى بولۇشقا تىرىشاتتىم.

ئايالىم ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇشنى ياخشى كۆرەتتى. بىر كۈنلۈك ھارغىنلىقتىن كېيىن، ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇش ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر خىل ھۇزۇر ئىدى. بىراق، ئۇ ھامىلىدار مەزگىلدە بۇنداق قىلىشنى قەتئىي چەكلىدىم. چۈنكى، تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى سۇدا يۇيۇنۇش ئۇنىڭغا راھەت بولغىنى بىلەن ھامىلىگە ئىنتايىن زىيانلىق ئىدى.

ئۇ گەرچە ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرسىمۇ، لېكىن يەنىلا ياش ئىدى، شۇڭا بەزىدە تەتۈرلۈك قىلىپ قوياتتى. مەندەك بىر ئەر بولغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ تىنچلاندۇرۇش ئادەتتىكى ئىش ئىدى. بىر قېتىم مېنىڭ يوق پۇرسىتىمدىن پايدىلىنىپ ئايالىم ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇپتۇ، كېيىن بۇ ئىشنى بىلىپ قالدىم - دە:

— نېمىشقا يەنە شۇنداق قىلدىڭىز، ئىسسىق سۇنىڭ ھامىلىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى سىزگە ئېيتقان ئىدىمغۇ؟ — دەپ ئۇنى جىملىدىم.

— ھىم، سىز بالىغىلا كۆڭۈل بۆلىسىز. مەن ھامىلىدار بولغاندىن بېرى، سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى بالا ئۈچۈنلا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، ماڭا ئىلگىرىكىدەك كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بولۇۋالدىڭىز، — دېدى ئايالىم باتىنغان

قىياپەتتە.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ بالا ئىككىمىزنىڭ تۇرسا، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىم سىزگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىم ئەمەسمۇ؟ هازىر ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇش ھەقىقەتەن ھامىلىگە پايدىسىز. بالا تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، قانداق يۇيۇنغۇڭىز كەلسە، شۇنداق يۇيۇنسىڭىز بولىدۇ، ئۇنىڭغا مەن ئارىلىشىۋالمايمەن.

— بىراق، بىرقانچە كۈندىن بېرى سىرتلارغا چىقماي، پۇتكۈل بەدىنىم ئارامسىزلىنىپ تۇرىدۇ، مۇسكۇللىرىم سىرقىرايدۇ، چىدىغۇسىز بولۇپ كەتتىم، — دېدى ئايالىم شوخلۇق بىلەن ئۆزىنى ئاقلاپ، — سىز ھەمىشە ماڭا: «خۇشال - خۇرام بولمىسا، بالا ساغلام تۇغۇلمايدۇ» دەيتتىڭىزغۇ؟ مەن ئىسسىق سۇدا يۇيۇنمىسام، خۇشال بولالمايدىكەنمەن. سىزنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟

گەرچە ئايالىم ماڭا چاقچاق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دېگەنلىرى يوللۇق ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر كۈنى ئايال خىزمەتكار ئۇنىڭ پۇت يۇيۇشى ئۈچۈن ئىسسىق سۇ تەييارلاپ بېرىدىغان بولدى، مەن ئىسسىق سۇغا چىلانغان لۆڭگە بىلەن ئۇنىڭ بەدىنىنى سۈرتۈپ قويىدىغان بولدۇم.

ئاشۇ كۈنلەرنى مەن ھازىرغىچە ئۇنتۇيالمايمەن. مەن بەزى ئەرلەرگە ئوخشاش ئايالىم ئېغىر ئاياغ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلىدە بولمىدىم، ئەكسىچە ئاشۇ كۈنلەردە ئىككىمىز تېخىمۇ ئېجىل بولۇپ كەتكەن ئىدۇق. بۇ، بىر خىل بەخت ئىدى. گەرچە بالىمىز تۇغۇلمىغان بولسىمۇ، بىز ئاللىبۇرۇن ئۇنى ھېس قىلغان ئىدۇق.

ئايالىم ئېغىر ئاياغ كۈنلەردە، مەن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇنىڭغا ئاتاپ سىرتتىن چىرايلىق، يېڭى گۈل ئېلىپ كېلەتتىم ھەم ئۇنىڭغا ياخشى كىتابلارنى تونۇشتۇراتتىم، بۇلارنىڭ

ھەممىسى ئۇنىڭ خۇشال بولۇشى ئۈچۈن ئىدى.
ئايالىمنىڭ ئاۋازى تەبىئىي يېقىملىق ئىدى. بىز توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ، مۇشۇ ئەتراپتىكى نامى بار قىزلاردىن بولۇپ، ھەممەيلەن ئۇنىڭ ناخشىنى ياخشى ئېيتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ، ئېغىر ئاياغ كۆنلەردىمۇ دائىم غىڭشىپ ناخشا ئېيتاتتى ۋە ماڭا: «بالىمىز چوقۇم ئاڭلىيالايدۇ» دەيتتى.

## ئىشنى ئوغلۇمنىڭ ئانىسىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلىدىم

بىرسى ماڭا: «ئۇلۇغلارنىڭ بالىسىمۇ ئۇلۇغ بولىدۇ، ئەگەر بولمىغاندىمۇ زور نەتىجە يارىتالايدۇ» دېگەن ئىدى، بىراق مەن بۇنداق قارىمايمەن. چۈنكى، داڭلىق كىشىلەر ھەممىشە ئۆز كەسپى بىلەن بولۇپ كېتىپ، بالىسىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كېتەلمەيدۇ، ئاياللارمۇ ئەرلىرىگە ئىشىنىپ بالىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىمەيدۇ، ئۇلار نەتىجە قازانغان ئەرلىرىگىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، بالىلىرىغا سەل قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئانا تەربىيىسى بالا ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئۆزۈمنىڭ چەكلىك بىلىمىگە ئاساسلانغاندا، تارىختىكى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ بالا تەربىيىلەشكە ماھىر ئانىلىرى بولغان.
كېيىنكى بابلاردا مەن ئوغلۇمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى جەريانىدا ئايالىمنىڭ ئوينىغان رولى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىمەن. مېنىڭچە، كارل بۇ نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ئىكەن، ئالدى بىلەن ئانىسىغا تەشەككۇر ئېيتىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇنىڭ ئانىسى ئاق كۆڭۈل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مول بىلىملىك ئىدى. مەيلى بالا تەربىيىسى ياكى تۇرمۇش ساۋاتلىرى جەھەتتە بولسۇن، ئۇ بىر لاياقەتلىك ئانا بولۇشقا

مۇناسىپ ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ بالا تەربىيىلەشتىكى ئىپادىسى تولىمۇ مۇنەۋۋەر ئىدى.

ئايالىم ئېغىر ئاياغ مەزگىلىدە يېمەك - ئىچمەككە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ۋە: «مېنىڭ بارلىقىم بالىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ» دەيتتى. ئاچچىق - چۈچۈك نەرسىلەرنى، تۇزلۇق سەي، راكقا ئوخشاش نەرسىلەرنى قەتئىي يېمەيتتى، ھەتتا ئۆزى ئەڭ ئامراق بولغان مايدا پىشۇرۇلىدىغان تۇزلۇق بېلىق يېيىشنىمۇ تاشلىغان ئىدى. ئۇ: «مېنىڭ گۆھىرىم بۇ نەرسىلەرنى چوقۇم ھەزىم قىلالمايدۇ، بۇ نەرسىلەر بالامنىڭ يۇمران تېرىسىنى بۇزۇپ قويىدۇ» دەيتتى. ئۇ، بۇ نەرسىلەرنى گەرچە بالام يېمىسىمۇ، لېكىن بۇلار ئاشقازانغا بارغاندىن كېيىن، چوقۇم بالىمۇ ھەزىم قىلىدۇ، دەپ قارايتتى.

ئايالىم ئىنتايىن جاسارەتلىك ئايال ئىدى، ئۇ دائىم ماڭا: «بالىمىزنىڭ باتۇر ئادەم بولۇپ تۇغۇلۇشى ئۈچۈن، مەن تېخىمۇ جاسارەتلىك بولۇشۇم كېرەك» دەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئېغىر ئاياغ مەزگىلدە ھەرگىز كۆز يېشى قىلمىغان. مەيلى كۆڭلى يېرىم بولسۇن ياكى كۆڭلى ئاغرىنىدىغان ئىشلار بولسۇن، ئۇ ئىشلارنى ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇپ كېتەتتى. مېنىڭچە، ئايالىمنىڭ قىلغىنى پۈتۈنلەي توغرا ئىدى. چۈنكى، ئېغىر ئاياغ مەزگىلدىكى ئانا ئەگەر ئازابلىنىپ، دائىم كۆز يېشى قىلىپ يۈرسە، ئېنىقكى كەلگۈسىدىكى بوۋاق ساغلام يېتىلەلمەيدۇ. بالىنىڭ ساغلام يېتىلەلمەسلىكى ئۇنىڭ ئاجىز ۋە ئىقتىدارسىز بولۇپ قېلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

ئانا بولغۇچى بالىنى گۈزەللىكنى، ئادالەتنى، ھەقىقەتنى سۆيىدىغان قىلىپ تەربىيىلىشى كېرەك. نۇرغۇن ئانىلار بالىنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭ پەزىلىتى ھەم ئەقلىي تەرەققىياتىغا سەل قارايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى خاتا ھەم

مەسئۇلىيەتسىز قىلمىش. ئايالىمنىڭ قەيسەر، خۇشال يۈرۈشى كېيىنچە ئوغلۇمغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇ ئۆز قەيسەرلىكى بىلەن ئوغلۇمنى مەنىۋى جەھەتتە قوراللاندۇرغان، ئۇنىڭغا سۆيگۈ ھەم ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلغان. ئوغلۇم كېيىنكى كۈنلەردە جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىمۇ، قىيىنچىلىققا يولۇقسا قورقمايدىغان، مەڭگۈ ئۈمىدسىزلەنمەيدىغان بولغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كارلنى ئانىسى بىر قوللۇق تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان. ئۇ، ئوغلۇمنى كۆڭۈل قويۇپ ساغلام تەربىيىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس ھەسسە قوشقان.

نۇرغۇن ئانىلار ئادەم ياللاپ بالا باقتۇرىدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق ئاياللار ئانا بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس، چۈنكى بۇ ئانىلىق مەسئۇلىيەتتىن قاچقانلىق. مېنىڭچە، ئانىنىڭ خىزمىتىنى باشقىلار ھەرگىزمۇ ئۈستىگە ئالالمايدۇ، بالا تەربىيىلەشنى چوقۇم ئانا ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئۆز بالىسىنى باشقىلارغا باقتۇرىدىغان ئىشنى پەقەت يارىماس ئىنسانلارلا قىلىشى مۇمكىن، بۇنداق قىلىش يارالمىشىمىزغا خىلاپ.

مۇنداق بىر ئەر - خوتۇننى ئۇچراتقان ئىدىم، ئۇلار ياش ھەم ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئائىلە شارائىتى تولىمۇ ياخشى بولغاچقا، بالىسى تۇغۇلغاندىن كېيىن، بالىسىنى تۇغقىنىنىڭ بېقىشىغا ھاۋالە قىلىپ، ئۇلار چەت ئەل ساياھىتىگە چىقىپ كەتكەن. لېكىن، ھېلىقى تۇغقىنىنىڭ خىزمىتى ئىنتايىن ئالدىراش بولغاچقا، بالا تەربىيىلەشكە ۋاقىت چىقىرالماي، ئۇنى ئايال غوجىدارنىڭ بېقىشىغا تاپشۇرغان. ئۇلار ئەنگلىيىدە بىر يىل، فرانسىيىدە بىر يىل تۇرغاندىن كېيىن، ئامېرىكا، ئافرىقىلارغا بارغان، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى دېگۈدەك ئايلانغان. ئۇلار ساياھەتكە مېڭىشتىن ئىلگىرى

باشقىلارغا: «ھازىر بالىمىز كىچىك، مۇشۇ پەيتتە ئوينىۋالمىساق، ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى تەربىيىلەيمىز دەپ ۋاقىت چىقىرالمايمىز» دېگەن.

نېمىدېگەن ھاماقەت ئاتا - ئانىلار - ھە بۇ. ئۇلار بالىنىڭ توغۇلۇشى بىلەنلا تەربىيىلەشنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى بىلمىگەن. بۇنداق خاتا كۆزقاراش ئۇلارنى ھەسرەتتە قويغان، ئۇلار بىر ئۆمۈر پۇشايمان يېگەن. ئۇلار چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلار كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بالىسى ئۇلارنى ئەسلا تونۇمىغان، ئۇلارغا ناتونۇش ئادەملەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلغان. بالىدىن ئاغرىنغىلى بولسۇنمۇ؟ چۈنكى، بۇ چاغدا بالا بەش ياشقا كىرگەن. كەچلىكى بۇ ئاتا - ئانا بالىسىنى ئۆزى بىلەن بىرگە ياتقۇزماقچى بولغاندا، بالىسى قەتئىي ئۇنىمىغان. گەرچە ئۇلارنىڭ ياتاق ئۆيى چىرايلىق بېزەلگەن، ئازادە بولسىمۇ، لېكىن بالا يەنىلا غوجىدارنىڭ ئاشۇ ئاددىي ئۆيىگە بارىمەن دەپ تۇرۇۋالغان.

ئۇلار ياخشى تەربىيە كۆرگەن كىشىلەر ئىدى، ئەمما بالىسى ناھايىتى سەت گەپ - سۆزلەرنى قىلىدىكەن، كۈن بويى سىرتلاردا بىر توپ كەپسىز بالىلار بىلەن بىللە ئوينايدىكەن. ئۇ سىرتلاردا بەكلا خۇشال ئوينايدىكەن، ھەتتا دائىم دېگۈدەك باشقا بالىلار بىلەن ئۇرۇشىدىكەن، يامان ئىشلارنى قىلىدىكەن، ئاجىز ۋە ياۋاشلارنى بوزەك قىلىدىكەن. ئۇنى مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇسۇن دېسە، ئۇ ئوقۇيالماپتۇ ھەم ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيىسىگە كۆنمەپتۇ. ئۇلار ھەر قېتىم نەسىھەت قىلغاندا، بالىسى ئۇلارغا بىر خىل سوغۇق نەزەردە قارايدىكەن. ئاخىرى، يۈز بەرمەسلىككە تېگىشلىك، كىشىنى ئازابلايدىغان بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇلار بالىسى بىلەن قاتتىق سوقۇشۇپ قاپتۇ.

— بىلمشىڭ كېرەككى، بىز سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭ، — دەپ قاتتىق ئاچچىقلىنىپتۇ ھېلىقى ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە چىدىيالماي.

ئۇلارنىڭ قورقۇنچلۇق ئەپتىنى كۆرگەن بالا ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ، غوجىدارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۇۋاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دادىسى غوجىدارغا شالىنى چېچىپ:

— سىز بالىغا قانداق قارىغان، ئۇ نېمىدەپ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى تونۇمايدۇ؟ — دەپتۇ.

— ھە، ئەپەندىم ... مېنىڭچە .. ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولمىغانلىقىڭلار ئۈچۈنمىكىن ... مېنىڭچە، كېيىن ئۆگىنىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ بىچارە ئايال غوجىدار دۇدۇقلىغىنىچە ئۆزىنى ئاقلاپ.

— ماگرېت خانىمغا بۇنداق گەپ قىلىشىڭلارغا رۇخسەت يوق، — دەپتۇ بالا ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئايال غوجىدارغا بولۇشۇپ. ئۇ بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ، بىر تەرەپتىن ئاتا ـ ئانىسىغا غەزەپ بىلەن ھومىيىپتۇ.

— مەن سېنىڭ داداڭ، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئەمما، مەن سىزنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان.

— نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۈنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلىشىڭ، ياخشى تەربىيىلىنىشىڭ كېرەك، بۈگۈندىن باشلاپ سېنىڭ ماگرېت خانىم بىلەن بىرگە ئۇخلىشىڭغا رۇخسەت يوق، مەن بىلەن...

— ياق، — دەپتۇ بالا دادىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، ـ مەن ماگرېت خانىم بىلەن بىرگە تۇرۇشنى ياخشى كۆرىمەن.

— ئۇنداقتا ياخشى، بۈگۈندىن باشلاپ ماگرېت خانىمنى ئىشتىن بوشاتتىم. قېنى، قانداق قىلىسەنكىن؟ — دەپتۇ دادىسى ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ. ماگرېت خانىم كۆز يېشى

قىلغىنىچە بالىدىن ئايرىلىپتۇ. چۈنكى ئۇ، بالا بىلەن بەش يىل بىرگە ياشىغاچقا، ئۇنىڭغا ئىچىل بولۇپ قالغان ئىكەن. كېيىنكى كۈنلەردە، بۇ بالا غېرىبسىنىپ قاپتۇ، ئۇخلىسا، دائىم ماگرېت خانىمنىڭ ئىسمىنى چاقىرىدىكەن. ئۇ، ئون نەچچە ياشقا كىرگەندە، بىرنەچچە قېتىم ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. مېنىڭچە، بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىشى مۇقەررەر ئىدى.

مەن بالا باققۇچى يالىلاشقا بولمايدۇ، دېمەكچى ئەمەسمەن. بۇنىڭدا، توغرا ئۇسۇل قوللىنىش كېرەك. ئائىلە شارائىتى بىرقەدەر ياخشى ئادەملەر بىرقىسىم ئۆي ئىشلىرىنى ئايال خىزمەتكارغا تاپشۇرسا بولىدۇ، بالىنى پۈتۈنلەي ئۆزى بېقىشىمۇ ناتايىن. لېكىن، بالىنى تەربىيىلەش ۋە ئادەتتىكى بېقىش ئىشلىرىنى چوقۇم ئانا ئۇستىگە ئېلىشى كېرەك.

بىزنىڭ ئائىلىغۇ ئىزچىل ھالدا ئايال خىزمەتكار ئىشلەتكەن، ئەمما يۇقىرىقىدەك ئىشلار يۈز بەرمىگەن. بۇنىڭدا مۇھىمى شۇكى، ئايالىم ئاساسىي خىزمەتلەرنى ئۆز ئۇستىگە ئالغان بولۇپ، ھەر ۋاقىت كارلىغا ھەمراھ بولاتتى، ئۇنى باقاتتى، تەربىيىلەيتتى. ئايالىم يېتىشەلمىگەن چاغلاردىلا ئايال خىزمەتكار ياردەملىشەتتى. ئۇزاقتىن بۇيان ئايال خىزمەتكار ئائىلىمىزنىڭ بىر ئەزاسى ھەم ئايالىمنىڭ ياخشى ياردەمچىسى بولۇپ كەلگەن ئىدى.

مەشھۇر بىر كىشى: «دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تەقدىرى ئانىلارنىڭ قولىدا» دېگەن. مەن بۇ سۆزدىن ئىنتايىن سۆيۈنىمەن، بىراق بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىدىغانلار ناھايىتى ئاز. نۇرغۇن لاياقەتسىز ئانىلار دىققەتسىزلىكىدىن بالىلارنى خاتا يولغا باشلاپ قويىدۇ. بۇ كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ زور ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تەقدىرى ئانىلارنىڭ تەربىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك. مەن

دۇنيادىكى مېھرىبان ئانىلارنىڭ بۇ شەرەپلىك مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن

# ئىككىنچى باب ھەممە بالا ئوخشاش تۇغۇلىدۇ، پەقەتلا مۇھىت ئوخشاش بولمايدۇ

ئەگەر بالىلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش تەربىيىلەنسە، ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى تۇغما تالانتىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بەلگىلەيدۇ. ئەمما، بۈگۈنكى بالىلارنىڭ كۆپچىلىكى تولۇق تەربىيىگە ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ تۇغما تالانتىنىڭ بىرىمۇ جارى بولمايدۇ. مەسىلەن، تۇغما تالانتى 80 پىرسەنت بولغانلىرى، ئاران 40 پىرسەنتىنى؛ تۇغما تالانتى 60 پىرسەنت بولغانلىرى، ئاران 30 پىرسەنتىنى جارى قىلدۇرالىشى مۇمكىن.

— ئېلۋېش

## ئوغلۇمنىڭ تۇغما تالانتى ۋە كېيىنكى تەربىيىسى

ئېلۋىش مۇنداق دېگەن: «ھەممە بالا ئوخشاش تۇغۇلىدۇ، پەقەتلا مۇھىت ئوخشاش بولمايدۇ، بولۇپمۇ بوۋاقلىق مەزگىلىدىكى مۇھىتى ئوخشاش بولمايدۇ، بەزىلىرى تالانت ئىگىسى ياكى ئەزىمەت بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى، بەزىلىرى قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەتتىكى ئادەم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئادەتتىكى بالا ياخشى تەربىيىلەنسىلا، ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئادەم بولالايدۇ».

ئوغلۇم تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىلا، مەن بۇ قاراشقا قەتئىي ئىشىنەتتىم ھەمدە ئۇنى باشقىلارغا دائىم تەشۋىق قىلاتتىم. دەرۋەقە، ئېلۋېشنىڭ كۆزقاراشلىرىدىمۇ بىر تەرەپلىمىلىك بار. ئۇ مۇھىتنىڭ بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى رولىنى تەكىتلىگەندە، ئۇلاردىكى تۇغما تالانتنىڭ پەرقىگە سەل قارىغان. مەن بۇ نۇقتىغا نىسبەتەن تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە.

مەن تۇغما تالانتتا پەرق بولىدىغانلىقىنى ئېلۋېشقا ئوخشاش چەتكە قاقمايمەن، بەزىلەرنىڭ ماڭا ھۇجۇم قىلىپ: «بالىلارنىڭ تۇغما تالانتىدىكى پەرقنى ئېتىراپ قىلمايدۇ» دېگىنى پۈتۈنلەي تۆھمەت. ئەمەلىيەتتە، پېداگوگىكا ساھەسىدە ئىككى خىل تالانت قارىشى ھەققىدىكى تالاش - تارتىش ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. مەن تۆۋەندىكى ئىككى مىسال ئارقىلىق، بۇ ئىككى خىل كۆزقاراشنىڭ پەرقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيمەن.

پەيلاسوپ رۇسسو ئۆزىنىڭ «يۈرەك پارەم» دېگەن پېداگوگىكىلىق ئەسىرىدە مۇنداق بىر نەقىلنى كەلتۈرگەن: «بۇ يەردە ئىككى ئىت بار، ئۇلار بىر قانجۇقتىن تۇغۇلغان ھەم ئوخشاش بىر ئۇۋىدا بىر ئانىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان. بىراق، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. بىرى ئەقىللىق ھەم چېچەن، يەنە بىرى بولسا دۆت ۋە ھاڭۋاقتى. بۇ پەرقنى ئۇلاردىكى تۇغما ئالاھىدىلىكنىڭ ئوخشاشماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان».

ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان يەنە بىر نەقىل شۇكى، مەشھۇر پېداگوگ پېستالوز بىر مەسىلىدە مۇنداق دېگەن: «بىر - بىرىگە قوپۇپ قويغاندەك ئوخشاش چوڭ بولغان ئىككى تايچاق بار ئىكەن. ئۇلاردىن بىرىنى بىر دېھقان بېقىپتۇ. ئۇ، دېھقان ناھايىتى ئاچ كۆز بولغاچقا، ھېلىقى تايچاق تېخى تولۇق يېتىلمەستىلا، پۇل تېپىشقا ئىشلىتىپتۇ، ئەڭ ئاخىرى بۇ تايچاق

پۇلغا يارىمايدىغان يالقاۋ ئاتقا ئايلىنىپ قاپتۇ. يەنە بىر تايچاقنى ئەقىللىق بىر ئادەم بېقىپتۇ، ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ بېقىشى بىلەن بۇ تايچاق ئاخىرى تۇلپارغا ئايلىنىپتۇ».

يۇقىرىدىكى ئىككى مىسال تالانت ۋە تالانتلىق بولۇش ھەققىدىكى بىر. بىرىگە تۇپتىن ئوخشاشمايدىغان ئىككى خىل كۆزقاراشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئالدىنقىسىدا، تۇغما تالانت تەكىتلەنگەن بولۇپ، تۇغما تالانتنىڭ ئاز - كۆپلۈكى تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ، مۇھىتنىڭ رولى قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ قارالغان. ئۇنىڭ ئەكسىچە، كېيىنكىسىدە مۇھىتنىڭ رولى ھەممىگە قادىر، تۇغما تالانت قىلچە مۇھىم ئەمەس دەپ قارالغان.

قەدىمدىن بۇيان، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەسىلىسىدە، نۇرغۇن كىشىلەر رۇسسو تەرەپدارلىرىنىڭ تەلىماتىغا مايىل بولغان، پېستالوز تەرەپدارلىرىنىڭ تەلىماتىنى قوللايدىغانلار يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ كەلگەن. ئېلۋېش بولسا پېستالوز تەرەپدارلىرىنىڭ باشلامچىسى. گەرچە مەن مۇشۇ ئېقىمغا مايىل بولساممۇ، لېكىن پۈتۈنلەي ئۇ ئېقىم تەرەپتە تۇرمايمەن، مېنىڭمۇ ئۆز كۆزقارىشىم بار.

مېنىڭ كۆزقارىشىم شۇكى، بالىلارنىڭ تۇغما تالانتىدا ئەلۋەتتە زور پەرق بار. بەزىلىرىدە كۆپرەك، بەزىلىرىدە ئازراق بولىدۇ. مەسىلەن، بىز ئەڭ تەلەيلىك تۇغۇلغان، تۇغما تالانتى 100 پىرسەنت بولغان بىر بالا بار دەپ پەرەز قىلساق، ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تۇغما تالانتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 10 پىرسەنتتىن تۆۋەن بولىدۇ. ئادەتتىكى بالىلارنىڭ تۇغما تالانتى كۆپ بولغاندىمۇ 50 پىرسەنت ئەتراپىدا بولىدۇ.

ئەگەر بالىلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش تەربىيىلەنسە، ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى تۇغما تالانتىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى

بەلگىلەيدۇ. ئەمما، بۇگۇنكى بالىلارنىڭ كۆپچىلىكى تولۇق تەربىيىگە ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ تۇغما تالانتىنىڭ يېرىمىمۇ جارى بولمايدۇ. مەسىلەن، تۇغما تالانتى 80 پىرسەنت بولغانلىرى، ئاران 40 پىرسەنتىنى؛ تۇغما تالانتى 60 پىرسەنت بولغانلىرى، ئاران 30 پىرسەنتىنى جارى قىلدۇرالىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۇچۇن، مۇشۇ پەرقتىن پايدىلىنىپ، بالىنىڭ تۇغما تالانتىنى 80 — 90 پىرسەنت جارى قىلدۇرالايدىغان ئۈنۈملۈك تەربىيە ئۇسۇلى يولغا قويۇلسا، تۇغۇلغاندىكى تۇغما تالانتى 50 پىرسەنت بولغان ئادەتتىكى بالىلارمۇ تۇغما تالانتى 80 پىرسەنت بولغان بالىلاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئەلۋەتتە، تۇغۇلغاندىكى تۇغما تالانتى 80 پىرسەنت بولغان بالا ئوخشاش ئۇسۇلدا تەربىيىلەنسە، ئۇ ھالدا، ئالدىنقىسى ئېنىقكى كېيىنكىسىگە يېتىشەلمەيدۇ.

شۇڭا، بىز ئۇمىدسىزلەنمەسلىكىمىز كېرەك. چۈنكى، تۇغۇلغاندا ئۈستۈن تۇغما تالانتقا ئىگە بالىلار كۆپ بولمايدۇ، كۆپىنچە بالىلارنىڭ تۇغما تالانتى تەخمىنەن 50 پىرسەنت ئەتراپىدا بولىدۇ. ئەگەر ئاياللار مەن ئالدىنقى بابتا تىلغا ئالغان ئۇسۇل بويىچە يەڭگىسە، بالىنىڭ تۇغما تالانتى تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ، بەلكى تۇغما تالانتى ئۈستۈن بولغان پەرزەنت كۆرۈش ئىمكانىيىتى چوڭ بولىدۇ.

## تالانتنىڭ مەغلۇبىيىتى ئاتا - ئانىلارنىڭ زىيادە زورلىشىدىن كېلىدۇ

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نەزەرىيىگە ئاساسلانغاندا، تۇغۇلغاندىكى تۇغما تالانتى ئۈستۈن بولغان بالىلار ياخشى

تەربىيىلەنسە، ئۇنىڭ تەرەققىياتى مۆلچەرلىگۈسىز بولىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، كىشىلەر تالانت تەربىيىلىگەندە ھەمىشە مەغلۇپ بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار ھەمىشە بالىلارنىڭ تۇغما تالانتىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭ ئەتراپلىق تەربىيىلىنىشىگە سەل قارايدۇ. بالىدىن زىيادە قۇسۇر ئىزدەپ، ئۇنىڭغا تەلەپنى بەك يۇقىرى قويۇۋېتىپ، ئاخىرقى ھېسابتا بالىدا بىسىم، تەتۈرلۈك ھەم ئۆچمەنلىك شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ تەلىپى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتكەنلىكتىن، يېرىم يولدا بىكارچى بولۇپ كەتكەن تالانتلىقلار كۆپ ئۇچرايدۇ.

نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ئۆزىنىڭ بالىلىق مەزگىلىدە ئاتا - ئانىسىنىڭ زىيادە مەجبۇرلىشى نەتىجىسىدە ئۆمۈرلۈك دىل يارىسى قالغانلىقىنى ئەسلەشكەن. ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ جون. ستۇۋارت موللېر كىچىك ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئۆگىنىشكە زورلاپ، ئۇنىڭ ھېيت - بايرام قىلىشىغىمۇ يول قويمىغان. ئۇنىڭ ھەركۈنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ئادىتىنى بۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قىلچە ئەركىنلىك بەرمەي، ھەممە ئىشتا ناھايىتى چىڭ باشقۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىختىيارىي قىزىقىشىنىمۇ چەكلىگەن. موللېر ياشلىقىدا داۋاملىق قايغۇ - ھەسرەت چەككەچكە، ئۆزىدە بىر خىل پىسخىك توسالغۇ بارلىقىنى ئۆمۈر بويى ھېس قىلغان. ئۇ، ئۆز تارىخى ھەققىدە توختالغاندا، ئاتا - ئانىسىنىڭ بىسىمىنى ناھايىتى ئازابلانغان ۋە قاتتىق نەپرەتلەنگەن ھالدا مۇنداق ئەسلىگەن: «خاتالىق بولسا دەرھال تۈزىتىشىم كېرەك ئىدى. مۇزاكىرە باشلانغاندا، دادام باشتا ئىللىق، خۇشال تەلەپپۇزدا سۆزلەيتتى، مەن ماتېماتىكىدا خاتا ئىشلەپ قويسىلا، دادام دەرھال تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مېھرىبان دادام بىردىنلا قان ئىچەر قىساسكارغا ئايلىناتتى».

كارىل. ۋون لۇدۋىگمۇ بۇ خىل تەلىم - تەربىيىنىڭ مەشھۇر ھەم ئېچىنىشلىق مىساللىرىدىن بىرى. كارل كەسىپ ئىگىلەشتە تۇغما تالانتى ئىنتايىن يۇقىرى بالا بولغان. بىراق، دادىسى ئۇنىڭ بالدۇرراق نەتىجە قازىنىشىنى ئويلاپ، توختىماي بېسىم ئىشلىتىۋەرگەچكە، ئۇ يېرىم يولدا ھېرىپ قالغان. دادىسى ئۇنىڭغا ئالىي ماتېماتىكا ئۆگەتكەن، ئۇ ئويغاق بولسىلا، بىر مىنۇتنى بىكار ئۆتكۈزمەي ئۆگىنىشكە زورلىغان. ئۇنىڭ ئۆگىنىش بىلەن مۇناسىۋەتسىز بارلىق قىزىقىشىغا قارشى تۇرغان. تەنتەربىيە، ئويۇن ئويناش، تەبىئەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ئۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك بولمىغان. كارل سەككىز ياشقا كىرگەندە، دادىسى ئۇنىڭغا ئۇنىۋېرسىتېت سەۋىيىسىدىكى ماتېماتىكا دەرسلىكىنى ئۆگەتكەن، توققۇز يېشىدا ئۇ دىففېرېنسىئال ۋە ئىنتېگرال ئۆگەنگەن ھەم مەشىق سۈپىتىدە دراما يازغان. ئۇ، توختىماي دەرىجە ئاتلاپ ئۈچ يىلدىلا ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ دەرسىنى ئوقۇپ تۈگەتكەن، 11 يېشىدا ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەن. ئۇ، ئاساسلىقى ماتېماتىكا ئۆگەنگەن. ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پروفېسسورلىرى كارلنى كەلگۈسىدە دۇنياغا داڭلىق ماتېماتىك بولالايدۇ، دەپ پەرەز قىلىشقان. ۋەھالەنكى، دەسلەپكى گۈزەل ئارزۇلار ئاخىرى قۇرۇق گەپكە ئايلانغان. كارل ئاكادېمىيىدە بىر يىل ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ماتېماتىكىغا بولغان قىزىقىشى پۈتۈنلەي يوقالغان. كېيىن ئۇ قانۇن ئىنستىتۇتىغا كىرگەن، ئەمما ناھايىتى تېزلا قانۇن ئۆگىنىشكىمۇ قىزىقماس بولۇپ قالغان. ئەڭ ئاخىرى ئۇ، مېڭىمۇ ئىشلەتمەيدىغان ھەم مەسئۇلىيىتى كەلمەيدىغان ئىشخانا خىزمەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان.

مەن ئاڭلىغان بۇ ئىككى ئەمەلىي مىسال توغرا تەلىم -

تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر خاتا تەربىيە ئۇسۇلى قوللىنىلسا، توغما تالانتى ئادەتتىكى باللارلا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىن تاشقىرى توغما تالانتى بار باللارمۇ ئاخىرقى ھېسابتا تۈگىشىدۇ.

## ئادەم ساپال قاچىغا، باللىق مەزگىل ساپال قاچا ياسايدىغان سېغىزغا ئوخشىشىدۇ

تارىختىن بۇيان ئۆتكەن ئۇلۇغ كىشىلەر ۋە تالانت ئىگىلىرى چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىدا ئۇنداق ياكى مۇنداق يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بارلىقىنى، ئەگەر ئۇلارغا داۋاملىق ھالدا تېخىمۇ يۇقىرى ساپالىق تەلىم - تەربىيە بېرىلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ ساغلام، تېخىمۇ چىقىشقاق ۋە كەڭ قورساق، تېخىمۇ كارامەت، تېخىمۇ ئەقىللىق، تېخىمۇ ھەققانىي، تېخىمۇ بىلىملىك، تېخىمۇ كەمتەر ھەم تېخىمۇ قەيسەر بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى دوستلىرىمغا ئېيتقان ئىدىم. گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇلار تېخىمۇ مۇكەممەل يېتىلگەن تالانت ئىگىلىرىدىن بولغان بولاتتى.

بىر ئادەمنىڭ پەزىلىتىنىڭ قانداق بولۇشى ناھايىتى زور جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، باللىق مەزگىلدە قانداق تەربىيىلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، ئاۋام ئەخلاقىنىڭ قانداق بولۇشى شۇ دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى قانداق تەربىيىلىشىگە باغلىق دەيمىز. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئېتىكا، ئېتىقاد تەشەببۇسى ئوخشاش ئەمەس. لېكىن، مەيلى شەرقلىقلەرنىڭ تەقدىرچىلىك نەزەرىيىسى ياكى يۇنانلىقلارنىڭ بىلىم، سەنئەت ھەم ئەركىنلىك قارىشى،

رىلىقلارنىڭ مۇتەئەسسىپچىلىك، ئۆرۈشخۇمارلىقى، يەھۇدىيلارنىڭ دىنپەرەسلىكى ۋە قىزغىنلىق تەلىماتى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلار بالىلىق مەزگىلدە ئالغان تەلىم ـ تەربىيىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

پلاتون «غايىۋى دۆلەت» دېگەن ئەسىرىدە، ئۆز كۆڭلىدىكى كەلگۈسى غايىۋى دۆلەتنى ناھايىتى ئەتراپلىق تەسۋىرلىگەن. ئۇ، تەسۋىرلىگەن ئاشۇ غايىۋى دۆلەتتە «پەرزەنتلەر تەربىيىسى جەمئىيەتنىڭ ئاساسى» دېگەن كۆزقاراش ھەقىقەتەن دانا.

ئادەم ساپال قاچىغا ئوخشىشىدۇ، كىچىك ۋاقتىدىلا ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ھالىتى شەكىللىنىدۇ. بالىلىق مەزگىل ساپال قاچا ياسايدىغان سېغىزغا ئوخشىشىدۇ، قانداق تەربىيىلەنسە، شۇنداق ھالەت شەكىللىنىدۇ. ۋىلىيامس: «بالىلىق مەزگىل يېتىلىشنىڭ ئانىسى» دەپ تەلىم بەرگەن ئىدى، بۇ گەپ ئىنتايىن توغرا. يېتىلگەن ئادەملەرنىڭ ئاساسى بالىلىق مەزگىلدە تۇرغۇزۇلىدىغانلىقىنى ھېچقايسىمىز ئىنكار قىلالمايمىز. شۇڭا، بالىلار تەربىيىسىنى چوقۇم بالدۇرراق باشلاش كېرەك. قانچە بالدۇر باشلانسا، ئۈنۈمى شۇنچە ياخشى ھەم كۆرۈنەرلىك بولىدۇ، بالا تېخىمۇ مۇكەممەل ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ.

## مېنىڭ تەلىم ـ تەربىيە غايەم — بالىلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق ئېچىش

مېنىڭ باشقىلار بىلەن كېلىشەلمەيدىغان يېرىم مانا مۇشۇ يەردە. مېنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلۇمنىڭ يادروسى شۇكى، بالىلار تەربىيىسىنى چوقۇم بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى

پارلاش بىلەن تەڭ باشلاش زۆرۈر. ئەمما ھازىر ئېقىۋاتقان تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىدىكى يېتەكچى ئىدىيە بولسا، باللار تەربىيىسىنى 7 — 8 ياشلاردا باشلاشتىن ئىبارەت. بۇ قاراشتىن كىشىلەر گۇمانلانمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن ئاتا - ئانىلارنى ئەنسىرىتىۋاتقان قاراشلارنىڭ يەنە بىرى شۇكى، تەلىم - تەربىيە بەك بالدۇر بولۇپ كەتسە، باللارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيانلىق دېگەندىن ئىبارەت. بۇ خاتا قاراشلار ئالدىدا مەن ھەممىشە ئۆزۈمنى ئاجىز، ئىقتىدارسىز ھېس قىلاتتىم. چۈنكى، ئۇلار مودا بولغاچقا، مېنىڭ تەلىم - تەربىيە نەزەرىيەم ئۇچىغا چىققان ئەخمىقانىلىق ئىدى. شۇڭا، ئاتا - ئانىلارنىڭ مېنىڭ تەلىم - تەربىيە نەزەرىيەمدىن پايدىلىنىپ، ئادەتتىكى باللارنى تالانت ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى.

ئوغلۇم كارل مېنىڭ ئۇسۇلۇم بويىچە تەربىيىلىنىپ، ئەينى چاغلاردىكى باللاردىن نۇرغۇن جەھەتلەردە ئېشىپ چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا كارلنىڭ ئىقتىدارىنى تۇغما تالانتتىن كەلگەن، ئۇ ھەرگىزمۇ تەلىم - تەربىيىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس دەپ قارايتتى، بۇلارغا نىسبەتەن مەن ئامالسىز ئىدىم. ئوغلۇم تۇغۇلغان ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى مەن يۇقىرىدا بايان قىلدىم. ئۇ بايانلاردىن ئوغلۇمنىڭ تۇغما تالانت ئىگىسى ئەمەس، بەلكى بىر گومۇش بالا ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

ئوغلۇمنىڭ مۇشۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، مەن قاتتىق ئازابلانغان ھەم تەشۋىشلەنگەن بولساممۇ، لېكىن ئۆز تەشەببۇسۇمدىن ۋاز كەچمىدىم. ئوغلۇم يېتىلىش جەريانىدا تەڭ ياشتىكىلەرنىڭ ئارقىسىدا قالمىسۇن دەپ، ئۇنىڭ باللىق مەزگىلىدىكى تەلىم - تەربىيە سىنىقىنى پىلان بويىچە قەتئىي

داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلدىم. ئوغلۇمنىڭ تۇغما تالانتى ئانچە يېتەرلىك بولمىغان ئىكەن، ئامالىمنىڭ بارىچە ئوغلۇمنىڭ تۇغما تالانتىنى چوقۇم 80 ـ 90 پىرسەنت، ھەتتا ئۇنىڭدىن كۆپرەك جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشتىم. بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئوغلۇمغا بولغان تەلىم ـ تەربىيىنى ئۇنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئەمدىلا پارلىغاندىن باشلاپ ئېلىپ بېرىش زۆرۈر ئىدى.

ئۇنداقتا، دەسلەپكى تەربىيە نېمە ئۈچۈن تالانتلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ؟ بۇ قائىدىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، گەپنى بالىلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. زوئولوگىيە، فىزىئولوگىيە، پسىخولوگىيە قاتارلىق ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، كىشىلەردە بىر خىل ئالاھىدە ئىقتىدار بولىدۇ. لېكىن، بۇ خىل ئىقتىدار ئادەم بەدىنىگە يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇنى سىرتتىن بايقىغىلى بولمايدۇ، بۇ خىل ئىقتىدارنى بىز يوشۇرۇن ئىقتىدار دەيمىز. مەسىلەن، بۇ يەردە بىر تۈپ كاۋچۇك دەرىخى بار دەيلى. ئەگەر ئۇ، كۆڭۈلدىكىدەك نورمال ھالەتتە 30 مېتىر ئېگىز ئۆسكەن بولسا، ئۇنداقتا، بۇ كاۋچۇك دەرىخى 30 مېتىر ئېگىز ئۆسەلىگۈدەك مۇمكىنچىلىككە ئىگە ئىكەن دەيمىز. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، بىر بالا كۆڭۈلدىكىدەك ئۆسۈپ يېتىلسە، ئۇ ھەممە جەھەتتىن تولۇق يېتىشكەن بولىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ بالا ھەممە جەھەتتىن تولۇق يېتىشكۈدەك يوشۇرۇن ئىقتىدار ھازىرلىغان دەيمىز. بۇ خىل يوشۇرۇن ئىقتىدار دەل تالانتتۇر. شۇڭا، تالانت ھەرگىزمۇ ئادەتتە بىز دەيدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئادەملەرلا ھازىرلايدىغان تۇغما تالانت بولماستىن، بەلكى ھەممە ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بىراق، كۆڭۈلدىكىدەك ھالەتكە يېتىش ئاسان ئەمەس. شۇڭا، كاۋچۇك دەرىخى 30 مېتىر ئېگىز

ئۆسەلىگۈدەك ئىمكانىيەتنى ھازىرلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ 30 مېتىر ئېگىز ئۆسمىكى تەس. ئادەتتە ئۇ 12 — 15 مېتىر ئەتراپىدا ئۆسەلىشى، مۇبادا مۇھىت ـ شارائىتى ياخشى بولمىسا، 6 — 9 مېتىرلا ئۆسەلىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئوغۇتلاپ، ياخشى پەرۋىش قىلسا، ئۇ 18 — 21 مېتىر، ھەتتا 24 — 27 مېتىر ئېگىز ئۆسەلەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، تۇغۇلغاندا ھەممە جەھەتتىن 100 پىرسەنت ئىقتىدار ھازىرلىغان بالىنى تەربىيىلىمەي، تامامەن ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەندە، ئۇ پەقەت 20 — 30 پىرسەنتلا ئىقتىدار ھازىرلىغان ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنىڭ 20 — 30 پىرسەنتىگىلا يېتەلەيدۇ. ئەگەر ئۇ ياخشى تەربىيىلەنسە، ئۇ ھالدا 60 ـ 70پىرسەنت، ھەتتا 80 ـ 90 پىرسەنت ئىقتىدار ھازىرلىغان ئادەم بولۇپ يېتىلىشى مۇمكىن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنىڭ 60 ـ 70 پىرسەنتىنى، ھەتتا 80 ـ 90 پىرسەنتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى مۇمكىن.

تەلىم ـ تەربىيىنىڭ غايىسى دەل بالىلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى 100 پىرسەنت جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بىز مۇشۇ يوشۇرۇن ئىقتىدارنى تولۇق جارى قىلدۇرغاندىلا، پەۋقۇلئاددە ئىشلارنى قىلالايمىز. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلى مۇۋاپىق بولمىغاچقا، كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكىدىن تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ، دەل تالانتلىقلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاز بولۇۋاتقانلىقىدىكى سەۋەب. قانداق قىلغاندا، تېخىمۇ كۆپ تالانت ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىققىلى بولىدۇ؟ ئەڭ مۇھىمى، ئۇنى بالدۇر قېزىش، بالىلاردىكى بۇ خىل يوشۇرۇن ئىقتىدارنى، يەنى تالانتنى ئىختىيارىي يوسۇندا جارى قىلدۇرۇشقا

يېتەكلەشتىن ئىبارەت.

## بالىلاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ تەدرىجىي ئاجىزلىشىش قانۇنىيىتى

كۆپچىلىكنىڭ دىققەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىدىغان بىر مەسىلە شۇكى، بالىلار گەرچە يوشۇرۇن ئىقتىدار ھازىرلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ تەدرىجىي ئاجىزلىشىش قانۇنىيىتى بولىدۇ. مەسىلەن، 100 پىرسەنت يوشۇرۇن ئىقتىدارغا ئىگە بالا تۇغۇلغاندىن باشلاپ ئۇنىڭغا كۆڭۈلدىكىدەك تەربىيە بېرىلسە، ئۇنداقتا ئۇ 100 پىرسەنت ئىقتىدار ھازىرلىغان ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ. مۇبادا بەش ياشقا كىرگەندىن باشلاپ تەربىيىلەنسە، ھەتتا ئىنتايىن ياخشى تەربىيىلەنگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ پەقەت 80 پىرسەنت ئىقتىدار ھازىرلىغان ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ. ئەگە 10 ياشقا كىرگەندىن باشلاپ تەربىيىلەنسە، ھەرقانچە ياخشى تەربىيىلىگەندىمۇ، ئۇ پەقەت 60 پىرسەنت ئىقتىدار ھازىرلىغان ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بالىلارنىڭ تەربىيىسى قانچە كېچىكىپ باشلانسا، يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ جارى بولۇش نىسبىتى شۇنچە ئاز بولىدۇ. مانا بۇ، بالىلاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ تەدرىجىي ئاجىزلىشىش قانۇنىيىتىدۇر.

بۇ خىل قانۇنىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ھەربىر ھايۋاندىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ ئۆز ئالدىغا يېتىلىش دەۋرى بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ خىل يېتىلىش دەۋرى مۇقىم، ئۆزگەرمەس بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ھايۋانلاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ يېتىلىش دەۋرى بەزىلىرىدە ئۇزاق، بەزىلىرىدە

قىسقا بولىدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكىسى بولسۇن، ئۆز يېتىلىش دەۋرىدە جارى قىلدۇرۇلمىسا، مەڭگۈ تەرەققىي قىلالمايدۇ. مەسىلەن، چۈجىنىڭ «ئانىسىغا ئەگىشىپ مېڭىش ئىقتىدارى» نىڭ يېتىلىش دەۋرى — ئۇ، تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىنكى تۆت كۈن ئىچىدە بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە يول قويمىساق، ئۇنداقتا، چۈجىنىڭ بۇ خىل ئىقتىدارى مەڭگۈ تەرەققىي قىلمايدۇ. شۇڭا، ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان چۈجىنى دەسلەپكى تۆت كۈندە ئانىسىدىن ئايرىۋەتسەك، ئۇنداقتا ئۇ، مەڭگۈ ئانىسىغا ئەگەشمەيدىغان بولىدۇ. ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى چۈجە تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىنكى سەككىز كۈن ئىچىدە يېتىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە چۈجىگە ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاتمىساق، ئۇنىڭ بۇ خىل ئىقتىدارى مەڭگۈ يوقىلىدۇ. كۈچۈكنىڭ «ئۆزى يەپ تاشقان يېمەكلىكلەرنى يەرگە كۆمۈپ قويۇش ئىقتىدارى» نىڭ يېتىلىش دەۋرىمۇ چەكلىك بولىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە، كۈچۈكنى يېمەكلىكلەرنى كۆمگىلى بولمايدىغان ئۆيگە سولاپ باقساق، ئۇ هالدا، كۈچۈكنىڭ بۇ خىل ئىقتىدارى مەڭگۈ يېتىلمەيدۇ.

ئادەملەرنىڭ ئىقتىدارىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ئەنگلىيىلىك گراف سىكوتىنىڭ ئوغلى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. گراف سىكوت ئەر - خوتۇن يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى ئېلىپ دېڭىز سەپىرىگە چىققان. ئافرىقا دېڭىز قىرغىقىغا يېقىنلاشقاندا، قاتتىق بوران - چاپقۇنغا دۇچ كېلىپ، كېمە ئۆرۈلۈپ، كېمىدىكى ھەممەيلەن قازا قىلىپ، پەقەت ئەر - خوتۇن سىكوتلا ئوغلىنى ئېلىپ دېڭىزدىكى بىر ئارالغا چىقىۋالغان. ئۇ، ئادەم يوق ئارال بولۇپ، ئىسسىق بەلۋاغ ئورمىنى بىلەن قاپلانغان ئىكەن. گراف سىكوت ئەر - خوتۇن ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقىدىكى ھەر خىل كېسەللىك تۈپەيلىدىن ناھايىتى يېزلا

ئۆلۈپ كېتىپ، ئوغلى يالغۇز قالغان. بىرقانچە ئايلىق بولغان كىچىك سىكوتنى بىر توپ ئورانگوتان بېقىۋالغان. ئۇ، مۇشۇ هايۋانلارغا ئەگىشىپ چوڭ بولغان. 20 نەچچە يىلدىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ بىر سودا كېمىسى تاسادىپىي بۇ ئارالغا كەلگەندە، كىشىلەر كىچىك سىكوتنى بايقاپ قالغان. بۇ چاغدا ئۇ، كۆچكە تولغان ياش بولۇپ يېتىلگەن ۋە ئورانگوتانلارغا ئوخشاش چاققانلىق بىلەن دەرەخلەرگە يامىشىپ، ئۇ شاختىن بۇ شاخقا چىقالايدىغان بولغان. لېكىن، ئىككى پۇتىدا دەسسەپ ئۆرە ماڭالمايدىكەن، ئىنسانلارنىڭ تىلىدىن بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايدىكەن. كىشىلەر ئۇنى ئەنگلىيىگە قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، جەمئىيەتتە زور زىلزىلە پەيدا بولغان ۋە ئالىملارنىڭ ئىنتايىن قىزىقىشىنى قوزغىغان. ئالىملار كىچىك سىكوتنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن، بوۋاقنى تەربىيىلىگەندەك تەربىيىلەپ، ئادەملەرنىڭ تۇرلۇك ئىقتىدارىنى ئىگىلىتىشنى ئۈمىد قىلىپ، 10 يىل ۋاقىت سەرپ قىلغان، كىچىك سىكوت ئاخىرى كىيىم كىيىش، ئىككى پۇتىدا مېڭىشنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆمىلەپ مېڭىشقا ئامراق بولغان. ئۇ، ھەرقانچە تەربىيىلەنسىمۇ، بىرەر جۈملە گەپنى راۋان قىلالمىغان؛ ئۆز مەقسىتىنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندا، ئورانگوتانغا ئوخشاش تۇۋلىغان. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئادەمنىڭ تىل ئۆگىنىش ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىش دەۋرى ئۇنىڭ بالىلىق مەزگىلى هېسابلىنىدۇ. كىچىك سىكوت بۇ ۋاقىتتا 20 نەچچە ياشقا كىرىپ قالغان بولۇپ، تىل ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلى ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ بۇ خىل ئىقتىدارى مەڭگۈلۈك يوقالغان.

يۇقىرىقى مىسال شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بالىلاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ تەدرىجىي ئاجىزلىشىش قانۇنىيىتى

بولىدۇ. تۇغۇلغاندا 100 پىرسەنت يوشۇرۇن ئىقتىدارغا ئىگە بالا ئەگەر مۇۋاپىق تەربىيىلەنمىسە، بەش ياشقا كىرگۈچە ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ 80 پىرسەنتكە، 10 ياشقا بارغاندا 60 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالىدۇ، 15 ياشقا بارغاندا پەقەت 40 پىرسەنتىلا قالىدۇ.

شۇڭا، بالا تەربىيىلەشتىكى بىرىنچى مۇھىم ئىش — بۇ خىل تەدرىجىي ئاجىزلىشىشنى قەتئىي چەكلەشتىن ئىبارەت. بۇ خىل تەدرىجىي ئاجىزلىشىش بالىلاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىدىغان، ھەتتا ئۇنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىدىغان بولغاچقا، بالىلار تەربىيىسىدىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا — ئۇلاردىكى بۇ خىل ئىقتىدارنىڭ تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىنى ئۆتكۈزىۋەتمەسلىك، يەنى ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئىقتىدارىنى مۇمكىنقەدەر بالدۇر جارى قىلدۇرۇش لازىم.

## ئوغلۇم تۇغۇلغان كۈندىن تارتىپ تەربىيىلەشنى باشلىدىم

قانداق قىلغاندا، بالىلاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ تەدرىجىي ئاجىزلىشىشىنى قەتئىي چەكلىگىلى بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە، تەلىم - تەربىيىنى بالدۇر باشلاش كېرەك. بىراق، بالدۇر دېگەنلىك قايسى ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ؟ مېنىڭ تەجرىبەم شۇكى، تەلىم - تەربىيىنى چوقۇم بالا تۇغۇلغان كۈندىن تارتىپ باشلاش زۆرۈر. مائارىپچىلار بۇ قارىشىمنى ئاڭلىسا، دەرھال قارشى پىكىردە بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە بولغاندا، بالىلارغا بولغان تەلىم - تەربىيىنى بۇنداق بالدۇر باشلاش زىيانلىق. ئەمما، ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىنىڭ ئاساسى يوق.

ئەمەلىيەتتە، بالا تۇغۇلۇپ ئۈچ ياشقىچە بولغان مەزگىل ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، بۇ مەزگىلدىكى بالىلارنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى كېيىنكى مەزگىل بىلەن قەتئىي ئوخشاشمايدۇ.

ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاقتا ئادەمنىڭ چىرايىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى بولمايدۇ، بوۋاق 3 — 4 ئايلىق، ياكى 5 — 6 ئايلىق بولغاندا، ئانىسىنىڭ ھەم باشقىلارنىڭ چىرايىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان، يېتىرقايدىغان بولىدۇ. ئەمما، بۇ چاغدا بوۋاق ھەرگىزمۇ چىراي ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق ياكى ئۇنداق تەھلىل قىلغاندىن كېيىن ئەستە قالدۇرمايدۇ، ئەكسىچە، تەكرار كۆزىتىش داۋامىدا، ئانىنىڭ پۈتكۈل چىراي قىياپىتىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي، شەكىل ھالىتىدە چوڭ مېڭىدە ساقلىۋالىدۇ.

بوۋاقلارنىڭ بۇ خىل شەكىل پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كېتىدۇ. ئۈچ ياشقىچە بولغان بالىغا ئېلىپ بېرىلغان تەربىيە دەل «شەكىل تەربىيىسى» دىن ئىبارەت. بوۋاقلار كۆپ قېتىم قايتىلانغان شەيئىلەردىن زېرىكمەيدۇ، شۇڭا ئۈچ ياشتىن بۇرۇنقى مەزگىل «مەجبۇرىي قۇيۇپ قويۇش» دەۋرىدۇر.

بوۋاقلار ھايۋانلاردەك بىۋاسىتە سەزگۈگە تايىنىدىغان بولۇپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە پۈتكۈل گەۋدىنىڭ شەكلىنى ئىگىلىۋېلىشتەك ئىقتىدارغا ئىگە. بۇ ئىقتىدارنى چوڭ ئادەملەر پەقەتلا ھازىرلىمىغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ چوڭ مېڭىسى يەنىلا بىر ۋاراق ئاق قەغەز ھالىتىدە بولۇپ، چوڭ ئادەملەردەك تەھلىل ۋە ھۆكۈم قىلالمايدۇ. شۇڭا، بوۋاقلار چۈشىنىش ياكى ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىمىغان دېيىشكە بولىدۇ. ئەگەر ئۆزىمىز توغرا دەپ

قارىغان شەكىللەرنى دائىم جانلىق هالدا بوۋاقلارنىڭ ياخشى - يامانىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى تېخى ھازىرلانمىغان چوڭ مېڭىسىگە تەكرار قۇيۇۋەرمىسىڭىز، مۇقەررەركى ئۇ نۇرغۇن ناچار نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. خۇددى ماقالىلاردا دېيىلگەندەك: «دەرەخنىڭ مېۋىسى چېچەكىدىن مەلۇم». بالا ئۈچ ياشقا كىرگەندە، ئۇ چوڭ بولغاندىكى ئاساسىي مىجەز - خاراكتېر ساپاسىنى شەكىللەندۈرۈپ بولىدۇ. مۇبادا ھەممە ئادەمنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇلاردا ئۈچ ياشتىن بۇرۇنقى مۇھىت ھەم شۇ خىل مۇھىت ئۇنىڭ مىجەز - خاراكتېر ساپاسىدا پەيدا قىلغان تەسىرنى بايقىۋالماق تەس ئەمەس. شۇڭا، شەكىل تونۇش مەزگىلى ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى بەلگىلەيدۇ. ئۈچ ياشتىن بۇرۇنقى شەكىل تونۇش مەزگىلىدە، نېمىلەرنى «قۇيۇپ قويۇش» كېرەك؟ بۇنىڭدا، ئاساسلىقى ئىككى مەزمۇن بار: بىرى تىل، مۇزىكا، يېزىق ھەم سۈرەتلىك شەكىل قاتارلىق ئەقلىي قابىلىيەتكە ئاساس سالىدىغان چوڭ مېڭە پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي شەكىللىرىنى قۇيۇپ قويۇش؛ يەنە بىرى كىشىلىك ھاياتنىڭ ئاساسىي قائىدە ۋە پوزىتسىيىلىرىنى قۇيۇپ قويۇش كېرەك.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ساغلام پەرزەنتلىك بولۇشتا، بۇ پەقەت ئاتا - ئانىلار باسىدىغان تۇنجى قەدەم ھېسابلىنىدۇ، كېيىنكى يول تېخىمۇ ئۇزۇن، ئىشلار تېخىمۇ مۇرەككەپ، مەسئۇلىيەت تېخىمۇ ئېغىر. چۈنكى، بالا تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپ، ئاتا - ئانىلار تەربىيىلىگۈچىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى زۆرۈر.

# ئۈچىنچى باب ئوغلۇمدىكى ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ئەڭ ياخشى تەرەققىيات مەزگىلىنى تۇتۇۋالدىم

بالىلاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ تەدرىجىي ئاجىزلىشىش قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغاندا، بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا مەلۇم ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلى بولىدۇ. مۇشۇ ئەڭ ياخشى مەزگىل ئىنتايىن ھالقىلىق بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئۆمۈرلۈك ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ، ئۇنى ھەرگىزمۇ قولدىن بېرىپ قويماسلىق كېرەك. بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى بالدۇر ئېچىشنىڭ ئاچقۇچى دەل مۇشۇ ئەڭ ياخشى مەزگىلنى چىڭ تۇتۇشتا.

## بالا يېيىشكە ئامراق يېمەكلىك ئەڭ ياخشى يېمەكلىكتۇر

بالىنىڭ ئىقتىدارىنى بالدۇرراق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بالىنى قانداق تەربىيىلەش كېرەك؟ ناھايىتى روشەنكى، ئەگەر بوۋاق ئۆزىگە سىزنىڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىڭىز ۋە غەمخورلۇق قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى ھېس قىلغان بولسا، سىزنىڭ ئۇنى تەربىيىلەشكە باشلىغانلىقىڭىزنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ خىل تەلىم-تەربىيە مەشقى ئىنچىكە ھەم ئۇششاق - چۈششەك بولىدۇ. بالا

ئۇسسىغان بولسا سۇ ئىچۈرۈش، قورسىقى ئاچقان بولسا ئېمىتىش، يۆگىكى ھۆل بولۇپ قالسا، ئۇنى دەرھال يەڭگۈشلەش. . . دېگەندەك ئىشلاردا ئاتا ـ ئانا ھەرقاچان بالىنى بىئاراملىقتىن قۇتۇلدۇرۇشى، ئەڭ سەزگۈر تۇيغۇ بىلەن بالىنىڭ ئېھتىياجىنى بىلىشى ھەم ھېس قىلىشى كېرەك. بالىنىڭ تۈرلۈك ئېھتىياجلىرىنى نەتىجىلىك ھالدا بىلىش ۋە ھېس قىلىشنىڭ ئۆزى ئاتا ـ ئانىنىڭ تەلىم ـ تەربىيىنى نەتىجىلىك باشلىغانلىقىدۇر. بۇ، ئاتا ـ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا ئورنىتىلغان تۇنجى نەتىجىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇ كېيىنكى تەلىم ـ تەربىيە ھەم مەشىق ئۈچۈن ياخشى ھېسسىيات ئاساسى يارىتىدۇ.

ئوغلۇم تۆت ئايلىق بولغاندىن تارتىپ، ئانىسىنى ئېمىشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئازراق ئاپېلسىن شەربىتى بەردىم، كېيىن يەنە بانان قىيمىسى، ئالما قىيمىسى، سەۋزە قىيمىسى، چىڭسەي قىيامى قاتارلىقلارنى بەردىم. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا شورپا ئىچۈردۈم، پىشۇرۇلغان تۇخۇم ۋە ياڭيۇ قاتارلىقلارنى يېگۈزدۈم. كۆپلىگەن بالىلار پۇرچاق تىپىدىكى يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە ئامراق كېلىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى يېمەكلىكى بولىدۇ. ۋەھالەنكى، ئوغلۇم بۇ نەرسىلەرنى يېيىشكە خوشى يوق ئىدى. مېنىڭچە، بالا يېيىشكە ئامراق يېمەكلىك ئەڭ ياخشى يېمەكلىك، شۇڭا ئۇلارغا ئامراق يېمەكلىكلەرنى يېگۈزۈش كېرەك. ئەمما، بالا ئىككى ياشقا كىرمىگۈچە ئۇنىڭغا گۆش يېگۈزمەسلىك كېرەك.

گېرمانىيىدە «ئادەمنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى يېمەكلىك بەلگىلەيدۇ» دېگەن مەنىدىكى بىر ماقال بار. قارىغاندا، يېمەكلىك بىلەن ئادەمنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنىڭ ھەقىقەتەن

مۇناسىۋىتى بولسا كېرەك. ئىلگىرى بەزىلەر «كۆكتات ئارقىلىق داۋالاش ئۇسۇلى» نى تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئوخشاشمىغان يېمەكلىكلەرنى تاللاپ يېگەندە، بالىلاردا ئوخشاشمىغان مىجەز - خاراكتېر يېتىلدۇرگىلى بولىدۇ، دېيىشكەن. مەسىلەن، بالىغا سەۋزىنى كۆپ يېگۈزسە، ئۇنىڭ چىشى ھەم تېرىلىرى چىرايلىق بولىدۇ؛ ياڭيۇنى كۆپ يەپ بەرسە، بالىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ؛ يېسىي پۇرچاق يەپ بەرسە، بالىنىڭ گۈزەل سەنئەت قىزىقىشىنى قوزغىغىلى بولىدۇ؛ بالا ئاق بەسەي ھەم گۈل سەي يېسە، پىكىر قىلىشى ئاددىي بولۇپ، ئادەتتىكى ئادەملەردىن بولۇپ قالىدۇ؛ كۆك پۇرچاق يېسە، ئالدىراڭغۇ مىجەز - خاراكتېر شەكىللىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، ماتېماتىكىغا ئۆچ بالىغا ياڭيۇنى كۆپ يېگۈزۈش، گۈزەل سەنئەت قىزىقىشى كەمچىل بالىلارغا پۇرچاقنى كۆپ يېگۈزۈش، مىجەز - خاراكتېرى بىنورمال بالىلارغا كۆك پۇرچاق يېگۈزمەسلىك، مىجەزى قوپال بالىلارغا ئاق بەسەي يېگۈزمەسلىك كېرەك.

ئوغلىمىز تۇغۇلۇپ يېرىم ئايغىچە بىز ئۇنىڭغا قەرەللىك ھالدا سۈت ئېمىتىش، سۇ ئىچۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ، بالىنىڭ بىئولوگىيىلىك سائىتىنىڭ دەسلەپكى قانۇنىيىتىنى شەكىللەندۈردۇق. ئۇ ھەتتا تاماق يېيەلەيدىغان بولغاندىن كېيىن، ئىككى ۋاخ تاماق ئارىلىقىدا سۇ ئىچىشكە رۇخسەت قىلىپ، باشقا نەرسىلەرنى يېگۈزمىدۇق. بۇنداق قىلىشىمىز ئۇنىڭ ئاشقازىنىنى ئارام ئالدۇرۇش ھەم قانىنىڭ ئاشقازاندىلا ئىشلەپ، چوڭ مېڭىگە يىغىلماسلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى. ئەگەر بالىنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتى پەقەت ھەزىم قىلىشقىلا سەرپ بولۇپ كەتسە، چوڭ مېڭىسى ياخشى تەرەققىي قىلالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بەك كۆپ يەپ كەتسە، مېڭىنىڭ

تەرەققىياتى توسالغۇغا ئۇچراپلا قالماستىن، بالىنىڭ سالامەتلىكىگە زىيانلىق بولۇپ، ئوڭايلا ئاشقازان - ئۈچەي كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. بۇرۇنقىلار: «ئوخشاشمىغان ئاشقازان ئادەملەرنىڭ بەزىلىرىنى ئۇمىدۋار، بەزىلىرىنى غەمكىن قىلىپ قويىدۇ» دېگەن ئىكەن. ئاشقازان كېسەللىكى بالىلارنى غەمكىن، روھسىز قىلىپ قويىدۇ، ئاشقازىنى ئاجىز ئادەملەر ھەرگىزمۇ تېنى ساق ئادەملەردەك بەختىيار بولالمايدۇ. شۇڭا، مەن ئوغلۇمنىڭ پېچىنە، پارچە - پۇرات يېمەكلىكلەرنى خالىغانچە يېيىشىنى قاتتىق چەكلەيتتىم، يەنى ئۇنىڭ ئۆز ۋۇقلىنىشىنى كۈچەيتكەندىمۇ، پېچىنە يەيدىغان مۇقىم ۋاقىت بەلگىلەپ بەرگەن ئىدىم.

## ئوغلۇمنىڭ ساغلام روھىي ھالىتىنى ساقلىدىم

ئوغلۇمنى كۆرگەنلەر ھەمىشە: «بالىنىڭ تېنى بەك ساغلام ئىكەن، ئۇ تالانتلىقلارغا ئوخشاشمايدىكەن» دېيىشەتتى. قارىغاندا، ئۇلار «ئىقتىدارلىقلار كېسەلمەن كېلىدۇ» دېگەن كونا قاراشتا يەنىلا چىڭ تۇرسا كېرەك. ھالبۇكى، بۇنىڭ قىلچە ئاساسى يوق. «ساغلام تەندە ساغلام ئەقىل» دېگەن ماقالىنىڭ ئاساسى بار.

ھەقىقەتەن بەزى تالانت ئىگىلىرىنىڭ تېنى ئاجىز، كېسەلمەن كېلىدۇ، ئەمما تالانتلىقلار چوقۇم كېسەلمەن، ئاجىز كېلىدۇ دەيدىغان قاراش توغرا ئەمەس. ئەگەر ئاشۇ كېسەلمەن، ئاجىز تالانت ئىگىلىرىنىڭ تېنى ساغلام بولغان بولسا، ئۇلار تېخىمۇ ئۇلۇغ تالانت ئىگىلىرىدىن بولغان بولاتتى، ئەمما تېنى

ساغلام تالانت ئىگىلىرىمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، ۋېبستېر، بريانت، ھېنرىي بىكار، كالفېن، جېننى لېند، ئاردېرىنا بارچ، سارا بېنخاتېي، جۇلىيە، ئۇد خاۋ، جون ۋېسرى، لۇيس، ئالكوك قاتارلىقلار. ئۇلار ساغلام بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تەن قۇرۇلۇشى كېلىشكەن، كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئادەملەر ئىدى. ئوغلۇمنىڭ سالامەتلىكى ھەققىدە كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان. بۇ، مەن ئۇنى بوۋاق ۋاقتىدىلا بەدەن مەشقى ئېلىپ بارغانلىقىمدىن ئىدى.

شاد - خۇراملىق سالامەتلىكنىڭ ئاچقۇچى. مەن ئالدى بىلەن ئوغلۇمنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنى ياخشى ئورۇنلاشتۇردۇم. بالىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت تۇتۇق ھالەتتە بولسا، ئېنىقكى بالىنىڭ ھەزىم قىلىشى ياخشى بولمايدۇ، تېنى ساغلام بولمايدۇ. شۇڭا، بالا يېتىپ - قوپىدىغان ئۆي كىچىكىدىن باشلاپ كىشىنى بىر خىل ئازادىلىك، شاد - خۇراملىق ھېس قىلدۇرىدىغان بولۇشى كېرەك.

ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ئايالىم بىلەن ئىككىمىز كارلىنى تالا - تۈزگە ئېلىپ چىقاتتۇق، ئۇنىڭغا بىپايان يېشىل دالىلارنى كۆرسىتەتتۇق. مەن ئوغلۇمنىڭ ئەركىن - ئازادە ھەرىكەت قىلىشىغا كۆڭۈل بۆلەتتىم، پۇت - قوللىرىنىڭ ئەركىن ھەرىكەتلىنىشىگە توسالغۇ بولماسلىق ئۈچۈن، ئۇنى ھەمىشە كۆتۈرۈۋالمايتتىم، شارپا دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئېغىز - بۇرنىنى يۆگەپ قويمايتتىم. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى دائىم دېگۈدەك ھويلىدا ئۇخلىتىپ، ئۇنى ئاپتاپقا سالاتتىم، ساپ ھاۋادىن نەپەسلەندۇرەتتىم. ئۇ، ئۆيدە ئۇخلاۋاتقاندا، كارىۋاتقا دائىم ئۆردەك پېيىدە ئەتكەن كۆرپە سېلىپ بېرىپ، پۇت - قولىنى ئەركىن ھەرىكەتلەندۇرۇشكە قولايلىق يارىتىپ بېرەتتىم. چۈنكى، بۇ خىل ھەرىكەت بوۋاق بالىلارنىڭ

تەنھەرىكەتتى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بالىنى ئۇخلاتقاندا، ئۇنى لاتا قونچاققا ئوخشاش چىڭ يۆگەپ قويماسلىق لازىم.

كارل تۇغۇلۇپ ئالتە ھەپتىلىك بولغاندا، ئۇ تۆت ئايلىق بالىچىلىك چوڭايغان ئىدى. بۇ، بىزنىڭ ئۇنى دائىم ساپ ھاۋادىن نەپەسلەندۇرۇپ، ئەركىن ھەرىكەتلەندۇرگەنلىكىمىزنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇ يەردە تىلغا ئالغان ھەرىكەتنى ئوغلىمىز 2 - 3 ھەپتىلىك بولغاندا باشلىغان بولۇپ، ئۇنى سىلىق كالتەككە ئېسىلدۇراتتۇق. زوئولوگىيە نەزەرىيىسىدە: «يەككە تەننىڭ يېتىلىشى پۈتكۈل بەدەننىڭ يېتىلىشىدىكى قىسقا مۇددەتلىك تەكرارلىنىش» دېيىلىدۇ. شۇڭا، بوۋاقلار مايمۇنغا ئوخشاش كالتەككە ئېسىلىش ھەرىكىتىنى ئىشلىسە بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنى زورلاپ قىلدۇرۇشقا بولمايدۇ.

يەنە بىر خىل مەشىق بولسا، ئوغلۇمغا بارماقلىرىنى تۇتۇپ تۇرغىلى سالاتتىم. بوۋاقلاردا تۇغما «تۇتۇش رېفلېكسى» بولغاچقا، كارل بەدىنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى تاق تورنىك ئوينىغاندەك ھەرىكەتلەندۇرەتتى. ئوغلۇم ئىككى ئايلىق بولۇپ، بۇ خىل رېفلېكس يوقالغان چاغدا، ئۇنىڭ بىلەكلىرى خېلى كۈچلۈك بولۇپ، بالدۇر ئۆمىلەش مەشقى ئۈچۈن شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بولغان ئىدى.

مەن يەنە ئوغلۇمدا يۈيۈنۈشنى ياخشى كۆرۈشتەك تۇغما خاراكتېر يېتىلدۇردۇم. ئەگەر سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى زىيادە يۇقىرى ياكى زىيادە تۆۋەن بولسا، ئوغلۇم يۈيۈنغىلى ئۇنىمايتتى، شۇڭا مەن باشتىلا سۇ تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈشكە دىققەت قىلىپ كەلدىم. ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ھەر كۈنى كارلنى يۇيۇپ، پۇت - قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ قوياتتۇق، بۇنداق قىلغاندا، بالىنىڭ سەزگۈلىرى تەرەققىي قىلىپلا قالماستىن، بەلكى قاننىڭ ئايلىنىشى ھەم قول - پۇتلىرىنىڭ جانلىقلىقىنى

ئىلگىرى سۈرگىلى بولاتتى. كارل بىر ياشقا كىرگەندىن باشلاپ، مەن ئۇنىڭغا يۇز - كۆز، پۇت - قوللىرىنى يۇيۇشنى ، چىش چوتكىلاشنى ئۆگەتتىم، ئۇ بىر كۈندە بىر قانچە قېتىم يۇياتتى، ئەتىگەن - ئاخشامدا چىشىنى چوتكىلايتتى. ئۇ ، قۇرۇق بولكا يەپ بولغاندىن كېيىنمۇ چىشىنى چوتكىلايتتى ھەمدە كىچىكىدىن باشلاپ ئۇنىڭغا بۇرنىنى قولياغلىققا سۈرتۈشنى ئۆگەتكەن ئىدىم. شۇنداق قىلىپ، ئوزۇقلۇق ھەم جىسمانىي جەھەتتىن كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەش نەتىجىسىدە، تېنى ئاجىز ۋە كېسەلمەن تۇغۇلغان كارل ساغلام، جۇشقۇن بالا بولۇپ چوڭ بولدى.

## ئوغلۇمنىڭ بەش ئەزاسىنى مەشىق قىلدۇرۇشتىن باشلىدىم

بالىنىڭ بوۋاق ۋاقتىدىكى بارلىق ئىقتىدارى ئىشلىتىلمىسە ھەم جارى قىلدۇرۇلمىسا، ئۇ مەڭگۈ تەرەققىي قىلالمايدۇ. شۇڭا، مەن ئوغلۇمنىڭ بەش ئەزاسى (قۇلاق، كۆز، ئېغىز، بۇرۇن، تېرە)نى مەشىق قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ چوڭ مېڭىسىنى غىدىقلاپ يېتىلدۈرۈشكە باشلىدىم. چۈنكى، ئاڭلاش، كۆرۈش، پۇراش سەزگۈسى، تەم سەزگۈسى ھەم تېگىش سەزگۈسى ئىنسانلارنىڭ تاشقى دۇنيانى سېزىشتىكى فىزىئولوگىيىلىك ئاساستۇر. بالىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنى تولۇق غىدىقلاپ بەرگەندە، چوڭ مېڭە ھەرقايسى بۆلەكلىرىنىڭ ئاكتىپ پائالىيىتىنى قوزغىغىلى بولىدۇ. ئەگەر بالىنىڭ چوڭ مېڭىسىدىكى ھەرقايسى فۇنكسىيىلىك رايونلارنى ئەڭ ئۈنۈملۈك دەرىجىدە جارى قىلدۇرغىلى بولسا، ئەقىللىق ھەم چېچەن ئادەم

بولۇپ يېتىلىدۇ.

بەش ئەزا ئىچىدە ئالدى بىلەن قۇلاقنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. چۈنكى، بوۋاقلارنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى كۆرۈش ئىقتىدارىدىن بالدۇرراق تەرەققىي قىلىدۇ. ئاڭلاش مەشقى ئېلىپ بارغاندا، ئانىنىڭ يېقىملىق ناخشا ئاۋازى ئىنتايىن مۇھىم. بۇ جەھەتتە كارل ناھايىتى تەلەيلىك بولۇپ، ئانىسىنىڭ ئاۋازى يېقىملىق ئىدى. ئۇ قورساقتىكى چېغىدىن باشلاپلا ئانىسى ئېيتقان چىرايلىق ھەم يېقىملىق خەلق ناخشىلىرىنى دائىم ئاڭلىيالايتتى. مەن گەرچە ناخشا ئېيتىشنى بىلمىسەممۇ، لېكىن ئوغلۇمغا دائىم شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرەتتىم. ئوغلۇم تۇغۇلۇپ ئالتە ھەپتىلىك بولغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا ۋېككېرنىڭ «ئېلچىس» دېگەن شېئىرىنى بوش ئاۋازدا دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرسەم، ئۇنۇمى ناھايىتى ياخشى بولغان ئىدى. ھەر قېتىم مەن بۇ شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىغىنىمدا، ئوغلۇم دەرھال تىنچلىناتتى ھەم تېزلا ئۇيقۇغا كېتەتتى. شېئىرىي ئىنتوناتسىيىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئوغلۇمنىڭ ئىنكاسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولاتتى. ماركېرىنىڭ «خېللاچۇس كۆۋرۈكىدە» دېگەن شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگىنىمدە ئۇ جانلىنىپ كېتەتتى. تېننىزوننىڭ «ئۇنىڭ ئارزۇسى» دېگەن شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگىنىمدە، ئۇ تىنچلىنىپ قالاتتى. يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە تەربىيىلەنگەن كارل بىر ياشقا تولغاندا، «ئېلچىس»نىڭ بىرىنچى تومىدىكى ئالدىنقى ئون مىسرا شېئىر بىلەن «ئۇنىڭ ئۆلۈمى» دېگەن شېئىرنى يادلاپ بولغان ئىدى.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەيمەنكى، ئوغلۇمنىڭ شېئىر يادلىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا زورلاپ قۇيۇپ قويۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى تەبىئىي يوسۇندا بولغان ئىدى. «ئۇنىڭ ئۆلۈمى»

دېگەن شېئىرنى ئوغلۇم ئىنتايىن ياخشى كۆرگەچكە، ھەر كۈنى ئاخشىمى قىرائەت قىلغاندەك يادلايتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ شېئىرنى ئۇ ناھايىتى تېزلا پىششىق ئۆگىنىۋالغان ئىدى.

كارلىنىڭ مۇزىكا سېزىمىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭغا نوتىدىكى يەتتە ئاھاڭنى چىقىرالايدىغان كىچىك قوڭغۇراق ئېلىپ بەرگەن ھەم ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە قىزىل، قىزغۇچ سېرىق، سېرىق، يېشىل، كۆك، قېنىق كۆك، بىنەپشە رەڭلىك لېنتىلارنى چىگىپ، قىزىل قوڭغۇراق، قىزغۇچ سېرىق قوڭغۇراق، سېرىق قوڭغۇراق دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇپ بەرگەن ئىدىم، ھەر قېتىم ئوغلۇم سۈت ئېمىشكە ئويغانغاندا، مەن ئۇنىڭغا بۇ قوڭغۇراقلارنى چېلىپ بېرەتتىم ھەم قوڭغۇراقلارنى ئۇيان - بۇيان يۆلەڭلىتىپ، ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلاتتىم. ئوغلۇم تېخى ئالتە ئايلىق بولمايلا، مەن دېگەن ئىسىملار بويىچە كۆك ۋە بىنەپشە رەڭلىك قوڭغۇراقلارنى توغرا تېپىپ چالالايدىغان بولدى. مېنىڭچە بۇ، بىرلا ۋاقىتتا ئاۋاز ھەم رەڭ سېزىمىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ.

كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك مەشىق قىلدۇرۇشمۇ بالىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئېچىشتىكى مۇھىم بىر قەدەم. ئوغلۇم تۇغۇلۇپ 2 — 3 ھەپتە بولغاندا، مەن ئۇنىڭغا مۈشۈك، ئىت، بۇغا قاتارلىقلارنىڭ ھەر خىل رەڭلىك لاتا قونچىقىنى ئېلىپ بەردىم ۋە ئۇلارنى ئوغلۇمنىڭ ئەتراپىغا قويۇپ، مۈشۈ قونچاقلارنى پات - پات ئوينىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىنى مەشىق قىلدۇرغان ئىدىم. مەن يەنە دائىم ئوغلۇمغا ئۈچ قىرلىق ئەينەكنىڭ تامغا چۈشكەن ھەسەن - ھۈسەن شولىسىنى كۆرسىتەتتىم، ئوغلۇم ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتى، ئۇ يىغلاۋاتقاندا ھەسەن - ھۈسەننىڭ شولىسىنى كۆرسىتىپ

قويساملا يىغىسى پەسلەيتتى.
تەم سەزگۈسىنى مەشىق قىلدۇرۇشتا، كارلغا تەمى ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى بېرىپ روھلاندۇرغاندىن تاشقىرى، شېكەر بىلەن تۇزنى كۆپ يېيىشنىڭ سالامەتلىككە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىزمۇ ئىزچىل تۇردە سۇيۇق - سەلەڭ يېمەكلىكلەرنى يەيتتۇق. بۇنداق بولغاندا، كارلنىڭ سېزىم سەزگۈرلۈكىنى ساقلاپ قالغىلى ھەم ئۇنىڭ شېكەر، تۇز تېپىدىكى يېمەكلىكلەرنى كۆپ يېيىشكە ئادەتلىنىپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولاتتى.
ئوغلۇم بىر ئايلىق بولغاندا كارىۋاتتىن بېشىنى كۆتۈرەلەيدىغان بولدى. مەن ئۇنىڭ تاپىنىدىن ئىتتىرىپ، ئۆمىلەش مەشقىنى قىلدۇردۇم. ئاتا - ئانىلار ئامالىنىڭ بارىچە بالىغا بالدۇرراق ئۆمىلەشنى ئۆگىتىشى كېرەك، چۈنكى يېتىپ ئۆمىلەش بوۋاقلارنىڭ ھەرىكەت ھالىتىگە تازا ماس كېلىدۇ. بوۋاق ئۆمىلەپ بەرسە، بويۇن مۇسكۇللىرىنىڭ يېتىلىشى تېز بولىدۇ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپتىكى نەرسىلەرگە ئەركىن قارىيالايدىغان، ھەر خىل غىدىقلىغۇچى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىش پۇرستى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. بۇ، چوڭ مېڭىنىڭ يېتىلىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرىدۇ، بالا ئەقىللىق چوڭ بولىدۇ.
بالىنىڭ كۆرۈش سەزگۈسى يېتىلگەندىن كېيىن، كۆزنىتش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بولۇپ، بىرسى تۈرلۈك رەڭلەر ئارقىلىق بالىنىڭ كۆزنىتش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. مەن ئوغلۇم ياتىدىغان ئۆينىڭ تۆت تېمىغا تۈرلۈك داڭلىق رەسىملەرنىڭ تەقلىدىي نۇسخىلىرىنى ئېسىپ، يەنە نۇرغۇن تەقلىدىي ئويما بۇيۇملارنى تىزىپ قويغان ئىدىم. مەن كارلنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ،

ئۆيدىكى شىرە - ئورۇندۇق دېگەندەك تۇرلۇك نەرسىلەرنى كۆرسىتەتتىم ۋە بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئۇنىڭغا دەپ بېرەتتىم. ئوغلۇم دەسلەپتە رەسىملەرنىڭ رەڭگىگە دىققەت قىلىدىغان، تەدرىجىي ھالدا ئۇنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنەلەيدىغان بولدى. ئوغلۇمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئېچىشتا، رەسىمنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم بولدى. رەسىم سىزىشقا ماھىر ئاتا - ئانىلارنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەن باللار ئەڭ بەختلىك بولىدۇ. مەن رەسىم سىزىشنى ئازراق بىلگەچكە، نۇرغۇن چىرايلىق گۈل - گىياھ ھەم ھايۋانلارنىڭ رەسىمىنى سىزىپ تەييارلاپ، ئوغلۇمغا كۆرسىتەتتىم، يەنە ھەر خىل رەسىملىك كىتابلارنى كۆرسىتەتتىم ھەمدە ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرەتتىم. ئۇ جىم تۇرۇپ ئاڭلايتتى. گەرچە ئوغلۇم تېخى ھېچنېمىنى چۈشەنمىسىمۇ، ئەمما مېنىڭ ئاۋازىم ھەم رەسىمدىكى رەڭلەر ئۇنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن ئادەتتە ئوغلۇم بىلەن دېيىشكەن گەپلىرىمنىڭ مەزمۇنىنى رەسىم قىلىپ سىزىپ چىقاتتىم، بۇ ئارقىلىق ئوغلۇمنىڭ بىلىمىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان ئىدىم.

ئوغلۇمنىڭ رەڭ سەزگۈسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەن ھەر خىل رەڭدىكى كىچىك توپ، ياغاچ تاختاي ۋە ئوخشاشمىغان رەڭلەردە كىيىم كىيگۈزۈلگەن قونچاقلارنى سېتىۋالغان ئىدىم. ئوغلۇم بىلەن دائىم ئاشۇ ئويۇنچۇقلارنى ئوينايتتۇق، بۇ ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، بالا كىچىكىدىن باشلاپ رەڭ سەزگۈسىنى يېتىلدۈرمىسە، ئۇنىڭ كېيىنكى رەڭ سەزگۈسى تولىمۇ تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ. ماي قەلەممۇ باللىنىڭ ياخشى ئويۇنچۇقى بولالايدۇ، مەن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئوغلۇم بىلەن دائىم رەڭ مۇسابىقىسى ئېلىپ باراتتۇق. مەن بىر ۋاراق ئاق قەغەز تەييارلاپ، ئالدى بىلەن مەلۇم نۇقتىدىن باشلاپ

قىزىل ماي قەلەم بىلەن ئۈچ سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا سىزىق سىزاتتىم، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئوغلۇمغا قىزىل ماي قەلەم بىلەن ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتا تۈز سىزىق سىزاتتى. ئارقىدىنلا مەن كۆك ماي قەلەم بىلەن ھېلىقى قىزىل سىزىقنىڭ يانداپ ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتا بىر سىزىق سىزاتتىم، ئوغلۇمغا ئۆزى سىزغان قىزىل سىزىقنىڭ يانداپ كۆك ماي قەلەم بىلەن سىزىق سىزاتتى. سىزىق سىزىشنى مانا شۇنداق داۋاملاشتۇراتتۇق. ئەگەر ئوغلۇم ئىشلەتكەن ماي قەلەمنىڭ رېڭى مەن ئىشلەتكەن ماي قەلەمنىڭ رېڭى بىلەن ئوخشاشماي قالسا، ئويۇننى توختىتاتتۇق - دە، ئوغلۇم يېڭىلگەن بولاتتى.

كارلنىڭ ئايىغى چىققاندا، مەن دائىم ئۇنى تەتە قىلىپ ماڭدۇراتتىم، يولدا ئۇنىڭغا ئاسمان، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ، دالا، بىنالارنىڭ رەڭگى ھەم ئادەملەرنىڭ كىيىم - كېچەك رەڭگى قاتارلىقلارنى كۆرسىتەتتىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ رەڭ سەزگۈسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.

بالىنىڭ دىققىتىنى مەلۇم نەرسىلەرگە قارىتىش ئارقىلىقمۇ، ئۇنىڭ شەيئىلەرنى ئۆتكۈر كۆزىتىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. مەن ئوغلۇم بىلەن بىرلىكتە «سىنچىلاپ قاراش» ئويۇنى ئويناش ئارقىلىق بۇ مەقسىتىمگە يېتەتتىم. ھەر قېتىم يول بويىدىكى ماگىزىننىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئوغلۇمدىن دۇكاننىڭ كۆزنەكلىرىگە نېمىلەر تىزىلغانلىقىنى سورايتتىم ھەمدە ئۇ نەرسىلەرنى ئوغلۇمنىڭ ئېسىگە سالاتتىم. ئۇ، قانچە كۆپ نەرسىلەرنى دەپ بەرسە، شۇنچە ياخشى ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئەسكە ئالالىغانلىرى ئەستە قالدۇرالايدىغىنىدىن كۆپ بولمىسا، تەنقىدلەپ قوياتتىم. بۇ ئويۇن بالىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تولىمۇ پايدىلىق. بۇ خىل مەشىقنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغاچقا، ئوغلۇم ئەمدىلا

ئىككى ياشقا كىرگەندە، مەن ئۇنى تەقلىدىي ئويما بۇيۇملار ماگىزىنىغا ئېلىپ بارسام، دۇكانداردىن: «بۇ يەردە نېمىشقا ۋىگناۋد.دې ۋېلىلاۋ ھەم ۋىگنۇئىس .دې مىكىچ يوق؟» دەپ سورىۋىدى، كىچىككىنە بالىنىڭ مۇنداق مەشھۇر رەسساملارنى بىلگەنلىكى دۇكاندارنى ھەيران قالدۇرغان.

بوۋاقلارنىڭ دىققىتىنى مەركەزلەشتۇرەلمەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەن شوخ رەڭلىك بۇيۇملار ئارقىلىق ئوغلۇمغا تۈرلۈك سۈپەت سۆزلىرىنى ئۆگەتكەن ئىدىم. ئوغلۇم ئالتە ھەپتىلىك بولغاندا، مەن ئۇنىڭغا قىزىل رەڭلىك شاردىن بىرنەچچىنى ئېلىپ بېرىپ، شوينا ئارقىلىق ئۇنىڭ قول بېغىشىغا باغلاپ قويدۇم، ئۇ قولىنى مىدىرلاتسا، شارمۇ ئۇيان-بۇيان تەڭ مىدىرلايتتى. كېيىنچە ھەر ھەپتىدە باشقا رەڭدىكى شارلارنى ئالماشتۇرۇپ تۇردۇم، بۇ ئويۇن ئارقىلىق، مەن ناھايىتى ئاسانلا ئوغلۇمغا قىزىل، يېشىل، يۇمىلاق، يېنىك دېگەندەك سۈپەتلەرنى ئۆگەتتىم. ئوغلۇم بۇنداق ئۆگىنىش ئۇسۇلىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى.

مەن بۇ خىل ئۆگىنىش ئۇسۇلىنىڭ تەمىنى تېتىغاندىن كېيىن، ئوغلۇمنىڭ قولىغا قۇم قەغەز چاپلانغان تاختاي ھەم باشقا ھەر خىل نەرسىلەرنى تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭغا قوپال، سىلىق دېگەندەك سۈپەتلەرنى ئۆگەتتىم. ئەلۋەتتە، بۇ خىل تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ سەلبىي ئۈنۈمىمۇ بار، يەنى بوۋاقلار دائىم قولىدىكى نەرسىنى ئاغزىغا سېلىشقا ئامراق كېلىدۇ. بىراق، ئاتا-ئانىلار كۆپرەك دىققەت قىلسا، بالا بۇنداق ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالمايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، مۇمكىنقەدەر بالىنىڭ قولىنىڭ كۆپ خىل ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش — ئۇنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بوۋاقلارنىڭ

ئۆز قولىنى بايقىشىغىمۇ خېلى ۋاقىت كېتىدۇ. بالىغا ئۆزىنىڭ قولى بارلىقىنى بالدۇرراق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، قولى بىلەن بەزىبىر ئىشلارنى قىلدۇرۇش كېرەك. ھەر قېتىم كارل ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، كىچىك ئالىقانلىرىنى ئاچقاندا، ئايالىم بىلەن ئىككىمىز دەرھال ئۇنىڭ قولىغا بىر نەرسىلەرنى تۇتقۇزاتتۇق. ئادەتتە، كارلنىڭ بارماقلىرىنى دائىم ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قولىغا بىر نەرسىلەرنى سىلاتقۇزاتتۇق ۋە چاۋاك چالدۇراتتۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، كارلنى دائىم مېنىڭ قولۇمنى كۆزىتىشكە جەلپ قىلاتتىم ھەم قولنىڭ كۆپ خىل ئىقتىدارىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتەتتىم. مەسىلەن، مەن كىچىك قوڭغۇراقنى ئېلىپ پۇلاڭلاتسام، كارل بىلەكنى مىدىرلاتسىلا قوڭغۇراقتىن ئاۋاز چىقىدىغانلىقىنى بىلىۋالاتتى. كارل 8 — 9 ئايلىق بولغاندا، مەن ئۇنىڭغا بىر تال ماي قەلەم بىلەن بىر ۋاراق قەغەز بەردىم، مەنمۇ بىر تال ماي قەلەم ۋە بىر ۋاراق قەغەز ئېلىپ رەسىم سىزدىم. ئوغلۇممۇ قەغەزگە قالايمىقان رەسىم سىزدى، ئۇ ھېچنېمىنى سىزالمىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆزىتىش ئارقىلىق قولنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشنى بىلگەن ئىدى.

تەكىتلەپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، مەن ئوغلۇمغا بۇ مەشىقلەرنى ئېلىپ بارغاندا، ئۇنى قىلىشقا ھەرگىز مەجبۇرلىمىدىم. ئوغلۇم بىر تىرىك جان، ئۇنىڭ ئىقتىدارى تەبىئىي يوسۇندا يېتىلىدۇ، مەن پەقەت ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنىڭ ئىسراپ بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇنۇملۇك يېتەكچىلىك قىلدىم. مۇشۇنداق تەربىيىلىگەچكە، ئۇنىڭغا دائىم دېگۈدەك قىلغىلى ئىش چىقىپ تۇراتتى. ئۇ، ھەرگىزمۇ قىلغىلى ئىش يوق، بارماقلىرىنى چىشلەپ قالمايتتى، ئىچى پۇشۇپ قالمايتتى، ھەتتا

يىغلىمايتتى. ئەكسىچە، ئۇ دەسلەپتىلا ساغلام يۆنىلىش بويىچە ئۆسۈپ يېتىلىدى.

## ئۇغلۇم 15 كۈنلۈك بولغاندىن تارتىپ سۆز ئۆگەتتىم

بالىلاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ تەدرىجىي ئاجىزلىشىش قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغاندا، بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا، مەلۇم ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلى بولىدۇ. موشۇ ئەڭ ياخشى مەزگىل ئىنتايىن ھالقىلىق بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئۆمۈرلۈك ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ، ئۇنى ھەرگىزمۇ قولدىن بېرىپ قويماسلىق كېرەك. بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى بالدۇر ئېچىشنىڭ ئاچقۇچى دەل مۇشۇ ئەڭ ياخشى مەزگىلنى چىڭ تۇتۇشتا.

بوۋاقلارنىڭ ئۈچ ياشتىن بۇرۇنقى ۋاقتى تىل تەرەققىياتىدىكى ئەڭ ياخشى مەزگىل بولۇپ، بۇ چاغدا بالىغا بالدۇرراق تىل ئۆگىتىش ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، تىل تەپەككۇر قورالى بولۇپلا قالماستىن، بىلىم ئېلىشنىڭمۇ قورالى ھېسابلىنىدۇ. تىلدىن ئىبارەت بۇ قورال بولمىسا، بىز ھېچقانداق بىلىمگە ئېرىشەلمەيمىز. بىز ئىنسانلارنىڭ باشقا ھايۋانلاردىن ئارتۇقچىلىقىمىز ھەم بۇگۈنكى تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلىشىمىزمۇ دەل بىزنىڭ باشقا ھايۋانلاردا ھازىرلانمىغان تىل ئىشلىتىش ئىقتىدارىمىزنىڭ بولغانلىقىدىندۇر. شۇڭا، بالا بالدۇرراق تىل ئۆگەنمىسە، ئۆز ئىقتىدارىنى ئوبدان جارى قىلدۇرالمايدۇ. ئەگەر بىر بالا ئالتە ياشقا كىرگۈچە تىلنى توغرا

ئىگىلىۋالسا، ئۇنىڭ تەرەققىياتى چوقۇم تېز بولىدۇ، ھەتتا بۇ تەرەققىياتنىڭ سۈرئىتىگە باشقا بالىلار ھەرقانچە قىلسىمۇ يېتىشەلمەيدۇ.

نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار تۇرلۇك چارە - ئاماللار بىلەن بالىسىنىڭ ساغلام يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشىدۇ. بىراق، مەن تەدبىر قوللىنىپ بالىنىڭ مېڭىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغىنىمدا، باشقىلار ھەيرانلىق ھېس قىلىشىپ، ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ قاراشتى. ئەمەلىيەتتە، ئاتا - ئانىلار ئازراق دىققەت قىلسىلا، بوۋاقلار ئادەم ۋە ماددىي بۇيۇملارنىڭ تۇرلۇك ئاۋازىغا ئىنتايىن سەزگۈر ئىكەنلىكىنى بايقىۋالالايدۇ. بۇ، بالىغا تىل ئۆگىتىشنى بالدۇر باشلاشقا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ يەردە دېيىلگەن «بالدۇر» قايسى ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ؟ مەن بالا 15 كۈنلۈك بولغاندىن تارتىپ، ئۇنىڭغا سۆز ئۆگىتىشنى؛ بالا نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرەلىگۈدەك بولغاندا، سۆزلەشنى ئۆگىتىشنى تەشەببۇس قىلىمەن.

كارل 15 كۈنلۈك بولغاندا، بىز ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بارماقلىرىمىزنى ئوينىتاتتۇق، ئوغلۇم ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن تۇتماقچى بولاتتى. دەسلەپ باشلىغاندا، ئۇ تازا كۆرەلمىگەچكە، بارماقلىرىمىزنى ھەمىشە تۇتالمايتتى، بارا - بارا بارماقلىرىمىزنى تۇتالايدىغان ۋە ناھايىتى خۇش بولۇپ، بارماقلىرىمىزنى ئاغزىغا ئاپىرىپ چىشلەيدىغان بولدى. بۇ چاغدا، مەن ئىللىق ھەم ئېنىق تەلەپپۇز بىلەن «بارماق»، «بارماق» دېگەن سۆزنى ئۇنىڭغا تەكرار دەپ بېرىدىغان بولدۇم. شۇنداق قىلىپ، ئوغلۇمدا پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى بارلىققا كەلگەندە، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۇنىڭغا كۆرسىتىش بىلەن بىر چاغدا، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئىللىق ھەم ئېنىق تەلەپپۇزدا

ئېيتىپ بېرىدىغان بولدۇق. ئۇزاققا قالماي، ئوغلۇم بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئېنىق تەلەپپۇز قىلالايدىغان بولدى.

بالىنىڭ تىل ئۆگىنىشى سۆزلەشتىن ئايرىلالمايدۇ، ئوخشاشلا ئاڭلاشتىنمۇ ئايرىلالمايدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىغا ئاڭلاش مۇھىتى، سۆزلەش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك. ئاتا - ئانىلار بالىسى بىلەن بالدۇرراق سۆزلىشىشى كېرەك. چۈنكى، ئالتە ھەپتىلىك بولغان بوۋاقتا، ئۆز ئارا سۆزلىشىش داۋامىدىكى ئاۋازغا نىسبەتەن ئىنكاس بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە، بالا باققۇچى كەم سۆز، بالىنىڭ ياكى باشقا چوڭلارنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلمايدىغان بولسا، ئۇنداقتا، بالىنىڭ سۆزلەش ۋاقتى ئازىيىپ كېتىدۇ. بالا ئادەتتە باشقىلار گەپ قىلغاندا گەپ قىلمايدۇ، كۆپ چاغلاردا «ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەيدۇ». ئاتا - ئانىلار مۇشۇ ھالقىلىق مەزگىلنى تۇتۇۋېلىپ، ئامالىنىڭ بارىچە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشى، ئۇنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

كارل ئويغاق بولسىلا، بىز ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەتتۇق، ياكى ئۇنىڭغا بوش ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ بېرەتتۇق. ئۇنىڭ نەزىرى كارىۋات ئۈستىگە ئېسىلغان رەڭلىك قەغەز گۈللەرگە چۈشكەندە، مەن زېرىكمەستىن «قىزىل قەغەز گۈل، سېرىق قەغەز گۈل...» دەپ تەكرار ئېيتىپ بېرەتتىم. ئەگەر مەن ئىش قىلىۋاتقان بولسام، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىمنى يېقىملىق تەلەپپۇزدا دەپ بېرەتتىم.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئاتا - ئانىنىڭ تىلى توغرا، ئېنىق، ئاستا بولۇشى، ئۇنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تەكرارلاپ بېرىشى كېرەك. بالىدا بىرەر ئىپادە كۆرۈلسە، مەسىلەن ئىللىق كۈلسە، پۇت - قوللىرىنى پولاڭلاتسا، ئاتا - ئانىلار دەرھال ئۇنى رىغبەتلەندۇرۇپ، ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇشى

كېرەك. ئەگەر بالا «دادا» ، «ئانا» دېيەلىسە، ئاتا - ئانىلار دەرھال ئىلھام بېرىپ، بالىسىنىڭ سۆزلەش قىزغىنلىقىنى ساقلىشى، پۈتۈن كۈچى بىلەن بالىسىنى سۆزلەشكە رىغبەتلەندۈرۈشى، ئۇنىڭغا سۆزلەيدىغان مۇھىت ھەم ماتېرىيال ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك. بالىغا ناخشا - ھېكايە ئېيتىپ بېرىش لازىم. بالا قوش بوغۇملۇق سۆزلەرنى، قىسقا ئىبارىلەرنى دېيەلەيدىغان بولغاندا، ئاتا - ئانىلار ئاددىي جۈملىلەرنى دەپ بېرىپ، ئۇنى بالىسىغا ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك.

ئوغلۇمغا تىل ئۆگىتىش جەريانىدا، مەن ئىنتايىن پايدىلىق بولغان بەزى ئۇسۇللارنى خۇلاسىلەپ چىققان ئىدىم، تۆۋەندە ئۇنى كۆپچىلىككە يىغىنچاقلاپ ئېيتىپ بەرمەكچىمەن.

## 1. ساپ ۋە توغرا تاۋۇش چىقىرىش

ئوغلۇم «ئا» ، «ب» لارنى دېيەلىگەندىن باشلاپ، مەن زېرىكمەستىن ئۇنىڭغا «ئا - ئا» ، «ب - ب» . . . قاتارلىقلارنى تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگەتتىم. ئوغلۇم بىرەر تاۋۇش چىقىرىپ، مەسىلەن «دا - دا - دا» دېسە، مەنمۇ دەرھال ئۇنىڭغا ئەگىشىپ «دادا، دادا» دېيىشنى ئۆگىتەتتىم. ئوغلۇمنىڭ قايتۇرغان ئىنكاسى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىلھام بېرەتتىم. بىراق، بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا، بالىنىڭ تەلەپپۇزىغا چوقۇم دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن، بالا بىرەر تاۋۇشنى چىقارغاندا، سىز ئۇنى باشقا بىر خىل تاۋۇش دەپ ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئىلھام بەرسىڭىز، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى، بالىڭىزنىڭ تەلەپپۇزىدا قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ.

بۇ ئويۇننى ھەمىشە ئوغلۇم ئويغانغاندىن كېيىن بىر سائەت داۋاملاشتۇراتتىم. چۈنكى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن ياخشى بولغاچقا، ئۇنىمۇ ئوبدان بولاتتى. شۇڭا، بۇ مەشىقنى

ئېلىپ بارغاندا، پۇرسەتنى تاللاشقا دىققەت قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، تەلەپپۇز قىلغاندا بالا بىلەن تولۇق تەلەپپۇز ئالماشتۇرۇش كېرەك. ئايالىم بىلەن ئىككىمىز تەلەپپۇز قىلغاندا، كارلنى چىرايىمىزغا قارىتاتتۇق. ئەلۋەتتە، بالا ئېغىز ھەرىكىتىنى كۆرەلىسە تېخىمۇ ياخشى.

بالىغا ساپ ۋە توغرا تەلەپپۇز ئۆگەتكەندە، تاۋۇش چوقۇم ئاددىي ھەم ئېنىق بولۇشى، ھەرگىزمۇ ئۇزۇن، ئېنىقسىز بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. مەسىلەن، بالىغا «ئا» تاۋۇشىنى ئۆگەتكەندە، «ئا»نى بىۋاسىتە تەلەپپۇز قىلىپ بەرسەك بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇلاپ بىرمۇنچە سۆزلەشنىڭ پۈتۈنلەي ھاجىتى يوق. ئۇنداق قىلغاندا، بالا ئېنىق ئاڭلىيالماي، ئاسانلا خاتا تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگىنىپ قالىدۇ.

## 2. ئەتراپىمىزدىكى نەرسىلەردىن باشلاش

چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشتە، تاق سۆزنى كۆپ بىلمىسە بولمايدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. بىراق، ئادەم كۆپ ئەستە تۇتماقچى بولغانسېرى، ئەمگىكى بىكارغا كېتىپ تېزلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ. مەن كېيىنچە ئوغلۇمغا ئۆگىتەرمەن دەپ، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش قارارىغا كېلىپ، ۋېبىستېرنىڭ يانچۇق لۇغىتىنى بىر مەزگىل يېنىمدىن ئايرىماي سۆز يادلىغان بولساممۇ، بىر ياقتىن ئۆگىنىپ، بىر ياقتىن ئۇنتۇپ قېلىپ، ئانچە ئۈنۈمى بولمىغان. كېيىنكى ئۆگىنىش جەريانىدا مەن بىر قائىدىنى خۇلاسىلەپ چىقتىم، يەنى تاق سۆزلەرنى كۆپ ئەستە قالدۇرۇش ئۈچۈن، يەنىلا قىزىقارلىق كىتابلارنى كۆپ ئوقۇش داۋامىدا كىتابتىكى سۆزلەرنى ئەستە قالدۇرۇش بىرقەدەر قۇلايلىق ئىكەن. ئوخشاش قائىدە شۇكى، بالىغا سۆزلۈكلەرنى كۆپ بىلدۈرۈشتە، زورلاپ قاچىلاپ قويۇش ئارقىلىق مەقسەتكە

يەتكىلى بولمايدۇ، ئەكسىچە بۇ ئۇسۇل بالىغا زىيانلىق.

بالىغا سۆزلەشنى ئۆگەتمەك ھەقىقەتەن تەس. ئەگەر ياخشى كۈچ سەرپ قىلمىسا، ياخشى ئۆگەتكىلى بولمايدۇ. مەن ئوغلۇمغا تاماق شىرەسىنىڭ ئۈستىدىكى قاچا - قۇچا، ئۆي ئىچىدىكى جاھازلار، ھويلىدىكى گۈل - گىياھ، قۇرت - قوڭغۇز قاتارلىقلارنى دەپ بېرىش ئارقىلىق، يېڭى تاق سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى ھەم مەنىلىرىنى ئۇنىڭغا ئۆگىتەتتىم. كارل ئازراق چوڭايغاندىن كېيىن، ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ئۇنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، بەدىنىنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرى، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ھەربىر بۆلەكلىرى، تاماق شىرەسىنىڭ ئۈستىدىكى قاچا - قۇچا ۋە يېمەكلىكلەر، ئۆي ئىچىدىكى سايمانلار ۋە بۇيۇملار، ئۆينىڭ ھەرقايسى جايلىرى، ھويلىدىكى تۈرلۈك گۈل - گىياھ، دەرەخ ۋە ئوتلارنىڭ ھەربىر بۆلەكلىرى قاتارلىق كارلنى جەلپ قىلغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئۇنىڭغا ئۆگىتەتتۇق. ئومۇمەن نېمىنى كۆرسەك شۇنى، يەنە پېئىل، سۈپەت قاتارلىقلارنىمۇ ئۆگىتىپ، كارلنىڭ سۆز بايلىقىنى تەدرىجىي ئاشۇرغان ئىدۇق.

ھەر كۈنى دېگۈدەك كەچلىك تاماقتىن كېيىن، بىز كارلنى ئېلىپ سەيلىگە چىقاتتۇق. ئۆيدىن تاكى كەنت ئېغىزىدىكى چېركاۋغىچە بولغان يولدا نېمىنى كۆرسەم شۇنى دەپ بېرەتتىم. ئوغلۇمغا ئېگىز دەرەخلەر، پاكار ئوت - چۆپلەر، ئۇچۇۋاتقان قۇشلار، قوپال توسۇقلار، يول چىراغلىرى، بىنا، ھارۋا، ھەر خىل گۈل - گىياھ ۋە ھەر خىل ئادەملەر، ھەتتا ئالدىراش ئۆمىلەپ يۈرگەن چۈمۈلىلەر. . . گىچە كۆرسىتىپ، دۇنيانىڭ ئاجايىباتلار بىلەن تولغانلىقىنى مەقسەتلىك ھالدا بىلدۈرەتتىم. ئۇنى - بۇنى كۆرسىتىش نەتىجىسىدە كارلنىڭ ئاسانلا تىلى چىققان ئىدى.

بۇ خىل تەربىيىنى ئېلىپ بارغاندا، ئەلۋەتتە، تەدرىجىي

يوسۇندا ئاۋۋال ئاساننى، كېيىن مۇرەككەپنى ئۆگىتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك. دەسلەپ باشلىغاندا، بالا ئاسان تەلەپپۇز قىلالايدىغان ناھايىتى ئاددىي سۆزلەرنى ئۆگىتىپ، بۇنى ھەر كۈنى ئۇزۇلدۇرمەي مەشىق قىلدۇرسا، چوقۇم ئۈنۈمى بولىدۇ.

## 3. ھېكايە ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق، بالىنىڭ دۇنيا بىلەن بولغان يېقىنلىق قارىشىنى كۈچەيتىش

كارل ئازراق گەپ ئۇققۇدەك بولغاندا، ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ھېكايە ئېيتىپ بېرەتتۇق. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بوۋاقلارغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىشتىنمۇ مۇھىم ئىش يوق. چۈنكى، بالا بۇ دۇنيانىڭ يېڭى مېھمىنى بولۇپ، دۇنيا ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيدۇ. شۇڭا، بالىغا بۇ دۇنيانى بالدۇرراق بىلدۇرۇش كېرەك، قانچە بالدۇر بولسا شۇنچە ياخشى. بالىنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن بولغان يېقىنلىق قارىشىنى يېتىلدۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل — ئەلۋەتتە، ھېكايە ئېيتىپ بېرىشتۇر. ھېكايە ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق يەنە بالىنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنى مەشىق قىلدۇرغىلى، تەسەۋۋۇرنى قوزغىغىلى، بىلىمىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ. بىلىم يەتكۈزۈشتە، بالىغا ئۇنى ئۆلۈك ئۆگەتسە، ئاسان ئەستە قالدۇرالمايدۇ. بىلىمنى ھېكايە شەكلىدە يەتكۈزگەندە، بالا ئۇنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ ھەمدە ئاسان ئەستە قالدۇرالايدۇ. شۇڭا، بالا تەربىيىلەشتە ھېكايە ئېيتىپ بېرىش ئىنتايىن ئۈنۈملۈك ئۇسۇل.

مەن كارلغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىشتىن باشقا، يەنە ياخشى كىتابلارنى تاللاپ، ئۇنى ئېنىق ۋە يېقىملىق ئاھاڭدا ئوقۇپ بېرەتتىم. مېنىڭچە بۇ، بالىنىڭ تىل ئۆگىنىۋېلىشىدىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل، شۇنداقلا بالىنىڭ ياخشى پەزىلەت

يېتىلدۈرۈشىگىمۇ پايدىلىق.

ھېكايە ئېيتىپ بەرگەندە، بالىنى خاس ئاڭلىغىلى سالماي، ئېيتقان ھېكايىلارنى بالىغا قايتا بايان قىلدۇرۇش كېرەك. بۇنداق قىلمىغاندا، ھېكايە ئېيتىپ بېرىشنىڭ ئۈنۈمىنى تولۇق قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. كارلنىڭ تېخى تىلى چىقمىغاندا، ئانىسى ئۇنىڭغا گرېتسىيە، رىم، شىمالىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى. ئوغلۇمنىڭ تىلى چىققاندىن كېيىن، ئانا - بالا ئىككىسى ئاشۇ ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى ئويۇنغا ئايلاندۇرۇپ ئوينايدىغان بولدى. ئۆزۈلدۈرمەي مۇشۇنداق جانلىق تەربىيىلەشنىڭ ئاخىرى ئۈنۈمى كۆرۈلدى.

ئوغلۇم 5 — 6 ياشقا كىرگەندە، 30 مىڭدىن كۆپرەك سۆزلۈكنى قىلچە كۈچ سەرپ قىلماستىنلا ئىگىلىۋالدى. بۇ، ئەمەلىيەتتە 15 ياشلىق بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سان.

## 4. ئامالىنىڭ بارىچە سۆزلۈكنى كۆپەيتىش

بالىغا تىل ئۆگىتىشتىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا بولسا، ئۇنىڭ بىلىدىغان سۆزلۈكلىرىنى تېزدىن كۆپەيتىش ھەم ئۇنىڭغا قائىدە چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

كارلنىڭ سۆزلۈك مەشىقىغە ئەر - ئايال ئىككىمىز ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتۇق. ئۇ. تېخى بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ نامىنى ئاتىغاندا، ئايال خىزمەتكارنىڭ «ئۇ، بۇ» دېگەندەك ئالماش سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىكىنى، پەقەت كارل يېڭىدىن ئۆگىنىپ بولغان نەرسىلەرنىڭ ئورنىغا ئالماش سۆز ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلاتتۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، كارلغا قائىدە چۈشەندۈرگەندە، ئۇنىڭ ئىچىدە ھەمىشە ئۇ ئۇقمايدىغان بىر

قىسىم سۆزلەر ئۇچرايتتى. بۇنداق چاغلاردا، بىز چالا - بۇلا سۆزلەپ ئۆتكۈزۈۋەتمەستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا چۈشەندۈرۈپ قوياتتۇق. ئەلۋەتتە، كارل كىچىك بولغاچقا، ئۇنداق تەس سۆزلەرنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرسەك، ئۇ ئۇقالمايتتى. بۇنداق قىلىشىمىزدىن مەقسەت ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ دەرھال ئەستە تۇتۇۋېلىشى ياكى چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن ئەمەس، ئەكسىچە خام سۆزلەرنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئۆزى بالىغا ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى ھەم ئۇسۇلىنى ئۆگىتىش ئىدى. ئەگەر چوڭلار بىلىم يەتكۈزۈش داۋامىدىكى قىيىن مەسىلىلەردىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتسە، بالىمۇ «چوڭقۇر چۈشىنىشكە ئىنتىلمەسلىك» تەك يامان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ.

گېرمانىيىدە ئامما ھەم چۈشىنىشلىك بولغان بالىلار قوشاقلىرى كۆپ، بىز ئەلۋەتتە، بۇ خىل ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. كارلنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ، بىز ئۇنىڭغا بالىلار قوشىقى ئۆگەتكەن ھەم يادلاتقان ئىدۇق. بۇ قوشاقلارنىڭ ئىنتوناتسىيىسى يېقىشلىق، ئەستە تۇتۇش قۇلاي بولغاچقا، كارلنىڭ سۆز بايلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوڭ ياردىمى بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بالىلار قوشاقلىرىنى ئوقۇش جەريانىدا كارلنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىمۇ تېز تەرەققىي قىلغان ئىدى. ئوغلۇم تۆت ياشقا كىرە - كىرمەيلا كىتاب ئوقۇشقا باشلىغان بولۇپ، ئاساسلىقى شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان كىتابلار ئىدى.

### 5. بالىنىڭ چالا گەپ - سۆز ۋە شېۋە ئۆگىنىشىگە قارشى تۇرۇش

مەن بالىغا چالا گەپ - سۆز ۋە شېۋە ئۆگىتىشكە قارشى تۇرىمەن. مەسىلەن، «مەم - مەم» (ئەمچەك)، «جو - جو»

(سىيىش) قاتارلىق چالا گەپ - سۆزلەرنىڭ بالىنىڭ تىل تەرەققىياتىغا زىيىنى باركى، پايدىسى يوق. بۇ نۇقتىغا ئاتا - ئانىلار ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك. دەرۋەقە، بالىلارنىڭ چالا گەپ - سۆز ۋە ئۆگىنىمىكى بىر قەدەر ئاسان. شۇڭا، نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار مۇشۇنداق يېرىم - يارتا سۆزلەر ئارقىلىق بالىغا تىل ئۆگىتىشنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق، دەپ قارايدۇ. بىراق، مېنىڭ تەجرىبەمدىن قارىغاندا، ئىككى ياشلارغا كىرگەن بالىغا ئاستا ھەم ئېنىق تەلەپپۇز ئارقىلىق توغرا تىل ئۆگىتىلسە، ئادەتتە ئېنىق تەلەپپۇز قىلالايدۇ.

بالا ئەسلىدىنلا ئۆگىنەلەيدىغان نەرسىلەرنى قەستەن ئۆگەتمەسلىك تەلىم - تەربىيىدىكى ئىنتايىن ئەخمىقانىلىك ھېسابلىنىدۇ. خۇددى رېماركۇي ئېيتقاندەك، بىر°نەرسىنى ئىشلەتمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ رولىغا باھا بەرمەك تەس. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، بالىلار ئەسلىدە ئۆگىنەلەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆگەتمىگەندە، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىمۇ تەرەققىي قىلالمايدۇ، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئەخمىقانىلىك بولمىسا كېرەك.

ئەمەلىيەتتە، بوۋاقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا «مەم - مەم»، «جو - جو» دېگەندەك چالا گەپ - سۆزلەرنىڭ تاق تاۋۇشلىرىنى چىقىرىش ئاساندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بۇلار بوۋاقلارغا يۈك پەيدا قىلىدۇ. بالىنىڭ تىل ئۆگىنىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇكەممەل، قېلىپلاشقان گەپ - سۆزلەر مەيلى ئىلگىرى - كېيىن بولسۇن، ئۇلار ئۆگىنىشكە تېگىشلىك تىل بولۇپ، قېلىپلاشمىغان، يېرىم - يارتا گەپ سۆزلەرنى ئۇلار ھامان بىر كۈنى تاشلىۋېتىدۇ. ئىككى خىل قېلىپتىكى تىلنى ئۆگىتىش مۇقەررەركى بالىنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭا، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە سەرپىيات بولمىسا كېرەك. ئەسلىدە،

بالا ئىسراپ بولۇپ كەتكەن ئاشۇ ئەقلىي قابىلىيىتى بىلەن باشقا بىلىملەرنى ئۆگىنەلەيتتى، بىراق بۇ خىل خاتا تەربىيە نەتىجىسىدە، بالا ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى سەرپ قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بالىسىغا ھەرگىز چالا گەپ - سۆزلەرنى ئۆگەتمەسلىكى كېرەك. بەلكىم بەزىلەر: «بۇنداق گەپ - سۆزلەرنى بالىلارغا ئۆگىتىش ئىنتايىن قىزىقارلىق» دېيىشى مۇمكىن. ئەمما، سىلەر شۇنى ئويلاپ بېقىڭلاركى، بۇنىڭ ئۈچۈن بالىلار شۇنچە يۇقىرى بەدەل تۆلەشكە ئەرزىمدۇ؟ بالىلارغا قېلىپلاشمىغان گەپ - سۆزلەرنى ئۆگىتىشنىڭ زىيىنى شۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن بالىلارنىڭ 14 — 15 ياشلارغا كىرگۈچە (ھەتتا چوڭ بولغاندىمۇ)، بەزى گەپ - سۆزلەرنى ئېنىق تەلەپپۇز قىلالماسلىقى دەل ئاتا - ئانا تەربىيىسىنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۈگۈنكى مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلەپپۇزىدىكى نۇقسانلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىنىڭ سەرپ قىلغان ئەمگىكى ئۇلارنىڭ ئاكتىپ ئەمگەككە سەرپ قىلغان ۋاقتىدىن يەنىلا كۆپ بولۇۋاتىدۇ، بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. پسىخولوگلاردىن تەلىم ئالمىساقمۇ، ھەرقانداق ئادەمگە مەلۇمكى، ئوقۇغۇچىلار ئادەتلىنىپ قالغان ئىللەتلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىنىڭ سەرپ قىلىدىغان ۋاقتى ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا يېڭى بىلىم ئۆگىتىشكە سەرپ قىلىدىغان ۋاقتىدىن تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ.

ئەمما، جەمئىيەتتە شۇنداق ئاتا - ئانىلارمۇ باركى، ئۇلار بالىسىنىڭ خاتا تەلەپپۇزى ۋە خاتا گېپىنى ئاڭلاپ خۇش بولىدۇ. ئۇلار بالىسىنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ قويماقتا يوق، بەلكى بالىسىغا ماسلىشىپ، خاتانى خاتا قىلىۋېرىدۇ. بۇ، تېخىمۇ چوڭ خاتالىق. مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، بالا ئۆزىنىڭ نۇقسانلىرىنى

مەڭگۈ بايقىيالمايدۇ، ئادەتلىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنى تۈزەتمەكى تەسكە توختايدۇ.

تىلنى توغرا ئىشلىتىش توغرا تەپەككۇر قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەگەر بالا كىچىككىدىن باشلاپ ئاشۇنداق توغرا - خاتاسى ئارىلاشقان تىلنى ئىشلەتسە، ئۇنىڭ چوڭ مېڭىسى ياخشى تەرەققىي قىلالمايدۇ. مەن ئوغلۇم تۇغۇلغاندىن باشلاپ، مۇمكىنقەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ توغرا بولغان نېمىسچە تەلەپپۇزدا سۆزلەيتتىم. مېنىڭچە، بالىلارغا تىل ئۆگىتىشتە ماقال - تەمسىللەرمۇ ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، بەزى سۆزلەرنىڭ مەزمۇنىنى ماقال - تەمسىل ئىشلەتمىسە ياخشى ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. ھەممىمىزنىڭ ئىدىيىسى تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، يېڭى ئۇقۇملار ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان ماقال - تەمسىللەرمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ماقال - تەمسىللەرنى چەتكە قاققاندا، ئادەم زامانىنىڭ كەينىدە قالىدۇ.

مەن ئوغلۇمغا قېلىپلاشمىغان گەپ - سۆزلەرنى مۇتلەق ئۆگەتمەيتتىم. قېلىپلاشقان تىل ئۆگىتىش ئۇسۇلۇم دەسلەپتىلا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم بەرگەن. ئوغلۇم بىر ياشقا كىرمەستىلا، بىر دوستۇم: «كارل، ماڭا ھاۋ - ھاۋنى دوراپ بەرگىنە؟» دېگەندە، ئوغلۇم: «ئۇ ھاۋ - ھاۋ ئەمەس، ئىت» دەپ، دوستۇمنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرغان ئىدى.

## 6. توغرا سۆزلۈكلەر ئارقىلىق بالىنىڭ كىچىك مېڭىسىنى قوراللاندۇرۇش

تىل ئۆگىتىش تەربىيىسىدە مەن بالىغا باشتىن تارتىپ ئۆلچەملىك تىل ئۆگىتىشنى ناھايىتى تەكىتلەيمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھەمىشە ئوغلۇمغا ئېنىق تەلەپپۇزدا سۆزلەيتتىم،

سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئۆلچەملىك نېمىس تىلىنى ئۆگىتەتتىم. كارل توغرا تەلەپپۇز قىلالىسىلا، مەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: «ياخشى دېدىڭ، ياخشى دېدىڭ» دەپ ماختاپ قوياتتىم. كارل خاتا تەلەپپۇز قىلغاندا، مەن ئايالىمغا: «قاراڭ، ئوغلىمىز ماۋۇ، ماۋۇ. . . گەپلەرنى دېيەلمەيدىكەن» دېسەم، ئايالىم: «شۇنداقمۇ، ئوغلىمىز ئاشۇنداق ئاددىي سۆزلەرنىمۇ دېيەلمەمدىكەن؟» دەيتتى. شۇنداق قىلىپ، كارل كىچىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆلچەملىك تىل ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغايتتۇق. بىزنىڭ بوشاشماي تىرىشىشىمىز ۋە داۋاملاشتۇرۇشىمىز ئارقىلىق، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ توغرا تەلەپپۇز قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن ئىدى.

سۆزلۈك ئۆگىنىشتە مېنىڭ چۈشەنچەم شۇكى، ئوچۇق كاللا بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سۆزلۈكلەرنى ئېنىق بىلىش زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن كارلنىڭ بالىلارچە ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا مۇرەككەپ سۆزلۈكلەرنى تەدرىجىي ھالدا چۈشىنىش، ئىشلىتىشنى ئۆگەتتىم ھەم ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن سۆزلەرنىڭ جانلىق، توغرا بولۇشىنى، ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە ئىشلەتمەسلىكنى تەلەپ قىلاتتىم. بۇ نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىر ئائىلە كىشىلىرى چوقۇم ئۆزئارا ماسلىشىشى، بىرى قاتتىق تەلەپ قويسا، بىرى بوش قويۇۋەتمەسلىكى كېرەك. ئايالىم بىلەن ئىككىمىز زىچ ماسلىشاتتۇق ھەم ئۆزىمىز ئۈلگە بولۇپ، ئادەتتە توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى، قېلىپلاشقان، مۇۋاپىق سۆزلەرنى ئىشلىتىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان ئىدۇق. مەن ئايالىمنىلا ئەمەس، ئەر - ئايال خىزمەتكارلارنىمۇ شېۋە، يەرلىك دىئالېكتلاردا سۆزلىشىنى چەكلەيتتىم. كارل خىزمەتكارلار بىلەن كۆپ ئۇچرىشىپ تۇرغاچقا، ئاسانلا ئۇلارنىڭ

تەسىرىگە ئۇچرايتتى. مەن كارلىنىڭ ئۆلچەملىك نېمىس تىلى ئۆگىنىشىگىلا رۇخسەت قىلاتتىم، چۈنكى ئۆلچەملىك ئوقۇلۇشنى ئۆگەنگەندىلا، ئۇ كىتابتىكى نەرسىلەرنى كۆپ زورۇقمايلا ئوقۇپ چۈشىنەلەيتتى.

يەرلىك دىئالېكت بىلەن شېۋىلەرنىڭ تەلەپپۇزى ئۆلچەملىك نېمىسچە تەلەپپۇزدىن ئىنتايىن چوڭ پەرقلىنەتتى، بەلكى گراممانىكىلىق جەھەتتىنمۇ قېلىپلاشمىغان ھەم ئۆلچەمسىز ئىدى. بۇ خىل تىل مۇھىتىدا بالا ئاسانلا ناچار تەسىرگە ئۇچراپ، ئۆلچەملىك تىل ئۆگىنىشكە بىر مۇنچە توسالغۇ شەكىللىنىدۇ، شۇنداقلا بۇ خىل توسالغۇدىن ھالقىش ئۇچۇن ۋاقىت كېتىدۇ. تىل ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ياش چېكى ئۆتۈپ كەتسە، بىر قىسىم كىشىلەر ئۆمۈر بويى ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئائىلىمىزدە ياشىنىپ قالغان بىر خىزمەتكار بولۇپ، ئائىلىمىزگە ئۇن نەچچە يىل ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلىگەن، مەنمۇ ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتىم ۋە ئىشىنەتتىم. يېشى چوڭ بولغاچقىمىكىن، ئۇ ھەمىشە شېۋە سۆزلەرنى دەيتتى. ئوغلۇم تۇغۇلغاندىن كېيىن، مەن كۆپ قېتىم ئۇنىڭدىن ئۆلچەملىك نېمىس تىلىدا سۆزلەشنى تەلەپ قىلغان بولساممۇ، ئەمما ئاشۇ شېۋە سۆزلەرگە كۆنۈپ كەتكەچكە، ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆلچەملىك تىلدا سۆزلىيەلمىدى، ئۆلچەملىك تەلەپپۇزىمۇ قاملاشمىدى. ئەينى چاغدا ئوغلۇم دەل تىل ئۆگىنىش باسقۇچىدا بولغاچقا، ئۆزۈم خالىمىساممۇ كۆڭلۈم قىيمىغان ھالدا ئۇنى نەسىھەت بىلەن ئۆيدىن قايتۇرۇۋەتتىم. ھەر قېتىم ئۇنى ئەسلىگىنىمدە، كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى. بىراق، ئوغلۇمنىڭ تىل ئۆگىنىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە قاراپ، بەرگەن بارلىق قۇربانلىقلارنىڭ ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتىم.

بالىغا تىل ئۆگەتكەندە، گرامماتىكا ئانچە مۇھىم ئەمەس، بولۇپمۇ بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق. شۇڭا، كارل سەككىز ياشقا كىرىشتىن ئىلگىرى، مەن ئۇنىڭغا مەخسۇس گرامماتىكا ئۆگەتمەي، ئاڭلاش ھەم سۆزلەشنىلا ئۆگەتكەن ئىدىم.

باللار ئەمەلىيەتتە گەپ - سۆزگە ئامراق كېلىدۇ، كىچىكىدىن باشلاپ ئۇلار ئۆزى ئۆگىنىۋالغان سۆزلەرنى تەكرارلاپ ئوينايدۇ. مەن ئوغلۇمنىڭ مۇشۇ خىل مايىللىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇ چۈشىنەلەيدىغان قىزىقارلىق ھېكايىلارنى ئېسىل سۆز - جۈملىلەردىن تۈزۈلگەن قىسقا ماقالە قىلىپ ئۇنىڭغا يادلىتاتتىم. بۇلارنى ئۇ تېز ئەستە تۇتۇپلا قالماستىن، ھەمىشە خۇشاللىق بىلەن تەكرارلايتتى. كېيىنچە، مۇشۇ قىسقا ماقالىلەرنى ھەر خىل چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ ئۆگەتتىم، ئۇ بۇلارنىمۇ ئاسانلا ئەستە تۇتۇۋالدى.

مېنىڭ تەجرىبەمگە ئاساسلانغاندا، ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا 1 — 5 ياشقىچە بولغان مەزگىل تىل ئىقتىدارى يېتىلىدىغان ئەڭ ياخشى مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ تىل ئىقتىدارى يېتىلىدىغان بۇ مەزگىلنى ھەرگىز بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى كېرەك.

## ئوغلۇمنىڭ ئەستە تۇتۇش، تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى بالدۇر تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۆزلىدىم

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن شۇنچىۋالا كۆپ ئىشلارنى

قىلىشىم، ئوغلۇمنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى بالدۇرراق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. ئوغلۇمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن نەتىجە قازىنىش - قازىنالماسلىقى ئۇنىڭ ئاشۇ ئۈچ خىل ئىقتىدارى بىلەن زور مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەمما بالىغا قارىتا، مېخانىكىلىق مەشىق قىلدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمايدۇ، شۇڭا جانلىق ۋە قىزىقارلىق ئۇسۇل قوللىنىش كېرەك.

مەلۇم ئالىم: «بارلىق ئەقىل - پاراسەتنىڭ مەنبەسى ئەستە تۇتۇشتا» دېگەن. «تىرىشقان ئۈزار» دېگەن قانۇنىيەتكە ئاساسلانغاندا، دەسلەپكى تەربىيە ئارقىلىق بالىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ بوۋاقلىق مەزگىلىدە ھەر كۈنى ئوخشاش بىر سۆز تەكرار ئۆگىتىلسە، بالىنىڭ مېڭىسىدىكى سۆزلۈك ئامبىرىنى ئۈزلۈكسىز غىدىقلاپ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

مەن ئېيتىپ بەرگەن ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى كارلنىڭ چىڭ ئەستە تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن، دائىم مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى مەن قەغەز كارتىغا يېزىپ بېرەتتىم. كېيىنچە، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تارىخىنى ئۆگەتكەن ۋاقتىمدىمۇ ئوخشاش ئۇسۇل قوللاندىم. بۇ خىل ئۇسۇلنى يىغىنچاقلىغاندا، باشتا ھېكايە سۆزلەش ئۇسۇلىدا ئۆگىتىش، كېيىن ئۇلارنى قەغەز كارتىغا يېزىپ تەييارلاپ، ئويۇن شەكلىدە ئۆگىتىشتىن ئىبارەت. بەزىدە بىز بىرەر قىزىقارلىق كىتابنى بىرلىكتە ئوقۇپ، ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنى يېزىپ چىقاتتۇق. ئوغلۇم كىچىكىدىن باشلاپ ھەر خىل ۋەقەلىكلەرنى قايىپىلەشتۈرۈپ يېزىۋېلىپ ئەستە ساقلايتتى. چۈنكى، قايىپىلەشتۈرگەندە، نەسرىي ئۇسلۇبقا

قارىغاندا ئاسان ئەستە تۇتقىلى بولىدۇ. ئوغلۇم سەككىز ياشقا كىرگەندە، مەن سۆڭەك ئارقىلىق ئۇنىڭغا بىئولوگىيە ئۆگەتكەن ئىدىم. بىر قېتىم مەن ساياھەتكە چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئوغلۇم ئۆزى ئەستە تۇتۇۋالغان سۆڭەك، پەي ھەم ئىچكى ئەزالارنىڭ نامىنى قاپىيە شەكلىدە يېزىپ چىقىپتۇ. مەن ساياھەتتىن قايتىپ كەلگەندە، ئاڭلاپ تولىمۇ ھەيران قالغان ئىدىم. تارىخىي ۋەقەلەرنى ئۆگىنىشتە، كۆپىنچە ھاللاردا ئوغلۇم ئوقۇپ بولغانلىرىنى مەن تىياتىر شەكلىدە ئويناپ بېرەتتىم، بۇنداقتا ئوغلۇم ئاسانلا ئەستە تۇتۇۋالايتتى. مەكتەپتىكى تارىخ دەرسلىكى پۈتۈنلەي يىل تەرتىپى بويىچە ئۆتۈلىدىغان بولغاچقا، خۇددى شاما چايىنىغاندەك، بۇنىڭ قىلچە قىزىقى بولمايدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىمۇ زېرىكتۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئەستە ساقلىغىلىمۇ بولمايدۇ.

ئىجادىيەت ئىقتىدارى جەھەتتە، مەن ئوغلۇمنى كۆپ يېزىش، كۆپ ئويلاش، كۆپ سوئال سوراشقا رىغبەتلەندۈرەتتىم. ئوغلۇم مەيلى قانداق سوئال سورىسۇن، مەن ئۇنىڭغا ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بېرەتتىم. كارل بىر ياشتىن ئاشقاندا، ئەگەر بىرەر ماتېرىيال ياكى بىرەر ئويۇنچۇقنى قولىغا ئېلىپ بىردەمدىلا تاشلىۋەتمەي، بېرىلىپ ئوينىسا، بىز ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا ماختايتتۇق ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئويناپ، ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا تەڭ ئىلھام بېرەتتۇق. ئەگەر ئوغلىمىزنىڭ ئويلىمىغان بىرەر ئۇسۇلدا ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرسەك، ئۇنى ماختاپلا قالماستىن، ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئويناش ئۇسۇللىرىنى ئويلاپ تېپىشىغا ئىلھام بېرەتتۇق.

كارل ئىككى ياشقا كىرگەندە، ئايالىم خۇددى دەرس ئۆتكەنگە ئوخشاش ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ھېكايە - چۆچەك ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ كارلنى ھېكايە - چۆچەك ئاڭلاشقا جەلپ

قىلىدىغان بىر يۈرۈش چارىلىرى بار ئىدى. خۇددى گېزىتلەرگە پارچىلاپ بېسىلغان رومانلارغا ئوخشاش، ئايالىم ھەر كۈنى بىرەر ھېكايىنى سۆزلەپ، ئۇنىڭ ئويلىنىدىغان مۇھىم يېرىگە كەلگەندە توختىتىپ قويۇپ، ھېكايىنىڭ داۋامىنى كارلغا تەسەۋۋۇر قىلىپ تاپقىلى سالاتتى. نەتىجىدە كارل بۇ ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ كېيىنكى داۋامىدا يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك ئېھتىماللىقلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئويلاپ چىقاتتى. ئىككىنچى كۈنى ئايالىم ھېكايە سۆزلەشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىنى سۆزلىگىلى سالاتتى، ئاندىن ھېكايىنى داۋاملاشتۇرۇپ سۆزلەپ بېرەتتى. ئەگەر كارل توغرا تاپقان بولسا بىز خۇش بولۇپ كېتەتتۇق، توغرا تاپالمىسا، ئايالىم: «ئوھوي، ھېكايىدىكىدىنمۇ ياخشى توقۇپسەن» دەپ ئۇنى ماختاپ قوياتتى. ئوغلۇمنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارى مانا مۇشۇنداق مەشىق جەريانىدا ئۈزلۈكسىز يېتىلگەن ئىدى.

تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە كەلسەك، بىزنىڭ بەختىمىزنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى تەسەۋۋۇر ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. تەسەۋۋۇر قىلىشنى ئۇقمايدىغان ئادەم ھەقىقىي بەختنى بىلەلمەيدۇ. بېلرۇتانس: «تەسەۋۋۇر كىشىلىك ھاياتنىڭ جېنى، تەسەۋۋۇر بولمىسا، كىشىلىك ھايات بىر دۆۋە قۇرۇق سۆڭەكتىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېگەن. قىزىقىشى يوق ئادەم نېمە ئىش قىلسا، پاكىتتىن گەپ سېتىپ، تەسەۋۋۇرنى چەتكە قاقىدۇ. ئۇلار ھەتتا روژېستۋ بوۋا بىلەن ھۆر - پەرىلەرنىمۇ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل قاغجىراپ كەتكەن تۇرمۇش پوزىتسىيىسى ئەلۋەتتە بالىلار تەربىيىسىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلار تارىخىي قىسسە ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بالىلار قوشاقلىرىنى بالىغا پايدىسىز دەپ قارايدۇ، ئۇلار قىسسە ھەم بالىلار قوشاقلىرى بالىنىڭ پەزىلىتىنى

تاۋلايدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، چوڭلارنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ تەسەۋۋۇر بولمىسا، قىزىقارلىق بولماي قالىدۇ، بالىلار تېخىمۇ شۇنداق. شۇڭا، روزېستۇ بوۋاي بىلەن ھۆر - پەرىلەرنى ئۆيدىن قوغلاش — ئەمەلىيەتتە بالىنىڭ ياخشى ھەمراھى ۋە ئويۇنچۇقىنى تاشلىۋەتكەنگە ئوخشاش بولۇپ، بۇ، بالىغا نىسبەتەن شەپقەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، بالىنىڭ ھايۋانات ۋە قۇشلارنى ئاسراشنى بىلىشى، ئەخلاقتا مۇناسىۋەتلىك بەزى دەسلەپكى ساۋاتلارنى بىلىشى، كىچىكىدىن باشلاپ ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە بولۇشى قاتارلىقلار ئەمەلىيەتتە، تارىخي قىسسە ھەم قوشاقلارنىڭ تەسىرى ئارقىلىق يېتىلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى كىچىكىدە تەرەققىي قىلالمىسا، ئۇ شائىر، يازغۇچى، ھەيكەلتىراش، رەسسام بولالمايدۇ. شۇنداقلا ئارخىتېكتور، ئالىم، ماتېماتىك، قانۇنشۇناسمۇ بولالمايدۇ. بەزىلەرنىڭ ماتېماتىكلارغا تەسەۋۋۇرنىڭ كېرىكى يوق دېگەن قارىشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. ھەرقانداق ئادەم چوقۇم تەسەۋۋۇر قىلىشنى بىلىشى زۆرۈر. شۇڭا، بالىلىق دەۋرىدە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى تولۇق تەرەققىي قىلغان ئادەم بەختسىزلىككە ئۇچرىسىمۇ، ئوخشاشلا ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلالايدۇ، قىيىنچىلىقتا قالغاندىمۇ خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ. شۇڭا، تەسەۋۋۇر قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز ئادەم دېيىشكە بولىدۇ.

بەزىلەر: «ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق» دەپ قاراپ، ئۇنى چەتكە قاقىدۇ. ئەمما، مەن ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، خۇددى ئاسمان بوشلۇقىدىكى يۇلتۇزلارغا نەزەر سالغاندەك، ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى بىلىدىغان بالا بىلەن بىلمەيدىغان بالىنىڭ

ھېس قىلىدىغانلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بالىلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرى كەمچىل بولغاچقا، ئۇلار ياخشى - ياماننى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. ئۇلارغا ياخشى - ياماننى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئەپسانە - رىۋايەت، تارىخىي قىسسە ۋە بالىلار قوشاقلىرىنى ئېيتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئائىلىمىزدە ئەزەلدىن ھۆر - پەرىلەرنى قوغلىمايتتۇق، مەن دائىم ئوغلۇمغا قىسسە - رىۋايەت، ناخشا ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھۆر - پەرىلەرگە تولغان سۆيۈملۈك دۇنيا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتىم. شۇڭا، ئوغلۇم كىچىكىدىن باشلاپ تەبىئەتنى سۆيەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوغلۇم قىسسە - رىۋايەت ۋە بالىلار قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنىدىكى ھەققانىيەت، سەمىمىيلىك، باتۇرلۇق، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قاتارلىق بىرمۇنچە ئەخلاق - پەزىلەتلەرنى ئۆگىنىۋالغان ئىدى.

ئوغلۇمنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭغا تارىخىي قىسسە ۋە بالىلار قوشاقلىرىنى ئېيتىپ بېرىپلا قالماستىن، يەنە ئۆزۈم توقۇغان چۆچەكلەرنىمۇ ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇنى ئۆزى چۆچەك توقۇپ، ئۆزى ئېيتىپ بېرىشكە ۋە چۆچەكلەرنى ماقالە شەكلىدە يېزىپ چىقىشقا رىغبەتلەندۈرەتتىم.

ئوغلۇم بىلەن ئىككىمىزنىڭ يەنە رىل ۋە روشى ئىسىملىك ئىككى خىيالىي دوستىمىز بار ئىدى. ئىككىمىز ئايرىم قالغاندا، دائىم تەسەۋۋۇرىمىزدىكى دوستلىرىمىزنى تەكلىپ قىلاتتۇق - دە، تۆتىمىز بىرلىكتە ئويۇن ئوينايتتۇق. شۇڭا، ئوغلۇم ھەرقانداق چاغدا زېرىكىپ قالمايتتى، چارچاپ قالمايتتى. قىزىقارلىق ئىشتىن بىرى شۇكى، بىر قېتىم بالا باققۇچى: «ئەپەندىم، ئوغلىڭىز غەلىتىرەك بولۇپ قاپتۇ، ئۇ

خۇددى جىن بىلەن ئويناۋاتقاندەك قىلىدۇ» دېگەن ئىدى. بەزى ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ تەسەۋۋۇر دۇنياسىنى چۈشەنمىگەچكە، بالا ياغاچ تاختاي ياكى قەغەز قۇتىلىرى بىلەن ئوردا - شەھەرلەرنى ياساپ ئوينىسا، ئۇلار ئۆي يىغىشتۇرغاندا، دائىم بالىسىغا دېمەستىنلا، ئۇنىڭ ئويۇنچۇقلىرىنى چۇۋۇپ تاشلايدۇ. بۇ، بالىنىڭ روھىي دۇنياسىنى شەپقەتسىزلىك بىلەن پاچاقلاپ تاشلىغانلىقتۇر. بۇ قىلمىشنىڭ ئېغىرلىقى شۇ يەردىكى، ئۇ بالىنىڭ بەختى، خۇشاللىقى ھەم ئويۇننى تارتىۋالغانلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بالىنىڭ كەلگۈسىدە شائىر، ئالىم، كەشپىياتچى... بولۇشىغا كاشىلا يەتكۈزگەنلىكتۇر. بەزى ئاتا - ئانىلار تەلىم - تەربىيە داۋامىدا دائىم مۇشۇنداق يېنىكلىك قىلىپ، تالانتلىقلارنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.



# تۆتىنچى باب بالىنى توغرا تەربىيىلەش ئۇسۇللىرى

ئوغلۇمنى تەربىيىلەشتىكى ھەقىقىي مەقسىتىم — ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسەت كۆزنىكىنى ئېچىپ، جەمئىيەتتىكى يامان ئىشلارنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتەلەيدىغان، ئىجتىمائىي زىددىيەت ھەم نۇقسانلارنى بايقىيالايدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بىز ئىنسانلارنىڭ غايىسى ھەرگىزمۇ ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىمىزغا ئوخشاش ئۆزىمىزنىڭ قىپيالىڭاچلىقىمىزنى بىلمەي، جەننەتتە خۇشال - خۇرام ياشاش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. شۇڭا، مەن ئوغلۇمنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن قارىغۇلارچە ئۇمىدۋارلاردىن بولۇپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتىم.

## ئويۇن شەكلى ئارقىلىق تەربىيىلەش

كارل بوۋاق ۋاقتىدىلا تەربىيىلىنىشكە باشلىغاچقا، ئوخشاش ياشتىكى بالىلاردىنمۇ ئەقىللىق، سەزگۈر ھەم ئىنكاسى تېز بولۇپ يېتىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئىقتىدارىمۇ كۈچلۈك بولدى. ئوغلۇم ئىككى ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭ ئەقلىي جەھەتتىكى تەييارلىقى پۈتتى دەپ قاراپ، مەن ئۇنىڭغا خەت ئۆگىتىشكە باشلىدىم، بىراق ئۇنى ھەرگىز مەجبۇرلىمىدىم. تەلىم - تەربىيىدە مەجبۇرلىماسلىق — مەن تەشەببۇس قىلغان تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىدىكى مۇھىم بىر پرىنسىپ.

مېنىڭ قارىشىمچە، مەيلى نېمىنى ئۆگىتەيلى، ئالدى بىلەن بالىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش ئىنتايىن مۇھىم. بالىنىڭ قىزىقىشى بولغاندا، ئاز كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بالىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئويۇن شەكلى ئارقىلىق تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئوغلۇمغا ئېلىپ بارغان دەسلەپكى مەشىقلەر جەريانىدا بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشكارا ھېس قىلغان ئىدىم.

ئويۇن ئويناش ھايۋانلارنىڭ تەبىئىتى بولۇپ، بارلىق ھايۋانلار ئويۇنغا ئامراق كېلىدۇ. ئاسلان ئانا مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى ئوينايدۇ، كۈچۈك بولسا ئانا ئىت بىلەن ئۆز ئارا چىشلىشىپ ئوينايدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ھايۋاناتشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئاسلاننىڭ ئانا مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى ئوينىشى ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە چاشقان تۇتۇش ماھارىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن؛ كۈچۈك بىلەن ئانا ئىتنىڭ ئۆز-ئارا چىشلىشىپ ئوينىشى بولسا، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە ياۋايى ھايۋانلارنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈش ماھارىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىكەن. روشەنكى، ھايۋانلار ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى ئويۇن ئارقىلىق يېتىلدۈرىدۇ.

مەن ئوغلۇمغا بولغان تەلىم - تەربىيىنى ئويۇن شەكلى ئارقىلىق ئېلىپ بارغان ئىدىم. ئوغلۇم ئالتە ئايلىق بولغاندا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ياتاق ئۆيىنىڭ تۆت تېمىنىڭ تەخمىنەن بىر مېتىر ئېگىزلىكتىكى يېرىگە قېلىن ئاق قەغەزلەرنى چاپلاپ، ئۇنىڭ يۈزىگە قىزىل قەغەزدىن قىيىپ چىقىرىلغان ھەرپ ھەم سانلارنى چاپلاپ قويغان ئىدىم. ئاق قەغەزنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە مۈشۈك، ئىت، چاشقان، چوشقا، توشقان، تۇماق، بورا، شىرە، ئورۇندۇق دېگەندەك ئاددىي سۆزلەرنى رەتلىك چاپلىغان ئىدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسىم بولۇپ، قەغەزنىڭ يەنە بىر

تەرىپىگە بىردىن ئۇنىڭچە سانلارنى چاپلاپ قويغان ئىدىم.

بۇۋاقلارنىڭ ئاڭلاش سەزگۈسى كۆرۈش سەزگۈسىدىن بۇرۇن تەرەققىي قىلغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئىشنى بالىنىڭ ئاڭلاش سەزگۈسىدىن باشلاش قارارىغا كېلىپ «ئا»، «ب»، «س» دېگەن ھەرپلەرنى ئۆگەتتىم. مەن ئۇ ھەرپلەرنى كۆرسەتكىنىمدە، ئايالىم ئۇنى ئوغلىمىزغا ناخشا شەكلىدە ئوقۇپ بېرەتتى. ئەلۋەتتە، كارل ئەمدىلا ئالتە ئايلىق بوۋاق بولغاچقا، بۇ ئىش ئۇنىڭ سەزگۈسىگە نىسبەتەن ئۇ قۇلاقتىن كىرىپ، بۇ قۇلاقتىن چىقىپ كېتەتتى. لېكىن، بىز بەل قويۇۋەتمەي ھەر كۈنى ئۇنىڭغا ئۆگىتەتتۇق، كۆرسىتەتتۇق، ئاخىرى ئۇنىڭ ئۇنۇمى بولدى. ئوغلۇمدا ھەرپلەرگە نىسبەتەن چوڭقۇر تەسىر شەكىللەنگەچكە، كېيىن ئۇنىڭ ساۋاتىنى چىقارماق ناھايىتى ئاسان بولدى.

يۇقىرىدىكى تەجرىبىلىرىمگە ئاساسەن، ئوغلۇمنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشتا، مەن مۇنداق بىر يۈرۈش ئۇسۇللارنى قوللاندىم: ئالدى بىلەن ئوغلۇمنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش ئۈچۈن، كىچىك باللار بايقىيالمايدىغان «ھۈنەر» ئىشلەتتىم، يەنى نۇرغۇن باللار ئوقۇشلۇقى ۋە رەسىملىك كىتابچىلارنى سېتىۋېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ ئوقۇپ بەردىم ھەمدە ئەگەر ساۋاتىڭ چىقسا، بۇ كىتابلارنى ئۆزۈڭ ئوقۇپ چۈشىنەلەيسەن دېگەندەك، ئۇنىڭ سەبىي قەلبىگە ئىلھام بېرىدىغان گەپلەرنى قىلدىم. بەزىدە ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرمىدىم ھەم قەستەن: «بۇ رەسىمدىكى چۆچەك ئىنتايىن قىزىق، بىراق دادىڭ ھازىر بەك ئالدىراش، ساڭا ئوقۇپ بەرگۈدەك ۋاقتى يوق» دېدىم. بۇ ئىش ئەكسىچە، ئوغلۇمنىڭ چوقۇم ساۋات چىقىرىش ئارزۇ - ئۈمىدىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئوغلۇمدا مۇشۇنداق كۈچلۈك ئارزۇ شەكىللەنگەندە، ئۇنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشقا

باشلىدىم. ئاندىن كېيىن يۇقىرىقىدەك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئۆگەتتىم. ئالدى بىلەن خەت باسىدىغان يەرگە بېرىپ، نېمىسچە ھەرپلەرنىڭ 10 سانتىمېتىرلىق باسما شەكلىنى، رىم يېزىقى ھەم ئەرەب رەقەملىرىنىڭ ھەر بىرىدىن 10 يۇرۇش سېتىۋالدىم، بۇلارنى 10 سانتىمېتىرلىق كىچىك تاختايلارغا چاپلاپ، ئويۇن شەكلىدە ئۆگەتتىم.

ئاۋۋال سوزۇق تاۋۇشلارنى ئۆگەتتىم، «ھەرپلەرنى قوشۇش ئويۇنى» ئارقىلىق ئوغلۇمغا سۆز تۈزۈشنى ئۆگەتتىم. كېيىنچە كونكرېت ئۆگىتىش ئۇسۇلۇم مۇنداق بولدى: ئالدى بىلەن رەسىملىك كىتابچىدىكى مۈشۈكنىڭ رەسىمىنى كۆرسىتىپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «مۈشۈك» دېگەن سۆزنىڭ قوشۇلۇپ يېزىلىشىنى ئۆگەتتىم، ئاندىن ئوغلۇمغا تامدىكى «مۈشۈك» دېگەن سۆزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، قايتا - قايتا تەلەپپۇز قىلىپ بەردىم. ئارقىدىنلا ھەرپ قۇتىسىدىن بۇ سۆزنى ياسايدىغان ھەرپلەرنى تاللاپ ئېلىپ «مۈشۈك» دېگەن خەتنى قوشۇپ يېزىپ كۆرسىتىپ قويدۇم. ئەلۋەتتە، بۇ ئويۇنلارنى ئوغلۇم بىلەن ئىككىمىز ئويۇن شەكلىدە بىرلىكتە ئويناپتتۇق. ئوغلۇم ئۆگىنىۋاتقاندا، مەن يېنىدا تۇرۇپ ئۇنى ماختايتتىم، ئىلھام بېرەتتىم، بەلكى بۇ تاق سۆزلەرنى ئۇنىڭ پىششىق ئۆگىنىۋېلىشى ئۈچۈن، بىرقانچە كۈنگىچە مۇۋاپىق يوسۇندا تەرتىپلىك ۋە تەدرىجىي ھالدا تەكرار مەشىق قىلدۇراتتىم.

مەن يەنە نۇرغۇن كىچىك كارتا ياساپ، ئۇلارغا كىچىك ھايۋانلارنىڭ، ئۆي، دەل - دەرەخلەرنىڭ رەسىمىنى سىزىپ، ئاستىغا ئۇلارنىڭ نامىنى يېزىپ تەييارلىغان ئىدىم. ئوغلۇمدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇش ۋە ئۇ داۋاملىق كۆرۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى مېھمانخانا، ئاشخانا، ئوغلۇمنىڭ ياتاق ئۆيىنىڭ

تېمىغا چاپلىشۋەتكەن ئىدىم. ئوغلۇم بىلەن دائىم مۇشۇ كارتىلاردىن پايدىلىنىپ سۆز ياساپ، چۆچەك توقۇپ ئويۇن ئوينايتتۇق. ھەر قېتىم سىرتنى ئايلانغىلى چىققاندا، مەيلى ئات ھارۋىسى، چېركاۋ، دەريا بولسۇن، نېمىنى كۆرسەم ئوغلۇمغا شۇ نەرسىنىڭ نامىنى، ئوقۇلۇشىنى، قانداق ئوقۇشنى دېگىلى سالاتتىم. بۇ ئۇسۇللار ناھايىتى ئۇنۇملۇك بولۇپ، ئوغلۇمنىڭ ساۋاتى بارغانسېرى تېز چىقىشقا باشلىدى. ئوغلۇم ناھايىتى تېزلا ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئوغلۇم ئاتالمىش ئوقۇش ئۇسۇلىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپلا ئوقۇشنى ئىگىلىۋالدى. ئۇ، ئوقۇش ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋېلىپلا، تېخىمۇ كۆپ سۆزلۈكلەرنى بىلىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆگەنگىنى ئۆلچەملىك نېمىس تىلى بولغاچقا، ئۇ ناھايىتى ئاسانلا كىتاب ئوقۇيالايدىغان بولغان ئىدى.

## ئوغلۇمغا چەت ئەل تىلىنى قانداق ئۆگەتتىم

ئوغلۇمغا تىل ئۆگىتىش ۋە ئۇنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش تەربىيىسىدە نەتىجىگە ئېرىشكەن بولساممۇ، لېكىن قانائەتلىنىپ قالماي، ئۇنىڭغا بىرەر مۇھىم چەت ئەل تىلىدىن بالدۇرراق ئاساس سېلىش قارارىغا كەلدىم. چۈنكى، كۆپ خىل تىل ئۆگىتىش — بالىنىڭ سۆز مەنىسىنى توغرا چۈشىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىشىغا پايدىلىق ئىدى. ئاۋۋال ئاسانلىرىنى، ئاندىن تەسلىرىنى ئۆگىتىش پرىنسىپىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوغلۇمغا ئانا تىلىنىڭ ئوقۇلۇشىنى پىششىق ئىگىلىتىش ئاساسىدا، شۇ تىلغا يېقىن كېلىدىغان بىرەر چەت ئەل تىلىنى ئۆگىتىش قارارىغا

كەلدىم. ئوغلۇم نېمىس تىلىدا ئەركىن ئوقۇيالايدىغان بولغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا دەرھال فرانسۇز تىلىنى ئۆگىتىشكە باشلىدىم، ئۇ چاغدا ئوغلۇم ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەن ئىدى. مۇۋاپىق ئۇسۇل قوللىنىلغاچقا، بىر يىل ۋاقىت ئىچىدىلا، ئوغلۇم فرانسۇز تىل - يېزىقىدىكى تۈرلۈك كىتابلارنى ئەركىن ئوقۇيالايدىغان بولدى. ئۇنىڭ بۇنداق تېز ئۆگىنىشى ئالدى بىلەن يەنىلا نېمىس تىلى بىلىمىنىڭ ئىنتايىن مول بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە.

كارل فرانسۇز تىلىنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىنلا، ئىتالىيان تىلى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، ئالتە ئاي ئىچىدىلا ئۇ تىلنى ئۆگىنىپ بولدى. بۇ چاغدا، مەن ئۇنىڭغا ئەمدى لاتىن تىلى ئۆگەتسەم بولىدىكەن، دەپ ئويلىدىم. مەكتەپلەردە ئادەتتە چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشتە، ئالدى بىلەن لاتىن تىلىدىن باشلاپ ئۆگىنىش زۆرۈر، دەپ بەلگىلەنگەن. بىراق مېنىڭچە، ئۆگىنىشتە مۇنداق زىيادە مەجبۇرلىماي، نېمىس تىلىغا ئەڭ يېقىن بولغان فرانسۇز تىلىدىن باشلاپ ئۆگىنىش ئەڭ مۇۋاپىق. شۇڭا، مەن ئاۋۋال ئاسانلىرىنى، ئاندىن تەسلىرىنى ئۆگىنىش تەرتىپى بويىچە بولۇش ئۇسۇلىنى قوللاندىم.

لاتىن تىلى ئۆگىنىش ئون نەچچە ياشلىق بالىغا نىسبەتەن تولىمۇ تەس بولۇپ، باش ئاغرىتقۇدەك ئىش. شۇڭا، مەن مۇۋاپىق تەييارلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ تىلنى ئۆگىتىشكە باشلىدىم. ئوغلۇمنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش ئۈچۈن، لاتىن تىلى ئۆگىتىشتىن ئىلگىرى، مەن ئاۋۋال ۋېككېرنىڭ «ئېلچىس» ناملىق داستانىنىڭ ۋەقەلىكى، مۇھىم ئىدىيىۋى مەزمۇنى ھەم گۈزەل تىل ئۇسلۇبى قاتارلىقلارنى ئوغلۇمغا سۆزلەپ بەردىم. مەن يەنە: «ئەگەر كۆزگە كۆرۈنگەن ئىلىم ئەھلى بولاي دېسەڭ، لاتىن تىلىنى چوقۇم ياخشى

ئۆگىنىشىمنىڭ كېرەك» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئوغلۇمنىڭ قىزىقىشى قوزغالدى.

ئوغلۇم يەتتە ياشلارغا كىرگەندە، مەن ئۇنى ھەمىشە لېيپزىگ مۇزىكا كېچىلىكىگە ئېلىپ باراتتىم. بىر قېتىم ئارىلىقتىكى دەم ئېلىشتا، ئوغلۇم تىياتىرنىڭ ناخشا تېكىستى يېزىلغان كىتابچىنى كۆرۈپ، ماڭا: «دادا، بۇ فرانسۇزچىمۇ، ئىتاليانچىمۇ ئەمەس، لاتىن تىلى ئىكەن» دېدى. مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ: «شۇنداق، ئەمدى ئۇنىڭ مەنىسى نېمە ئىكەنلىكىنى تېپىپ باق» دەپ، ئۇنى ئىلھاملاندۇردۇم. ئوغلۇم فرانسۇز تىلى ھەم ئىتاليان تىلىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەنىسىنى بىلىۋالدى. ئۇ، خۇشال بولغان ھالدا: «دادا، لاتىن تىلى بۇنداق ئاسان بولىدىغان بولسا، مەن بالدۇرراق ئۆگەنگەن بولاتتىم» دېگەن ئىدى. مۇشۇ چاغدىلا، مەن شەرت ـ شارائىت پىشىپ يېتىلىپتۇ دەپ ھېس قىلىپ، ئۇنىڭغا لاتىن تىلى ئۆگىتىشنى باشلىۋىدىم، توققۇز ئاي ئىچىدىلا لاتىن تىلىنى ئۆگىنىۋالدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، كارل ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە كىرىشتى. ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن گرېك تىلى ئۆگەندى. ئىنگلىز تىلىنى ئۈچ ئايدا، گرېك تىلىنى ئالتە ئايدا ئۆگىنىپ بولدى. ئوغلۇمنىڭ گرېك تىلى ئۆگىنىشى بىرقەدەر قىزىقارلىق بولۇپ، پۈتكۈل ئۆگىنىش جەريانى مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئوقۇش بولدى. ئۇ، گرېك تىلى ئۆگىنىشنى دائىم ئۇچرايدىغان تاق سۆزلەرنى يادلاشتىن باشلىغان ئىدى. مەن ئۇنىڭغا گرېكچە تاق سۆزلەرنىڭ نېمىسچە تەرجىمىسى يېزىلغان كارتا ئىشلەپ بەرگەن ئىدىم. ئۇ، دەسلەپ مۇشۇ كارتىدىكى كۆپ ئۇچرايدىغان تاق سۆزلەرنى ئۆگەندى، بىر قىسىم تاق سۆزلەرنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال تەرجىمە قىلىپ

ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ، دەسلەپ «ئىزوپ مەسەللىرى» نى ئوقۇدى، ئارقىدىنلا سىنوفىنىنىڭ «ھەربىي يۈرۈش خاتىرىسى» نى ئوقۇدى. باشقا تىللارنى ئۆگەنگەندىكىگە ئوخشاشلا مەن ئوغلۇمغا گىراماتىكىنى سىستېمىلىق ئۆگەتمىدىم، پەقەت زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنىلا ئۆگىتىپ تۇردۇم.

مەن ئىشلەۋاتقاندا، ئوغلۇمنى ئۆز شىرەسىدە ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلدۇراتتىم، ئەينى چاغدا گېرمانىيىدە پەقەت گرېكچە - لاتىنچە لۇغەت بار، نېمىسچە - لاتىنچە لۇغەت يوق ئىدى. ئوغلۇم گرېك تىلى ئۆگەنگەندە، ھەربىر تاق سۆزنى مەندىن سوراشقا مەجبۇر بولاتتى. گەرچە خىزمىتىم ئالدىراش بولسىمۇ، ئوغلۇمنىڭ سوئالىغا ئاچچىقلانماي، بىر تەرەپتىن ئىشىمنى قىلغاچ، بىر تەرەپتىن ئەستايىدىل جاۋاب بېرىپ ئۆگىتىپ قوياتتىم. كارل مۇشۇنداق ئۆگىنىش ئارقىلىق ھېرىدوتنىڭ مەشھۇر تارىخىي ئەسىرىنى، سىنوفىنىنىڭ «جەۋھەر»، «سوقرات خاتىرىلىرى» نى، ئوۋچىنس ۋە لىلچيۇس تۈزگەن «پەيلاسوپلار قىسسىسى» ھەم روسئاننىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ تۇگەتتى. ئۇ يەتتە ياشقا كىرگەندە، پلاتوننىڭ «دىئالوگ» نى ئوقۇپ چىقتى. ئەمما ئۇ، ماڭا «دىئالوگ» نىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنەلمىگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى.

مۇشۇ تىللارنى ئۆگىنىپ بولغىنىدا، كارل ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن بولۇپ، ھومىر، پروتاك، ۋېككېر، سېتسىرۇ، ئوشا، فېنلون، فىلورىئان، فېستالوز، شىللېر قاتارلىق يۇنان، گېرمانىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، گرېتسىيە، رىم قاتارلىق ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇيالايدىغان بولغان ئىدى.

ئادەتتىكى كىشىلەر چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشتىن قورقىدۇ، ئالتە خىل چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش ئۇلارغا نىسبەتەن

ئېيتقاندا، بىر ئۆمۈر زېھنىنى سەرپ قىلغاندا تاماملىغىلى بولىدىغان ئىش. كارل شۇنچىۋالا كىچىك تۇرۇپ، ئاشۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا بۇنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇنداقتا، بۇنىڭ قانداق سىرى بار؟ بۇنىڭ ھېچقانداق سىرى يوق. تۆۋەندە، مەن ئوغلۇمغا چەت ئەل تىلى ئۆگىتىش داۋامىدا ھېس قىلغان بەزى تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ چىقتىم.

## 1. «قۇلاق» ئارقىلىق چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش

ئالدىن بىلەن لاتىن تىلىنى مىسالغا ئېلىپ چۈشەندۈرەي. لاتىن تىلى ئوقۇغۇچىلاردىكى مۇھىم ئاساسىي ماھارەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئۇنىڭدىن ئايرىلغىلى بولمايدۇ. لاتىن تىلىنى ئۆگىنىۋالسىلا، فرانسۇز تىلى، ئىسپان تىلى، ئىتاليان تىلىنى ئاسان ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك لاتىن تىلى ئۆگىنىشنى خالىمايدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، ئۇلارنىڭ لاتىن تىلى ئاساسىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىدا. بۇنىڭدىن قارىغاندا، مېنىڭچە، بالىنىڭ لاتىن تىلى ئاساسىنى ئامالىنىڭ بارىچە بۇرۇنراق تۇرغۇزۇش زۆرۈر. شۇڭا، ئوغلۇم بۆشۈكتىكى چېغىدىلا، مەن ئۇنىڭغا لاتىن تىلى ئۆگىتىشنى باشلىغان ئىدىم.

كۆپچىلىك بەلكىم دېگەنلىرىمنىڭ باش - ئاخىرىنى زىددىيەتلىك بولۇپ قالدى دەپ قارىشى، شۇنداقلا يەپ - ئىچىش ۋە ئۇخلاشتىن باشقىنى ئۇقمايدىغان بۆشۈكتىكى بالىغا قانداق ئۆگىتەلىگەنلىكىمدىن ھەيران قېلىشى مۇمكىن. بۇ ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، مەن پەقەت ئۇنىڭغا ئاڭلاتتىم. بوۋاقلار كۆزىگە قارىغاندا قۇلىقىنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولغاچقا، ئاڭلىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئوغلۇمغا لاتىن تىلى ئۆگەتتىم، ھەر قېتىم

ئوغلۇم ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، كەيپىياتى بىرقەدەر ياخشى چاغدا، مەن ئاستا ھەم ئېنىق ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوغلۇمغا ۋېككېرنىڭ «ئېلچىس» دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇپ بېرەتتىم. بۇ، ناھايىتى ياخشى يېزىلغان داستان، شۇنداقلا ئىنتايىن ياخشى «ئەللەي ناخشىسى» بولۇپ، ئوغلۇم ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى، كۆپىنچە ئۇ ئاڭلاۋېتىپ ئۇيقۇغا كېتەتتى. مۇشۇنداق ئاساس سېلىنغاچقا، ئوغلۇم لاتىن تىلى ئۆگىنىشنى ئوڭاي ھېس قىلغان ھەم تېزلا «ئېلچىس» نى يادلىۋالغان ئىدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ لاتىن تىلى ئۆگىنىشكە قىزىقماسلىقىنى، پۈتۈنلەي مەكتەپلەرنىڭ سۈرەتلىك گرافىلارنى قوللىنىپ، لاتىن تىلى ئۆگىتىشتە بەلگىلىگەن ئۇسۇللىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ خىل مېخانىكىلىق ئۇسۇللار تەنقىد قىلىنىشى كېرەك. بىر قېتىم كارل مەلۇم لاتىن تىلى ئوقۇتقۇچىسى بىلەن سۆزلەشكەندە، ھېلىقى ئوقۇتقۇچى كارلنىڭ گەپلىرىنى ئۇقالماپتۇ، ئۇ چاغدا كارل ئەمدىلا سەككىز ياشلاردا ئىدى. مەكتەپلەردە ئۆگىتىلىدىغان لاتىن تىلى دەرسلىكىنىڭ يېتەرسىزلىكى شۇكى، لاتىن تىلىنى ئۆگەنگەنلەر كىتابنىلا ئوقۇيالايدۇ، ئەمما لاتىن تىلىدا سۆزلىيەلمەيدۇ.

## 2. يادلىغاندىن مەشىق قىلغان ياخشى

مەن ئەزەلدىن ئوغلۇمغا سىستېمىلىق ھالدا گراماتىكا ئۆگەتمىگەن ئىدىم، ئۆگەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇ گرامماتىكىنى چۈشىنەلمەيتتى. ئەلۋەتتە، چوڭلارغا نىسبەتەن گراماتىكا ئاساسىدا چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش ئۈنۈملۈك چارە. بىراق، بالىلارغا «يادلىغاندىن مەشىق قىلغان ياخشى» دېگەن ئۇسۇلنى قوللىنىش زۆرۈر. چۈنكى، بالىلارنىڭ ھەممىسى ئانا تىلىنى مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا ئۆگىنىدۇ ئەمەسمۇ؟

ئامما، چۈشىنىشلىك شېئىرلارنى ئەستە تۇتماق ئاسان بولغاچقا، تىل ئۆگەتكەندە، مەن ھەممىشە ئالدى بىلەن كارلغا شېئىر ئۆگىتىپ، ئۇنى مۇشۇ خىل تىل سېزىمىغا كۆندۈرگەن ئىدىم. بىر قىسىم ئاساسىي نەرسىلەرنى ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئوغلۇمدىن ئۇنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا قوللىنىشنى تەلەپ قىلاتتىم. قايسى خىل تىلنى ئۆگەتكەن بولسام، ئادەتتە ئۇنىڭ بىلەن ھامان شۇ خىل تىلدا سۆزلىشەتتىم. ئەگەر ئوغلۇم ئىپادىلىيەلمەيدىغان يەرگە دۇچ كېلىپ قالسا، ئۇ نېمىسچە سۆزلەيتتى، بۇنداق چاغلاردا مەن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئۇنىڭ ئۆزىنى ئويلاپ چىقىشقا مەجبۇرلايتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئوغلۇمدىن ئۆزى ئۆگەنگەن ئاشۇ تىل - يېزىقتىكى كىتابلارنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلاتتىم. چۈنكى، بىر تىلنى ياخشى ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى شۇ خىل تىل - يېزىقتىكى كىتابلارنى ئوقۇپ چۈشىنىشتىن ئىبارەت.

ھەرقانداق تىلنىڭ ئەڭ تاللانغان قىسمى كىتابلارغا مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ. ئوغلۇم ئۇقمايدىغان تاق سۆزلەرگە دۇچ كېلىپ قالغاندا، ئۆزىگە لۇغەت ئاختۇرغىلى سالاتتىم. ئوغلۇم دەسلەپتە كۆپ ئۇچرايدىغان بەزى تاق سۆزلەرنى ئۆگەنگەن بولغاچقا، تەكرار لۇغەت ئاختۇراتتى، كېيىنچە لۇغەت ئاختۇرۇش قېتىمىنىڭ بارغانسېرى ئازلاپ بارغانلىقى ئۇنىڭ شۇ تىلنى ئاساسەن ئىگىلەپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، مەن ئوغلۇمنى چەت ئەللىك بالىلار بىلەن خەت - ئالاقە قىلىشقا ئىلھاملاندۇردۇم. ئۇنىڭ چەت ئەللىك دوستلىرى دەسلەپ ئاز ئىدى، كېيىنچە ئۆگىنىش دائىرىسى تەدرىجىي كېڭىيىپ، گرېك تىلى ئۆگىنىۋاتقاندا، بىر گرېتسىيىلىك بالىغا خەت يازدى. ئۇزاق ئۆتمەي گرېتسىيىدىن

جاۋاب خەت كېلىپ، ئوغلۇمنى بەكلا خۇشال قىلىۋەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ گرېتسىيىگە ناھايىتى قىزىقتى ھەم گرېتسىيىگە ئالاقىدار نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇدى. كېيىن ئۇ يەنە ئىتالىيىلىك، ئەنگلىيىلىك بالىلارغا خەت يازدى. ئۇ، بۇ دۆلەتلەرگىمۇ ناھايىتى قىزىقتى ھەم ئۇ دۆلەتلەرنىڭ جۇغراپىيىسى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ناھايىتى بېرىلىپ تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. خەت - ئالاقىنىڭ كۆپىيىشى داۋامىدا، ئوغلۇمنىڭ چەت ئەل تىلى سەۋىيىسى خېلى ئۆستى.

## 3. بىر ھېكايىنى ئوخشاشمىغان تىللاردا ئوقۇش

ئوقۇپ بولغان بىر ھېكايىنى ئادەمنىڭ قايتا ئوقۇغۇسى كەلمەيدۇ، ئەمما ئوغلۇم بىر ھېكايىنى كۆپ قېتىم تەكرار ئاڭلاشقا ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ سىرىنى بىلگەندىن كېيىن، ئوغلۇمغا چەت ئەل تىلى ئۆگەتكەندە، بىر ھېكايىنى ئوخشاشمىغان تىلدا ئوقۇتىدىغان بولدۇم. مەسىلەن، ئاندېرسوننىڭ بالىلار چۆچەكلىرىنى ئوغلۇمغا نېمىس تىلىدا ئوقۇتاتتىم، يەنە فرانسۇز، ئىتاليان، لاتىن، ئىنگلىز ھەم گرېك تىللىرىدا ئوقۇغىلى سالاتتىم. بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئوغلۇم ھەر خىل تىللارنى تولۇق ئۆزلەشتۈرگەچكە، ئۆگىنىشى ھەم ئاسان، ھەم تېز بولدى.

## 4. سۆز مەنبەسىنى ئېنىق بىلىش

چەت ئەل تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشتە، سۆز مەنبەسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنىڭ پايدىسى كۆپ. شۇڭا، مەن ئوغلۇمنى كىچىكىدىن باشلاپ شۇنداق قىلغىلى ھەم بىرنەچچە پارچە خاتىرە يازغىلى سالغان ئىدىم. مەسىلەن، لاتىن تىلىنىڭ مەلۇم تاق

سۆزلىرىنى ئۆگەتكەندە، ئوغلۇمنى مۇشۇ تاق سۆزدىن ھازىرقى قايسى سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىققانلىقىنى تەكشۈرگىلى، نەتىجىسىنى خاتىرىگە يازغىلى سالاتتىم. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھەم ھېلىقى لاتىنچە تاق سۆزنى ئۆگىنىۋالاتتى، ھەم شۇ سۆزدىن تۇرلىنىپ چىققان ھازىرقى سۆزلەرنى ئەستە تۇتاتتى. شۇ ئارقىلىق تىل تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ قانۇنىيىتىنى بىۋاسىتە كۆزىتىپ، كۆپ مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيتتى.

### 5. ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناش ئەڭ ئۇنۇملۇك چارە

مەن بۇ يەردە ئاتا - ئانىلارغا يەنە بىر قېتىم شۇنى ئەسكەرتىمەنكى، بالىلارنىڭ تىل ئۆگىنىش ئىقتىدارى كىشىنى ھەيران قىلارلىق دەرىجىدە بولىدۇ، ئۇنىڭ ئاچقۇچى — ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۆگىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش - قوللانماسلىقتا. مېنىڭچە، ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇل — ئۆگىنىش داۋامىدا بالىلار بىلەن ھەر خىل ئويۇن ئويناشتىن ئىبارەت.

ئوغلۇم ئىنگلىز تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشكە باشلىغاندا، مەن «ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن» دېگەن جۈملىنى ئوغلۇمغا 13 خىل تىلدا ئۆگەتسەم، ئۇ ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالغان ئىدى. ئۆگىنىش ئۇسۇلىمۇ ناھايىتى قىزىقارلىق بولۇپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئوغلۇمنى 13 دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان 13 لاتا قونچاقنىڭ ھەر بىرىگە قاراپ، شۇ تىلدا «ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن» دېگىلى سالاتتىم. ئوغلۇمنىڭ ئويۇنغا ئامراق، جىم تۇرمايدىغان ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ بىلەن ھەر خىل تىلدا تۇرلۇك ئويۇنلارنى ئوينايتتىم. مەسىلەن، ھېكايە، بېيىت - قوشاق ئېيتىشاتتۇق، تېپىشماق تېپىشاتتۇق، بەسلىشىپ سۆز - جۈملە

قۇراشتۇراتتۇق، ماقال - تەمسىل، چۆچەكلەرنى توقۇيتتۇق، مۇشۇنداق جانلىق ئۆگىنىش جەريانىدا كارل قانداقسىگە ياخشى ئۆگىنەلمىسۇن؟

## ئوغلۇم مېنى دوراپ قەلەم تۇتالىغۇدەك بولغاندا، ئۇنىڭغا خەت يېزىشنى ئۆگەتتىم

ھەرپ يېزىلغان كىچىك تاختاي ۋە ئويۇن شەكلى ئارقىلىق ئوغلۇمغا ھەرپلەرنى قوشۇپ ئوقۇشنى ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن، قوشۇپ يېزىشنى ئۆگىتىشكە باشلىدىم. باللار ھەممە ئىشتا چوڭلارنى دورايدۇ، ئوغلۇم مېنى دوراپ قەلەم تۇتالىغۇدەك بولغاندا، مەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭغا خەت يېزىش ئۇسۇلىنى تىرىشىپ ئۆگەتتىم. ئوغلۇم ئەمدىلا قەلەم تۇتۇشنى ئۆگەنگەندە، قوللىرى كالامپاي بولۇپ، بەزىدە ھەتتا رەڭ قۇتىسىنى ئۆرۈۋەتتىسىمۇ، مەن ھامان سەۋر - تاقەت قىلاتتىم. بىر مەزگىلدىن كېيىن، مېنىڭ سەۋرچانلىقىم ئاخىرى ئۇنۇم كۆرسىتىپ، ئوغلۇم قەلەم تۇتۇشنى ئۆگىنىۋالدى. كارل تۇنجى قېتىم قەلەم تۇتۇپ خەت يازالىغۇدەك بولغاندا، مەن ئۇنىڭغا كاربون قەلەم (سىياھ قەلەم) تۇتقۇزۇپ، ئۆز ئىسمىنى يېزىپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇردۇم. ئۇ، ئىسمىنى يېزىپ كۆرسەتكەندە، ئانىسى بەكلا ھەيران قالغان، ئوغلۇممۇ بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولغان ئىدى. ئۇنىڭ خەت يېزىشنى تىرىشىپ مەشىق قىلىشى نەتىجىسىدە، كۆڭلىدە ئىشەنچ تىكلىنىپ، ئىنتايىن زور كۈچ چىقاردى. بىرقانچە كۈنلۈك تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئۇ ئاخىرى ئۆز ئىسمىنى

چىرايلىق يېزىپ چىقالايدىغان بولدى. بۇ چاغدا ئۇ، ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن ئىدى. ئوغلۇم بەش ياشقا كىرگەندە، بىر قېتىم ئائىلە بويىچە ساياھەتكە چىقىپ، بىز قونماقچى بولغان مېھمانخانىنىڭ تىزىملاش دەپتىرىگە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىمزا قويغىلى سالدىم. مېھمانخانا خوجايىنى بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ئىدى.

ئوغلۇم ئەمدىلا ئاددىي جۈملىلەرنى ئۆگەنگەندە، مەن ئۇنى ھەر كۈنى كۈندىلىك خاتىرە يازغىلى سالغان ئىدىم. شۇنداق قىلىپ، كارل تۆت يېشىدىن باشلاپلا كۈندىلىك خاتىرە يازالايدىغان بولغان ئىدى. ھەر قېتىم يامغۇر يېغىپ ياكى شامال چىقىپ، ئوينىغىلى سىرتقا چىقالمىغاندا، ئۇ كۈندىلىك خاتىرىسىنى ئېلىپ، بالىلىق مەزگىلىدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ چىقاتتى ھەم ناھايىتى خۇشال بولاتتى. مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، مۇنداق بىرنەچچە ئېغىز گەپنى قىستۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن. بالا تەربىيىلىگەن ۋاقىتتا، ئاتا ـ ئانىلار كۈندىلىك خاتىرە يېزىشى، ئۇنىڭغا بالىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالىنى خاتىرىلىشى كېرەك. بۇ، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن مۇھىم مىراس بولۇپ قالىدۇ، ئۇلار بالا تەربىيىلىگەندە، ئۇنىڭدىن نەپكە ئېرىشەلەيدۇ. مەسىلەن، بالىغا قانداق يېڭى سۆز ئۆگەتتۇق، بالا دەسلەپتە قايسى يېڭى سۆزلەرنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالدى، بالا نېمىگە قىزىقىدۇ، ئۇنىڭدا قانداق ناچار ئىپادىلەر كۆرۈلدى، بالىنى نېمىگە ئاساسەن ئەيىبلىدۇق، يەنە نېمىگە ئاساسەن ماختىدۇق، بالىدا قانداق ئەقىل ئىپادىلىرى كۆرۈلدى، بالىغا قانداق بىلىملەرنى ئۆگەتتۇق. . . دېگەندەك مەسىلىلەر كۈندىلىك خاتىرىنىڭ مەزمۇنى بولىدۇ. خاتىرە بولغان ئىكەن، بالىلارغا نېمىلەرنى ئۆگىتىپ ـ نېمىلەرنى ئۆگەتمىدۇق، بالا نېمىلەرنى بىلىۋالدى، نېمىلەرنى تېخى

بىلمىدى دېگەنلەرنى ئاسانلا بىلىۋالالايمىز. شۇنداق بولغاندا، تەربىيىنى ئۇنۇملۇك ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق يەنە بالىدا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرگىلى، ناچار ئادەتلەرنى يوقىتۇۋېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، تۈزۈلگەن پىلاننى بىر - بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكىمۇ پايدىلىق بولىدۇ. ئەگەر خاتىرە يېزىلمىسا، بۇ، خۇددى دېڭىزچىلارنىڭ دېڭىز سەپىرى خاتىرىسى بولمىغانغا ئوخشاشلا ئىش بولۇپ قالىدۇ - دە، ئالدىن تۈزۈلگەن پىلانلار ئەمەلىيلەشمەيدۇ. قارىماققا، بۇ ناھايىتى ئاۋارىچىلىكتەك بىلىنىدۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە قىلىپ كۆرسە، ھېچقانچە ئاۋارىچىلىك ئەمەس، ئەكسىچە قىزىقارلىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. كىشىلەر كۈندە دېگۈدەك ھەشقىپىچەك گۈلىنىڭ ئۆسۈشىگە بەك قىزىقىشىدۇ يۇ، ئەجابا ئۆز بالىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە دىققەت قىلسا بولمامدىكەن؟ سىناپ كۆرسەكلا چوقۇم قىزىقىپ قالىمىز، بەلكى بالىمىزنىڭ كۈندىلىك ئۆسۈپ يېتىلىش خاتىرىسىگە ئاساسەن، ئالەمچە خۇشاللىق ھېس قىلالايمىز.

بۇ خىل خاتىرە يېزىشنىڭ يەنە بىر پايدىسى شۇكى، ئۇ ئاتا - ئانىلاردا قىزغىن، ئىگىلمەس - سۇنماس روھنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇگۈنكى جەمئىيەتتە، ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىلىشىگە نازارەت قىلىدىغانلار بولمىغاچقا، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار قىلىنمايدۇ، ياخشى پىلانلانغان ئىشلار ئەمەلىيلەشمەيدۇ. ئاتا - ئانىلار ئۆز پىلانلىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىدۇ، ئۇلارنى ھېچكىم چەكلىمەيدۇ. ئاتا - ئانىلاردا مۇتلەق ئەركىنلىك بولغاچقا، ئۇلار ئۆز مەسئۇلىيىتىگە دائىم دېگۈدەك سەل قارايدۇ. بالا تەربىيىلەش توغرىسىدىكى بىر پارچە خاتىرە ئاتا - ئانىلارنى ھەر ۋاقىت تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئىگىلمەس - سۇنماس روھتا ئۆز بالىسىنى پىلان بويىچە

سەممىي - ساداقەتلىك بىلەن تىرىشىپ تەربىيىلەپ چىقىشقا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرالايدۇ.

## ئوغلۇمنىڭ كۆپ تەرەپلىمە قىزىقىشىنى قانداق يېتىلدۈردۈم

كۆپچىلىك مېنىڭ شۇنچىۋالا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، كارلىنى تەربىيىلىگەنلىكىم ھەم مەشىق قىلدۇرغانلىقىمغا قاراپ، چوقۇم كارلىنىڭ تۇرمۇشى زېرىكىشلىك ئىكەن، دەپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن مول مەزمۇنلۇق ئىدى. چۈنكى، مەن ئۇنى كۆپ تەرەپلەردىن خۇشاللىققا ئېرىشتۈرۈشكە ئىنچىكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ئىدىم.

بالىنىڭ خۇشاللىقلىرى ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى كىتاب ئوقۇش، بىراق بالىلار ئوقۇيدىغان كىتابلارنى تاللاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. بىر ئادەمنىڭ قانداق كىتابقا ئامراق بولۇشى ھەمىشە ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم قانداق كىتاب ئوقۇغانلىقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ، شۇنداقلا بالىلىق مەزگىلىدە ئوقۇغان كىتاب ھەمىشە بىر ئادەمنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەن ئوغلۇمنى كىتاب ئوقۇشقا يېتەكلەشتە، بەزى كىچىك ھۇنەرلەرنى ئىشلەتتىم. بالىلار، بولۇپمۇ يېشى كىچىك بالىلار باشقىلارنىڭ ھېكايە ئېيتىپ بېرىشىگە ئامراق كېلىدۇ. مەن ھېكايە ئېيتىپ بېرىشنىڭ مۇھىملىقىنى بايقاپ قالدىم. ئۇ، بالىنىڭ بىلىمىنى موللاشتۇرۇپلا قالماستىن، يەنە بالىنىڭ تېخىمۇ كۆپ كىتاب ئوقۇشىغا كۆۋرۈك بولالايدۇ. مەن ئوغلۇمغا ھېكايە ئېيتىپ بەرگەندە، ھەمىشە زوق - شوخ بىلەن

ھېسسىياتنى تولۇق ئىپادىلەپ، ئوبرازلىق ۋە جانلىق تىل بىلەن قول ئىشارەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ھەمدە مۇبالىغىلەشتۈرۈپ سۆزلەپ بېرەتتىم. بەزىدە ھەتتا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ھېكايىدىكى پېرسوناژلارنىڭ بەدەن قىياپىتىنى دوراپ، ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولاتتىم. ئوغلۇم ھېكايىنى ناھايىتى ئىشتىياق بىلەن ئاڭلايتتى. دائىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي پۇت - قوللىرىنى مەن بىلەن تەڭ ھەرىكەتلەندۈرەتتى. بىراق. مەن دائىم ھېكايىنىڭ ئەڭ قىزىقارلىق يېرىگە كەلگەندە توختىۋالاتتىم ھەمدە بۇ ھېكايىنىڭ قايسى كىتابتىن ئېلىنغانلىقىنى ئوغلۇمغا دەپ بېرىپ، ئۇنى كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق خۇشاللىققا ئېرىشىشكە رىغبەتلەندۈرەتتىم.

كارلىنىڭ خۇشاللىقى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. ئۇ مۇزىكىدىنمۇ خۇشاللىققا ئېرىشەلەيتتى. شائىر گيوتى: «پەرۋەردىگارنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان گۈزەللىك سېزىمىنى يوقىتىپ قويماسلىقىمىز ئۈچۈن، ھەر كۈنى ئازراق بولسىمۇ مۇزىكا ئاڭلاپ تۇرۇشىمىز، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشىمىز، رەسىم كۆرۈپ تۇرۇشىمىز كېرەك» دېگەن ئىدى. شۇڭا، بالىغا مۇزىكا سېزىمىنى بىلدۈرۈش ناھايىتى مۇھىم. بەزىلەر، «ناخشىغا ئۇستا ئادەملەرنىڭ ئۆمرى ناخشا ئوقۇيالمايدىغانلارنىڭ ئۆمرىدىن ئۇزاق بولىدۇ» دېيىشىدۇ. بۇ، ناخشىچىنىڭ ھەمىشە خۇشال تۇرغانلىقىدىن بولسا كېرەك. سەپرا مىجەز بالىلار ناخشا ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرسە، خۇشال - خۇرام بولالايدۇ. بىز ھەممە ئادەمنى مۇزىكانت بولسۇن دېيەلمەيمىز، بۇنداق بولۇشىنىمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. ئەمما، ئىنسانچىلىقتا پەقەت مۇزىكا بىلمەسلىك ھەرگىز بەخت ئەمەس. ئۆزى مۇزىكا چېلىشنى بىلمىگەن تەقدىردە، ھېچبولمىغاندا ھوزۇرلىنىشنى بىلىشى كېرەك. شۇڭا، بەزى بالىلارغا ئامال قىلىپ بەزى

مۇزىكىلارنى ئۆگىنىش كېرەك. بەزىلەر بالىسىنىڭ مۇزىكانت بولۇشىنى ئويلىمىغاچقا، ئۇنىڭغا مۇزىكا ئۆگىنىش ۋاقتىنى ئىسراپ قىلغانلىق دەپ قارايدۇ، بۇ خىل قاراش خاتا. ھېچقانداق سەنئەت بولمىغان ھايات بەئەينى قاقاس دالىغا ئوخشىشىدۇ. بالىلارنىڭ بىر ئۆمۈر بەختلىك ياشىشى، تۇرمۇش مەزمۇنىنىڭ مول بولۇشى ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارنى ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتىن تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتى بار.

مېنىڭچە، ئىنسانچىلىقتا مۇزىكا بىلىش ناھايىتى بەخت. ئوغلۇم كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ، مەن ئۇنىڭدا مۇزىكىدىن ھوزۇرلىنالايدىغان ئاڭنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشقان ئىدىم. ئالدىنقى بابلاردا ئېيتقاندەك، ئوغلۇم تۇغۇلۇپ ئۇزاققا قالمايلا، مەن نوتىدىكى يەتتە ئاھاڭ چىقىدىغان كىچىك قوڭغۇراق سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا چېلىپ بەرگەن. ئايالىمۇ ئۇنىڭغا ناخشا ئوقۇپ بەرگەن. ئوغلۇم «ئا، ب، س، . . .» نىڭ ئوقۇلۇشىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا نوتىنىڭ ئوقۇلۇشىنى ئۆگەتكەن ھەم دائىم مۇشۇنىڭغا دائىر ئويۇن ئوينىغان ئىدۇق. كونكرېت ئويناش ئۇسۇللىرى مۇنداق ئىدى: ئۆي ئىچىگە بىر نەرسىنى يوشۇرۇپ قويۇپ، ئوغلۇمنى تاپقىلى سالاتتىم. بۇ، ئوغلۇم بىلەن دائىم ئوينايدىغان ئويۇن بولۇپ، مەن بۇ چاغدا پىئانىنو ئىشلىتەتتىم. بۇنىڭ بىلەن ئۆيىمىز تېخىمۇ شاد - خۇراملىققا چۆمۈپ كېتەتتى. مەسىلەن، ئوغلۇم ھېلىقى نەرسىنى يوشۇرۇپ قويغان جايغا يېقىنلاشقاندا، مەن «خەتەرلىك»، «خەتەرلىك» دېمەي، بەلكى پىئانىنونى پەس ئاۋازدا چالاتتىم. ئەگەر ئوغلۇم ھېلىقى نەرسە يوشۇرۇپ قويۇلغان جايدىن يىراقلاپ كەتسە، پىئانىنونى يۇقىرى ئاۋازدا چالاتتىم. ئوغلۇم چىقىۋاتقان ئاۋازنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە دىققەت قىلمىسا، يوشۇرۇپ قويغان ھېلىقى نەرسىنى ئاسان

تاپالمايتتى. بۇ ئۇسۇل ئوغلۇمنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىنى مەشىق قىلدۇرۇشتا ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولغان ئىدى.

بالىلار رىتىملىق ئاۋازلارنى ئاڭلاشقا ئامراق. مەن ئوغلۇمنى مۇشۇ تەرەپتىن باشلاپ مەشىق قىلدۇردۇم. ئوغلۇمنىڭ تېخى تىلى چىقماستىنلا، مەن چاۋاك چېلىش ئارقىلىق ئوغلۇمنى چاۋاكقا كۆندۈرگەن ئىدىم. ئۇزاق ئۆتمەي كىچىك دۇمباق سېتىۋېلىپ، چاۋاك چېلىش ئۇسۇلى بويىچە ئۇنىڭغا دۇمباق چېلىشنى ئۆگەتتىم. يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن، كىسلوفون سېتىۋېلىپ ئۇنى چېلىشنى ئۆگەتتىم. مۇزىكا چېلىش ئويۇنىمۇ شۇنىڭدىن تارتىپ باشلىدۇق. مەن تامدىكى مۇزىكا نوتىلىرىنى كۆرسەتسەم، ئوغلۇم شۇنىڭغا ئاساسەن پىئانىنونىڭ تىلىنى باساتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەككە ئاۋازلىق ئاددىي مۇزىكىلارنى چالالايدىغان بولدى. ئوغلۇم كىچىكىدىن باشلاپلا پىئانىنو قاتارلىق چالغۇلارنى ئويناشقا ئامراق ئىدى. مەن پۇرسەتنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى مۇزىكا مەشىق قىلىشقا ئىلھاملاندۇردۇم، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ياردىمىمدە ھەر خىل ئاھاڭلارنى ئىشلىيەلەيدىغان بولدى. ئوغلۇم ئۆزى ئىجاد قىلغان نۇرغۇن مۇزىكىلارنى خاتىرىسىگە يېزىۋالاتتى. بۇمۇ ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى كۈندىلىك خاتىرىسىگە ئوخشاش بولۇپ، كەلگۈسىدە ئۇنى كۆرۈشمۇ بىر خىل خۇشاللىنارلىق ئىش.

ئوغلۇمغا پىئانىنو مەشقى ئۆگەتكەندە، مەن ماھارەتكىلا ئەھمىيەت بېرىش ئۇسۇلىغا قارشى ئىدىم. مېنىڭ بىر دوستۇم ئوغلى ئۈچۈن مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلغان ئىدى. بىر يىل ئىچىدە، بالىغا ماھارەت مەشقىلا ئۆگىتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بالا مۇزىكا چېلىشنى ئۆگىنەلمەكتە يوق، ئەكسىچە مۇزىكىدىن زېرىكىشكە باشلاپتۇ. ئۇ بالىغا ئىسكىرىپكا ئۆگەتكەن

ئوقۇتقۇچى مەن قوللانغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللانماپتۇ. ئوغلۇم ئىسكىرىپكا مەشىق قىلغاندا، مەن ھەممىشە پىئانىنو بىلەن تەڭكەش قىلىپ بېرەتتىم. شۇڭا، ئوغلۇم مۇزىكىنى خۇشاللىق بىلەن ئۆگەنگەن ئىدى. نەتىجىدە ئۇ پىئانىنو، ئىسكىرىپكا چېلىشتا ئوخشاشلا كۆزگە كۆرۈندى.

## قانداق قىلغاندا، بالىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغىلى ۋە ئۇنى سوئال سورايدىغان قىلغىلى بولىدۇ

كارلنىڭ قىزىقىشىنىڭ شۇنچىۋالا كۆپ بولۇشى ۋە ئۇنىڭ تۇرلۇك پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشىغا قاراپ، يۈزە قاراشتىكى بىر قىسىم كىشىلەر بەلكى كارلنى شىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈشتىن باشقا ئىشلارنى قىلالمايدىغان بالا، دەپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇلار ھەتتا كارلنى قارىيلارچە بىلىمى ۋە بەزى چەت ئەل تىللىرىنى بىلگەندىن باشقا ھېچنېمە بىلمەيدۇ، دەپ ئويلىشى مۇمكىن.

ئەمما، ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئوغلۇمنى بىلىدىغان كىشىلەرگە مەلۇمكى، كارلنىڭ كىتاب شىرەسى ئالدىدا ئولتۇرىدىغان ۋاقتى باشقا ھەرقانداق بالىلارنىڭكىدىن ئاز. ئەمەلىيەتتە ئۇ، كۆپ ۋاقتىنى ئويۇن ئويناش ھەم ھەرىكەت قىلىشقا سەرپ قىلىدىغان ئىنتايىن ساغلام، تېتىك بالا ئىدى. ئۆگىنىش جەھەتتە، ئۇ چەت ئەل تىلى ئۆگەنگەندىن باشقا، بوتانىكا، زوئولوگىيە، فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەرنى بىمالال ئۆگەنگەن ئىدى. كۆپچىلىك مېنىڭ قانداق ئۆزگىچە تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوغلۇمنى

بىمالال ھالدا مۇنچىۋالا مول بىلىملەرگە ئىگە قىلغانلىقىمنى بىلگۈسى كەلگەندۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، مېنىڭ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلۇمدىكى مەخپىيەتلىك بولسا، بالىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ، ئۇنى كۆپ سوئال سورايدىغان قىلىشتىنلا ئىبارەت.

ئوغلۇم 3 — 4 ياشلارغا كىرگەندە، مەن ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك ناشتىدىن بۇرۇن ئۇنى ئېلىپ، 1 — 2 سائەت سىرتلارنى ئايلىناتتىم، لېكىن سىرتتىكى سەيلىمىز بىكار ئۆتمەيتتى. بىز بىر ياقتىن پاراڭلاشقاچ، بىر ياقتىن ئايلىناتتۇق. مەسىلەن، مەن ھەمىشە بىرقانچە قىزىقارلىق مەسىلىلەرنى تۇتۇۋېلىپ، ئوغلۇمغا دەپ بېرەتتىم، ئۇنىڭ تەپەككۇرى جانلىنىپ، تەسەۋۋۇرى موللىشىپ كېتەتتى - دە، سۆزلەپ بەرگەنلىرىمنى بويلاپ، گاھ دېڭىز سەپىرى ئارقىلىق ھىندىستان، جۇڭگوغا بارسا، گاھ نىل دەرياسىغا باراتتى؛ گاھ ئاپئاق قار - مۇزلارغا پۈركەنگەن شىمالىي قۇتۇپقا ئېكسپېدىتسىيە قىلسا، گاھ خۇش پۇراقتا تولغان سەيلۇن (سىرىلانكا) ئورمانلىقىنى ئايلىناتتى. بەزىدە يەنە نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى تارىخنىڭ ئىزىنى قوغلاپ، سپارتاكچىلارغا ئەگىشىپ تېروپا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلسا؛ بەزىدە ئۇدخۇئىسنىڭ كېمىسىگە ئولتۇرۇپ، نامەلۇم دېڭىزدا ئېزىپ كېتەتتى. بەزىدە ئىسكەندەر قوشۇنىغا ئەگىشىپ، يىراق ئوكيانغا سەپەر قىلاتتى.

ئەنە شۇنداق سەيلە قىلىش داۋامىدا، ئوغلۇمنىڭ تارىخ ھەم جۇغراپىيە بىلىملىرىگە ئاساس سېلىنغان ئىدى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىز دەل - دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەر قويۇق ئۆسكەن تاغ يولىدا ماڭاتتۇق. ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا نامىنى ئۇقمايدىغان بەزى ياۋا گۈللەر ئۇچراپ قالاتتى. مەن بىرەر گۈلنى ئۈزۈپ: «ئوغلۇم، تېز كەل، بىز بۇ گۈلنى بىللە كۆزىتەيلى» دەيتتىم.

ئوغلۇم ھەيرانلىق بىلەن يېنىمغا كېلەتتى. مەن بىر تەرەپتىن گۈلنى ئۇنىڭغا كۆرسەتسەم، يەنە بىر تەرەپتىن گۈلنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ رولىنى سۆزلەپ بېرەتتىم. مەن ئۇنىڭغا گۈل بەرگى، گۈل چېچىكى، گۈل ئاتلىقى قاتارلىقلارنى كۆرسەتەتتىم؛ گۈل چېچىكىنىڭ شامال ئارقىلىق تارقىلىدىغانلىقىنى، ئۇ بولمىسا، چېچەكنىڭ مېۋىگە ئايلانمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتىم. بەزىدە ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن بىرەر تال چېكەتكە تۇيۇقسىز چىقىپ قالاتتى. مەن ئۇنى تۇتۇۋالاتتىم ۋە ئىككىمىز زوڭ ئولتۇرۇپ، بۇ ھاشاراتنى تەتقىق قىلاتتۇق. مەن چېكەتكىنىڭ تەن قۇرۇلۇشى، ياشاش ئادىتى، كۆپىيىشى ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئوغلۇمغا بىلگىنىمچە سۆزلەپ بېرەتتىم. شۇنداق قىلىپ، بىر تال تاش، بىر تۇپ ئوت - چۆپ قاتارلىق نەق خام ماتېرىياللار ئارقىلىق ئوغلۇمنى ئەڭ جانلىق ئۇسۇلدا تەربىيىلەيتتىم. بۇ، مەكتەپلەردە ئۆتۈلىدىغان ئۆلۈك ھالدىكى بوتانىكا بىلىملىرىدىن كۆپ ئەھمىيەتلىك ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، كۆڭۈل قويسىلا تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئوت-چۆپلەرنى تەلىم - تەربىيىنىڭ خام ماتېرىيالى قىلىشقا بولىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدا يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بالىلارنىڭ بىلىش ۋە دىققەت ئوبيېكتى بولالايدۇ. دۇنيادا تەبىئەتتىنمۇ ياخشى ئوقۇتقۇچى يوق. ئۇ ئادەمگە چەكسىز بىلىم بېرەلەيدۇ. ئەمما، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار ۋە بالىلار ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنالمايدۇ.

ھەر قېتىملىق ھېيت - بايرامدا مەن ئوغلۇمنى داللارغا ئېلىپ باراتتىم. بىرەر تال گۈل ۋە بىرەر تۇپ ئوت - چۆپنى ئۈزۈۋېلىپ، ياكى بىرەر تاغ جىنسلىرىنى پارچىلاپ ئۇنى كۆزىتەتتۇق. قۇشلارنىڭ ئۇۋۇلىرى، ھاشاراتلارنىڭ تۇرمۇش

ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تەكشۈرەتتۇق. مەن مۇشۇ نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ ئوغلۇمغا بوتانىكا، زوئولوگىيە، مىنېرالوگىيە فىزىكا، خىمىيە، گېئولوگىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىق تۈرلۈك پەن ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان قىزىقارلىق ھېكايىلارنى سۆزلەپ بېرەتتىم. كارل ئۆسۈملۈكلەرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ توپلىغان ئەۋرىشكىلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئۇ يەنە مىكروسكوپ ئارقىلىق تۈرلۈك نەرسىلەرنى كۆزىتىش بىلەن بىرگە، ھەر خىل شەيئىلەرگە ئالاقىدار قىزىقارلىق خاتىرىلەرنى قالدۇراتتى. دەسلەپتە ئوغلۇم كېپىنەك قۇرتىدىن ئىنتايىن قورقاتتى. مەن ئۇنىڭغا بۇ قۇرتنىڭ چىرايلىق كېپىنەككە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ قورقمايدىغان بولدى. مەن ئۇنىڭغا يەنە چۈمۈلە ۋە ھەسەل ھەرىسىنىڭ تۇرمۇش قانۇنىيىتىنى سۆزلەپ بەردىم. ئوغلۇم ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ تۇرمۇشىغا ناھايىتى قىزىقتى. كېيىنچە، سېرىق ھەرە بىلەن گۈل ھەرىسىنىڭ تۇرمۇشىنى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىپ، خېلى ياخشى ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقتى.

نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ ناچار قىلىقلىرىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. مېنىڭچە، بالىلارنىڭ ناچار قىلىقلىرى كۆپ ھاللاردا، زېھنىنى قەيەرگە سەرپ قىلىشنى بىلمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ شۈبھىسىزكى، زېھىن ئىسراپچىلىقىدۇر. مەن ئۇلارغا بالىسىنى تەبىئەت بىلەن ئۇچراشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىمەن. بۇنداقتا ئۇ، يامان ئىشلارنى قىلمايدىغان بولىدۇ، شۇنداقلا تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىش بالىلارنىڭ قەلبىنى پاك قىلىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاق كۆڭۈل، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ كىشىلەردۇر. تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىش — بالىنىڭ تەن سالامەتلىكىگە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، مەنىۋىيىتىنىمۇ

جانلاندۇرىدۇ. شەھەرلىك باللارنىڭ كۆپىنچىسى تەبىئەتتىن يىراق بولۇپ، ساپ ھاۋادىن تولۇق نەپەسلىنەلمىگەچكە، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى ناچار، مىجەزى غەيرىي كېلىدۇ. مەن ئوغلۇمنى تەبىئەت بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتۇراتتىم. ئۆيىدىكى چاغدا، ئۇنىڭغا باغدىكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، گۈل - گىياھ، ياڭيۇ ئۆستۇرۇشكە سالاتتىم. ئوغلۇم بۇنداق ئىشلارنى قىلغىلى ئامراق ئىدى. ھەر كۈنى ئۇلارنى سۇغىراتتى ۋە ئوتايتتى، ئۇلارنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى كۆزىتەتتى. ئۇ، بۇنداق ئىشلارغا بەكمۇ قىزىقاتتى ۋە خۇشاللىق ھېس قىلاتتى. ھەر يىلى يازدا ئۇنى تاغدىكى ئورمانلىققا ئېلىپ بېرىپ، بىر مەزگىل تۇرۇپ كېلەتتىم. ئورمانلىق بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ ياخشى دەرسلىك. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى مەن ئوغلۇمنى ئورمانلىققا ئېلىپ بېرىپ ئوينىتاتتىم، ئورمانلىقتا تەبىئەتكە بېغىشلانغان شېئىرلارنى ئوقۇپ بېرەتتىم. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ساپ ھاۋادىن نەپەسلەنگەچ، تىپتىنچ مۇھىتتا قەدىمكىلەرنىڭ شېئىرلىرىنى ئەركىن دېكلاماتسىيە قىلىش ئىنتايىن خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى. كارل يەنە قۇش باققان ئىدى. ئۇنىڭ بىر جۈپ ئالتۇن پەيلىك قۇشقىچى بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى جۇخار گۈل، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى نىنىدا ئىدى. ئۇ، قۇشقاچلىرىغا تۇرلۇك قىلىقلارنى ئۆگىتەتتى. ئۇلار ئىسكىرىپكا ئاۋازىغا ئەگىشىپ سايرايتتى ھەم ئۇنىڭ ئالقىنىدا تۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. ئوغلۇم پىئانىنو چالسا، قۇشقاچلار ئۇنىڭ مۈرىسىگە قونۇپ ئولتۇراتتى. ئۇلارغا كۆزۈڭنى يۇم دېسە، بىر جۈپ كۆزىنى يۇماتتى. كىتاب ئوقۇغاندا، ئۇ بىر بەتنى ئۆرۈ دېسە، ئۇلار كىچىك تۇمشۇقىدا كىتاب بېتىنى ئۆرۈپ بېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە كۈچۈك ھەم ئاسلان باققان ئىدى. ئوغلۇم ئۇلارنىڭ يېمەكلىكلىرىنى تەڭشەشكە، سۇ بېرىشكە

ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ دىققەت ھالىتى ۋە مېھرىبانلىقى يېتىلگەن ئىدى.

## قاچىلاپ قويۇش شەكلىدىكى تەلىم - تەربىيىنى ھەرگىز قوللانمىدىم

ئوغلۇمنى تەربىيىلەش جەريانىدا مەن ھەرگىزمۇ قاچىلاپ قويۇش شەكلىدىكى ئۆگىتىش ئۇسۇلىنى قوللانمىدىم، بەلكى بۇ خىل تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىغا ئىنتايىن ئۆچ ئىدىم.

مېنىڭچە، قاچىلاپ قويۇش شەكلىدىكى ئۆگىتىش ئۇسۇلى خۇددى دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىغا سۇ سەپكەندەك ئىش بولۇپ، سۇ ھەرگىزمۇ دەرەخنىڭ يىلتىزىغا يېتىپ بارالمايدۇ. ئۇنداقتا، دەرەخ قانداقمۇ يېتەرلىك نەملىككە ئېرىشەلىسۇن؟ بىلىمنى مېڭىگە قاچىلاپ قويۇش شەكلىدىكى ئۆگىتىش ئۇسۇلىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېسسىي بىلىش ئىقتىدارى يوقىلىپ كېتىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ قوبۇل قىلغىنى ئابستراكت قائىدە ۋە فورمۇلا بولۇپ، ئۇلارنى ئوقۇغۇچىلار ھەقىقەتەن چۈشەنمەيدۇ. بۇ خىل تەلىم - تەربىيە خۇددى ئائىلىدە باققان بىر ھايۋاننىڭ ئاغزىغا كۆپچىلىك بەس - بەس بىلەن بىر نەرسىلەرنى تىقىۋېرىپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئاغزىنى تولدۇرۇۋەتكەن بىلەن ئوخشاش ئىش. بىلىمنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا قاچىلاپ قويغاندا، بالا ئۆلۈك ھالدىكى بىلىملەرنىلا قوبۇل قىلغۇچىغا ئايلىنىپ، بالىنىڭ ھەزىم قىلىشى تەس بولىدۇ ھەم كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئۆگىنەلمەيدۇ. مەن ئوغلۇمنى بۇ خىل كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلىسەم بولمايتتى.

مېنىڭ قوللانغان تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلۇم شۇكى، ئالدى

بىلەن بالىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش، ئاندىن ئۇنىڭ قىزىقىشىغا ماس ھالدا مۇۋاپىق ۋە جايىدا تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەن ئەزەلدىن بالىغا سىستېمىلىق تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بارمىدىم، ئەزەلدىن ئۇنىڭغا قايسىسى بوتانىكا، قايسىسى زوئولوگىيە ھەققىدىكى مەسىلىلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتىن ئىلگىرى سۆزلەپ يۈرمىدىم، ياكى دەرسلىككە ئاساسەن بەزى ئاساسىي بىلىملەرنى ئۇنىڭغا ئۆگەتمىدىم. بۇنداق قىلىش بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ئادىتىگە ماس كەلمىگەچكە، مەن قەتئىي ئۇنداق قىلمىدىم.

ئوغلۇم بىلەن سىرتلارنى ئايلانغاندا، مەلۇم نەرسىلەر ئوغلۇمنىڭ دىققىتىنى تارتسا، شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان بىلىملەرنى ئۆگىتەتتىم. شۇڭا، ئوغلۇم كېيىن زوئولوگىيە ۋە بوتانىكىغا دائىر كىتابلارنى كۆرگەندە، ئۇ كىتابتىكى مەزمۇنلارنى ناتونۇش ھېس قىلماي، بەلكى ناھايىتى ئاسانلا بىلىۋالدى. ئۇنىڭغا خەرىتە سىزىشنى ئۆگەتكىنىمنى مىسالغا ئالاي: ئەسلىدە ئوغلۇم جۇغراپىيە ھەققىدىكى بىلىملەرنى بىلمىگەچكە، ئۇنىڭ خەرىتىدىكى ئۇقۇملارنى چۈشىنىشى ناھايىتى تەس بولدى. ئۇ، ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەندە، ئەگەر جۇغراپىيە دەرسلىكىدىكى نەرسىلەرنى ئۆگەتكەن بولسام، ئۇنىڭدىن ئاسانلا رايى قايتقان بولاتتى. مېنىڭ ئۆگىتىش ئۇسۇلۇم شۇنداق بولدىكى، جۇغراپىيە دەرسى توغرىسىدىكى تەربىيىنى چوقۇم ئوغلۇمنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتتىن باشلىدىم. بۇنىڭ بىلەن ئوغلۇمدا جۇغراپىيە ئۇقۇملىرىغا نىسبەتەن بىۋاسىتە جانلىق بىلىش بارلىققا كەلدى. ئۇ چاغلاردا ۋاقتىم بولسىلا، ئوغلۇمنى ئېلىپ ئەتراپتىكى كەنتلەرنى ئايلىناتتىم. ئۇنى ئوخشاشمىغان يەر شەكلى، يەر ھالىتى ۋە دەريا - ئېقىنلارنىڭ يۆنىلىشى، ئورمانلىقلارنىڭ جايلىشىشى

قاتارلىقلارنى كۆزەتكىلى سالاتتىم. بۇ ھەقتە تولۇق چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، ئىككىمىز نەچچە يۈز چاقىرىملىق دائىرىنى تامامەن دېگۈدەك ئايلىنىپ چىقاتتۇق. ئوغلۇم بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن ئويناشقا ناھايىتى قىزىقاتتى، ئەزەلدىن ھاردىم - تالدىم دەپ ۋايسىمايتتى. كەچتە ئۆيگە قايتقىنىمىزدا، ئۇ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىدىن بىرنى قالدۇرماي ئانىسىغا سۆزلەپ بېرەتتى، ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىت توغرىسىدىكى بايانلىرى توغرا چىقاتتى.

ئەمەلىي ئورۇندا بىر مەزگىل مۇشۇنداق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، قوشنا كەنتنىڭ ئەھۋالىنى ئاساسەن ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئوغلۇمغا قەغەز - قەلەم ئالدۇرۇپ، كەنتىمىزدىكى بىر ئېگىز مۇنارغا چىقتۇق. مۇناردا تۇرۇپ يىراققا قارىسا، بىز ماڭغان يەرلەر كۆز ئالدىمىزغا بىر - بىرلەپ ئايان بولاتتى. مەن ئەتراپتىكى جايلارنىڭ نامىنى ئوغلۇمدىن پات - پات سوراپ، ئوغلۇمنىڭ بىلمىگەن جايلىرى بولسا چۈشەندۈرۈپ قويدۇم. ئۇ، ئومۇمىي ئەھۋالنى چۈشىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن مۇشۇ ئەتراپنىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىشنى تەلەپ قىلدىم، تەييارلىق خىزمەتلىرى بىرقەدەر تولۇق ئىشلەنگەچكە، ئۇ سىزغان خەرىتە ئاساسەن توغرا چىقتى. ئاندىن مەن ئوغلۇمنى ئېلىپ، يەنىلا ئەسلىدىكى يولنى بويلاپ ئايلاندىم. يولدا ماڭغاچ ئۇ خەرىتىگە يول، ئورمان، دەريا - ئېقىن، ئېدىرلىق قاتارلىقلارنى چۈشۈردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ، قوشنا كەنتنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى. بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن، ئىككىمىز كىتابخانىغا بېرىپ بۇ جاينىڭ خەرىتىسىنى سېتىۋېلىپ كەلدۇق، ئوغلۇم ئۆزى سىزغان خەرىتە بىلەن كىتابتىكى خەرىتىنى سېلىشتۇرۇپ، خاتا جايلىرىنى تۈزەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوغلۇم

تۇنجى قېتىم ئۆزى سىزغان خەرىتىگە ئېرىشتى. ئايالىم بۇنىڭدىن ناھايىتى پەخىرلىنىپ، ئۇ سىزغان خەرىتىنى جازىغا ئېلىپ مېھمانخانىغا ئېسىپ قويۇپ، خېلى كۆپ مېھمانلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. ئۇلار بۇنداق ياخشى خەرىتىنى بەش ياشلىق بالىنىڭ سىزغانلىقىغا ئىشىنەلمىدى. شۇنداق قىلىپ، مەن ئوغلۇمغا چۈشىنىش تەس بولغان خەرىتە ئۇقۇمىنى تەدرىجىي ئۆگەتتىم، شۇنداقلا خەرىتە سىزىش ئوغلۇمنىڭ ئەڭ چوڭ قىزىقىشلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. كېيىن ئۇ قەيەرگە ساياھەتكە بارسا، شۇ يەرنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقالايدىغان بولدى.

ئوغلۇمغا زوئولوگىيە، بوتانىكا ھەم جۇغراپىيىگە ئائىت بەزى ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگەتكەندىن كېيىن، مەن يەنە ئوخشاش ئۇسۇل ئارقىلىق فىزىكا، خىمىيە ھەم ماتېماتىكا قاتارلىق بىلىملەرنى ئۆگەتكەن ئىدىم. ئاسترونومىيىنى مېزىبۇرگتىكى ئاقسۆڭەك سېكېندروف ئۆگەتكەن ئىدى. ئىلگىرى ئوغلۇمنى ئاسترونومىيىگە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن، مەن ئەپسانە - رىۋايەتلەرگە دائىر كىتابلارنى كۆپلەپ ئوقۇتقان ھەم ئۇنى رەسەتخانىغا ئېلىپ بېرىپ، تېلېسكوپ ئارقىلىق ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزەتكۈزگەن، بىرقانچە ئاسترونوم بىلەنمۇ دوست بولۇشقان ئىدۇق. ئۇلار ئوغلۇمغا ئاسترونومىيىنىڭ ھەيران قالارلىق ۋە قىزىقارلىق تەرەپلىرىنى ئېيتىپ بېرىپ، ئوغلۇمنى ئاسترونومىيە ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈردى.

گراف سېكېندروف ھەم ئاقسۆڭەك، ھەم قالتىس ئىلىم ئەھلى بولۇپ، ئالىيجاناپ روھقا ئىگە ئىدى. ئىلگىرى مەن ئۇنىڭ بىلەن ئانچە تونۇشمايتتىم. ئادەتتە ئۇنىڭ ئائىلىمىز بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ئۇ، ئوغلۇمنىڭ ئاجايىپ تالانتىغا ھەۋەس قىلىپ، كۆرگىلى كەلگەندىلا، بىز

ئۆزئارا تونۇشقان ئىدۇق. ئۇ، ئوغلۇم بىلەن ئۇچرىشىپلا تولىمۇ ھەيران قالدى. چۈنكى، ئۇ كارلىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ كىشىلەر دەپ يۈرگەندىكىدىنمۇ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بايقىغان ئىدى. گراف سېكېندروف تالانتلىقلارنى جېنىدىنمۇ ئەزىزلەيدىغان ئادەم بولغاچقا، ئوغلۇمنى ئائىلىسىگە چاقىرىپ، ئۆزىنىڭ تېلېسكوپى ئارقىلىق ئاسترونومىيىنى ئۇنىڭغا ئۆگەتتى. گراف سېكېندروف ئىلىمنى قەدىرلەيدىغان كىشى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆيىدە ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش سايمانلىرىدىن باشقا، يەنە فىزىكا ۋە خىمىيىگە ئائىت نۇرغۇن تەجرىبە سايمانلىرى ھەم سانسىزلىغان ھەر خىل ياخشى كىتابلار بار ئىدى. ئۇ، كارلىنىڭ بۇ كىتاب ۋە سايمانلاردىن پايدىلىنىشىغا كەڭ قوللۇق بىلەن يول قويدى، شۇنداقلا كارلىنىڭ ئۆزى ئارزۇ قىلغان نۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىلىشىگە ياردەم قىلدى. شۇڭا، كارلىنىڭ بۈگۈنكىدەك نەتىجىلەرگە ئىگە بولالىشى مانا مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل زاتلارنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ.

## ئوغلۇم بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردۇم

بەزى كىشىلەرنىڭ بالىلار بالىلىق مەزگىلىدە ئويناشقىلا قىزىقىدۇ، دېگەن قارىشى نوقۇل ھالدىكى بىر تەرەپلىمە چۈشەنچىدىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە، بالىلارنىڭ ئەقىل سوراش روھى 2 — 3 يېشىدىن باشلاپلا بىخلىنىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى بولسا، بالىلار دەسلەپتە چوڭلاردىن سورايدۇ، سورايدىغان سوئاللىرى بارغانسېرى كۆپىيىدۇ،

شۇنداقلا غەلىتە بولىدۇ. بۇ، خۇشاللىنىشقا ئەرزىيدىغان ئىش بولۇپ، بالىلارنىڭ دۇنيا توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىشقا باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمما، كۆپلىگەن ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ سوئال سورىشىدىن ھاياجانلانماقتا يوق، ئەكسىچە زېرىكىش ھېس قىلىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. ئۇلار بالىسى سورىغان سوئاللارنىڭ كۆپىنچىسىگە بىپەرۋالىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، سەۋرچانلىق بىلەن يېشىپ چۈشەندۈرمەيدۇ. بۇ، خاتالىق ئۇستىگە خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىك، بۇ خىل پوزىتسىيە ئەمەلىيەتتە بالىلارنىڭ ئەقىل سوراش روھىنى باسقانلىق. بىلىش كېرەككى، بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئەمدىلا بىخ چىقىرىشقا باشلىغاندا، بىز بالىلارنىڭ ئوينىشىغا مۇۋاپىق ئوبيېكتلارنى تاللاپ بەرمىسەك، ئۇلارنىڭ ئەمدىلا بىخلانغان ئەقىل سوراش روھى بىكاردىن ـ بىكارغىلا تۈگىشىپ كېتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىل ئادەتنى ھەرقانداق ئاتا ـ ئانىنىڭ كۆرۈشنى خالىمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەمما، ھازىرقى ئەمەلىيەت شۇكى، دەل ئاشۇ ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى يوقىتىۋېتىپ، بالىسى مەكتەپكە بارغاندا، ئاندىن ھەيرانۇھەس بولغان ھالدا: «بالامنىڭ نەتىجىسى نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا تۆۋەن؟» دېيىشىدۇ. بۇنداق ئاتا ـ ئانىلار بالىسىدىن ئاغرىنىشنىلا بىلىدۇكى، ھەرگىز ئۆز قىلمىشىنى ئويلىنىپ كۆرمەيدۇ. توغرا پوزىتسىيە شۇكى، ئاتا ـ ئانىلار مەيلى قانچىلىك ئالدىراش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بالىسى نېمىنى سورىسا، شۇنىڭغا جاۋاب بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. بالىغا بىلىم ھەم ئۇسۇل ـ چارە ئۆگەتكەندە، ھەرگىز ئاۋارىچىلىكتىن قورقماسلىقى، ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى، بىپەرۋالىق قىلماسلىقى، قول ئۇچىدا ئىش كۆرمەسلىكى، چوقۇم ھەممىدە ئەمەلىيەتچىل ۋە ئەقىلگە

مۇۋاپىق بولۇش كېرەك. مۇشۇنداق تەربىيىلىگەندىلا، بالىنى ئىجتىمائىي زىددىيەت ھەم نۇقسانلارنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەم قىلىپ تەربىيىلىگىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، بالىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر تەربىيىلىگەن بالا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ياخشى بىلەن ياماننى، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى پەرقلەندۈرەلمىسە، دۇنيا ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزمىسە، تونۇمىسا، بۇنداقلار كۆپەيگەنسېرى، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ يۈكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ - دە، كىشىلەرگە قىلچە مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ.

بىز بىر تەجرىبە ئىشلەپ باقايلى: ئەگەر مەلۇم بىر ئادەمگە قارىتا، ئۇخلىتىش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، ئۇنى بىر خىل پاسسىپ خىيالىي سېزىم ئىچىگە باشلىساق، ئۇ كۆز ئالدىدىكى ئادەم ۋە نەرسىلەرنى كۆرمەيدۇ. ئەگەر بىزنىڭ تەربىيىمىز مۇشۇنداق ئۇخلىتىش خاراكتېرىدىكى تەلىم - تەربىيە بولسا، ئۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىزنىڭ تەربىيىمىز بالىلارنى ھەرگىز پاسسىپ خىيالىي سېزىم ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك. ئوغلۇمنى تەربىيىلەشتىكى ھەقىقىي مەقسىتىم — ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسەت كۆزىنىكىنى ئېچىپ، جەمئىيەتتىكى يامان ئىشلارنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتەلەيدىغان، ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە نۇقسانلارنى بايقىيالايدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بىز ئىنسانلارنىڭ غايىسى ھەرگىزمۇ ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىمىزغا ئوخشاش ئۆزىمىزنىڭ قىپيالىڭاچلىقىمىزنى بىلمەي، جەننەتتە خۇشال - خۇرام ياشاش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. شۇڭا، مەن ئوغلۇمنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن قارىغۇلارچە ئۈمىدۋارلاردىن بولۇپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتىم. بۇ

نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بالىلارنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى ئىزدىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئۇلارنىڭ ھەربىر سوئالىغا ئاكتىپ جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاتا - ئانىلار يەنە ئۆز ئىمتىيازىغا تايىنىپ، بالىسىنىڭ تەبىئىتىنى باسماسلىقى كېرەك.

بالىلار تۇرلۇك قائىدە - تۈزۈملەرنىڭ چەكلىمىسىگە ۋە ئىمتىيازنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىماسلىقى كېرەك. ئىمتىيازنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغاندا، بالىلارنىڭ پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ئەگەر پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى بولمىسا، مۇستەقىل كۆزقاراش ۋە ئىجادىيەت روھىدىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بالىلاردا ئاجىزلارچە بېشارەت قوبۇل قىلىدىغان پىسخىكا شەكىللىنىپ قالىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، ئىمتىياز بېسىمى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بالىلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا يەنە تۇرلۇك كەمتۈكلۈكلەر پەيدا بولىدۇ. شۇڭا، بالىلارنىڭ پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ، مەيلى تەلىم - تەربىيە جەريانىدا، ياكى ھەرىكەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتە بولسۇن، توغرا بولمىغان رەددىيە ئارقىلىق بالىلارنى ئىمتىيازغا تايىنىپ باسماسلىق كېرەك.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئاتا - ئانىلار ئەۋلىيا ئەمەس، بەلكى ئادەم. ئاتا - ئانىلار دائىم سادىر قىلىدىغان خاتالىق شۇكى، ئۇلار ئۆزى جاۋاب بېرەلمەيدىغان بىرەر سوئالنى بالىسى سوراپ قالسا، ئۆزىنىڭ يۈزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆزى بىلگەنچە خاتا جاۋاب بېرىدۇ، ھەتتا بالىسىغا خالىغانچە ۋارقىرايدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى قوغدايدۇ. مەن ئەزەلدىن مۇنداق قىلمايتتىم.

ئوغلۇم سوئال سورىغان چاغلاردا، ئۇنى ئىلھاملاندۇراتتىم

ھەمدە سەۋرچانلىق بىلەن جاۋاب بېرەتتىم، ھەرگىزمۇ ئۇنى ئالدىمايتتىم. مېنىڭچە، بالىغا خاتا نەرسىلەرنى ئۆگەتكەندىنمۇ ئارتۇق رەزىللىك بولمىسا كېرەك. بۇ خاتالىق بالىنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. چۈنكى، دەسلەپكى تەسىر ھەمىشە ئىنتايىن چوڭقۇر بولىدۇ. شۇڭا، مەن ئوغلۇمنى تەربىيىلەش جەريانىدا، ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغان ۋە قارىماققا توغرا، لېكىن ئەمەلىيەتتە خاتا بىلىملەرنى كۈچۈمنىڭ بارىچە ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ كەلدىم. ئوغلۇمغا مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرگەندە، ئامالىنىڭ بارىچە ئوغلۇم چۈشىنەلەيدىغان قىلىپ سۆزلەشكە تىرىشتىم، شۇنداقلا ئوغلۇمنىڭ شۇ چاغدىكى بىلىمى ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنى، ئۇنىڭ تولۇق قوبۇل قىلالايدىغان - قىلالمايدىغانلىقىنى ئويلاشتىم. چۈنكى، ئاتا - ئانىلار ئۆزى بىلگەنچە زىيادە چوڭقۇر جاۋابلارنى بەرسە، بالىلار چۈشىنەلمەيدۇ. نەتىجىدە بالىلارنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈچ يەنىلا يېشىلمەيدۇ ھەم ئۇلار توختىماي سوراۋېرىپ، ئاتا - ئانىلارنى زېرىكتۈرۈۋېتىدۇ.

مەن ئوغلۇمدىن كۆپ نەرسىلەرنى بىلىمەن دەپ قاراپ، سالاھىيىتىمنى ئۇنىڭ ئالدىدا ئەزەلدىن ئالاھىدە كۆرسەتكەن ئەمەسمەن. ئوغلۇم مەنمۇ بىلمەيدىغان سوئاللارنى سورىغاندا، بىلمەيدىغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلاتتىم. مەسىلەن، بىر قېتىم ئوغلۇم مەندىن ئاسترونومىيىگە ئائىت سوئال سورىۋىدى، مەن سەممىيلىك بىلەن: «بۇنى مەنمۇ ئۇقمايمەن» دەپ جاۋاپ بەردىم. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز بىرلىكتە كىتاب ئاختۇرۇپ ۋە كۇتۇپخانىغا بېرىپ ماتېرىيال كۆرۈپ، بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇردۇق. مەن ئوغلۇمغا: «ئەگەر سەن بۇ سوئالنى سورىمىغان بولساڭ، مەنمۇ بۇنى بۈگۈنگىچە بىلىۋالمىغان بولاتتىم، شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن كۆپرەك سوئال سورا،

ئىككىمىز بىللە ئۆگىنەيلى» دەپ، ئۆز رەھمىتىمنى بىلدۈردۈم. مەن مۇشۇنداق ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرغاچقا، ئوغلۇمنىڭ سورايدىغان سوئاللىرى ئۈزۈلۈپ قالمايتتى.

ئوغلۇم ئازراق چوڭىيىپ، تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىپ، يەنە سوئال سورىسا، مەن دەرھال جاۋاب بەرمەي، ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئويلاندۇرۇپ، جاۋابىنى ئامال بار ئۆزىگە تاپقۇزاتتىم. ئەگەر ئوغلۇمنىڭ جاۋابى مېنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولمىسا، ئۇنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلمىۋەتمەي، بەلكى ئۇنىڭ تەھلىل قىلىپ خاتالىقنى تېپىپ چىقىشىغا ياردەم بېرەتتىم. بەزىدە: «ئەمەلىيەتتە سېنىڭ دېگەنلىرىڭنىڭمۇ ئاساسى بار، بەلكىم مەن خاتالاشقاندىمەن، كىتابتا نېمە دەپ يېزىلغانلىقىغا قاراپ باقايلى» دەيتتىم.

پۈتكۈل تەلىم ـ تەربىيە جەريانىدا مەن ئۆزۈمنى ئوغلۇم بىلەن باراۋەر ئورۇندا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ كەلدىم. شۇ ئارقىلىق ئىمتىيازغا قارىغۇلارچە چوقۇنمايدىغان، ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان روھنى ئۇنىڭغا سىڭدۈردۈم.

## پروفېسسور روزېنبلۇمنىڭ ماتېماتىكا ئۆگىتىش ئۇسۇلى

ئوغلۇمنى تەربىيىلەش جەريانىدا، شۇ نەرسىنى بايقىدىمكى، باللار بارلىق پەنلەر ئىچىدە ماتېماتىكىغا قىزىقمايدىكەن. چۈنكى بوتانىكا، زوئولوگىيە، جۇغراپىيە قاتارلىق باشقا پەنلەرنىڭ ھەممىسىدە تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىش ۋە قىزىقارلىق ئويۇنلار ئارقىلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەنگىلى، باللارنىڭ قىزىقىشىمۇ تەبىئىي ھالدا يۇقىرى

بولىدۇ. ماتېماتىكا نوقۇل ئابستراكت پەن بولۇپ، ئۇنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، ئۆز تەپەككۇر ئىقتىدارىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ، ئويۇنغا ئامراق باللار ئۇنى ئىنتايىن زېرىكىشلىك ھېس قىلىدۇ.

ئوغلۇممۇ دەسلەپتە ماتېماتىكىنى ياقتۇرمايتتى، مەن گەرچە بۇرۇنلا ئويۇن شەكلى ئارقىلىق ئوغلۇمغا ساناق ساناشنى، سانلارنى ھەمدە ئېلىم - سېتىم ئويۇنى ئارقىلىق پۇل ھېسابلاشنى ناھايىتى ئاسان ئۆگەتكەن بولساممۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭغا كەررە ئۆگەتكەندە، ئاۋارىچىلىككە دۇچ كەلدىم، يەنى ئوغلۇم ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۆگىنىشتىن زېرىكتى. شۇنىڭدىن كۆرۈۋالدىمكى، بەش ياشلاردىكى ئوغلۇممۇ ئۆلۈك ھالدا يادلاشنى خالىمىدى. كېيىن مەن كەررىنى ناخشا تېكىستىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئوقۇپ بەرسەم ، ئۇ يەنىلا ياقتۇرمىدى. بۇ چاغدا مەن ھەقىقەتەن ئەندىشە قىلدىم. ئۇ چاغدا ئوغلۇم بەش ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۈچ دۆلەتنىڭ تىلىدا سۆزلىيەلەيدىغان؛ زوئولوگىيە، بوتانىكا، جۇغراپىيە پەنلىرىنى چۈشىنىدىغان؛ ئەپسانە - رىۋايەت، تارىخ، ئەدەبىيات جەھەتتىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكەن ئىدى. لېكىن ئۇ، ماتېماتىكىدا ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، ھەتتا كەررىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭدا دەرسلىككە ئېغىش كۆرۈلدىمۇ - قانداق؟ بۇ خىل ئېغىش كېتىش روشەنكى، مېنىڭ بالا تەربىيىلەش ئارزۇيۇمغا مۇۋاپىق كەلمەيتتى. مېنىڭ ئارزۇيۇم ئوغلۇمنى ھەممە تەرەپتىن تەكشى تەرەققىي قىلدۇرۇش بولۇپ، ئۇنى يارامىلىق تەربىيىلەش بىلەن بىرگە بەختكە ئېرىشتۇرۇش ئىدى. بىر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلغان ئادەم ھەقىقىي بەختلىك ئادەم بولالمايدۇ.

مۇشۇ مەزگىلدە، ئوغلۇمنىڭ ماتېماتىكىغا

قىزىقماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ يۈردۈم، شۇنداقتىمۇ ئوغلۇمغا كەررىنى مەجبۇرىي يادلاتقۇزمىدىم. چۈنكى، مەن مەجبۇرلاشنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىغا ھەم بالىنىڭ مىجەز-خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتىم. مېنىڭ ئەندىشىلىرىم پروفېسسور روزېنبلۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىش ئارقىلىق تۈگىدى. ئۇ، باستېر گرابىسنىڭ ئاغىنىسى بولۇپ، ماتېماتىكا پروفېسسورى ئىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ماتېماتىكا ئۆگىتىش ئۇسۇلى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. بىر قېتىم مەن باستېر گرابىسنى يوقلاپ ئۆيىگە بارغىنىمدا، تەلىيىمگە يارىشا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

پروفېسسور روزېنبلۇم مېنىڭ ئەندىشىلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ: «ئوغلىڭىزنىڭ ماتېماتىكىغا قىزىقىشىنىڭ كەمچىل بولۇشى ھەرگىزمۇ بىر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ ئۆگىتىش ئۇسۇلىڭىزنىڭ ماس كەلمىگەنلىكىدىن بولغان. سىز ماتېماتىكىنى قىزىقارلىق قىلىپ ئۆگىتەلمىگەچكە، ئوغلىڭىز ماتېماتىكا ئۆگىنىشكە قىزىقمىغان گەپ. سىز ئۆزىڭىز تىلشۇناسلىق، مۇزىكا، ئەدەبىيات، تارىخ قاتارلىق پەنلەرنى ياخشى كۆرگەچكە، بۇ ھەقتىكى بىلىملەرنى ئۇنىڭغا قىزىقارلىق ئۇسۇلدا ئۆگىتىپسىز. زوئولوگىيە، بوتانىكا ۋە جۇغراپىيە ئۆگىتىشتىمۇ بىر يۈرۈش چارىڭىز بولغاچقا، ئوغلىڭىز ئۆگىنەلەپتۇ. ئەمما، ماتېماتىكىنى ئۆزىڭىز ياقتۇرمىغاچقا، ئوغلىڭىزغا قىزىقارلىق قىلىپ ئۆگىتەلمەپسىز، ئوغلىڭىزمۇ ئۇنىڭدىن زېرىكىپتۇ» دېدى. ئارقىدىنلا بۇ كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن ماڭا ماتېماتىكا ئۆگىتىشنىڭ بىر يۈرۈش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىپ قويدى. مەن بۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق ئوغلۇمغا ماتېماتىكا ئۆگەتكەندىن كېيىن، ئۇنۇمى

ئىنتايىن ياخشى بولدى.

بۇ ئالىم ئالدى بىلەن ماڭا بالىنى ماتېماتىكىغا قىزىقتۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەن ئىدى. مەسىلەن، پۇرچاق ياكى تۈگمىنى قەغەز قۇتىغا قاچىلاپ، ئاتا - بالا ئۇنى بىر سىقىمدىن ئېلىپ، كىمنىڭ كۆپلۈكىنى ساناپ چىقىش ياكى ئۇزۇم قاتارلىق مېۋىلەرنى يېگەندە، ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى ساناپ كۆرۈش، ياكى ئايال خىزمەتكارغا ياردەملىشىپ پۇرچاق ئادالىغاندا، بىر تەرەپتىن پۇرچاق ئادالىغاچ، بىر تەرەپتىن ئوخشاشمىغان شەكىلدىكى پۇرچاقلارنى تۈرگە ئايرىپ ساناپ چىقىش قاتارلىق ئويۇنلار بىلەن ئوغلۇمنىڭ ماتېماتىكىغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغايتتىم. ئاتا - بالا ئىككىمىز يەنە دائىم شىشخال ئوينايتتۇق. دەسلەپ ئىككى شىشخالدا ئوينىدۇق، ئويناش ئۇسۇلىمىزدا ئىككى شىشخالنى بىرلىكتە تاشلايتتۇق، ئەگەر ئۈچ بىلەن تۆت كۆرۈنسە، بۇ ئىككىسىنى قوشۇپ يەتتە نومۇرغا ئېرىشكەن ھېسابلايتتۇق. مۇبادا ئىككى بىلەن تۆت، ئۈچ بىلەن ئۈچ كۆرۈنسە ئالتە نومۇرغا ئېرىشكەن ھېسابلايتتۇق، بۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم ئويناش ھوقۇقىغا ئىگە بولاتتۇق. بۇ نومۇرلارنى قەغەزگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا خاتىرىلەپ، ئۈچ قېتىم ياكى بەش قېتىم ئويناپ بولغاندىن كېيىن ھېسابلاپ چىقىپ، يەڭگەن - يېڭىلگەننى بەلگىلەيتتۇق. كارل بۇ ئويۇنغا ئىنتايىن ئامراق ئىدى. ئوغلۇم بۇ ئويۇنغا قىزغىن بېرىلگەندىن كېيىن، مەن يەنىلا پروفېسسور روزېنبلۇمنىڭ تەكلىپى بويىچە، ھەر قېتىملىق ئويۇننىڭ ۋاقتىنى 15 مىنۇتتىن ئاشۇرۇۋەتمىدىم. چۈنكى، ماتېماتىكا ئويۇنلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىنتايىن مېڭە ئىشلىتىشكە توغرا كېلەتتى، بىر قېتىمدا 15 مىنۇتتىن ئېشىپ كەتسە، ئادەم ھارغىنلىق ھېس قىلاتتى. بۇ ئويۇننى 2 — 3 ھەپتە ئوينىغاندىن كېيىن، بىز شىشخالنى

كۆپەيتىپ 3 — 4 كە، ئاخىرىدا ئالتىگە يەتكۈزدۇق. ئارقىدىنلا بىز پۇرچاق بىلەن تۇگمىنىڭ ئىككىسىنى بىر گۇرۇپپىدىن ئىككى ياكى ئۈچ گۇرۇپپىغا، ئۈچىنى بىر گۇرۇپپىدىن ئۈچ ياكى تۆت گۇرۇپپىغا ئايرىپ، ئۇلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ چىقىپ، ھەر قايسىسىدا قانچىدىن بارلىقىنى ساناپ قەغەزگە خاتىرىلىدۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇلارنى كەررە ھېسابىدا يېزىپ تامغا ئېسىپ قويدۇق. شۇنداق قىلىپ، ئوغلۇم ئىككى كەررە ئىككى تۆت، ئۈچ كەررە ئۈچ توققۇز بولىدىغان قائىدىنى چۈشىنىۋالدى ھەم ئىنتايىن خۇشال بولدى. بىز تېخىمۇ مۇرەككەپ ئويۇنلارنى مۇشۇ ئۇسۇلدا داۋاملاشتۇردۇق.

ئوغلۇمنىڭ ماتېماتىكا بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتەلىشى ئۈچۈن، مەن يەنە دائىم ئۇنىڭ بىلەن ماگىزىندىن نەرسە سېتىۋېلىش ئويۇننى ئوينايتتىم. ساتىدىغان ماللار ئىچىدە ئۇزۇن - قىسقىلىقى بويىچە ھېسابلايدىغىنىمۇ، سانى بويىچە ھېسابلايدىغىنىمۇ، ئېغىرلىقى بويىچە ھېسابلايدىغىنىمۇ بار ئىدى، باھاسى ئەمەلىيەتتىكى باھا بويىچە بولاتتى، پۇلغىمۇ راست پۇل ئىشلىتەتتۇق. ئايالىم بىلەن ئىككىمىز دائىم ئوغلىمىز ئاچقان «ماگىزىن»دىن ھەر خىل ماللارنى سېتىۋالاتتۇق. پۇل تاپشۇرغاندا، ئوغلۇممۇ باھا جەدۋىلى بويىچە ھېسابلاپ، ئاشقان پۇلنى بىزگە قايتۇراتتى.

شۇنداق قىلىپ، مەن پروفېسسور روزېنبلۇمنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئۆگىتىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئوغلۇمدا ماتېماتىكىغا چوڭقۇر قىزىقىش پەيدا بولدى. قىزىقىش پەيدا بولسىلا، كېيىنكى ئۆگىنىش ئېقىن سۇدەك راۋان بولىدىكەن. كارل ھېساب دەرسىدىن باشلاپ ئالگېبرا، گېئومېترىيىلەرگىچە ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئۆگەندى. كېيىنكى كۈنلەردە، ئوغلۇم ماتېماتىكىدىن ئىبارەت بۇ ئىلىمنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ

قالدى.

## ھەرقانچە ئىجتىھات قىلسىمۇ، نىرۋا زەخىملەنمەيدۇ

مۇتەئەسسىپ، ئەنئەنىۋى تەلىم - تەربىيىنىڭ بەزى قورۇقچىلىرى مېنىڭ تەلىم - تەربىيە قارىشىمنى بالىلارنىڭ نىرۋىسىغا زىيانلىق دەپ بوھتان چاپلاشتى. ئالدىنقى ماۋزۇلاردا مەن بالىلارنىڭ ئۆگىنىشكە قىزىقىشىنىڭ مۇھىملىقىنى قايتا-قايتا ئوتتۇرىغا قويۇشۇمنىڭ سەۋەبى شۇكى، قىزىقىش ئاساسىدىكى تەشەببۇسكار ئۆگىنىش بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا زىيانلىق ئەمەسلىكىنى كۆچلۈك بولغان ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت. مېنىڭچە، دەل كونىچە تەلىم - تەربىيە بالىلارنىڭ نىرۋىسىغا زىيانلىق!

كىشىلەر زىيادە تىرىشىش نىرۋىغا زىيانلىق دېگەن قاراشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن، بۇ بىر خىل خۇراپىي قاراش. مېنىڭ كۆپ يىللىق تەجرىبەمدىن قارىغاندا، مەن مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن شۇنى جەزىم قىلالايمەنكى، پەقەت قىزىقىش ئاساسىدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگەنسىلا، ھەرقانچە تىرىشسىمۇ نىرۋا زەخىملەنمەيدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۈگۈنكى تەلىم - تەربىيە مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك، قىلچە قىزىقارلىقى بولمىغاچقا، دەل ئۇنى بالىلارنىڭ نىرۋىسىغا زىيانلىق دېيىشكە بولىدۇ. بۈگۈنكى مائارىپنىڭ ئەھۋالى شۇنداقكى، تەلىم - تەربىيىنى باشلاشقا تېگىشلىك چاغدا، بىز ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىمىز، بالىلارنىڭ ئەقىل سوراش روھى بىكاردىن - بىكار خوراپ تۈگىگەندىن كېيىن، بىز ئاندىن ئالدىراپ - تېنەپ ھەممىنى قارا - قويۇق ھالدا بالىلارنىڭ

مېڭىسىگە قاچىلاشقا ئۇرۇنمىز. مانا بۇ، دەل ئاتالمىش قاچىلاپ قويۇش شەكلىدىكى تەلىم - تەربىيىدۇر. بۇ خىل نامۇۋاپىق تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىدا، باللارنىڭ ئۆگىنىشتىن زېرىكىپ قېلىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بۇ خىل تەلىم - تەربىيە باللارنىڭ نېرۋىسىنى زەخىملەندۈرۈشىمۇ ناھايىتى تەبىئىي. ئەكسىچە، باللار 2 — 3 ياش ۋاقتىدىن باشلاپ تەربىيىلەنسە، ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىدۇ. كىچىك ۋاقتىدا ياخشى ئاساس سېلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار 10 ياشلارغا كىرگەندە ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئەلا ئوقۇغۇچىلاردىن قېلىشمىغۇدەك نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيدۇ. ئۇلار ئۆگىنىش جەھەتتە ئىلگىرىلەپلا قالماستىن، تەن ساغلاملىقىمۇ ياخشى بولىدۇ، روھىي جەھەتتىمۇ ھېچقانداق غەيرىيلىك شەكىللەنمەيدۇ. بۇ، ئۆزۈمنىڭ تەجرىبىسى بولۇپ، ھەرگىزمۇ كەلسە - كەلمەس سۆزلىگىنىم يوق.

مېنىڭچە، باللارنى مۇشۇنداق تەربىيىلىگەندە ناھايىتى تېجەشلىك بولىدۇ. ئويلاپ كۆرەيلى، ھازىرقى تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىدا، ئوقۇغۇچى بىلەن ئوقۇتقۇچى قانچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ؟ ئومۇملاشتۇرۇپ ھېسابلاپ كۆرسەكلا، بۇنى بىلمەك تەس ئەمەس. ئەگەر باللار 10 ياشلارغا كىرگەندە ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى بىلەن تەڭ دېگۈدەك بىلىمگە ئېرىشسە، تېجەشلىك بولماي نېمە؟ ئەمما، رېئال ئەھۋال شۇكى، بىزنىڭ باللىرىمىز باشلانغۇچ مەكتەپتە سەككىز يىل ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ، يەنىلا ئادەتتىكى ئوقۇش، يېزىش بىلەن شۇغۇللىنالمايدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭغا كېتەرلىك ئىقتىسادىي ھېسابات مۇھىم ئەمەس، مەن بۇ يەردە ئاساسلىقى باللاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ رەھىمسىزلەرچە تۇنجۇقتۇرۇۋېتىلگەنلىكىدىن ئۆكۈنىمەن.

# ئوغلۇمنى تەربىيىلەش داۋامىدا، مەن ئىزچىل هالدا «مىلك ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەنگە چىنپۇتۇپ كەلدىم

مەن ئوغلۇمغا كىتابىي بىلىملەرنى ئۆگەتكەندىن باشقا، يەنە بارلىق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئوغلۇمنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرىنىڭ مول بولۇشىغا ئەھمىيەت بەردىم. مەسىلەن، بىنالارنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ ئىچىدە نېمىلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى، قەيەرگە جايلىشىدىغانلىقىنى؛ قەدىمكى شەھەرگە ئوخشاش جايلارنى كۆرگەندە، بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ بۇرۇنقى تارىخىنى ۋە ئۇنىڭغا ئائىت تۈرلۈك قىزىقارلىق ئىشلارنى ئوغلۇمغا سۆزلەپ بېرەتتىم.

كىتابىي بىلىملەرنىلا ئۆگەنگەن ئادەمنىڭ نەزەر دائىرىسى تار، كاللىسى ئاددىي بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداق ئادەمنىڭ ئىجادچان ئىلىم ئەھلى بولالىشى ناتايىن. مەن ئوغلۇمنىڭ مۇنداق كىتاب خالتىسى بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتىم، ئۇنداقتا ئۇ بەختلىك بولالمايتتى. شۇڭا، ئوغلۇم ئىككى ياشقا كىرگەندىن باشلاپ، مەيلى ئۇرۇق - تۇغقان يوقلىغىلى ياكى نەرسە سېتىۋالغىلى باراي، ياكى ناخشا - مۇزىكا، كونسېرتلارغا قاتنىشاي، مەيلى نەگىلا بارسام ئوغلۇمنى بىللە ئېلىپ باراتتىم ھەمدە ئۇنىڭ سالاھىيىتى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشىغا، سۆزلىشىشىگە كىچىككىدىن باشلاپ شارائىت يارىتىپ بېرەتتىم. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوغلۇم كىچىكىدىن باشلاپ چوڭدىن - كىچىككىچە يېتىرقىمايدىغان، ھودۇقمايدىغان، ئادەم ھەرقانچە كۆپ ۋە ھەرقانچە مۇھىم سورۇن بولسىمۇ، ئۆزىنى تېخىمۇ

نامايان قىلالايدىغان ناھايىتى ياخشى ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن ئىدى. كېيىن ئوغلۇم نام قازىنىپ رەسمىي سورۇنلارغا قاتنىشىپ، ئاقسۆڭەكلەر، ئوردىنىڭ ۋەزىر - ئەمەلدارلىرى بىلەن، ھەتتا پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈشكە توغرا كەلگەندىمۇ، ئۆزىنى ناھايىتى تەمكىن تۇتۇپ، باشقىلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. مەن ئىنتايىن بىلىملىك بەزى ئادەملەرنىڭ تەجرىبىسى يېتەرسىز بولغاچقا، بۇنداق سورۇنلاردا ئىنتايىن جىددىيلىشىپ، ئەركىن بولالمايدىغانلىقىنى تولا كۆرگەن ئىدىم.

بالىلار ئادەملەر بىلەن ئۇچراشقاندىن باشقا، نەرسىلەرنىمۇ كۆپرەك كۆرۈشى كېرەك. ۋاقتىم بولسىلا مەن ئوغلۇمنى مۇزېي، سەنئەت سارىيى، ھايۋاناتلار باغچىسى، زاۋۇت، كان، دوختۇرخانا، ساناتورىيە قاتارلىق جايلارغا باشلاپ باراتتىم، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، كۆرگەن - بىلگەنلىرى كۆپىيەتتى. ئۇ جايلارنى زىيارەت قىلىشتىن ئىلگىرى ئوغلۇم نۇرغۇن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئوقۇپ، شۇ ھەقتە ئاساسىي چۈشەنچە ھاسىل قىلاتتى، ئاندىن ئۇ نەرسىلەرنى ئاشۇ جايدا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، بىۋاستە سېزىمى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە نۇرغۇنلىغان ئۇچۇر ھەم بىلىملەرگە ئېرىشەتتى. بۇنداق چاغدا، ئوغلۇمنىڭ كاللىسى ناھايىتى تېز ئىشلەيتتى ھەم كۆڭلىدە بىلمەكچى بولغان نۇرغۇن سوئاللار تۇغۇلاتتى. ئوغلۇم ئۈزۈلدۈرمەي سوئال سوراشقا باشلىغاندا، مەن ھەمىشە ئامالىمنىڭ بارىچە ئۇنىڭغا بىر قەدەر چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ قوياتتىم، ھەرگىز بۇنداقلا ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتىم. چۈنكى، مەن بۇنداق بىلىم ئۆگىنىش ئەڭ تەبىئىي ھەم ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇش بۇ خىل تەلىم - تەربىيىنىڭ

پەقەت بىر قىسمى. ھەر قېتىم ئېكسكۇرسىيىدىن قايتىپ كەلگەندە، ئوغلۇمغا كۆرگەنلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغىلى سالاتتىم ياكى ئۇ، ئانىسىغا سۆزلەپ بېرەتتى. بۇ دەرسنى تاماملاش ئۈچۈن، ئېكسكۇرسىيە داۋامىدا ئوغلۇمنى ئەستايىدىل كۆزىتىشكە، مېنىڭ ياكى يېتەكلىگۈچىلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشى بىلەن تونۇشتۇرۇشنى ئەستايىدىل ئاڭلاشقا بۇيرۇيتتىم. بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئوغلۇم تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئەستە تۇتۇۋالالايتتى.

ئوغلۇم ئۈچ ياشقا كىرگەندىن كېيىن، خالىغان بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇنى ئېلىپ ئەتراپتىكى ھەرقايسى جايلارغا ساياھەت قىلىشنى باشلىدىم. ئوغلۇم بەش ياشقا كىرگەندە، مېنىڭ ھەمراھلىقىمدا گېرمانىيىنىڭ بارلىق چوڭ شەھەرلىرىنى دېگۈدەك ئايلىنىپ بولغان ئىدى. ساياھەت داۋامىدا بىز تاغقا يامىشاتتۇق، مەشھۇر جايلارغا باراتتۇق، قەدىمىي خارابىلەرنى ئايلىناتتۇق، قەدىمكى تارىخىي ئىزلارنى ئىزدەيتتۇق. بىز يەنە نۇرغۇن قەدىمىي قەلئە، ئوردا، باغچا، چېركاۋلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلاتتۇق. مېھمانخانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆرگەنلىرىنى خەت ئارقىلىق ئانىسىغا ياكى تونۇشلىرىغا ئېيتىپ بەرگىلى سالاتتىم. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇ ساياھەت داۋامىدا كۆرگەن- بىلگەن ھەم ھېس قىلغانلىرىنى تۇغقانلارغا ئاغزاكى سۆزلەپ بېرەتتى.

ئوغلۇم ئالتە ياشقا كىرگەندە، لوخ ئەتراپىدا كۆرگەن- بىلگەنلىرى ئەڭ كۆپ بالا بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ كۆرگەن- بىلگەنلىرى ھەتتا نۇرغۇن چوڭ ئادەملەرنىڭكىدىن كۆپ ئارتۇق ئىدى. كىشىلەر جۇغراپىيە، تارىخ ھەققىدە بىرەر نەرسە بىلمەكچى بولسا ئۇنىڭدىن سورايتتى، باشقا جايلاردىكى ئاجايىباتلار ھەققىدە بىرەر گەپ ئاڭلىغۇسى كەلسىمۇ، كارلنى

ئىزدەيتتى. كېيىن ئوغلۇم بىر پارچە ساياھەت خاتىرىسى يازدى، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ساياھەت جەريانىدا كۆرگەن - بىلگەنلىرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، كۆپچىلىك ئۇنى ناھايىتى ھەۋەس بىلەن كۆرۈشتى.

ئەلۋەتتە، بەزىلەر مېنىڭ مۇنداق قىلىشىم ئەرزىمەس ئىش ئىكەنلىكىنى، زۆرۈرىيىتى يوق ۋە ئىسراپچىلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇ پۇللارغا كىتاب ئېلىپ بەرسەم، ئوغلۇمنىڭ تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. يەنە بەزىلەر مەن مۇشۇنداق سېخىيلىق بىلەن پۇل خەجلەۋېرىدىغان بولسام، كېيىن ئوغلۇمنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتىدىغان پۇلغا چىقىنالمايدىغانلىقىمنى ئېيتىشتى. مەن گەرچە كىرىمى ئاز، نامرات بىر باشتېر بولسامىمۇ، سىرتلارغا چىققاندا كېتىندىغان خىراجەتلەرنى ئائىلىمدە تېجەشلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ يىغاتتۇق، ساياھەت جەريانىدىمۇ ئەڭ ناچار قونالغۇلارغا چۈشەتتۇق. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەرزىيدۇ، دەپ قارايتتىم ھەم قەتئىي پۇشايمان قىلمايتتىم.

ئوغلۇمنىڭ بىلىم ئىگىلەش ئارزۇسى ۋە ھەقىقەت ئىزدەش روھىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، مەن مەيلى جىسمانىي ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بولسۇن، ھەرگىز ئاياپ ئولتۇرمايتتىم. ئوغلۇمغا سېھىرگەرلىكنىڭ سىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، مەن پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي، ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن سېھىرگەر تەكلىپ قىلغان ئىدىم، بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار كۆپ.

ئوغلۇم ئىچكى قۇرۇقلۇق رايوندا ئۆسۈپ چوڭ بولغان، بىراق ئۇ ھەمىشە دېڭىز - ئوكيانلار تەسۋىرلەنگەن كىتابلارنى كۆرەتتى ھەم ئۇنداق كىتابلارغا ئامراق ئىدى. ئوغلۇم ماگېلان، كولومبو قاتارلىق دېڭىزچىلارنىڭ خاتىرىسى ھەم «ماركوپولو

سایاھەت خاتىرىسى» نى كۆرگەندىن كېيىن، دېڭىزنى ئىنتايىن كۆرگۈسى كېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ئوتتورا يەر دېڭىز قىرغىقىغا ئېلىپ باردىم. دېڭىزنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆرگەن ئوغلۇم ئىنتايىن روھلىنىپ كەتتى. بىز ئۇ يەردە قۇلۇلە قېپى، دېڭىز يوسۇنى، مىدوزا قاتارلىقلارنى تەردۇق. مەن ئۇنىڭغا بۇ دېڭىز مەھسۇلاتلىرى ۋە دېڭىز ئاستىدىكى جانلىقلار ھەققىدە تۇرلۇك بىلىملەرنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ، ئاجايىپ دېڭىز ئاستى دۇنياسىغا ئىنتايىن قىزىقتى. بىز دېڭىز ساھىلىدىكى قۇملۇقتا تاغ ياساش، قانال قېزىش، كۆل كولاش، دېڭىز قولتۇقى ياساش، ئارال قۇرۇش قاتارلىق ھەر خىل ئويۇنلارنى ئوينىدۇق. بالىلاردا جۇغراپىيە چۈشەنچىسىنى شەكىللەندۇرۇشتە، دېڭىز قىرغاقلىرى ھەقىقەتەن ئەڭ پايدىلىق. مەن گىلوبۇسنى دېڭىز بويىغا ئېلىپ بارغان ئىدىم، ئوغلۇمغا ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ گىلوبۇستىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىن ئۆتسە ئافرىقىغا بارغىلى بولىدىغانلىقى، ئافرىقىنىڭ ئىككى قىرغىقى تىنچ ئوكيان ھەم ئاتلانتىك ئوكيانغا تۇتىشىدىغانلىقى، تىنچ ئوكياندىن ھالقىپ ئۆتكەندە، ماركوپولوغا ئوخشاش جۇڭگوغا يېتىپ بارغىلى بولىدىغانلىقى؛ ئاتلانتىك ئوكياندىن ھالقىپ ئۆتكەندە، كولومبوغا ئوخشاش ئامېرىكىغا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم. شۇنداق قىلىپ، ئوغلۇم تەدرىجي ھالدا يەر شارى ھەققىدىكى چۈشەنچىگە ئېرىشىپ، دۇنيا جۇغراپىيىسىنى ئۆگىنىۋالدى.

ئوغلۇمنى تەربىيىلەش داۋامىدا، مەن «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەن قائىدىگە چىنپۇتۇپ كەلدىم. مېنىڭ تەجرىبەمگە ئاساسلانغاندا، مىڭ پارچە كىتاب ئوقۇش ھەرگىز مىڭ چاقىرىم يول يۈرگەنگە يەتمەيدۇ، رېئال دۇنيانىڭ بىزگە

ئۆگىنىۋاتقانلىرى كىتابتىكىدىن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ مول، تېخىمۇ جانلىق بولىدۇ.

## ئوغلۇمنىڭ ھەر خىل ئىقتىدارىنى ئويۇن ئارقىلىق يېتىلدۈردۈم

ئوغلۇمنى تەربىيىلەش داۋامىدا، مەن ئويۇننىڭ بالىلارغا نىسبەتەن قىزىقىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئويۇن ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەدرىجىي ئاچقىلى بولىدىغانلىقىنى بايقىدىم.

بالىلارنىڭ دىققەت قابىلىيىتى، كۆزىتىش قابىلىيىتى، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ھەم مەشغۇلات قابىلىيىتى ئويۇن ئويناش ئارقىلىق يېتىلىدۇ. ئەقلىي ئويۇنلار دەل مۇشۇ ئويۇنلارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم شەكىلدىن ئىبارەت.

مەن كارلنى تەربىيىلەش داۋامىدا، بىلىمنى ئويۇن بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىنى شەيئىلەرنى تونۇش، بىلىم يەتكۈزۈش ھەم مۇستەھكەملەشكە مەركەزلەشتۈرگەن ئىدىم. ئوغلۇم بۇ ئويۇنلار ئارقىلىق شەيئىلەرگە بولغان تونۇشى، چۈشىنىشىنى تەبىئىي چوڭقۇرلاشتۇرالايتتى ھەمدە بۇ جەھەتتىكى بىلىملەرنى مۇستەھكەملىيەلەيتتى. «قەيىرى خاتا بولۇپ قالدى؟»، «قايسى ھايۋان نېمە يەيدۇ؟» دېگەندەك سوئاللار مۇشۇ خىل ئەھۋاللارغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

مەن يەنە ئويۇن ئارقىلىق ئۇنىڭدا توغرا تەلەپپۇز قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن ئىدىم. ئويۇن جەريانىدا ئۇنىڭغا كۆپ ئۇچرايدىغان بەزى مەنىداش سۆزلەر، قارىمۇقارشى مەنىلىك

سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇزدا دىققەت بىلەن ئۇنىڭ بىلىدىغان سۆزلىرى كۆپىيەتتى. «هايۋانلار قانداق ئاۋاز چىقىرىدۇ؟» ياكى «ئوخشاش رەڭدىكى نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىش»، «توغرا ۋە ئەكسى مەنىلىك سۆزلەرنى دەپ بېرىش» دېگەندەك ئىشلار مۇشۇنداق تىل مەشقى ئويۇنىغا كىرەتتى.
مەسىلەن، بەزىدە بۇنداق ئويۇن ئويناتتۇق: مەن ئوغلۇمغا شىرە ياكى تەخسىدىكى نەرسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرۇپ ياكى بىرەر نەرسە بىلەن توسۇۋېلىپ، ئاندىن ئاستا بىرىنى ھېلىقى نەرسىنى جايىدىن ئېلىۋېتەتتىم ياكى باشقا نەرسىگە ئالماشتۇرۇۋېتەتتىم -دە، ئۇنىڭدىن «قايسى نەرسە يوقاپ كەتتى؟»، «قايسى نەرسە يەڭگۈشلىنىپ كەتتى؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورايتتىم. بۇ خىل ئويۇنلار بالىلارنىڭ كۆزىتىش قابىلىيىتى، دىققەت قابىلىيىتى، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرالايتتى.
بەزىدە مەن ئوغلۇمغا كۆزىنى يۇمغىلى سېلىپ، مېنىڭ چاۋاك چالغان ياكى شىرەگە چەككەنلىكىمنى دىققەت بىلەن ئاڭلاتقۇزۇپ، چاۋاك قېتىم سانى، شىرەگە چەككەن قېتىم سانىنى دېگىلى سالاتتىم. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇنىڭ دىققەت قابىلىيىتى، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى ھەم كۆزىتىش قابىلىيىتىنى مەشىق قىلدۇراتتىم. ئوغلۇم بىلەن ئەقلىي قابىلىيەتنى ئېچىش خاراكتېرىدىكى بۇنداق ئويۇنلارنى ئوينىغاندا، مەن كۆپىنچە ئۇنىڭ مەيدانىنى چىقىش قىلاتتىم، ھەرگىز ئالدىراپ كەتمەيتتىم. چۈنكى، ئوغلۇم قوبۇل قىلالمايدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىپ قويسام، ھامان زىيان تارتىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم.
ئەگەر ئوغلۇم ئويۇن داۋامىدا ئادەتتىكىدىن تاشقىرى

قابىلىيىتىنى ئىپادىلەپ قالسا، مەن ئۆز ۋاقتىدا ئويۇنىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتەتتىم. ئەگەر ئۇنىڭ ئىپادىسى يېتەرسىز بولۇپ قالسىمۇ، مەن ئالدىراپ كەتمەي، ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ غەمخورلۇق قىلىش ھەم ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ، غەلىبە خۇشاللىقى ئارقىلىق ئىشەنچىنى ئاشۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىشقا تۈرتكە بولاتتىم.

ئوغلۇمنىڭ ئويۇنلىرىغا مۇئامىلە قىلىشتا، مەن ئامالنىڭ بارىچە ئاسان ھەم چۈشىنىشلىك بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئوغلۇم چۈشىنەلەيدىغان ياكى كۆرەلەيدىغان نەرسىلەرنى تاللايتتىم. مەن ئامالىمنىڭ بارىچە ئويۇنىنىڭ كونكرېت، بىۋاستە ھېس قىلغىلى ۋە ئوبرازلىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرەتتىم، ئوغلۇمغا بەزى كىچىك تەجرىبىلەرنى ئىشلەتكۈزۈپ، بەزى نەرسىلەرنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بايقىغىلى سالاتتىم.

بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئاچىدىغان ئويۇنلارنى ئوينىغاندا، ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ھەم ئەمەلىي سەۋىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئويۇنلارنى ئۇنۇملۇك ھالدا تاللىشى ۋە تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. ئويۇننىڭ مەزمۇنى بەك ئاسان ياكى بەك تەس بولۇپ قالماسلىقى كېرەك، بولمىسا، ئۇنىڭ ئىجابىي رولى بولمايدۇ. كارل 3 — 4 ياشلارغا كىرگەندە، ئاساسەن كونكرېت شەكىل ھەم ئەمەلىي نەرسىلەرنى ھەرىكەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان ئىدىم. ئۇ 4 — 5 ياشلارغا كىرگەندە، قىيىنلىق دەرىجىسىنى بىر ئاز ئاشۇردۇم، مەزمۇنىنىمۇ ئازراق چوڭقۇرلاشتۇردۇم. كارل تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، ئۇلارنى تامامەن ئورۇنداپ كېتەلەيتتى. مەن ئەزەلدىن ئاز ئۇچرايدىغان ياكى غەلىتە سوئاللارنى سوراپ ئۇنى تەڭقىسلىقتا قويمايتتىم. ئوغلۇم بىلەن

بىرەر ئويۇننى ئويناشتىن ئىلگىرى، مەن ئالدى بىلەن ئاددىي، جانلىق تىل بىلەن ئۇنىڭغا ئېنىق سۆزلەپ بېرەتتىم، بەزىدە ھەتتا ئۇلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئويۇننى ياخشىي ئوينىشىغا ياردەم بېرەتتىم. مېنىڭچە، بالىلارنىڭ ئەقلىي ھەم پسىخىك تەرەققىياتى جەريانىدا، كۆزىتىش ئىقتىدارى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى بالىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەن ھەرقانداق چاغدا، ئويۇن ئارقىلىق ئۇنۇملۇك مەشىق ئېلىپ بېرىپ، ئوغلۇمنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرەتتىم.

ئوغلۇم ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا، مەن دائىم ئۇنى ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇپ، تاشقى دۇنيانى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ھېسسىي تەجرىبىسىنى مول


لاشتۇراتتىم، مەن ئۇزلۇكسىز ھالدا ئۇنى كۆرۈش، ئاڭلاش، سۆزلەش، ئىشلەش، سىناش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئويۇنغا قاتنىشىشقا يېتەكلەپ، ئۇنىڭدا كۆزىتىشكە ماھىر بولۇشتەك ئادەتنى يېتىلدۈرەتتىم. ئۇنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئۇنۇملۇك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەم تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئويۇن داۋامىدا يەنە ئوغلۇمغا قارىتا تىل جەھەتتىكى يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، تىلنىڭ رولى ئارقىلىق، ئۇ ھېس قىلغان شەيئىلەر ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەيتتىم.

ئوغلۇم بىلەن ئويۇن ئويناش جەريانىدا، رەڭدار نەرسىلەر ئوغلۇمنىڭ دىققىتىنى ئاسان جەلپ قىلىدىغانلىقىنى، زېرىكىشلىك پائالىيەتلەر ئۇنىڭ دىققىتىنى ئاسان بۆلۈۋېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئويۇن بالىلارنىڭ قەلبىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، ئويۇن قىزىقارلىق بولسىلا بالىلار ئۇنىڭدىن زېرىكمەي بارلىق كۈچى بىلەن بېرىلىدۇ.

دىققەت قابىلىيىتى بولسا، ھېس - تۇيغۇ، ئىدراك، ئەستە ساقلاش، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش قاتارلىق پسىخىك جەريانلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر خىل پسىخىك ئالاھىدىلىك. دىققەت قابىلىيىتىنىڭ مەركەزلىشىشى ۋە چېچىلىپ كېتىشى بالىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىپەرۋا، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلمەيدىغان بالىنىڭ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مەن ئوغلۇمنىڭ دىققەت قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ئىدىم. مەن ئاپالىنىڭ بارىچە ئويۇننى قىزىقارلىق ئويناش ئارقىلىق ئوغلۇمنىڭ دىققەت قابىلىيىتىنى ئاسان مەركەزلەشتۈرەتتىم.

ئويۇن جەريانىدا، مەن يەنە ئوغلۇمنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرەتتىم. چۈنكى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى بالىلارنىڭ پسىخىك تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بالىلار ئەستە تۇتۇش ئارقىلىق بۇرۇنقى تەجرىبىلەرنى ھېس قىلىپ، چوڭ مېڭىسىدە ئىز قالدۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن پسىخىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ پەرقى ئاساسەن ئەستە تۇتۇش سۈرئىتى، توغرىلىقى، ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، دەللىكى ۋە جانلىقلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئەستە قالدۇرۇش بالىلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرى، ھېسسىياتى، ئىرادىسى قاتارلىقلاردا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئوغلۇمنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، مەن نۇرغۇن ئاپالارنى باش قاتۇرۇپ تېپىپ چىقتىم ھەم ناھايىتى زور ئۈنۈمگە ئېرىشتىم. مەن ئوغلۇمغا مول ئويۇن ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ھازىرلاپ بېرەتتىم. ئاشۇ كونكرېت، بىۋاسىتە كۆرگىلى بولىدىغان جانلىق ئوبرازلار،

ئۇنىڭ بۇرۇن ھېس قىلغان، ئەمما كۆز ئالدىدا يوق شەيئىلەرگە بولغان ھېسلىرىنى قوزغايدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. بۇنى ئۈزلۈكسىز تەكرارلاش ئارقىلىق، ئۇنىڭ خاتىرىسى ئىنتايىن مۇكەممەل ھەم توغرا بولدى. مەن بەزىدە ھەرىكەت ھەم شەيئىلەرنى تىل ئارقىلىق تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ خاتىرىسىنى قوزغايتتىم. چۈنكى، بالىلارنىڭ كاللىسىدا ئوبراز بىلەن تىل - سۆزلۈكلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولىدۇ.

مەن ئويۇن داۋامىدا، ئوغلۇمنىڭ كۆزىتىش، ئەستە تۇتۇش ۋە دىققەت قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بىلەن ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردىم. ئوغلۇم ئۆزىنىڭ چەكلىك بىلىمى ھەم تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تېما ھەم مەزمۇنلارنى تاللايتتى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسە ھەم ماتېرىياللارنى تاللاپ ئىشلىتەتتى. ئۇ گەرچە دوراشنى ئاساس قىلىسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز تۇرمۇشىنى ئىجادىي يوسۇندا قۇرۇپ چىقاتتى.

بۇ خىل ئويۇنلارنى ئوينىغاندا، مەن ئوغلۇمنى ئۆز تەجرىبىسىدىن ئۆتكەن دۇنيانى تەشەببۇسكارلىق ۋە ئاكتىپلىق بىلەن ئەركىن ھالدا جانلىق تەقلىد قىلىشقا، ئىجاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتىم. ئويۇن ئارقىلىق، ئوغلۇمنىڭ ئۆزى ھېس قىلغان دۇنياغا بولغان تونۇشى چوڭقۇرلىشاتتى. بەزىدە ئوغلۇمنى ئۆزى تېما تېپىپ ۋەقەلىكنى ئورۇنلاشتۇرغىلى، بۆلەكلەرگە ئايرىغىلى ۋە تۈزۈم بەلگىلىگىلى سالاتتىم. ئۇ ئۆزى ئويلاپ، ئۆزى پىلانلاپ، ئۆزى تەشكىللەيتتى ۋە ئىجرا قىلاتتى. بۇلارنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ئوغلۇمنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارى ۋە مەسىلە ھەل قىلىش ئىقتىدارى تولۇق جارى بولاتتى. ئويۇن

جەريانىدا ئىككىمىز بەكلا چىقىشاتتۇق ھەم ماسلىشاتتۇق، بەزىدە بىز بىرلىكتە چارە - تەدبىر ئىزدەيتتۇق. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارى ياخشى تەرەققىي قىلاتتى.

بالىلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى نۇرغۇن ئىشلار ئۇلارنى قىزىقتۇرىدۇ، نۇرغۇن ئىشلار ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئويۇنى بولۇپ قالىدۇ. ئوغلۇم قار ياغقاندا قار بوۋاي ياسايتتى، يامغۇر ياغقاندا ئېرىق كولايتتى. ئۇ يەنە قۇم ۋە تاش پارچىلىرىدىن سىرلىق قەلئە، قار بوۋاي، قار تام، قار يولۋاس ياسايتتى، مەيلى ئوخشىسۇن - ئوخشىمىسۇن، قىزىقارلىق ئىدى. ئوغلۇمنىڭ پۇت - قوللىرى توڭۇپ كەتسىمۇ، ئۇ يەنىلا ھاردىم - تالدىم دېمەي، ئويۇنغا كىرىشىپ كېتەتتى.

كارل كىچىك ۋاقتىدا ئامراق ئويۇنلارنىڭ بىرى تۆۋي ياساش ئىدى. ئويۇن داۋامىدا، ئۇ تەدرىجىي ھالدا تۆۋىنىڭ ئالدى - كەينى، ئوڭ - سولى، ئاستى - ئۈستى، ئىچى ۋە يان تەرىپى قاتارلىق بوشلۇقلارغا قارىتا تونۇشقا ئىگە بولدى. تەدرىجىي ھالدا ئۇزۇن - قىسقا، ئېگىز - پەس، قېلىن - نېپىز، ئېغىر - يېنىك، چوڭ - كىچىك دېگەن ئۇقۇملارنى چۈشىنىۋالدى. بۇ جەرياندا ئۇ پىلانلىق ۋە قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا لايىھىلەشنى ئۆگىنىۋالغاچقا، ئۇنىڭدا ھەم نەتىجە قازىنىش تۇيغۇسى شەكىللەندى، ھەم چەكسىز خۇشاللىققا ئېرىشتى. تۆۋي ياساش جەريانىدا ئوغلۇم كاللىسى بىلەن پۇت - قولىنى تەڭ ئىشلەتكەچكە، مۇسكۇللىرى چېنىقتى، ئالىقانلىرى پىشتى، ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئۆستى، ئەپچىللىكى ھەم چېۋەرلىكى كۈچىيىپ، يوشۇرۇن ئىقتىدارى تولۇق جارى بولدى. قول سېلىپ ئىشلەشتىن ئىلگىرى، ئوغلۇمنىڭ كاللىسىدا ئالدى بىلەن مەلۇم ئوبراز شەكىللەنگەچكە، بۇ ئويۇن داۋامىدا ئوغلۇم ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى

تەرەققىي قىلدۇردى.

كارل ھەر قېتىم ئۆي سېلىش ئويۇننى ئوينىغاندا، مەن ئۇنىڭغا كۆپ ياردەملىشەتتىم، بەزىدە ئۇنى سالماقچى بولغان ئۆي توغرىسىدا كۆڭۈل قويۇپ، تولۇق تەسەۋۋۇر قىلىشقا يېتەكلەيتتىم، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى قانچە كونكرېت بولسا، شۇنچە ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتاتتىم. بەزىدە مەن تەييار مودېل ھەم رەسىملەردىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ كاللىسىدىكى ئوبرازنى چوڭقۇرلاشتۇراتتىم. بۇ، ئويۇننىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتەتتى. مەن كارلنىڭ «خىزمىتى»گە پائال شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرەتتىم، مېنىڭ قوللىشىم بىلەن ئۇ، يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشقا سالالايتتى. مەن يەنە ئۇنىڭغا بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار ئاساسىي بىلىم ھەم ئاساسىي ئۇسۇللارنى سۆزلەپ بېرەتتىم، ئۇنىڭغا قانداق قىلغاندا ياغاچلارنى تۈز قويغىلى، قانداق قىلغاندا ئۇلارنى ئۇلاپ ئۇزارتقىلى، قانداق قىلغاندا مۇۋاپىق بولغان چىداشلىق ئۇنۇمىگە يەتكۈزگىلى بولىدىغانلىقى. . . قاتارلىقلارنى دەپ بېرەتتىم.

مېنىڭچە، بالىلارنىڭ تۈرلۈك ئىقتىدارىنى كىچىكىدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈش كېرەك. بەزىلەر ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئوخشاش مۇنداق زور ئىشلار بالىلار چوڭ بولغاندا ھازىرلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ پۈتۈنلەي سەپسەتە. ئەمەلىيەتتە، بالىغا نىسبەتەن ئويۇن ئويناشنى بىلگەندىن تارتىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارى باشلانغان بولىدۇ.

# بەشىنچى باب ئوغلۇمنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان تالانت ئىگىسى قىلىپ يېتىلدۈرۈشنىلا ئويلىدىم

ئوغلۇمنى قوچىقىمغا ئالچە كۆپ ئېلىۋالمايتتىم، ئۇنى ئۆزى خالىغانچە ئۆمىلەپ يۈرۈشكە قويۇپ بېرەتتىم. ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئوقۇتقۇچىسى بولۇشى، ھەرگىزمۇ ئۇنى قوغدىغۇچى ئىلاھ بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئوغلۇم ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشكەندە، مەن كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنى يۆلىمەيتتىم، ئۆزىنى تۇرغىلى سالاتتىم. ئوغلۇم مۇشۇنداق كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ مۇستەقىل ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىشى، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا مەڭگۈ تايىنالمايدىغانلىقى، ئۆزىگە تايىنىشى لازىملىقىنى بىلىۋېلىشى كېرەك ئىدى.

## خىسلەتلىك بالا بولۇش ـ بولماسلىق مۇھىم ئەمەس

كارل ئۆگىنىپ نەتىجە قازانغاندا، بۇ ھەقتە مۇلاھىزە باشلاندى. كىشىلەر مېنىڭ بالا تەربىيىلەشتىكى مەقسىتىمنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىدى. مېنىڭ ئوغلۇمنى تەربىيىلەشتىكى مەقسىتىمنى بەزىلەر: «ئوغلىنى ئادەتتىن تاشقىرى ئىلىم ئەھلى قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن»

دېسە، يەنە بەزىلەر: «كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغۇدەك خىسلەتلىك بالا قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن» دېيىشتى. ئۇلار ئوغلۇمنى تەربىيىلىشىمنى بەلكىم ئۆزۈمنىڭ شان - شەرەپ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن دەپمۇ ئويلىغان بولسا كېرەك.

ئاشۇ مەنىسىز مۇلاھىزىلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەن بىئاراملىق ھېس قىلدىم. چۈنكى، ئۇلار مېنى ۋە مېنىڭ تەلىم-تەربىيە مەقسىتىمنى خاتا چۈشىنىشكەن ئىدى. مەن ئوغلۇمنىڭ يېتىلگەن تالانت ئىگىسى بولۇشىنىلا ئارزۇ قىلىغاچقا، ئۆزۈمنىڭ ئازغىنا ئەقىل - پاراسىتىمنى ئىشقا سېلىپ، خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئەھۋالدا، ئۇنى ساغلام، تېتىك، بەختلىك ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن تىرىشتىم.

مەن روھىي ھەم جىسمانىي جەھەتتىن تولۇق يېتىلگەن ئادەملەرنى ياخشى كۆرەتتىم. ھەر قېتىم ئوغلۇمنىڭ گىرېك ۋە لاتىن تىللىرىغا ياكى ماتېماتىكىغا ھەۋەس قىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىنىمدە، ئامال قىلىپ ئۇنىڭدىكى بۇ خىل ئېغىشنى دەرھال تۈزەتتىم.

بەزىلەرنىڭ مېنى ئوغلىنىڭ چوڭ مېڭىسىنىلا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بېرىلىپ كەتتى دېگەن قارىشى خاتا. ئوغلۇمنى تەربىيىلەش جەھەتتە، مەن ئەقلىي تەربىيىگە قارىغاندا، ئەخلاقىي تەربىيىگە زور كۈچ سەرپ قىلدىم. مەن ئوغلۇمنىڭ ئەقىللىق، ئەمما غەرەز ئۇقمايدىغان بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتىم. ئۇنىڭ خىسلەتلىك بالا بولۇش - بولماسلىقى مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى ئۇنىڭ ئەتراپلىق، مۇكەممەل، ھېچبولمىغاندا بىرقەدەر مۇكەممەل بولۇپ يېتىلىشى مېنىڭ ئارزۇيۇم ئىدى.

مەن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، ئاتا - ئانا ۋە بۇ ئائىلىدىكى باشقا ئەزالارنىڭ ھەرىكىتى بالىنىڭ ئۆسۈپ

يېتىلىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئائىلە بولسا بالا ئۆسۈپ يېتىلىدىغان بۆشۈك. بىزنىڭ سۆز - ھەرىكىتىمىز، ئىستىلىمىز ھەر سائەت - ھەر مىنۇت ئىچىدە بالىغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

مەن بىر باستېر، ئۆزۈمنى نامىمغا يارىشا تەقۋادار مۇخلىس دەپ قارايمەن. كارلىنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشكە مەن ئىزچىل ھالدا بەكمۇ دىققەت قىلىپ كەلگەن. مەن كارلىنىڭ باستېرنىڭ ئوغلى تۇرۇقلۇق، مۇقەددەس كىتابلارنى پىششىق بىلىدىغان، ئەمما كۈن بويى كەلسە - كەلمەس ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بالا بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتىم. بۇنداق ئادەملەر پەۋقۇلئاددە ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە بولسىمۇ، ھېچنېمىگە پايدىسى يوق. شۇڭا، كارل كىچىكىدىن باشلاپ ئىنتايىن تەقۋادار تەربىيىلەنگەن بولۇپ، مۇقەددەس كىتابلارنى پىششىق بىلىش بىلەن مەشھۇر ئىدى. خۇسۇسەن دىنىي ئەھكاملارنى تولۇق يادلاپ بولغان، دىنىي ئەقىدە بويىچە ئىش قىلاتتى.

مەيلى دوستلىرىم ياكى قوشنىلىرىم بولسۇن، مېنىڭ ئوغلۇمنى سەۋەبسىزلا ئەركىلەتكىنىمنى مۇتلەق كۆرۈپ باقمىغان. ئوغلۇم خاتالىق ئۆتكۈزسىلا ئۇنى تۈزىتەتتىم. ئوغلۇمنىڭ مۇستەقىل كىشىلىك خاراكتېرىگە ھۆرمەت قىلىشتەك ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، ئۇنىڭغا تېگىشلىك چەكلىمىلەرنى قوياتتىم. ھەرىكىتىنىڭ چېكى بولۇش كېرەكلىكى، ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرەتتىم. مەيلى كىم بولسۇن، ئۇنىڭ باشقىلارغا ئەدەپلىك بولۇشىنى، گەپ - سۆزدە تۈزۈت قىلىشىنى، ئاتا - ئانىلارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەسلىكىنى ئۇنىڭغا ئۆگىتەتتىم. ئۇنىڭغا يەنە ئىش ئۇقىدىغان ئەدەپلىك بالىلارنىڭلا ماختاشقا

سازاۋەر بولالايدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتىم.

ئوغلۇم ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدىلا، مەن ئۇنىڭ مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە باشلىغان ئىدىم. مېنىڭچە، بالىلارغا زىيادە ئامراقلىق قىلىش ۋە ئەركىلىتىش — بالىلاردا مۇستەقىل خاراكتېرنىڭ يېتىلىشىدىكى ئەڭ زور توسالغۇ. مەن ئوغلۇمغا باشقىلارنى ھۆرمەتلەش ھەم ئۆز - ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى، ئۆز ھەرىكىتىگە ئۆزى مەسئۇل بولۇشنى ئۆگەتكەن ئىدىم. ئۆزۈمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بالىنىڭ ئاتىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئوغلۇمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك، دەپ قارايتتىم.

مېنىڭ ئوغلۇمغا شۇنچە نەرسىلەرنى ئۆگىتىشتە، ھەرگىزمۇ ئۇنى دەلدۈش، ھېسسىياتسىز، سۈرۈن تەلەت، كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان ئادەم قىلىپ چىقىشنى خالىمايتتىم. مەن ئۆزۈمنى ئوغلۇم چوڭ بولغاندىن كېيىنكى ئىشلىرىغا جاۋابكار، دەپ قارايتتىم. ئەگەر ئوغلۇمنىڭ قورسىقى كىتابىي بىلىملەرگە تولغان، بىلىمى كۆپ، لېكىن باشقىلارغا ئوخشاش جەمئىيەتكە ماسلىشالمايدىغان، خەققە ياردىمى تەگمەيدىغان، تۆھپىسى يوق ئادەم بولۇپ قالسا، مېنىڭ چوقۇم كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى ۋە ئۆكۈنگەن بولاتتىم.

ئوغلۇم ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدا، ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ئۇنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلاتتۇق. ئەمما، ئەزەلدىن ئەركىلەتمەيتتۇق ۋە زىيادە ئامراقلىق قىلمايتتۇق. ئوغلۇمنى قوچىقىمغا ئانچە كۆپ ئېلىۋالمايتتىم، ئۇنى ئۆزى خالىغانچە ئۆمىلەپ يۈرۈشكە قويۇپ بېرەتتىم. ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئوقۇتقۇچىسى بولۇشى، ھەرگىزمۇ ئۇنى قوغدىغۇچى ئىلاھ بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئوغلۇم

ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشكەندە، مەن كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنى يۆلىمەيتتىم، ئۆزىنى تۇرغىلى سالاتتىم. ئوغلۇم مۇشۇنداق كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ مۇستەقىل ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىشى، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا مەڭگۈ تايىنالمايدىغانلىقى، ئۆزىگە ئۆزى تايىنىش لازىملىقىنى بىلىۋېلىشى كېرەك ئىدى.

مېنىڭچە، بالىلاردا مۇستەقىل ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش — بالىلارنى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. بالىلارنى ئەركىلىتىش ۋە ئۇلارغا زىيادە كۆيۈنۈش بالىلارنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىدا جاپا تارتىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇنداق قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت بولسا بىر خىل جىنايەتتۇر.

سەۋر ـ قانائەتسىزلىك، ئۆزىنى ئۆزى تۇتۇۋالالماسلىق تەربىيە كۆرمىگەنلىك بولۇپ، كىشىنى ئىناۋەتسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. خوسۇسەن بالىلار سەۋر قىلىشنى ئۆگىنىۋالمىسا، كەلگۈسىدىمۇ ھېچقانداق نەتىجە يارىتالمايدۇ. بىزنىڭ ئائىلىدە، ئوغلۇمنىڭ دىلى ئازار يەپ يىغلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ھەرگىز ئۇنىڭغا زىيادە تەسەللىي بەرمەيتتىم. ھېسداشلىق قىلىپ كەتمەيتتىم. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، ئوغلۇم تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا تايىنىدىغان مۇھىتتا ياشاۋاتقانلىقىنى، مەيلى قانچىلىك ئازابلانسۇن باشقىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلماسلىقنى، ئۆزى سەۋر قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئوغلۇمدا تەدرىجىي يوسۇندا بىر خىل قەتئىي ئېگىلمەس ـ سۇنماس مىجەز ـ خاراكتېر يېتىلدى. بۇ مىجەز ـ خاراكتېر مېنىڭچە، دۇنيادىكى ئەڭ قالتىس گۈزەل پەزىلەتتۇر.

كىشىلەر مېنى خىسلەتلىك بالا تەربىيىلەش ئارقىلىق باشقىلارنى ھەيران قالدۇرماقچى، دېيىشتى. بۇ بىر تەرەپلىمە

قاراش، شۇنداقلا تۆھمەت قىلغانلىق. مەن ئەزەلدىن ئوغلۇمنى ئاتالمىش خىسلەتلىك بالا قىلىپ يېتىلدۈرۈشنى ئويلاپ باقمىغان ئىدىم. مېنى ئەگەر ئوغلىنى تەربىيىلەش ئارقىلىق نام ـ ئاتاققا ئېرىشمەكچى دېيىشسە، ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا قىلىنغان بىر خىل ھاقارەتتۇر.

خىسلەتلىك بالا دېگەن نېمە، ئۇ پارنىكتىكى گۈل ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ تەربىيىلىمەكچى بولغىنىم مەلۇم جەھەتتە ئادەتتىن تاشقىرى، ۋاقىتلىق خىسلەتلىك بالا بولماستىن، بەلكى ساغلام، مۇكەممەل، نورمال بالا ئىدى. ئەگەر مەندە ئوغلۇمنى قانداقتۇر خىسلەتلىك بالا قىلىپ تەربىيىلەش غەرىزى بولسا، ئۇنداقتا، مەن باشقىلارغا زىيان سالىدىغان، مۇقەددەس روھقا خىلاپلىق قىلىدىغان ئادەم بولۇپ قالامدىمەن!

## ئوغلۇمنى باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان روھقا ئىگە قىلدىم

ئايالىم بىلەن ئىككىمىز بىر نىيەتتە تەڭ كۈچ چىقىرىپ، كارلىنىڭ ساۋات خاراكتېرلىك بىلىمى، تەسەۋۋۇر قىلىش ھەم قىزىقىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلدۇق.

مەن قىزىقىشى يوق ھەم ساۋات خاراكتېرلىك بىلىملەرنى بىلمەيدىغان ئادەمنى ياخشى كۆرمەيتتىم. مەن يەنە ئوغلۇمنىڭ ھېسسىياتى ھەم ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدا ئالىيجاناب پەزىلەت ۋە سەمىمىي بولغان مۇھەببەت ـ نەپرەت، ياخشى ـ يامان قارىشى ھازىرلىدىم. مەن ئۇنىڭغا باشقىلارنى قانداق ياخشى كۆرۈشنى، ھېسداشلىق قىلىشنىڭ

نېمە ئىكەنلىكىنى، ھاياتتىكى ئەڭ گۈزەل نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تىرىشىپ ئۆگەتتىم. باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش روھىغا ئىگە بالىلار زومىگەرلىك قىلىشنى بىلمەيدۇ، باشقىلارغا ياردەم بېرىش ۋە باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش قاتارلىق جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇنداق بالىلار جەمئىيەت ھەم چوڭلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلەيدۇ. مەكتەپ ياكى كېيىنكى خىزمەتلەر داۋامىدا تېخىمۇ كۆپ ياخشى پۇرسەتلەرگە ئېرىشەلەيدۇ. چوڭ بولغاندىن كېيىن، دوستلىرى ھەم ئائىلىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتالايدۇ.

مەن دائىم كارلغا ياخشى كۆرۈشنىڭ سېھرىي كۈچىنى بىلدۈرەتتىم. باشقىلارنى چۈشەنسە، ھېسداشلىق قىلسا، ئۇنىڭ ئېرىشىدىغانلىرى چەكسىز بولىدۇ. مەن ئوغلۇمغا ھەممىمىزنىڭ باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتاتتىم. بىزنىڭ ھەر بىرىمىز باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئىكەنمىز، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە جاۋاب قايتۇرۇشقا، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك. مەن ئۆزۈمنىڭ بارلىق چەكلىك بىلىمىم ئارقىلىق، دائىم ئوغلۇمغا قەدىمكى ئۇلۇغلار ھەققىدىكى ھېكايىلارنى سۆزلەپ بېرەتتىم.

روھىي كەيپىياتىم خېلى جايىدا بولغان بىر نامازشام ۋاقتىدا، دائىمقىغا ئوخشاشلا ئوغلۇمنى يېتىلىگەنچە بىر تەرەپتىن سىرتلارنى ئايلانغاچ، بىر تەرەپتىن ئوغلۇمنىڭ توختىماي سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ كېتىۋاتاتتىم. بىر ساياق ئادەم يېنىمىزدىن ئۆتۈپ قالدى. ئويلىمىغان يەردە بۇ ئادەم كارلنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ. كارل بېشىنى كۆتۈرۈپ مەندىن:

— ئۇ نېمىشقا ساياق يۈرىدۇ، ئۇنىڭغا نېمە كېرەكتۇ؟ —

دەپ سوراپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا دەرھال جاۋاب بەرمىدىم. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ سوئالىغا قارىتا ئۆزىنىڭ ئويلىنىشىغا ئازراق ۋاقىت بېرەتتىم. بۇ قېتىم كارل دائىمقىدەك تەكرار سوراۋەرمەستىن، بەلكى ھېلىقى ساياق ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن:

— ئەپەندىم، سىز نېمىشقا بۇنداق يۈرىسىز، سىزگە بىرەر نەرسە لازىممۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ ساياق ئادەم قاقاقلاپ كۈلگىنىچە:

— ماڭا بولكا لازىم، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ بەلكىم بەش ياشلىق كىچىك بالىنى ئۆزىگە ياردەم قىلىدۇ، دەپ ئويلىمىغان بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ساياق ئادەم بېشىنى چايقاپ قويۇپ مېڭىۋەردى. ئوغلۇم:

— ئەپەندىم، توختاپ تۇرۇڭ، — دېگىنىچە ئۇ تەرەپكە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى. ھېلىقى ساياق ئادەم توختىدى - دە، مەن بىلەن سالاملىشىپ:

— ئەپەندىم، ئۇ سىزنىڭ بالىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— شۇنداق، ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم — دېدىممەن.

— ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك بالا ئىكەن، ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەن، — دېدى ئۇ. يول ياقىسىدا مەن ھېلىقى ساياق ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپ تۇردۇم. ئۇ، ماڭا ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ۋە سایاقلىق ھاياتى ھەققىدە دادلىنىپ سۆزلەپ بەردى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا، كارل ھاسىراپ - ھۆمىدىگىنىچە يۈگۈرۈپ كەلدى. قولىدا ئىككى بولكا بار ئىدى. ئۇ ماڭا قارىدى، مەن يېنىمدىكى باش لىڭشىتىپ قوشۇلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

— ئەپەندىم، بۇ مېنىڭ ھەم ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ سىزگە بېرىدىغىنى، — دېگەچ ئوغلۇم بولكىنى ئۇنىڭ قولىغا

تۇتقۇزدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن قوبۇل قىلىنىڭ دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى.

شۇ ئىشتىن كېيىن، مەن ئوغلۇمدىن ئەينى چاغدا قانداقىسگە ھېلىقى ساياق ئادەمگە بولكا بېرىشنى ئويلاپ قالغانلىقىنى سورىدىم. ئوغلۇم:

— ئانام بىلەن ئىككىڭلار مېنىڭ قىلماقچى بولغىنىمغا قوشۇلىدىغانلىقىڭلارنى بىلەتتىم. چۈنكى، سىز ماڭا «ئادەم ياخشى ئىش قىلغاندىلا، ئاندىن پەرۋەردىگارغا يېقىنلىشالايدۇ» دېگەن ئىدىڭىز، — دېدى.

مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن، نۇرغۇن بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدا تەبىئىي ھالدا باشقىلارغا ھېسداشلىق شەكىللىنىدۇ. ئۇ، بىر خىل تۇغما خاراكتېر بولسا كېرەك. بىلىش قابىلىيىتىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلار تەدرىجىي ھالدا باشقىلارنىڭ روھىي ئازابلىرىدىكى ئوخشاشمىغان ئىپادىلەرنى بايقىيالايدۇ ھەمدە ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غەمخورلۇقىنى ئىپادىلىيەلەيدۇ. بەزى بالىلارنىڭ باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلماسلىقى، قىلىقلىرىنىڭ قەبىھ ياكى رەھىم - شەپقەتسىز بولۇشىنى كۆپىنچە ھاللاردا ئائىلە بەختسىزلىكى بىلەن دەسلەپكى تەربىيىنىڭ يېتەرسىزلىكى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر بالىلارنىڭ باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى ھەم باشقىلارغا كۆيۈنۈشىنى ئۈمىد قىلىدىكەنمىز، ئالدى بىلەن توغرا بولغان ئائىلە تەربىيىسى، ئاتا - ئانىنىڭ ئەخلاقىي - پەزىلىتى ھەم ھەرىكىتى ئىنتايىن مۇھىم.

مەن ئوغلۇمنى تەربىيىلەش داۋامىدا، ئۇنىڭغا بىر قاتار ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى ئۆگىتىپلا قالماستىن، بەلكى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى سۆز - ھەرىكەتلىرىدە ھەقىقىي كۆيۈنۈش، ھەقىقىي ياخشىلىقنى ئۇنىڭغا ھېس قىلدۇراتتىم. چۈنكى، ئاددىي ھالدا

يادلاپ ئەستە قالدۇرۇش ئۇنىڭ ھەربىكتىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. مەن ئوغلۇمغا: «ئالىيجاناب ئادەم بولۇش ئەڭ زور بەخت» دەيتتىم. ئالىيجاناب ئادەم باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدۇ، باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى سېزەلەيدۇ، ئالىيجاناب ئادەم ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدۇ، باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدۇ. كارل كىچىكىدىن باشلاپلا، ئالىيجاناب ئادەم بىلىملا ئۆگەنگەن ۋە بىلىمى مول ئادەملەرگە قارىغاندا، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە تېخىمۇ ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى.

ئەگەر بالىڭىز چوڭ بولغاندىن كېيىن، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ھېسداشلىق قىلىدىغان مەسئۇلىيەتچان ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلسىڭىز، ئۇنداقتا، بالىڭىزنىڭ كىچىك چېغىدىن باشلاڭ. مۇھىمى بۇ ئارزۇلىرىڭىزنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈڭ. مەن ئوغلۇمغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلدىم، كارلنىڭ ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئاشۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. مەن ئوغلۇمغا بولغان ئۈمىدىمنى تۆۋەنلەتمەيتتىم، شۇنداقلا ئۆز ئارزۇيۇم ئوغلۇمنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىشىدىن مەڭگۇ غەم يېمەيتتىم. مەن ئۆز ئارزۇيۇمنىڭ بەربات بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئوغلۇمنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەيتتىم، ئوغلۇمغا ئىشىنەتتىم، ئۇنىڭ چوقۇم قالتىس بىر ئەركەك بولۇشىنى بىلەتتىم.

گەرچە ئوغلۇمنىڭ يېشى ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ، مەن ئۇنى ئۆزۈم بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قوياتتىم، ئۇنى ئەزەلدىن كىچىك بالا دەپ سەل قارىمايتتىم، شۇنداقلا ئۇنى بەك كىچىك دەپ قاراپ، ئۆز ئەركىگە قويۇۋەتمەيتتىم. ئائىلىمىزدە ئىككىمىز باراۋەر ئورۇندا ئىدۇق. كارل ئۈچ ياشقا كىرگەندە، مەن ئۇنىڭدىن ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىشنى تەلەپ قىلدىم.

ئەمەلىيەتتە، ئۇمۇ ئىنتايىن ياخشى قىلاتتى. ئاشۇ چاغلاردا، ئۇ ئانىسىغا ياردەملىشىپ شىرە - ئۇستەللەرنى سۈرتۈش، قاچا-قۇچىلارنى تىزىشقا ئوخشاش بەزى ئاددىي ئۆي ئىشلىرىنى قىلاتتى. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، كارل قىلالايدىغان ئىشلار بارغانسېرى كۆپەيدى. چۈنكى، ئۆيدىكىلەرگە ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشمۇ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنىڭ بىر تەرىپى بولۇپ، بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش ئىدى.

مەن ئوغلۇمغا باشقىلارغا ياردەم بەرگەنلىك — كۆڭۈل بۆلگەنلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، مېڭىلىغان كىشىلەر قەلبىدىكى ئاق كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى ئېيتاتتىم. ئاق كۆڭۈللۈك كىشىلەر قەلبىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قورال بولۇپ، ئۇ چەكسىز كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە. كارل بىلەن تونۇشقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى «پەرىشتىلەردەك پاك» دەپ ماختىشاتتى. ئۇ ئىنتايىن تەقۋادار، قەلبى مۇھەببەتكە تولغان، مۇلايىم ۋە چىقىشقاق بالا ئىدى، ئەزەلدىن باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالمايتتى. ئۇ تەبىئەتكە مۇئامىلە قىلىشتا، بىرەر تال ياۋا گۈلنىمۇ خالىغانچە ئۈزۈشكە كۆزى قىيمايتتى. مەن ئوغلۇمنىڭ ئالىيجانابلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتىم، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ياخشى نەرسىلەرنى ھېس قىلالايتتىم، شۇ ئارقىلىق زوقلىناتتىم ھەم تەسەللىگە ئېرىشەتتىم.

## مېنىڭچە، مىجەز - خاراكتېرنىڭ ئۆزى ئىقتىدار

مېنىڭچە، مىجەز - خاراكتېرنىڭ ئۆزى بىر خىل ئىقتىداردۇر. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ئوچۇق-يورۇق بولسا، ئۇ ئاسانلا باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىگە

ئېرىشەلەيدۇ، ئالاقە - پائالىيەت دائىرىسى كەڭرى بولىدۇ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەر خىل يوللىرىدا مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ؛ ئەگەر مىجەز - خاراكتېرى غەلىتە بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ پائالىيەت دائىرىسى تار بولۇپ قالىدۇ، ھەرقانداق ئىش قىلغاندا كىشىلەر بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىشنى خالىمايدۇ، نەتىجىدە دائىم يېرىم يولدا بەل قويۇۋېتىدىغان، كىشىلىك ھايات يولىدا مېڭىش ئىمكانىيىتى ئىنچىكە يېپىق ھالەتتە بولىدۇ. مەلۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مىجەز - خاراكتېر بىر ئادەمنىڭ غەلىبە قىلىشىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ھالقا.

مەن كارلنى تەربىيىلىگەندە، بىلىم ئۆگىتىشتىن باشقا، ئۇنىڭدا ياخشى مىجەز - خاراكتېر يېتىلدۈرۈشنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويغان ئىدىم. مەن ئوغلۇمدا تولۇق ئىقتىدار ۋە گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، دەسلەپتىلا كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى كىچىك ئىشلاردىمۇ ئۇنىڭغا ئۇزاق مەزگىللىك مىجەز - خاراكتېر يېتىلدۈرۈشكە كىرىشكەن ئىدىم. مىجەز - خاراكتېر بالىلاردىكى ھاياتىي كۈچنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىشى داۋامىدا تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ. بالا تۇغۇلغاندىلا، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئوچۇق - يورۇق ياكى يېتىرقايدىغان مىجەز- خاراكتېر بولمايدۇ. مىجەز - خاراكتېر دېگىنىمىز، بالىلارنىڭ ھاياتى ۋە ياشاش ئىقتىدارى سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل روھىي ھالەتتىن ئىبارەت.

بەزى بالىلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ئوچۇق - يورۇق، بەزى بالىلار يېتىرقايدىغان كېلىدۇ. مېنىڭچە، بۇ خىل ئوخشاش بولمىغان مىجەز - خاراكتېر تۇغما بولمايدۇ، ياكى بالا ئۆزى يېتىلدۈرەلمەيدۇ. بالىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى رېئال تۇرمۇش ئىقتىدارى سۈپىتىدە تولۇق چېنىقمىغاندا، ئۇلار ھەمىشە ئۆزىنى رېئال تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ قالغاندەك ھېس

قىلىپ، ياخشى ماسلىشالمايدۇ. نەتىجىدە باللارنىڭ ئەسلىدىكى ئۇچۇق - يورۇق، قەيسەر تۇغما مىجەز - خاراكتېرى يوقىلىپ، ئەكسىچە، ئەسلىدىكى تۇغما مىجەز - خاراكتېرى بىلەن ئانچە بىردەك بولمىغان ناچار مىجەز - خاراكتېر پەيدا بولىدۇ.

مىجەز - خاراكتېر ئۆزگىرىدۇ، بەلكى توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. تۇرمۇش مۇھىتى ئۆزگەرگەن ھامان ئادەمنىڭ مىجەز - خاراكتېرىمۇ ئۆزگىرىشى مۇمكىن. مىجەز - خاراكتېردىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش كۆپىنچە ھاللاردا، باللارنىڭ ئۆزگەرگەن مۇھىتقا ماسلىشالماسلىقىدىن يۈز بېرىدۇ. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار باللارنىڭ ناچار مىجەز - خاراكتېر يېتىلدۈرۈۋالغانلىقىنى ئەيىبلەيدۇ ھەمدە ئۇنى ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بىراق، ئىزچىل ھالدا تەكرار يېتەكلەنمىسە، ئۇلارنىڭ ناچار مىجەز - خاراكتېرى ئاسان ئۆزگەرمەيدۇ. گەرچە مىجەز - خاراكتېر ئۆزگەرسىمۇ، ئەمما شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مىجەز - خاراكتېرنىڭ ئاساسى دەسلەپكى مەزگىلدىكى تۇرمۇشتا تۇرغۇزۇلىدۇ. دەسلەپكى بىرقانچە يىللىق تۇرمۇش ئادىتى، ئاتا - ئانىسىنىڭ پوزىتسىيىسى، ئائىلە كەيپىياتى بالىنىڭ مىجەز- خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئاستا - ئاستا ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. شۇڭا، ھەربىر ئادەت دەسلەپ شەكىللەنگەندە ئىنتايىن مۇھىم.

كارلنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا، مەن ئۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىزچىل ھالدا كۆزىتىپ، غۇرۇرىغا تەگمىگەن ئاساستا، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆزىتىپ كەلدىم. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىم ئۇنىڭ ئىچى پۇشۇپ قالغاندا، ۋاقتىدا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، مەن ئۇنىڭ غەم - ئەندىشىلىرىنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، بارلىق ئاماللارنى ئىزدەيتتىم.

ئۇنى غەمگە سېلىپ قويغان ئىشنى بىر ئىلاج قىلىپ كاللىسىدىن چىقىرىۋېتەتتىم. مەن ئوغلۇمنىڭ ئوچۇق - يورۇق، خۇشال - خۇرام ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

بىر كۈنى مەن سىرتتىن قايتىپ كېلىپ، كارلنىڭ هويلىدا ئۆزى يالغۇز، روهسىز ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئازابلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئوغلۇمنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ئىنچىكە ئوچۇق - يورۇق بولغاچقا، ئۇنىڭ بۈگۈنكى روهىي هالىتى مېنى هەيران قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدىم. ئوغلۇم بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرىۋەردى.

— كارل نېمە بولدى، قايسى ئىش سېنى بۇنداق غەمگە سېلىپ قويدى؟ — دەپ سورىدىم. ئوغلۇم يەنىلا بىر ئېغىز گەپ قىلماي ئولتۇراتتى.

— ئوغلۇم مەن سېنى بەك ياخشى كۆرىمەن. نېمە ئىش بولسا مەندىن يوشۇرمىغىن. هەر قېتىم قىيىنچىلىققا ئۇچرىغىنىڭدا، مەن ساڭا ياردەم بەرگەن ئەمەسمۇ؟ — ئوغلۇمنىڭ بۈگۈنكى تۇرقىغا قاراپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە چوقۇم بىر گەپ بارلىقىنى ياكى ئۇنىڭغا نىسبەتەن چوڭراق ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى هېس قىلدىم - دە، — كارل، مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم سېنى خۇشال - خۇرام ئادەم قىلىش، — دېدىم سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سەن خۇشال بولساڭلا،

قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ.

— دادا، مەن ئۆزۈمنى ھەقىقىي ئەركەك ئەمەستەك ھېس قىلىپ قالدىم، — كارل ئاخىرى گەپ قىلدى.

— نېمىشقا؟

— مەن كېنتېر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ كەنتىمىزدىكى بىر دېھقاننىڭ ئوغلى ئىدى، ئۇ مېنى ئاجىز دەپ زاڭلىق قىلدى. ئۇ يەنە كىيىملىرىنى سېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇسكۇللىرىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىگە ئوخشىسىلا، ئاندىن ئەركەك بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، مەن ئۇنداق ئەمەس، — دېدى كارل.

ئەمەلىيەتتە كارلنىڭ تېنى ئىنتايىن ساغلام ئىدى، ئەمما ئۇنى ناھايىتى كۈچلۈك بالا دەپ كەتكىلى بولمايتتى. ئەسلىدە بۇ، ھېچقانچە ئىش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئازابلاپ قويغان ئىكەن. ئوغلۇمنىڭ كۆڭلىنىڭ يېرىم بولۇش سەۋەبىنى ئۇققاندىن كېيىن، مەن ئەركەككە خاس قائىدىلەرنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدىم:

— كارل، بىلىشىڭ كېرەككى، بىر ئەركەكنىڭ بەدىنى كۈچلۈك بولسىلا بولمايدۇ. ھەقىقىي ئەركەكتە ئەقىل ـ پاراسەت ۋە قەتئىي ئىرادە بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا تۇرمۇشتىكى بارلىق قىيىنچىلىق ھەم ئوڭۇشسىزلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلىشى، ئادەتتىن تاشقىرى ئادەملەرگە ئوخشاش جاسارەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. سەن ئويدان ئويلاپ باق، سەن تېخى كىچىك تۇرۇپلا نۇرغۇن بىلىملەرنى ئالدىڭ، نۇرغۇن قائىدىلەرنى چۈشىنىۋالدىڭ. سەن چوڭ بولغانسېرى، بۇ بىلىم ۋە قائىدىلەر ئاستا ـ ئاستا ئەقىل ـ پاراسەتكە ئايلىنىدۇ. مېنىڭ نەزىرىمدە سەن يەنىلا جاسارەتلىك بالا، گەرچە سەن باشقا بالىلار ئارىسىدا ئەڭ كۈچلۈك بولمىساڭمۇ، لېكىن ناھايىتى ساغلام. كېنتېر دېگەن دېھقان بالىسى، ئۇ ھەر كۈنى ئائىلىسىدىكىلەرگە ياردەملىشىپ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىدۇ، شۇنداقلا سەندىن چوڭ، ئۇنىڭ سەندىن قاۋۇل بولۇشى نورمال ئىش. مېنىڭچە،

سەن ئازراق چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئادەتتە دائىم چېنىقىپ بەرسەڭلا، كېنتېردىن قاۋۇل ئادەم بولىسەن. كېنتېرنىڭ ساڭا بۇنداق قىلىشى ئىنتايىن ئەدەپسىزلىك بولۇپتۇ. ئۇنى نېمىشقا بۇنچىلىك كۆڭلۈڭگە ئېلىپ كېتىسەن؟ يەنە بىرى، سەن ئەركەك بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن ئەڭ مۇھىمى مۇستەقىل كاللاڭ بار. بۇنداق بولغاندىن كېيىن، سەن باشقىلارنىڭ باھاسىغا پەرۋا قىلىپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ.

كارل مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ، شۇ ھامان شوخلۇقىدىن روھلىنىپ كەتتى. ئۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى باھاسىنى ئاڭلاپ، بەزى جەھەتلەردە ئۆزىنى كەمستىش تۇيغۇسىغا كەلگەن بولسا، مېنىڭ سۆزلىرىم كاللىسىدىن ئۆتۈپ، قائىدىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى يېڭىۋاشتىن تۇرغۇزۇلدى.

باشقا ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇنداق ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە، قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن مېنىڭچە، مۇشۇنداق چاغلاردا بالىلارغا قائىدە چۈشەندۈرۈلمىسە، ئۇنىڭ كاللىسىدىكى چىگىش ھەل قىلىنمىسا، بۇ مەسىلە بالىنىڭ كۆڭلىگە مەڭگۈ ئورناپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۇ دائىم بۇنىڭدىن ئىچى پۇشىدىغان بولۇپ، مىجەز - خاراكتېرىگە تەسىر يېتىشى، ياكى ئەسلىدە ئوچۇق - يورۇق مىجەز - خاراكتېردىكى بالا شۇ تۈپەيلى جىمغۇر، يالغۇز يۈرىدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

كارلنى تەربىيىلەشتە مەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ھەر دائىم خۇشال قىلىشقا ھەم ئوچۇق - يورۇق يۈرۈشكە ئادەتلەندۈردۈم. مېنىڭچە، بالىدا ياخشى مىجەز - خاراكتېرنىڭ بولۇش - بولماسلىقى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇنىڭ ئەتراپلىق يېتىلگەن ئادەم بولۇش -

سەن ئازراق چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئادەتتە دائىم چېنىقىپ بەرسەڭلا، كېيىنچە كېنتىبېردىن قاۋۇل ئادەم بولىسەن. كېنتىبېرنىڭ ساڭا بۇنداق قىلىشى ئىنتايىن ئەدەپسىزلىك بولۇپتۇ. ئۇنى نېمىشقا بۇنچىلىك كۆڭلۈڭگە ئېلىپ كېتىسەن؟ يەنە بىرى، سەن ئەركەك بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن ئەڭ مۇھىمى مۇستەقىل كاللاڭ بار. بۇنداق بولغاندىن كېيىن، سەن باشقىلارنىڭ باھاسىغا پەرۋا قىلىپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ.

كارل مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ، شۇ ھامان شوخلۇقىدىن روھلىنىپ كەتتى. ئۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى باھاسىنى ئاڭلاپ، بەزى جەھەتلەردە ئۆزىنى كەمستىش تۇيغۇسىغا كەلگەن بولسا، مېنىڭ سۆزلىرىم كاللىسىدىن ئۆتۈپ، قائىدىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى يېڭىۋاشتىن تۇرغۇزۇلدى.

باشقا ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇنداق ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە، قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن مېنىڭچە، مۇشۇنداق چاغلاردا بالىلارغا قائىدە چۈشەندۈرۈلمىسە، ئۇنىڭ كاللىسىدىكى چىگىش ھەل قىلىنمىسا، بۇ مەسىلە بالىنىڭ كۆڭلىگە مەڭگۈ ئورناپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۇ دائىم بۇنىڭدىن ئىچى پۇشىدىغان بولۇپ، مىجەز - خاراكتېرىگە تەسىر يېتىشى، ياكى ئەسلىدە ئوچۇق - يورۇق مىجەز - خاراكتېرىدىكى بالا شۇ تۈپەيلى جىمىغۇر، يالغۇز يۈرىدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

كارلنى تەربىيىلەشتە مەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ھەر دائىم خۇشال قىلىشقا ھەم ئوچۇق - يورۇق يۈرۈشكە ئادەتلەندۈردۈم. مېنىڭچە، بالىدا ياخشى مىجەز - خاراكتېرنىڭ بولۇش - بولماسلىقى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇنىڭ ئەتراپلىق يېتىلگەن ئادەم بولۇش -

بولماسلىقنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ كەلگۈسىدە نەتىجە يارىتىش ـ يارىتالماسلىقنى بەلگىلەيدۇ.

## ئوغلۇمنى ئاتالمىش ئىلىم ئەھلى قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشنى ئەزەلدىن ئويلىمىغان ئىدىم

مەن ئاتالمىش ئىلىم ئەھلىلىرىنى ياقتۇرمايمەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئازراق كەسپىنىلا پىششىق بىلىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن بەكرەك بىلىملىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، مەيلى كىم بولسۇن ياكى نەگە بارسۇن، ھەمىشە ئۆز بىلىمىنى كۆز ـ كۆز قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇش ـ ياقتۇرماسلىقى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. ئۇلار ئۆز كەسپىدىن سىرتقى نەرسىلەرنى قىلچە بىلمەيدۇ، شۇنداقلا قىزىقمايدۇ. مەسىلەن، ئۇلاردا ساۋات خاراكتېرلىك بىلىملەر كەمچىل بولۇپ، ۋەزىيەت قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئابستراكت قاراشلىرى ھەمىشە كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ. مانا بۇلار ئاتالمىش ئىلىم ئەھلىدۇر.

مەن ئەزەلدىن ئوغلۇمنى مانا شۇنداق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەشنى ئويلاپ باقمىدىم. چۈنكى، ئاتالمىش ئىلىم ئەھلىلىرى گەرچە پۈتۈن زېھنىنى ئۆزىنىڭ ئاشۇ كەسپىگە قاراتسىمۇ ھېچقانداق نەتىجە يارىتالمايدۇ. ئۇلارنىڭ دەيدىغانلىرىنىڭ ھەممىسى كىشىلەر ئىنتايىن ئاز ئاڭلايدىغان، نېمىلىكىنى ئۇققىلى بولمايدىغان ئىلمىي ئاتالغۇلار، يازغانلىرى بولسا كىشىنىڭ كاللىسىنى قايمۇقتۇرىدىغان مەنىسىز جۈملىلەردۇر. ئۇلار ساۋات خاراكتېرلىك بىلىملەرنى

ئىگىلىگەن ۋە قىزىقىش دائىرىسى كەڭرى ياشلارنى ئاددىي كىشىلەر، دەپ قارايدۇ. ئېنىقكى، بۇلار ئىجتىمائىي ئالاقىگە ماھىر، تۇرمۇش تەجرىبىسىگە باي كىشىلەردۇر. ئەكسىچە، ئۇلار تېتىقسىز ئىلمىي ئاتالغۇلارنى قوللىنىپ، ھېچكىم ئىشلەتمىگەن سۆزلەرنى قىلمىدىغان ھەم ئۇزۇن، ھەم سېسىق، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان ماقالە يازىدىغان ياشلارنى ئۇلۇغ، ئىستىقباللىق ياشلار دەپ قارايدۇ. خۇددى مەلۇم ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پروفېسسورى ئوقۇغۇچىلارغا دائىم: «سىلەر گرېك تىلى ۋە لاتىن تىلىنى ئۆگىنىۋالساڭلارلا يېتەرلىك. ئىلىم - پەن دېگەننى ۋە ئانا تىلىڭلارنى بىر تەرەپتىن چاي ئىچكەچ، بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ ئۆگىنىۋالالايسىلەر» دېگىنىدەك، ئۇلار مەسىلىلەرگە بىر تەرەپلىمە قارايدىغان كىشىلەردۇر.

مەن قانداقمۇ ئوغلۇمنى ئاشۇنداق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقاي؟ ئوغلۇمنىڭ پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىلىمگە ئىنتىلىدىغان، شۇنىڭدەك گۈزەل سەنئەت، ئەدەبىيات قاتارلىقلاردىن ھوزۇرلىنالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىپ تەربىيىلىشىم دەل ئۇنىڭ ئاشۇ خىلدىكى ئاتالمىش ئىلىم ئەھلىلىرىدىن بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى.

مۇكەممەل ئادەم دېگىنىمىز، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە، قەلبى مېھرىبانلىق بىلەن تولغان ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار زىددىيەت ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى بايقىيالايدىغان ھەم ئۇنى ھەل قىلىش ئىرادىسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. كارل ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ، مەن ئۇنىڭدا راست - يالغان، ياخشى - يامانىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن ئىدىم. چۈنكى، مۇنداق ئىقتىدار بولمىسا، بىلىمنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمايدۇ.

باللارنىڭ پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرەلمەيدىغان مەكتەپلەر چاكىنا كىشىلەر دۆۋىسىنىلا يېتىشتۈرىدىغان سورۇن. بۇ مەكتەپلەرنىڭ بىلىمنى پارچىلاپ سېتىشى پارچە مال ساتىدىغان دۇكانلاردىن پەرقلەنمەيدۇ. ئوقۇتقۇچى شۇ دۇكاندىكى مال ساتقۇچىلاردىن ئىبارەت. ئۇلار گەرچە ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن پېداگوگىكا، تىلشۇناسلىق، تەبىئەت، تارىخ قاتارلىق بىلىملەرنى ساتسىمۇ، بىراق سىز ئالغان بۇ بىلىملەردىن ھېچقانداق ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ھېس قىلالمايسىز. مەن دائىم كارلغا: «بىر ئادەمنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارى بولمىسا، ئۇ، دۇنيادىكى ھەر خىل تىللارنى بىلىپ، ھەممە كىتابلارنى ئوقۇغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ قىلچە قىممىتى بولمايدۇ» دەيتتىم.

نۇرغۇن مەكتەپلەردىكى باشقۇرغۇچىلار بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ، شۇ نىزاملار بويىچە بىر تۈركۈم قائىدىلىك كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىقىشقىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ. بۇنداق مەكتەپلەر پەقەت ئوخشاش سەۋىيىدىكى كىشىلەرنىلا تەربىيىلەپ چىقالايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئالاھىدە قابىلىيەتلىك ئادەملەرنى بايقىمىقى تەس. بۇ ئوقۇغۇچىلاردا ئۆز ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئوخشاشلا، يېڭى ئىدىيە، يېڭى كۆزقاراش بولمايدۇ. ھەممە جەھەتتىن ئوخشىشىدىغان چاكىنا ئادەملەرنىڭ سانى ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ كارغا كەلمەيدۇ.

كارلنى تەربىيىلەشتە، مەن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تۇغما مىجەز - خاراكتېرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئويلاپ، ئۇنى مۇستەقىل قاراشقا ھەم ئىجادىيەت روھىغا ئىگە قىلىپ تەربىيىلىدىم. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئۇ ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە ئادەم بولالايتتى. چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ يېڭى كۆزقاراش ھەم يېڭى ئىدىيىگە ئىگە بولالايتتى. شۇنداق

بولغاندا، دۇنيا ئۇچۇن ئاز ـ تولا تۆھپە قوشالايتتى.
مېنىڭ بەزى دوستلىرىم ئۆزىنى دانىشمەن پېداگوگ چاغلاپ، بالىلارغا ھەر خىل قائىدە ـ چەكلىمىلەرنى تۈزۈپ بېرىدۇ. چەكلىمىلەرنىڭ كۆپلۈكى كىشىنىڭ قورققۇسىنى كەلتۈرىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭدا قابىلىيەتلىك بالا يېتىشتۈرىدىغان مەزمۇنلار يوق. نۇرغۇن بالىلار تۈرلۈك چەكلىمىلەرنىڭ رامكىسىغا ئۇچرىغاچقا، ئەركىن ئۆسۈپ يېتىلەلمەيدۇ. مەن نۇرغۇن قابىلىيەتلىك بالىلارنىڭ ئاشۇ چەكلىمىلەرگە چېقىلىپ قويۇپ قىينالغانلىقىنى، باشقىلارغا ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەنگەنلىكىنى ئاڭلىغان.
بىز بالىلىرىمىزنى قانداق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەشنى ئويلايمىز؟ ئۇلار ئاددىي ئىشلارنىلا ھەل قىلالايدىغان مال ساتقۇچى ياكى ئاز ـ تولا ماھارىتى بولسىمۇ، لېكىن پىكىر يۈرگۈزمەيدىغان قول ـ ھۈنەرۋەن بولسا مەيلىمۇ؟ ئەگەر مۇشۇنداق بولسا، دۇنيادا ھەقىقىي ئالىم، پەيلاسوپ، سەنئەتكار دېگەنلەرمۇ بولامدۇ؟ شۇنى ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەككى، ئافىنا زامانىدىكى گرېتسىيە مەدەنىيىتىنىڭ بۈيۈك بولۇشى ئەركىن مائارىپنىڭ مەھسۇلى، ئەكسىچە ۋىزانتىيە زامانىدىكى گرېتسىيە مەدەنىيىتىنىڭ يېتەرسىز بولۇپ قېلىشى دەل قائىدە ـ نىزاملارنىڭ كۆپ بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.
ئوغلۇمغا نىسبەتەن مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم ئۇنى ھەرگىزمۇ كىتابلا ئوقۇيالايدىغان ئاتالمىش ئىلىم ئەھلى قىلىپ تەربىيىلەش ئەمەس، ئۇشتۇمتۇت كارامەت كۆرسىتىدىغان ئاتالمىش خىسلەتلىك بالا قىلىپ تەربىيىلەشمۇ ئەمەس، بەلكى دۇنياغا تۆھپە قوشالايدىغان ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش ئىدى. مەن كارلنىڭ مۇكەممەل ئادەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم، بۇ ماڭا نىسبەتەن ھەممىدىن مۇھىم ئىدى.

# ئالتىنچى باب بالىڭىزنى ھەرگىز كىچىك چاغلىماڭ

ئاتا - ئانىلار بالىلاردا خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە ۋە مەغلۇپ بولۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بالىلارمۇ چوڭلارغا ئوخشاشلا خاتالىق ئۆتكۈزۈش، خاتالىقنى تونۇش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە ۋە ئۇنى تونۇتۇشكە جۈرئەت قىلىش ئوخشاشلا قىممەتلىك.

## گۈزەل نەرسىلەرنى ئوغلۇمنىڭ تەبىئىتى ۋە ئاڭلىقلىقىغا ئايلاندۇردۇم

كارل بىر ياشقا كىرگەندىن باشلاپ، مەن ئۇنىڭغا قاتتىق تەلەپ قوياتتىم. مەن ئەزەلدىن «كىچىك چېغىدا ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىپ، بىرئاز چوڭ بولغاندىن كېيىن چىڭراق تۇتۇش كېرەك» دېگەن ئەقىدىگە ئىشەنمەيتتىم.

دادا بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئوغلۇمغا نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى ئۆگىتىش مەسئۇلىيىتىم ھەم مەجبۇرىيىتىم بار ئىدى. بالىلارغا چوڭلارنىڭ تەسىرى زور بولىدۇ. ئەگەر كىچىكىدە ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىلسە، بالىلارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كېتىدۇ-دە، ئازراق چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا قاتتىق تەلەپ قويىمەن دېسەك، كېچىكىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

ئوغلۇم ئالتە ياشقا كىرگەندە، مەن ئۇنى باشقا بىر جايدىكى

باستېر E نىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەردە بىرقانچە كۈن تۇرۇپ قالدىم. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەنلىك ناشتىدا، ئوغلۇم ئازراق سۈتنى تۆكۈۋېتىپ قالدى. ئۆيىمىزدىكى قائىدە بويىچە، ئۇ بىرەر نەرسىنى تۆكۈپ قويسا جازالىناتتى، شۇ تۈپەيلى بولكا بىلەن تۇز يېيىشكىلا رۇخسەت قىلىناتتى. كارل ئەسلىدە سۈتكە ئامراق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باستېر E ئائىلىسىدىكىلەر ئوغلۇمغا ئىنتايىن ئامراق ئىدى. ئۇنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ سۈت تەڭشەپ، ئەڭ ياخشى پېچىنىلەرنى تەييارلىغان ئىكەن. بۇلار كارلنىڭ ھەقىقەتەن ئىشتىھاسىنى قوزغايتتى. كارل سۈتنى تۆكۈپ قويغاندىن كېيىن، يۈزى سەل - پەل قىزاردى. بىردەم ئىككىلەنگەندىن كېيىن سۈتنى ئىچمىدى. مەن قەستەن كۆرمىگەن قىياپەتكە كىرىۋالدىم. باستېر E ئائىلىسىدىكىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ قېلىشتى — دە، كارلنى سۈت ئىچىشكە قايتا - قايتا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ سۈتنى يەنىلا ئىچمىدى ھەم ناھايىتى خىجىل بولغان ھالدا:

— سۈتنى تۆكۈۋەتكەن ئىكەنمەن، ئەمدى ئىچسەم بولمايدۇ، — دېدى. باستېر E ئائىلىسىدىكىلەر:

— ھېچقىسى يوق، قىلچە قورۇنماي ئىچىۋېرىڭ، — دەپ قايتا - قايتا تەكلىپ قىلىشتى.

مەن كارلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ پېچىنە يېگەچ بۇ ئىشلارنى كۆرمىگەن بولۇۋالدىم. ئوغلۇم سۈتنى يەنىلا قەتئىي ئىچمىدى. كارلغا زىيادە كۆيۈنگەن باستېر E ئائىلىسىدىكىلەر ھېچ ئامال قىلىشالماي، ماڭا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئوغلۇمنى مېنىڭ ئەيىبلىشىمدىن ئەنسىرەپ، شۇنداق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قېلىشقان ئىدى. مەن قاتمال ھالەتنى ئوڭلاش ئۈچۈن ئوغلۇمنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ، بۇ ئائىلىدىكىلەرگە ئۇنىڭ

سەۋەبىنى چۈشەندۈردۈم. ئۇلار چۈشەندۈرۈشۈمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، مېنى ئەيىبلەپ:

— ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەن بالىنى كىچىككىنە سەۋەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئامراق نەرسىلەرنى يەپ - ئىچىشتىن چەكلىسىڭىز، سىز تەلىم - تەربىيىنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەن بولامسىز، — دېيىشتى. مەن يەنە ئۇلارغا:

— ئوغلۇم مەندىن قورقۇپ ئەمەس، بەلكى بۇنىڭ ئۆزىنى تىزگىنلەيدىغان بىر خىل تۇزۇم ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە بىلىپ يەتكەچكە ئىچمەي تۇرۇۋالدى، — دەپ چۈشەندۈرگەن بولساممۇ، باستېر E ئائىلىسىدىكىلەر يەنىلا ئىشەنمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر تەجرىبە ئىشلەش ئارقىلىق ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلدۈرۈشكە توغرا كەلدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ:

— ئۇنداق بولسا، مەن ئۆيدىن چىقىپ تۇراي، سىلەر ئوغلۇمنى چاقىرىپ كىرىپ، ئۇنىڭغا دەپ بېقىڭلار، ئۇ سۇتنى ئىچەمدىكىن - ئىچمەمدىكىن، — مەن گېپىمنى تۈگىتىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم.

مەن سىرتقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئوغلۇمنى چاقىرىپ كىرىپ، ئۇنىڭغا سۇت ئىچىش، پېچىنە يېيىش ھەققىدە قىزغىنلىق بىلەن نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، قىلچە نەتىجىسى بولماپتۇ. ئارقىدىن ئۇلار يەنە سۇت - پېچىنىلەرنى يىغىلاپ ئەكىرىپ: «قېنى يەڭ - ئىچىڭ، دادىڭىزغا دەپ قويمايمىز» دېگەن بولسىمۇ، ئوغلۇم ئۇنىمايپ: «دادام كۆرمىگەن بىلەن، پەرۋەردىگار كۆرۈپ تۇرىدۇ. مەن يالغان ئىش قىلسام بولمايدۇ» دەپتۇ. باستېر E : «ھازىر ھەممىمىز سەيلە قىلغىلى شەھەر سىرتىغا چىقىمىز، يولدا قورسىقىڭىز ئېچىپ قالىدۇ، دېسە، ئوغلۇم: «ھېچقىسى يوق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇلار ھېچ ئامال قىلالماي، مېنى چاقىرىپ

كىرىۋىدى، ئوغلۇم ئىسسىق كۆز ياشلىرىنى ئاقتۇرغىنىچە، بۇ ئەھۋالنى ماڭا ئەينەن سۆزلەپ بەردى. مەن ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئۇنىڭغا:

— كارل، سەن ۋىجدانىڭنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ بولدۇڭ. بىز هازىر سەيلىگە چىققىلىۋاتىمىز، كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويماي، سۈت ھەم پېچىنىلەردىن يېگىن، ئاندىن بىز يولغا چىقايلى، — دېدىم. كارل گېپىمنى ئاڭلاپ، سۈتنى خۇشاللىق بىلەن ئىچتى. ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەن بالىنىڭ شۇ دەرىجىدە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىدىن باستېر E ئائىلىسىدىكىلەر چوڭقۇر تەسىرلىنىشتى.

نۇرغۇن كىشىلەر مېنىڭ تەلىم - تەربىيەمنى زىيادە قاتتىق دەپ قارايدۇ، مەن بۇنى ئىنكار قىلمايمەن. باشقا بالىلارنىڭ ئادەت، شەكىللىرىنى كارلغا سېلىشتۇرسام، مېنىڭ تەلىم - تەربىيەم مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ھەقىقەتەن ناھايىتى قاتتىق ئىدى. ئەمما، بۇ خىل قاتتىق تەلىم - تەربىيە ئوغلۇمغا ھەرگىز قاتتىق تۇيۇلمايتتى. چۈنكى، ئوغلۇمغا بولغان قاتتىق تەلىم - تەربىيە ئۇ ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدىلا باشلانغان بولۇپ، بۇنىڭغا كارل ئادەتلىنىپ كەتكەچكە، ھېچقانداق ئېغىر بىلىنمەيتتى. ئوغۇل بالا ھەمىشە دادىسىدىن ئۆگىنىدۇ. دادا ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسىدۇر. بالىلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇشتا، دادا ئالدى بىلەن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى كېرەك. مېنىڭ ئوغلۇمغا قاتتىق تەلەپ قويۇشۇم تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشىغا ئايلانغان. مەن دائىم ئۇنىڭغا: «پەرۋەردىگار بىلەن ئۆزۈڭدىن باشقا ھېچكىم سېنى چەكلىيەلمەيدۇ» دەيتتىم.

كارل ناھايىتى كىچىك چېغىدىلا نۇرغۇن ياخشى ئادەتلەر ئۇنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. مەسىلەن،

كارل ئەزەلدىن يالغان ئېيتمايتتى. مېنىڭ جازالىشىمدىن قورققانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇ كۆڭلىدە يالغان سۆزلەشنى خاتا دەپ قارايتتى. كارلنىڭ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن ئۇرغۇپ چىققان كۈچ ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن بارلىق ياخشى، گۈزەل ھەم ئالىيجاناب نەرسىلەرنى ئوغلۇمنىڭ تەبىئىتىگە، ئاڭلىقلىقىغا ئايلاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئوغلۇمنى كىچىكىدىن باشلاپ بۇنداق گۈزەل قەلبكە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەش مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ئىدى. مەن ئۇنىڭ كىچىك چېغىدىلا ياخشى يېتەكلەنمەسلىك تۈپەيلىدىن، ئۆز نىشانىنى يوقىتىپ قويۇشىنى خالىمايتتىم.

## بالا بەك كىچىك بولسا قائىدە بىلمەيدۇ، دەپ قارىماڭ

بالىنى سەممىي ھەم راستچىل ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپ قاتتىق تەربىيىلەش زۆرۈر. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىلا يالغان سۆزلەشكە باشلايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. يالغان سۆزلەشنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ، ئۇنىڭدا ياخشى نىيەتمۇ - يامان نىيەتمۇ بولىدۇ. مېنىڭچە، بالىلارنىڭ يالغان سۆزلىشى كۆپ ھاللاردا ياخشى نىيەتلىك بولىدۇ. بالا خاتا ئىش قىلىپ قويغاندا، ئادەتتە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەيىبلىشىدىن قېچىپ يالغان سۆزلەيدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارغا نىسبەتەن، ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشىنىشى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ يالغان سۆزلەشتىكى سەۋەبىنى ئۇقۇۋېلىشى،

ئاندىن مۇۋاپىق ئۇسۇل قوللىنىپ تەربىيە بېرىشى كېرەك.

بالا بەك كىچىك بولغاچقا، قائىدە چۈشەنمەيدۇ دەپ قارىماڭ. ئۇلارنى ھەرگىزمۇ كىچىك چاغلىماڭ، ئۇلار چۈشىنەلەيدۇ. كارل ئىككى ياشقا كىرگەندە، تاماق شىرەسىدىكى بىر ئىستاكان سۈتنى ئۆرۈۋەتتى. ئەينى چاغدا، ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭ يېنىدا ئەمەس ئىدۇق. ئۇ كۈنى مەن باشقا رايونغا كەتكەن بولۇپ، كارل ئانىسى بىلەن قالغان ئىدى. ئانىسى باشقا ئۆيگە چىقىپ كېتىپ بىردەمدىن كېيىن كىرىپ قارىسا، شىرەنىڭ يۈزى ھۆل، ئىستاكان قۇرۇق تۇرغۇدەك. ئانىسى: «كارل، ئىستاكاننى ئۆرۈۋەتتىڭمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. كارل بېشىنى چايقاپ ئىنكار قىپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭ بۇ ئوماق قىلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ تاشلاپتۇ. كارلنىڭ ئىستاكاننى ئۆرۈۋەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنى ئەيىبلىمەپتۇ. كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمدە، ئايالىم ماڭا بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. مەن ئەستايىدىل ئويلىنىپ، گەرچە مەن بۈگۈن بولمىساممۇ، ئوغلۇم بىلەن سۆزلىشىشىم كېرەككەن، دەپ قارىدىم.

— ئوغلۇم، بۈگۈن سەن ئىستاكاننىڭ سۈيىنى ئۆرۈۋەتتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن ئەستايىدىللىق بىلەن. ئوغلۇم يەنىلا بېشىنى چايقاپ، ئۇنى ئىنكار قىلدى.

— كارل، سېنىڭ ماڭا راست گەپ قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. مەيلى شۇنداق قىلغان ياكى قىلمىغان بولساڭمۇ، راست گەپ قىلىشىڭ كېرەك. گەرچە ئاناڭ بىلەن ئىككىمىز ئۇنى كۆرمىسەكمۇ، پەرۋەردىگار ئۇنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، — مەن چىرايىمنى ئاچماي تۇرۇپ، يەنە مۇنداق دېدىم، — ئاناڭ بىلەن ئىككىمىز، يەنە پەرۋەردىگارمۇ يالغان سۆزلىگەن بالىنى ياقتۇرمايدۇ.

كېيىن كارل بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. مەن ئۇنى ئەيىبلىمىدىم. ماڭا مەلۇمكى، بىر ئىستاكان سۇنى ئۆرۈۋېتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىش بالىنىڭ يالغان سۆزلەشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋېلىشى ئالدىدا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق.

كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ كىچىككىنە يالغان سۆزلەپ قويغىنىنىڭ ھېچقانچە زىيىنى يوق دەپ قارايدۇ، ھەتتا بۇ ئوماق بىلىنىدۇ. ئەمما، مەن ئۇنداق قارىمايتتىم. يالغان سۆزلەش ئادەتكە ئايلىنىپ قالسا، بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن، جىنايەتنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بالىلار يالغان سۆزلەشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزگەرتمەن دېيىش بىھۇدە ئاۋارىچىلىكتۇر.

يالغان سۆزلەش كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىق مۇناسىۋەتنى بۇزۇپ، ئىشەنچسىزلىك پەيدا قىلىپ، ئۆز ئارا ئىشىنىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقنى تەسىر يەتكۈزىدۇ. يالغان سۆزلەش باشقىلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. دائىم يالغان سۆزلەيدىغان ئادەم بىلەن بىللە ياشاش ئاسانمۇ مۇمكىن ئەمەس. بارغانسېرى، مەن كارلغا بۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر قائىدىلەرنى چۈشەندۈردۈم. بىراق، ئۇ كىچىك چېغىدىلا مەن يالغان ئېيتىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى، ئاخىر بېرىپ جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتقان ئىدىم. كارلنى تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى سەمىمىي بالا دېيىشەتتى. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئوغلۇم ئېيتقان بىردىنبىر يالغان سۆزمۇ، ئۇنىڭ ئاشۇ بىر ئىستاكان سۇنى ئۆرۈۋېتىپ، ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقى ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە كارل مەيلى قانداق خاتا ئىش قىلىپ قويسۇن، ئۇنى ئېتىراپ قىلاتتى. تا بۈگۈنگىچە، مەن بىراۋنىڭ كارل يالغان سۆزلەيدۇ دېگىنىنى ئاڭلىمىدىم.

# ئوغلۇمنى ئۆزۈم باشلامچى بولۇپ هۆرمەتلىدىم

بىر قېتىم كارل بىر تال پېچىنە يېمەكچى بولىۋىدى، مەن بەرمىدىم. چۈنكى، بىز كەچلىك تاماقنى ئەمدىلا يەپ بولغاچقا، كۆپ يەپ - ئىچىش ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە زىيانلىق ئىدى. تېخى ئىككى ياشقا توشمىغان ئوغلۇم يەردە يېتىۋېلىپ يىغلاپ، خەقنشلىك قىلدى. ئانىسى بۇنىڭغا چىدىماي، دەرهال ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، بىر تال پېچىنىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ :

— كارل ئورنۇڭدىن تۇر، — دېدى. كارل خەقنشلىك قىلىپ، غەلىبە قىلدى - دە، ئۆزى يېمەكچى بولغان ئاشۇ تاتلىق پېچىنىگە ئېرىشتى.

ئەينى چاغدا مەن هېچنېمە دېمىدىم. ئەمما، كارلنىڭ يىغىسى بىزنىڭ هوقۇقىمىز بىلەن قارشىلاشماقچى ئىكەنلىكىنى هەم شۇ ئارقىلىق غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. كېيىن ئايالىم بىلەن بۇ ئىش ئۈستىدە سۆزلەشتىم هەم ئۆز قاراشلىرىمنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. مېنىڭ قارىشىمچە، ئوغلۇمنىڭ يىغا ئارقىلىق بىز بىلەن بۇنداق قارشىلىشىشىغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك ئىدى. ئوغلۇم كىچىك بولغاچقا، بۇ خىل يول قويۇشنىڭ يامان تەسىرىنى ئاسان پەرق قىلالمايتتى. ئەمما، ناچار ئادەت ئاللىبۇرۇن كۆكلەپ قالغان ئىدى. ئەگەر ئوغلۇم 14 — 15 ياشلارغا كىرىپمۇ داۋاملىق مۇشۇنداق قىلىۋەرسە، ئۇ چوقۇم زومىگەر، ئەخلاقسىز ئادەم بولۇپ قالاتتى.

ئۇ، خەقىشلىك قىلىپ ئۆزى خالىغان نەرسىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بىلسە، يەنە خەقىشلىك قىلاتتى. چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قابىلىيىتى، ئۇنىڭ چارىسى پەقەت خەقىشلىك قىلىش بىلەنلا چەكلەنمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. شۇنداقلا ئۇ ئانىسىغىلا ئەمەس، بەلكى ھەممە ئادەمگە يولسىزلىق قىلىشى، باشقىلاردىن ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەرگە يولسىز چارىلەر ئارقىلىق ئېرىشىپ، ئۆز تەلىپىنى قاندۇرىدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. مەن يەنە نۇرغۇن مىساللار ئارقىلىق، ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالىلارنىڭ دەسلەپكى مۇناسىۋىتى كەلگۈسىدە بالىلارنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن.

كېيىنكى كۈنلەردە، ئائىلىمىزدە ئۇنداق ئىش قايتا يۈز بەرمىدى، كارل يەنە قانچىلىك خەقىشلىك قىلسىمۇ، ئۇ ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىگە، مەيلى يېمەكلىك ياكى ئويۇنچۇق بولسۇن ئېرىشەلمىدى. چۈنكى، مەن ئۇنىڭغا خەقىشلىك قىلىشنىڭ پايدىسى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويغان ئىدىم.

بىر كۈنى قوشنام ئۆز ئوغلىنىڭ ئىشلىرىدىن قاقشاپ، ئۇنىڭ ئەسكىلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، كارلنىڭ ئۆگىنىشى ھەم ئەخلاقى ناھايىتى ياخشى ۋە كىشىلەرگىمۇ مەلۇم بولغاچقا، بۇ قوشنام مەندىن بالىنى قانداق تەربىيىلەش ھەققىدە مەسلىھەت سورىدى. ئۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا:

— ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ئوغلۇم كىچىك چېغىدا، ئاتا-ئانىنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگىتىشكە سەل قارىغان ئىكەنمىز، ئۇ چاغلاردا بالىمىز ئۆيىنى بېشىغا كىيەتتى. ئايالىم ئۇنى تېخى كىچىك دەپ قاراپ، چوڭ بولغاندا ئۆزگىرىشىگە ئىشىنەتتى.

ئەمما، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمىدى، ئۇ بارغانسېرى ئەسكىلىشىپ ئاچچىقى يامان، ئاچ كۆز، شەخسىيەتچى، ئۆزىنىڭ دېگىنىنى راست قىلىۋالىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ، بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويسا، بىز ئۇنى ھەقىقەتەن باشقۇرالمىدۇق. ئۇ، ھەتتا مەندىنمۇ يامان بولۇپ كەتتى. ئۇ، ھازىر 12 ياشقا كىرىپ، ھەقىقەتەن بىزمۇ تىزگىنلىيەلمەيدىغان ياۋا ئاتقا ئايلىنىپ قالدى، بىزنى زېرىكتۈردى. دائىم بىزگە ئاچچىقلىنىدۇ، بىزنى ۋە ئائىلىدىكىلەرنى كۆزگە ئىلمايدۇ، — دېدى.

بۇنداق ئەھۋالغا قارىتا مەن نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ ھۆرمەتلەش ئۆزئارا بولىدۇ. بالىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاتا - ئانا بالىنى ھۆرمەتلىشى كېرەك. بالا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ، باشقىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ئادەت يېتىلدۈرۈش كېرەك.

بالىنى ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىش بالىنى ھۆرمەتلىگەنلىك ئەمەس. بالىغا ياخشى پەزىلەت ئۆگىتىشنى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز، ئاتا - ئانىلار باشلامچى بولۇشى، ئالدى بىلەن ئۆزى ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەت يېتىلدۈرۈشى زۆرۈر. ئاتا - ئانىلار بالا تەربىيىلەشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن نېمىنىڭ توغرا - نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى لازىم. ئالدى بىلەن بالىنىڭ خاتالىقىغا قايسى ئۇسۇلدا مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىۋېلىشى كېرەك. مەن ئوغلۇمغا مۇنداق مۇئامىلە قىلاتتىم: ئۆيدە كالامپايلىق قىلىپ، شىرە - ئۇستەللەرنى ئۆرۈۋەتسە، ئىستاكاننى چېقىۋەتسە، ياكى ئېھتىياتسىزلىقتىن مېنىڭ نەرسىلىرىمنى بۇزۇۋەتسە، بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭ يولسىز غەلۋە چىقىرىشى دېگىلى بولمايدۇ ھەمدە ئۇ مەسئۇل بولۇشقا تېگىشلىك دائىرىگە كىرمەيدۇ. بۇنىڭدا،

ئۇنىڭ يامان نىيىتى يوق ياكى قارشىلاشقانلىقىمۇ ئەمەس، بەلكى ئېھتىياتسىزلىقتىن يۈز بەرگەن ئىش. بۇنداق ئەھۋالدا، ئوغلۇمنى ئەيىبلەپ ۋە جازالاپ كەتمەيتتىم. ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن كېيىن ئېھتىياتچان بولۇش، قاراملىق قىلماسلىقنى ۋاقتى - ۋاقتىدا تاپىلاپ تۇراتتىم. ئەگەر كارل مېنىڭ دىققىتىمنى قوزغاش ئۈچۈن، ياكى بىرەر ئىش ئۇنىڭغا ياقماي مەن بىلەن قارشىلاشماقچى بولسا، مەن چوقۇم بەزى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئۇنى چەكلەيتتىم ۋە جازالايتتىم. بەختىمىزگە يارىشا، بۇنداق ئەھۋال كارلدا ئاز كۆرۈلەتتى. چۈنكى، كارل كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ، مەن باشلامچى بولۇپ ئۇنى ھۆرمەتلەيتتىم. ئەزەلدىن ئۇنىڭغا سەۋەبسىز بېسىم ئىشلەتمەيتتىم. ئۇنىڭ مېنى ھۆرمەتلىشىمۇ ئىنتايىن تەبىئىي ئىش ئىدى.

## بالىڭىزنىڭ چوڭ بولۇشىنى كۈتسىڭىز، ئۇ چوڭ بولغاندا گېپىڭىزنى ئاڭلىمايدۇ

بالىلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى ھەققىدە گەپ بولسا، نۇرغۇن ئادەملەر: «بالا تېخى كىچىك تۇرسا، نېمىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق ئىكەنلىكىنى بىلەمدۇ؟ مەسئۇلىيەتچانلىق دېگەن چوڭلاردىلا بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. قىلچە يۈز - خاتىر قىلماي ئېيتقاندا، بۇ ئىنتايىن خاتا ھۆكۈم.

نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىسى كىچىك چاغدا، ئۇنىڭ بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشقا ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئۇلار: «بالا دېگەن بالا، ئۇلار ھېچنېمە بىلمەيدۇ، چوڭ بولغاندىن كېيىن بىرنېمە دېمەمدۇق» دەپ قارايدۇ. بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن، سىزنىڭ گەپلىرىڭىزنى

ئاڭلامدۇ - ئاڭلىمايدۇ، بۇنى كىم بىلىدۇ؟ ياكى ئۇنىڭ چوڭ بولۇشىنى كۈتىسىڭىز، نۇرغۇن يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىپ، ياش ھاياتىنى بۇلغىۋېلىشى مۇمكىن. پۇشايمان قىلغاندا بولسا، كېچىككەن بولىسىز.

مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە قىممەت قارىشى يوق باللار ئۆز ھاياتىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ھەم مۇھىملىقىنى تاپالمىغاچقا، ئۆزىنى تەمتىرەپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، ئىجادچانلىق كۈچىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئۇلارنى باشقا پۇچەك، ماددىي نەرسىلەر ئاسانلا جەلپ قىلىۋالىدۇ. كارلنى تەربىيىلەش داۋامىدا، مەن ئىزچىل ھالدا ئۇنىڭغا ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلدۇرۇشكە، ئۆز ھەرىكىتىنىڭ باشقىلارغا تەسىر قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە، ئۆزىنىڭ باشقىلارغا مەنسۇپلۇقى ۋە كارغا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشقا تىرىشىپ كەلدىم. شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭدا ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق يېتىلدۇردۇم. يېشىنىڭ چوڭىيىشى ھەم ئىجتىمائىي ئۇچرىشىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنىڭ مەزمۇنىمۇ كۆپىيىدۇ ھەم كېڭىيىدۇ، شۇنداقلا ئۆز ئائىلىسى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بىراق، ئائىلىدە يېتىلگەن بۇ خىل تۇيغۇ كەلگۈسىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئائىلىدە بۇ خىل ئاساس تۇرغۇزۇلمىسا، جەمئىيەتكە ۋە ئىنسانىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق ھەم بۇرچ تۇيغۇسى نەدىنمۇ كەلسۇن؟

بىزنىڭ ئائىلىدە ئوغلۇم باشتىن - ئاخىر بەزى ئەھمىيەتلىك رولларنى ئۆتەيتتى. بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۆز ھەرىكىتىنىڭ باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇراتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز يېتەرسىزلىكلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىش، تۇرلۇك ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش

ئىشەنچىنى يېتىلدۈرەتتىم.

ئايالىم بىلەن ئىككىمىز دائىم مەقسەتلىك ھالدا ئوغلۇمغا ئۇنىڭ كۈچى يېتىدىغان ھەم يېشىغا ماس كېلىدىغان بەزى ئەمگەك، ۋەزىپىلەرنى تاپشۇراتتۇق. مەسىلەن، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئائىلە ئىشلىرىنى بۆلۈپ بېرەتتۇق، تازىلىق قىلىش ۋە گۈل - گىياھلارنى سۇغىرىشقا مەسئۇل بولۇش دېگەندەك ئىشلارنى تاپشۇراتتۇق. بىز كارل بىلەن باراۋەر دەرىجىدە ئالاقىلىشاتتۇق. بۇنى كارلدا مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇ يېتىلدۈرۈشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى دەپ قارايتتۇق. بىز ئۇنىڭ يۈرەك تېپىشىغا ۋە ھېسسىياتىغا دىققەت قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ خۇشاللىق ۋە خاپىلىقلىرى ئۈستىدە پاراڭلىشاتتۇق. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئوغلىمىز قوبۇل قىلالايدىغان دەرىجىدە بولاتتى. بەزىلەر بەلكى: «چوڭلارنىڭ ئىشىنى قانداقمۇ بالىلار بىلەن دېيىشكىلى بولىدۇ، بىزنىڭ بالىلار بىلەن قۇرۇق پاراڭ سېلىشقۇدەك ۋاقتىمىز نەدە؟» دېيىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس، بالىلارنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك، بەلكى ئۇلار تاشقى دۇنيانى كۆزىتىشكە ناھايىتى سەزگۈر، چوڭلار بەزىدە ئۇلارنىڭ پسىخىك پائالىيىتىگە سەل قارايدۇ.

ئوغلۇم دائىم مەندىن: «ئانامغا نېمە بولدى، ئۇ خۇشال ئەمەسقۇ؟» دەپ سورايتتى. بۇ، بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى، شۇنداقلا بىز ئاكتىپلىق بىلەن ئىلھام بېرىشكە تېگىشلىك بىر خىل خاھىش. ئەمما، كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار: «ھېچ ئىش بولمىدى» ياكى «بۇ چوڭلارنىڭ ئىشى، سەن چۈشەنمەيسەن» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. ئۇلار ئائىلىدىكى باشقا ئىشلارنى بالىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قارايدۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بۇنداق ئەھۋال

داۋاملىشىۋەرسە، بالىلار: «ئۆيدىكى ئىشلارنىڭ مەن بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، مەن پەقەت چاتاق تېرىمىسام، يەپ - ئىچىپ، كىيىپ يۈرسەملا بولدى» دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. مەن بۇنداق ئاتا - ئانىلارنى ياقتۇرمايمەن. ئۇلارنىڭ بۇنداق سەل قارىشى ئەسلىدە بالىلار يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى يوقىتىۋېتىدۇ.

بىر قېتىم 16 ياشلىق بىر بالا مېنى ئىزدەپ كېلىپ، كۆڭلىدىكى دەردلىرىنى تۆكتى. ئۇ، ماڭا دادىسىنىڭ ئىنتايىن ھاراقكەش ئىكەنلىكىنى، ھەمىشە ئانىسى بىلەن سىڭىللىرىنى ئۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ، بىر كۈنى زادىلا چىداپ تۇرالماي، دادىسىدىن نېمىشقا مۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. دادىسى ئۇنىڭغا: «مەندىن مۇنداق گەپ سورىغىلى يۈزۈڭ قانداق چىدىدى؟ سەن بۇرۇنلا پۇل تېپىپ، ئۆزۈڭنى ھەم سىڭىللىرىڭنى بېقىشىڭ كېرەك» ئىدى، دەپتۇ. ئەينى چاغدا بۇ بالىنىڭ كۆڭلى بەك بىئارام بولۇپتۇ. چۈنكى، ئۇ ئەزەلدىن بۇ مەسىلىنى ئويلاپ باقمىغان، كىچىكىدە ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا قانداق قىلىشنى ئۆگەتمىگەن ئىكەن. ئۇنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، شۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ، باشقا بالىلار بىلەن تالادا ئويناشنىلا بىلىدىكەن، قورسىقى ئاچقاندىلا ئۆيىگە قايتىدىكەن. ئاتا - ئانىسى ھەم سىڭىللىرىنىڭ ئىشىنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان ئىكەن. دادىسى ئاشۇ گەپنى دېگەن كۈنى ئۇ چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئەگەر بىرەر كىم ئۇنىڭغا قانداق قىلىشنى بۇرۇنراق ئۆگەتكەن بولسا، ئۇ ئانىسى ھەم سىڭىللىرىنىڭ ھالىدىن ئىنتايىن ياخشى خەۋەر ئالغۇدەك بولىدىكەن. ھېلىقى بالا ماڭا، ھازىر ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

نېمىدېگەن ياخشى بالا - ھە! ئۇنىڭ تەبىئىتى نېمىدېگەن

پاك. ئۇ، دەسلەپكى تەربىيىگە ئوبدان ئېرىشەلمىگەچكە، ئۇنىڭ ياخشى چاغلىرى ئىسراپ بولۇپ كېتىپتۇ. كېيىنچە، بۇ بالا دائىم مېنى ئىزدەپ كېلىدىغان ۋە ئىچكى دۇنياسىنى دەپ بېرىدىغان بولۇپ قالدى. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلىم ئۆگىنىشىگە ئاماللىنىڭ يېتىشىچە ياردەملەشتىم، ئادەم بولۇشنىڭ قائىدىلىرىنى ئۇنىڭغا ئۆگەتتىم. ھازىر ئۇ بالا راۋۇرۇس ياش يىگىتكە ئايلاندى، توي قىلدى ھەم ۋەيران بولغىلى ئاز قالغان بىر ئائىلىنى ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى دادىسىنىڭ هاراقكەشلىك ئادىتىنى تاشلىشىغا تۈرتكە بولدى. ئانىسى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتى، ئىككى سىڭلىسىمۇ مەكتەپكە كىردى.

## ئوغلۇمغا مۇئامىلە قىلغاندا، گەپنى ئېنىق قىلدىم

مەن ئوغلۇمغا مۇئامىلە قىلىشتا، ئىزچىل ھالدا ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، باشتىن ـ ئاخىر بىر خىل بولاتتىم، بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق دەيتتىم. ھەممە ئىشتا ئەستايىدىل بولۇش لازىم. بۇ، بالىلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرىدۇ. يول قويۇشقا بولمايدىغان ئىشلارغا دەسلەپتىلا يول قويماسلىق كېرەك. بۇنداق قىلغاندا بالىلار ھېچقانداق ئازابلانمايدۇ، بەزى قوشۇلۇپ ـ بەزىدە قوشۇلمىسا، ئەكسىچە بالىلار ئازابلىنىپ قالىدۇ.

ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا قويىدىغان «چەكلىمە»لىرىنىڭ تايىنى يوق. تۇراقسىز ھەم باشتىن ـ ئاخىر بىردەك ئەمەس. ئۇ چارىلەر بەزىدە كارغا

كېلــدۇ، بەزىدە ئۆزگەرتكەنسېرى كارغا كەلمەيدۇ. بۇنداق داۋاملىشىۋەرسە، ئاتا - ئانىلارنىڭ ھېلىقىدەك «چەكلىمە»لىرىنى بۇزۇپ تاشلىغىلى بولىدۇ دەيدىغان قاراش بالىلارنىڭ قەلبىگە ئورناپ كېتىدۇ. ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدە ئاشۇنداق يەڭگىللىك قىلسا، ئەستايىدىل بولمىسا، بالىلارنىڭ ئەستايىدىللىقىنى قانداقمۇ يېتىلدۈرەلىسۇن. بالىنى ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلاردا شەيئىلەرنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا نىسبەتەن باشتىن - ئاخىر مۇقىم كۆزقاراش بولۇشى كېرەك. مۇقىم قاراشنىڭ بولماسلىقى بالىلار تەربىيىسىدە ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئەڭ چوڭ ئىش. ئوغلۇم ئىككى ياشقا كىرگەندە، مەن ئۇنىڭ ياخشى تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن يېتىلدۈرۈشكە باشلىغان ئىدىم. تاماق شىرەسىدىمۇ ئوغلۇم قاتتىق تەربىيە ئالغان بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا ئۆز قاچىسىدىكى تاماقنى چوقۇم يەپ تۈگىتىشنى تاپىلايتتىم. بۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ تىرىشچان - ئىقتىسادچانلىق ئىشىنى يېتىلدۈرگىلى بولاتتى، شۇنداقلا بۇ بىر خىل چېنىقىش ئىدى. كارل مېۋە ياكى پېچىنە يېمەكچى بولسا، قانچىلىك يېگۈسى كەلسىمۇ، ئۇ چوقۇم ئالدى بىلەن تاماقنى يەپ بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ جەھەتتە مەن ئۇنىڭغا ئازراقمۇ ئىچ ئاغرىتىپ ئولتۇرمايتتىم.

ئايالىم بىلەن ئىككىمىز كارلغا توغرا ئادەتلەرنى تەكرار مەشىق قىلدۇرۇپ، ئەھۋالغا قاراپ ئەقلىي يوسۇندا تەربىيىلەپ بارغاچقا، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن كارل بۇ قائىدىلەرگە بويسۇنۇشنى ئۆزىنىڭ تەبىئىتىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن ئىدى.

مەن كارلنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا «ئۆلچەم» ئېڭىنى تۇرغۇزۇشنى ئۇمىد قىلاتتىم. شۇڭا، مەن ئۇنى ئىزچىل ھالدا مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە تەربىيىلەپ كەلگەن ئىدىم. مەن

ئۆنىڭدىن سەممىي، لەۋزىدە تۇرىدىغان، ۋاقىتقا رىئايە قىلىدىغان بولۇشنى تەلەپ قىلاتتىم. چۈنكى بۇ، كىشىلەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئېسىل پەزىلەتلەر ئىدى.

ئاتا - ئانىلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدە بىردەك بولۇشى، مۇكاپات - جازانى ئېنىق ئايرىشى بالىلارغا ناھايىتى ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بالىڭىزنىڭ يالغان سۆزلىمەسلىكىنى تەلەپ قىلسىڭىز، ھەرگىز ئۇنى قورقۇتىدىغان ۋاستىلەرنى قوللانماسلىقىڭىز كېرەك. ئەگەر ئىشتىن بۇرۇن بالىڭىز بىلەن تۈزۈم ھەققىدە كېلىشىۋالسىڭىز، تېخىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىڭىز كېرەك.

بىر قېتىملىق سەيلىدە كىشىنى ئىنتايىن چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان بىر ئىشنى بايقاپ قالدىم. سەيلە جەريانىدا قوشنىمىز سىمىت خانىم قىزىنىڭ يوپكىسىنى مەينەت قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال ئاچچىقلىنىپ، قىزىنى تىللاپ - ئەيىبلەشكە باشلىدى. قىزى يىغلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا دەرھال بىر تال پېچىنە بەردى. مەن سىمىت خانىمدىن:

— نېمىشقا قىزىڭىزنى تىللايسىز؟ — دەپ سورىسام، ئۇ:

— قىزىم دائىم يوپكىسىنى مەينەت قىلىۋېتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئۇنىڭدىن:

— سىز يەنە نېمىشقا ئۇنىڭغا پېچىنە بېرىسىز؟ بۇ، ئۇنى مۇكاپاتلىغىنىڭىزمۇ ياكى ئۇنى تىللىغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئەپۇ سورىغىنىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىسام، ئۇ نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قىزى ئانىسىنىڭ ئۆزىنى نېمىشقا تىللىغانلىقىنى، تىل ئىشتىكەندىن كېيىن يەنە نېمىشقا پېچىنىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئۇقالماي گاڭگىراپ قالغان ئىدى. ئانىسىنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۇ قىزنىڭ كاللىسىدا ھەق-ناھەقنى مۇجمەللەشتۈرۈۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆسۈپ

يېتىلىشىگە زىيانلىق ئىدى. مەن ئوغلۇمنى تەكرار مۇكاپاتلىمايتتىم ياكى جازالىمايتتىم. ئۇنداق قىلىشنىڭ ئوغلۇمغا ھەقىقەتەن مۇھىم رولى بولاتتى. مەن كارلنى مۇكاپاتلىغاندا، ھەرگىز ماددىي نەرسىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايتتىم، بەلكى ئۇنىڭغا كۆرەش قىلىش بىلەن ئىجاد قىلىشنىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلدۇراتتىم.

مەن ئوغلۇمغا كىتاب ئوقۇش، ياخشى ئۆگىنىش ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى، ئائىلە ئىشلىرى بولسا، ئائىلە ئەزالىرى ئورتاق ئۈستىگە ئالىدىغان مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى دائىم دەپ تۇراتتىم. ئەگەر كارلنىڭ ئىپادىسى ھەقىقەتەن ياخشى بولسا، مەن ئۇنىڭغا بەلگىلىك ماددىي مۇكاپات بەرگەندىن سىرت، ئۇنىڭ بارغۇسى بار جايلارغا ئاپىراتتىم.

ئوغلۇمنى جازالاشتا، مەن ئىزچىل پرىنسىپال بولۇپ كەلدىم. مەن بەرگەن جازاغا ئۇ چوقۇم چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇشى كېرەك ئىدى. بولمىسا، جازانىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى يوقىلاتتى. جازالاشتىن ئىلگىرى مەن ئۇنى ئاگاھلاندۇراتتىم. ئۇ، خاتالىق ئۆتكۈزگەندە بولسا، قەتئىي جازالايتتىم ھەمدە نېمە ئۈچۈن جازالىغانلىقىمنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا ئېنىق چۈشەندۈرەتتىم.

مېنىڭچە، بالىغا ئۆزىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنىڭ ئوخشاشمىغان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش زۆرۈر. شۇنداق بولغاندا، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ بالا نېمە ئىش قىلسا بىپەرۋالىق قىلماستىن، بەلكى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرىدۇ. مەن ئىلگىرى كارلغا: «سەن ئەتىگەندە چوقۇم ئۆز ۋاقتىدا ئورنۇڭدىن تۇرۇشۇڭ كېرەك. بولمىسا، مەن سېنى ئەتىگەنلىك ناشتىدىن ۋاز كېچىپتۇ دەپ قارايمەن. سەن ئۆز ھەرىكىتىڭگە

مەسئۇل بول» دېگەن ئىدىم.

بىر قېتىم ئۇ ئورنىدىن تولىمۇ كېچىكىپ تۇرۇپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇ تاماق شىرەسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بىز داستىخاننى ئاللىبۇرۇن يىغىشتۇرۇپ بولغان ئىدۇق. كارل ماڭا قاراپ، ئۆز سەۋەنلىكى ھەققىدە بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋىدى، مەن ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ: «ئەپسۇس، مەنمۇ ناشتىلىقىڭنىڭ ئالدىڭدا بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. بىراق، بىز بۇرۇن كېلىشىۋالغان، مەن ئۇنىڭغا خالىغانچە خىلاپلىق قىلسام بولمايدۇ. سەن بۇنى ئۆزۈڭدىن كۆر» دېدىم. بۇنداق ئەھۋالدا، ناشتىلىقنىڭ ئۆزى بەك مۇھىم ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئىلگىرىكى ۋەدىمىزنىڭ ئەستايىدىل ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا چوقۇم رىئايە قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈرۈش مۇھىم ئىدى.

## ئۆز ئىشىنى ئۆزى ھەل قىلسۇن

كىچىككىنە ھاياتلىق بۇ كەڭ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندا، ئۇ ئاجىز بولغاچقا، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بىراق، ئۇ ھەرقانچە ئاجىز بولسىمۇ، يەنىلا ھەر خىل سىناقلارنى ئېلىپ بارغۇدەك، ھەر خىل ئۇسۇللارنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنى ماسلاشتۇررۇپ، بۇ دۇنياغا قوشۇلغۇدەك جاسارەتكە ئىگە بولىدۇ.

ئوغلۇم گەرچە ھازىر ئاجىز بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھامان بىر كۈنى دۇنيادىكى كۆچلۈكلەرگە ئايلىنالايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتىم. مەن پۈتۈن مۇھەببىتىمنى سەرپ قىلىپ، ئۇنىڭ سىناقلاردىن ئۆتۈپ، بۇ دۇنياغا قوشۇلۇشىغا، ئۆزى

بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرەتتىم.

ئوغلۇم گەرچە كىچىك ھەم ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن مەن ئەزەلدىن ئۇنىڭ ئىقتىدارىدىن گۇمانلانمىغان ئىدىم. نۇرغۇن كىشىلەر بالىلار بەلگىلىك ياش باسقۇچىغا بارغاندىلا، ئاندىن مەلۇم ئىشلارنى قىلالايدىغان بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. مەن ئەزەلدىن بۇنداق قارىمايمەن. مېنىڭ ئەھمىيەت بېرىدىغىنىم، ئوغلۇمنىڭ سەبىي قەلبىدە ئۆزىگە ئىشىنىش روھىنى يېتىلدۈرۈش ئىدى. كارل ئىككى ياشقا كىرگەندە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئانىسىغا ياردەملىشىپ، تاماق شىرەسىنى يىغىشتۇراتتى، ھەر قېتىم ئۆيگە كەلگەن مېھمانلار كارلنىڭ تەخسە كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرگەندە، ھەمىشە: «كارل، ئېھتىيات قىلىڭ، تەخسىلەرنى چېقىپ قويماڭ» دەيتتى. بۇ چاغدا مەن مېھمانلارغا: «ھېچقىسى يوق، كارل ئۇنى ياخشى جايلاشتۇرالايدۇ» دەيتتىم. بۇ تۈز كۆڭۈل مېھمانلار ئەگەر ئوغلۇمنى تەخسىلەرگە يېقىنلىشىشقا يول قويمىسام، ئوغلۇمنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسىدا كۆلەڭگە شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنىڭدىكى مەلۇم ئىقتىدارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى.

كارل ئۆزى كىيىم كىيىشنى ئۆگەنگەن چاغلاردا دائىم كىيىمنى تەتۈر كىيەتتى. ئايالىم بىلەن ئىككىمىز شۇ تۈپەيلى ئۇنى ئەزەلدىن مەسخىرە قىلمايتتۇق، ياكى ئەيىبلىمەيتتۇق. مەن ئوغلۇمنىڭ ئۆزىنى ئىقتىدارسىز ھېس قىلىپ قېلىشىنى خالىمايتتىم، بەلكى ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگىتەتتىم. مەن يەنە ئۇنى ئۆزى ئۆي يىغىشتۇرۇشقا ئىلھاملاندۇراتتىم. ئىشنى بۇزۇپ قويسىمۇ، ئۇنى ماختاپ قوياتتىم. ئۆينىڭ رەتلىك يىغىشتۇرۇلغان - يىغىشتۇرۇلمىغانلىقى مۇھىم ئەمەس. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۇنىڭ قىلالىشى مۇھىم، شۇ كۇپايە ئىدى.

كارل مۇشۇنداق ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەش جەريانىدا ئىزدەندى، چېنىقتى. مەن ئۇنىڭ چېنىقىش ۋە ئەل كېزىش ئارقىلىق كارغا كېلىدىغان ئادەمگە ئايلىنىشىغا ئىشىنەتتىم.

باللار خاتالىق ئۆتكۈزگەن ياكى بىرەر ئىشنى قىلىپ نەتىجە قازىنالمىغاندا، ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنى سۆز - ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق ئۆزىگە چۈشەندۈرۈپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، باللارنىڭ بىرەر ئىشتا مەغلۇپ بولۇشى ئۇلارنىڭ ئەسلىدىنلا قابىلىيەتسىزلىكىنى ياكى ئىش قىلىشنى خالىمىغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلاردا تەجرىبە ۋە ماھارەتنىڭ يېتەرسىزلىكىنىلا ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ باللارغا سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكچىلىك قىلىش مەسئۇلىيىتى بار.

ئاتا - ئانىلار باللاردا خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە ۋە مەغلۇپ بولۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. باللارمۇ چوڭلارغا ئوخشاشلا خاتالىق ئۆتكۈزۈش، خاتالىقنى تۈزىتىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە ۋە ئۇنى تۈزىتىشكە جۈرئەت قىلىش ئوخشاشلا قىممەتلىك. مۇشۇنداق ئىلھاملاندۇرغاندىلا، باللارنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ھەم مۇستەقىل ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، مەن ئوغلۇمنى تەربىيىلەش جەريانىدا، ئۇنى كۈچى يېتىدىغان ھەم قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئامالىنىڭ بارىچە ئىلھاملاندۇراتتىم. بىرەر مەسىلىگە يولۇققاندا، ھەمىشە ئىزدىنىپ چارە تېپىپ، ئۆزى ھەل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتىم.

مەن ناھايىتى بۇرۇنلا كارلنى مەقسەتلىك ھالدا تەرتىپلىك تۇرمۇشقا ئادەتلەندۈرگەن ئىدىم. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئەتراپلىق ھەم زىچ ئورۇنلاشتۇرۇشنى، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش

ۋەزىپىسىنى تاماملاشنى، ئۆزىنىڭ قىزىقىشىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئۆگەتكەن ئىدىم. مۇنداق قىلىشىم ئۇنى تۇرلۇك رامكىلار ئىچىدە چەكلەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ تۇغما قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىنى ھەقىقىي مۇكەممەللەشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.



# يەتتىنچى باب قانداق تەربىيىلىگەندە، بالىغا زىيان يەتمەيدۇ

بالىلار گۆدەكلىكىدىن يا ئۇنداق - مۇنداق خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلارنى قاتتىق باشقۇرۇپ تەربىيىلىشى كېرەك. بىراق، بالىلارنى ئىش ئۇقمايدۇ دەپ ئۇلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىشقا بولمايدۇ. مەن ئىزچىل ھالدا كىچىك بالىلارغىمۇ چوڭلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشنى، ئۇلارنى چوڭلارغا ئوخشاش ھۆرمەتلەشنى تەشەببۇس قىلاتتىم.

## ئوغلۇمغا قاتتىق تەلەپ قويۇشتا، يوللۇق بولدۇم

مېنىڭ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلۇم قاتتىق ئىدى. لېكىن، بۇ مۇستەبىتلىك ئەمەس. مۇستەبىتلىك دېگىنىمىز، بالىلارنى قارىغۇلارچە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلاشنى كۆرسىتىدۇ. مەن ئوغلۇمغا ئەزەلدىن ئۇنداق مۇئامىلە قىلماي، ئۇنىڭغا قاتتىق تەلەپ قويۇشتا يوللۇق بولغان ئىدىم. مەن ئاشۇنداق مۇستەبىت تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىغا ئىنتايىن قارشى. مەيلى تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى ۋە باشقا جەھەتلەردە بولسۇن، مەن قائىدە بويىچە ئىش قىلاتتىم. قائىدىگە ئەھمىيەت بېرىش، كىشىنى قائىدە بىلەن قايىل قىلىش باشقا ھەرقانداق شەكىلدىكى مەجبۇرلاشتىن

تېخىمۇ كۆچلۈك بولىدۇ. مېنىڭ كارلغا قاتتىق تەلەپ قويۇشۇمنىڭ كارلغا زىيان يەتكۈزمەسلىكىدىكى سەۋەب دەل مۇشۇ يەردە.

ئوغلۇمنى تەربىيىلەش داۋامىدا، مەن ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلدىم. ئۇنىڭ غورۇرىغا ئازار بەرمەسلىك ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئۇ چۈشىنەلەيدىغان مەلۇم قائىدىلەرنى دەيتتىم. مەن باشقىلارنىڭ ئالدىدا بالىنى كەم سۇندۇرىدىغان قىلىقلارغا قارشى ئىدىم. ئۇ، بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ جازاغا ئۇچرىغاندا، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۇنى ھەرگىز مەسخىرە قىلىپ چۈشۈرمەيتتىم. ئوغلۇمنى ھەر دائىم «دادام ماڭا ھەقىقىي كۆيۈنىدۇ» دەيدىغان ھېسسىياتقا كەلتۈرەتتىم. ھەر قېتىم ئوغلۇمغا بىرەر ئىشنى تاپىلىغاندا، شۇ ئىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرەتتىم. شۇ ئىش ئۇنىڭ قىلىشىغا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنى مەجبۇرلىمىغانلىقىمنى ئېنىق چۈشەندۈرەتتىم. ئوغلۇم ئويناپ يۈرۈپ، دىققەتسىزلىكتىن قوشنىلارنىڭ گۈللۈكىنى بۇزۇپ قويسا، باشقىلارنىڭ چىملىقىنى دەسسەپ بۇزۇۋەتسە، ئۇنى قوشنىلاردىن چوقۇم ئەپۇ سورىغىلى سالاتتىم. مەيلى ئۇ ئىشنى قوشنىلار بىلسۇن ياكى بىلمىسۇن، مەن ئۇنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن شۇنداق قىلىشىنى تەلەپ قىلاتتىم.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن كارل سىرتتا ناھايىتى خۇشال - خۇراملىق بىلەن قەدىمكى رىتسارلارنى دوراپ ئويناۋاتاتتى. ئۇ، ئۆزۈن بىر كالتەكنى قىلىچ ئورنىدا كۆتۈرۈۋېلىپ، خىيالىدىكى قاراقچىلار بىلەن ئۆزى يالغۇز ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ ئاجايىپ قىلىچ ئوينىتىشىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. ئۇ گاھ قىلىچ سانجىسا، گاھ قىلىچ چاپاتتى. بۇ ئويۇندا ئۇ ئۆزىنى قەھرىمان ھېسابلاپ كەتكەن ئىدى. مەن ئوغلۇمنىڭ بۇ ئويۇننى كۆرۈشكە

ئامراق ئىدىم. بۇ ئويۇن ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە، تەن سالامەتلىكىگە پايدىلىق ئىدى. باشتا دەپ ئۆتكەندەك، مەن بۇرۇقتۇرما تۇرمۇشنى ياقتۇرمايتتىم. كارلنىڭ ئاتالمىش كاللىسى ئىشلىمەيدىغان ئىلىم ئەھلى بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتىم. شۇڭا، ئوغلۇمنىڭ بۇ خىل تېتىك ئويۇن شەكلىنى ئىنتايىن قوللايتتىم. ئۇ ئويناۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا «ھايت» دەپ بىر توۋلاپلا جىمىپ قالدى. ئەسلىدە ئۇ ئېلىشىش داۋامىدا، قوشنىمىزنىڭ گۈللۈكىدىكى بىر تۇپ گۈلنى قىلىچ بىلەن كېسىۋەتكەن ئىكەن. كېسىلگەن گۈل يەردە، گۈل بەرگ بىلەن يوپۇرماقلار ھاۋادا لەيلىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىغا مەن سوغۇققانلىق بىلەن قاراپ تۇردۇم. كارل قوشنىمىزنىڭ ئىشىكىگە قاراپ، ئادەم چىقمىغانلىقىنى كۆردى - دە، مېنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىمغا دىققەت قىلماي، ئۆرۈلۈپلا قاچماقچى بولۇۋىدى، مەن ئۇنى چاقىرىپ توختىتىۋالدىم. ئوغلۇم بۇ ئىشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئاستا مەن تەرەپكە كەلدى.

— خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىڭنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— بىلىمەن، — دەپ بوش ئاۋازدا جاۋاب بەردى كارل.

— ئۇنداقتا، قانداق قىلىشىڭ كېرەك؟ — مەن ئەستايىدىللىق بىلەن سورىدىم.

— بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ.

— ئاڭلا ئوغلۇم، سەن ھازىر قوشنىمىزنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، ئۇلاردىن ئەپۇ سورىشىڭ كېرەك.

— بىراق، مەن قەستەن قىلمىدىم، — دېدى كارل ئۆزىنى ئاقلاپ. ئۇ، ئەپۇ سوراشنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەن ئىدى.

— كارل، ئېسىڭدە بولسۇن، كىشىلەرنىڭ خاتالىقى كۆپ

ھاللاردا قەستەن بولمايدۇ. بــراق، خاتالـــــق ئۆتكۈزگەن ئىكەنسەن، ئۆز قىلمىشىڭغا مەسئۇل بولۇشۇڭ كېرەك. گەرچە قوشنىلار بۇ ئىشنى سېنىڭ قىلغانلىقىڭنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھەقىقەتەن زىيانغا ئۇچرىدى، سەن ئۇلاردىن ئەپۇ سورىشىڭ كېرەك. ئادەم باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈپ قويۇپ، قېچىپ كەتسە بولمايدۇ. سەن قەدىمكى رىتسارلارنى دوراپ ئويناۋاتاتتىڭغۇ؟ رىتسارلاردەك جاسارەتلىك بول.

— چۈشەندىم دادا، — دېدى - دە، ھەقىقىي رىتسارلاردەك بېرىپ، قوشنىمىزنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ ئاچتى...

ئىككىنچى كۈنى قوشنىمىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. گۈلنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئۇ زادى تىلغا ئالمىدى. پەقەت:

— باستېر ۋىتېر، ئوغلىڭىز سەمىمىي ئادەم بولۇپتۇ، — دېدى.

قەھرىمان رىتسارلار كارلىنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتى ئىدى. مەن شۇ ئارقىلىق ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ، باشقىلاردىن ئەپۇ سوراشنىڭ نومۇسلۇق ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇردۇم. مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ئۆتكۈزگەن خاتالـــق ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مەسئۇل بولۇش كېرەكلىكىنى ئۇنىڭغا بىلدۇردۇم.

بۇنداق ئەھۋاللاردا، مەن ئوغلۇمغا توۋلاپ چالۋاقايدىغان ئۇسۇلنى قوللانمىدىم. ئۇنداق قىلسام، قوشنىلارنى چۆچۈتۈپ قوياتتىم، ئوغلۇمنىڭ غۇرۇرىغىمۇ ئازار بەرگەن ھەمدە ئىشنى چوڭايتىۋەتكەن بولاتتىم.

نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىنى قاتتىق تەربىيىلەش دېگەننى مۇستەبىتلىك قىلىش، دەپ چۈشىنىدۇ ھەم ئۆزى بىلىپ - بىلمەي زوراۋانغا ئايلىنىپ، بالىسىنى بۇيرۇققىلا بويسۇنىدىغان قورقۇنچاققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇلار گەپ ئاڭلىمىغان بالىغا قوپال مۇئامىلە قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلنى

قوللانغاندا، بالا ئۆزىنى توغرا تونۇۋالالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئاتا - ئانىسىغا، ھەتتا بارلىق ئادەملەرگە ئۆچ بولۇپ قالىدۇ.

مەن بۇنداق بىر ئىشنى ئاڭلىغان: بىر بالا بولۇپ، ئۇ ئائىلىسىدە باققان بىر قويغا بەك ئامراق ئىكەن. قوينىڭ تاغدىكى يۇمران ئوتلارنى يەۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ كۆڭلى يايراپ كېتىدىكەن. بالىنىڭ سەبىي قەلبىدە قوي ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى دوستى بولۇپ، ئۆزى ئاڭلىغان ھېكايە ۋە ئۆز خىياللىرىنى قويغا سۆزلەپ بېرىدىكەن. ئۇ، قوي بىلەن بىرلىكتە تاغ باغرىدا ئاپتاپقا قاقلىنىشنى ئەڭ بەختلىك ئىش دەپ ھېس قىلىدىكەن. بىراق، بىر كۈنى ئۇ بالا تاغ باغرىدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، چۈشىدە يەنە شۇ قوينى چۈشەپتۇ. ئەمما، ئۇ ئويغانغاندا قوينى تاپالماپتۇ. بۇ قوي ئەزەلدىن يىراققا كەتمەيدىكەن، ئەمما شۇ كۈنى قوي ھەقىقەتەن غايىب بوپتۇ. بالا جىددىيلىشىپ، تاغ باغرىنى ئايلىنىپ ئىزدەپمۇ قوينى تاپالماپتۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك ھەمراھىنى مەڭگۈ ئۈچرىتالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ يىغلاپتۇ. كەچ كىرگەندە دەرھال ئۆيىگە قايتىپ، بۇ ئىشنى دادىسىغا ئېيتىپ، ھېلىقى قوينى تېپىش ئۈچۈن دادىسىدىن ياردەم سورىماقچى بولغان ئىكەن، بىراق دادىسىدىن قاتتىق تاياق يەپتۇ. دادىسى قوينىڭ يېتىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھېچنېمىنى سورىمايلا بالىسىنى ئۇرۇپ كېتىپتۇ، بالىنىڭ باش - كۆزى قاناپ، كۆكىرىپ كېتىپتۇ. دادىسى: «ئۇ بىزنىڭ بىرلا قويىمىز ئىدى، ئۇنى تاپالمىساڭ مەڭگۈ ئۆيگە قايتىپ كەلگۈچى بولما» دەپ بالىسىنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپتۇ. بالىنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بوپتۇ، ئۇ قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆزى يالغۇز تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ، ئۇ كېتىۋېتىپ دادىسىنىڭ نېمىشقا ئۇرغانلىقىنىڭ تېگىگە زادىلا

يېتەلمەيتۇ. قوينى قەستەن يىتتۇرۇپ قويمىغاچقا، ئۇ «قوي يوقاپ كېتىپ مەنمۇ ناھايىتى بىئارام بولغان تۇرسام، قوينى دەپ دادام مېنى مەڭگۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگۈچى بولما دەيدىغۇ، مەن بىر قويچىلىك ئەمەسمىدۇرمەن» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ بالا يىراقتا بىر نەرسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يېقىن بارسا، ئۆزىنىڭ قويى بەخىرامان ئوتلاۋاتقان ئىكەن. ھېلىقى قويپال مۇئامىلىگە ئۇچرىغان بۇ بالا نورماللىقىنى يوقىتىپتۇ - دە، ئادەتتىكى چاغلاردىكىدەك قوينى قوغلاپ يۈرمەستىن، بەلكى يوغان بىر تاشنى قولىغا ئاپتۇ. «سىنى دەپ، دادام مېنى ئۇردى» دەپ يىغلىغانچە قوينى تاش بىلەن ئۇرۇۋېرىپتۇ. . . ئەتىسى كىشىلەر تاغ باغرىدىكى بىر قورام تاشنىڭ كەينىدىن قوينىڭ ئۆلۈكىنى ئۇچرىتىپتۇ. ئەمما، ھېلىقى بالا شۇ كەتكەنچە ئۆيگە مەڭگۇ قايتماپتۇ.

بۇ ھېكايىدىن بىز ھېلىقى بالىنىڭ ئەينى چاغدا قانچىلىك ئازابلانغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ئۇ ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان دوستىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

ئاتا - ئانىلارنىڭ قوپاللىقى ھەم مۇستەبىتلىكىنىڭ كۆلەڭگىسى بالىلارنىڭ قەلبىدىن مەڭگۇ ئۆچۈپ كەتمەيدۇ. بۇ خىل كۆلەڭگە ئەسلىدە ناھايىتى ئاق كۆڭۈل بىر بالىنى ياۋۇز ئالۋاستىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

## بالىلارنىڭ ئەقلىنى بوغۇپ قويماسلىق ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق كېرەك

بالىلارنىڭ ئەقلىنى بوغۇپ قويماسلىق ۋە ھۆكۈم قىلىش

ئىقتىدارىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىقنى مەن تەلىم - تەربىيىدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا دەپ قارايمەن. بالىلار نورمال ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتسا، ئۇنداقتا ئۇ شەيئىلەرنىڭ توغرا - خاتالىقى ۋە ياخشى - يامانلىقىغا بىر ئۆمۈر توغرا ھۆكۈم قىلالمايدۇ.

كارل باشقىلارغا قوپال گەپلەرنى قىلسا، مەن ئۇنى دەرھال ئەيىبلىمەيتتىم، بەلكى ئالدى بىلەن قارشى تەرەپتىن دەرھال ئەپۇ سوراپ: «ئوغلۇم سەھرادا چوڭ بولغان، شۇڭا مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ سالدى، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ» دەيتتىم. بۇ چاغدا ئوغلۇم ئۆزىنىڭ نامۇۋاپىق گەپلەرنى قىلىپ سالغانلىقىنى ھېس قىلاتتى ۋە كېيىنچە بۇنىڭدىكى سەۋەبنى سورايتتى. مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ: «بايا دېگەن گەپلىرىڭ قائىدە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا خاتا ئەمەس، بەلكى مەنمۇ شۇنداق قارايمەن. بىراق، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۇنداق گەپلەرنى قىلغىنىڭ توغرا بولمىدى. سەن ئاشۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقىنىڭدا، پېتېر ئەپەندىنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى ئەجەبا، سەن بايقىمىدىڭمۇ، خەق پەقەت سېنى ياخشى كۆرگەچكە ھەم مېنىڭ يۈز - خاتىرىمنى قىلغاچقا ھېچنېمە دېمىدى. بىراق، ئۇ چوقۇم ناھايىتى خاپا بولدى، شۇڭا كېيىن پېتېر ئەپەندى پەقەت ئۈندىمەي ئولتۇردى. چۈنكى، سەن ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلدىڭ ئەمەسمۇ» دەيتتىم.

مەن ئوغلۇمغا مۇشۇنداق قائىدە چۈشەندۈرسەم، ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ھەرگىز زىيان يەتمەيدۇ، دەپ ئويلايتتىم. بۇ خىل تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلۇمنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، مەن بۇنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزاھلىماقچىمەن.

مەن ئوغلۇمنى تەنقىدلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يەنە «مېنىڭ دېگەنلىرىم راستقۇ» دەپ تۇرۇۋالىدىغانلىقىنى پەرەز

قىلالايلى. بۇنداق چاغدا، مەن ئۇنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېتەكلەپ مۇنداق دەيتتىم: «شۇنداق، سېنىڭ دېگەنلىرىڭ راست، بىراق يېتىپ ئەپەندى بەلكى ‹مېنىڭمۇ ئويلىغانلىرىم بار، سەندەك كىچىك بالا نېمىنى بىلەتتىڭ›، دەپ ئويلىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە سېنىڭ گەپلىرىڭ توغرا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى دېيىشىڭنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى، ئۇ ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئىش. سەن باشقىلارنىڭ ئۇندىمەي ئولتۇرغانلىقىنى بايقىمىدىڭمۇ؟ ئەگەر ئۆزۈڭنى مەنلا بىلىمەن دەپ قارىساڭ، خاتالاشقان بولىسەن. يەنە ئالايلۇق، چوڭلارنىڭ بالىلاردىكى يېتەرسىزلىكنى ئەيىبلىشى، ئەسلىدە ئەقىللىكە مۇۋاپىق ئىش. چۈنكى، بالىلار چوڭ بولۇش جەريانىدا، نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەرنى سادىر قىلىدۇ، ئۇنى دېيىش نومۇس قىلغۇدەك ئىشمۇ ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا، كىشىلەر سېنىڭ كەمچىلىكىڭنى بىلمىگەن بولۇۋالسا بولامدۇ. ئەگەر كىشىلەر مېنىڭ كەمچىلىكىمنى بىلمەيدۇ دەپ قارىساڭ، ئۇنداقتا، سەن خاتالىق ئۇستىگە خاتا قىلغان بولىسەن. ئەمەلىيەتتە كىشىلەر سېنىڭ خاتالىقىڭنى بىلسىمۇ، سېنىڭ يۈزۈڭنى چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپلا ئۇندىمەيدۇ. ئەمدى كىشىلەرنىڭ ساڭا بولغان ياخشى نىيىتىنى چۈشەنگەنسەن. شۇنداقكەن، سەن باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى بايقىغاندا قانداق قىلىشىڭ كېرەك؟ ئوخشاشلا سەنمۇ شۇلارنى دورىشىڭ لازىم. شۇڭا، باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئاشكارىلاش خاتا ھەم ياخشى ئەمەس».

ئوغلۇم كىچىك بولغاچقا، بۇلارنى ئاڭلىسىمۇ چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ پسىخىكىسى چوڭلارنىڭكىدەك مۇرەككەپ ئەمەس، بەلكى جاھانغا لايىق بۇ خىل مۇناسىۋەت ئۇسۇلىنى سەممىيەتسىزلىك دەپ قارايتتى ياكى چەكتىن ئېشىپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتى. لېكىن مەن بۇنداق قىلىشنى

قائىدىگە مۇۋاپىق دەپ قارايتتىم.

ئەگەر ئوغلۇم يەنە چۈشەنمەي: «ئۇنداقتا يالغان ئېيتىش كېرەككەندە» دەپ سوراپ قالسا، ئۇنى تېخىمۇ يېتەكلەپ مۇنداق دەيتتىم: «ياق، يالغان ئېيتىشقا بولمايدۇ، بولمىسا، ئادەم يالغانچى، ساختىپەز دېگەن ئاتاققا قالىدۇ. يالغان ئېيتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ئۇنداقتا ئەگەر ھەممە ئادەم بىر - بىرىنىڭ نۇقسان ۋە سەۋەنلىكلىرىنى ئېچىپ - كوچىلاپ يۈرسە، ئۇنى باشقىلارغا تارقىتىپ داۋراڭ سالسا، ئۇنداقتا بۇ دۇنيا جېدەل - ماجىراغا تولغان دۇنيا بولۇپ كەتمەمدۇ؟ ئۇ ھالدا بىزمۇ خاتىرجەم ياشىيالمايمىز».

بىراق، كارلغا مۇنچە كۆپ گەپ قىلىپ كېتىشىمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىسەملا، ئۆز خاتالىقىنى ھېس قىلىپ، كۆزىگە ياش ئېلىپ، قايتا خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىككە ۋەدە بېرەتتى. مەن ئوغلۇمنى مانا مۇشۇنداق تەربىيىلىگەن ئىدىم. مەن تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلۇمنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم، پوزىتسىيە جەھەتتە كارلغا ھەرگىز مۇستەبىتلىك قىلمايتتىم، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەقلىنى بوغۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى زىيانغا ئۇچراتمايتتىم. مەلۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مېنىڭ ئۇسۇلۇمنى «چوڭلارغا قارىتىلغان ئۇسۇل» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

شۇڭا، ئۇنىڭ ئۇنۇمى ياخشى ئىدى. يەنە كېلىپ ئوغلۇمنىڭ تىل جەھەتتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق ئىدى. ئوغلۇمنىڭ تىل بايلىقى مول بولۇپ، سۆز مەنىلىرىنى چۈشىنەتتى، شۇڭا گەپلىرىمنى ئاسانلا ئۇقاتتى. تۇرمۇشتا، ئادەتتىكى بالىلارنىڭ تىل بايلىقى چەكلىك بولغاچقا، ئەقىلگە مۇۋاپىق تەربىيە ئېلىپ بېرىلىشىمۇ ئاقمايدۇ.

ئەتراپىمىزدا نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار باركى، ئۇلار بالىسىنىڭ

بىرەر سورۇندىكى ناچار ئىپادىسىنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسا، شۇ يەردىلا ئەدەپلەيدۇ، بەزىلىرى ھەتتا بالىسىنى ئۇرۇپ - تىپىدۇ. ئۇلار بالىسىنىڭ ئەدەپسىزلىكىنى ئەيىبلىشىدۇيۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىنى تەكشۈرۈپ باقمايدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلۇمنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بىرقانچە مىسال كەلتۈرەي. مېنىڭچە، نۇرغۇن نەزەرىيىلەر يەنىلا ئەمەلىيەتكە ئوخشاش قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئەمەس.

ئاندوناد خانىمنىڭ ئوغلى كارل مېنىڭ ئوغلۇم بىلەن ئىسىمداش بالا بولۇپ، ئوغلۇمدىن ئىككى ياش چوڭ. شۇنداقلا ناھايىتى ئەقىللىق بالا ئىدى. بىراق، مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، ئۇنىڭ نۇرغۇن ناچار قىلىقلىرى بار ئىدى. مەسىلەن، ئۇ ئۆزىدىن كىچىكلەرنى بوزەك قىلاتتى، باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئېچىشقا ئامراق ئىدى. بىر كۈنى تاسادىپىي ھالدا ئاندوناد ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇلاردىن دوستانىلىق بىلەن ئامانلىق سورىدىم ھەمدە ئۇنىڭ ئوغلى كارلنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدۇم.

— باستېر ۋىتېر، سىز مۇردىغىلا ئوخشىشىدىكەنسىز، چىرايىڭىزدا قان دىدارى يوق ئىكەن، — دەپ قالدى ئۇ بالا ماڭا قىلچىمۇ يۈز - خاتىر قىلماي.

ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ دېگىنى راست ئىدى. ھېچبولمىغاندا، مەلۇم جەھەتتىن راست. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مەن دىققەت قىلماي ئۆزۈمگە سوغۇق تەگكۈزۈۋېلىپ، بىرقانچە كۈن ئاغرىپ يېتىپ قالغان، چىرايىمنىڭ قانسىز بولۇشى نورمال ئىش ئىدى، ئەگەر ئوغلۇم كارل بولغان بولسا، ھەرگىز بۇنداق گەپ قىلمىغان بولاتتى. ئۇ، بۇنداق دېيىشنىڭ ئەدەپسىزلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ھالبۇكى، چوڭ كارلنىڭ سۆزى ئادەم قوبۇل

قىلغۇسىز دەرىجىدە قوپال ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، مەن ئەلۋەتتە، كىچىك بالىنىڭ گېپىگە خاپا بولماسلىقىم لازىم، ئەمما ئەينى چاغدا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالغان ئىدىم.

ئاندوناد خانىم ئىنتايىن ئاچچىقلىنىپ كەتتى. ئۇ ئەزەلدىن مەن قوللانمىغان ئۇسۇلنى قوللاندى.

— نېمىدېگەن بىغەرەزلىك بۇ! سەن ۋىتېر ئەپەندىگە نېمىشقا مۇنداق دەيسەن! ؟ — دەپ ئوغلىغا بىر تەستەك سالدى. مەن دەرھال خانىمنى توسۇۋالدىم. بىراق، چوڭ كارل تەستەك يەپمۇ بېسىقمىدى.

— دېگىنىم راست، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ بېقىڭ. . . ، مەن يالغان سۆزلىمىدىم. . . ، نېمىشقا مېنى ئۇرىسىز، نېمىشقا مېنى ئۇرىسىز؟ — دەپ ئانىسىغا ۋارقىراشقا باشلىدى. ئاندوناد خانىم ئىنتايىن ئەنسىز هالدا ئوغلىنى تارتقۇشلىغىنىچە كېتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەن ئۇھ تارتتىم. چوڭ كارل ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، چوقۇم يەنە قاتتىق تاياق يەيتتى.

مەن چوڭ كارلنىڭ باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئېچىشقا ئامراق ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان. بىراق، بۇ قېتىم ئۇ قەستەن قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ پەقەت ئۆز قارىشىنى مۇۋاپىق ئىپادىلەشنى بىلەلمىگەن ئىدى. ئەگەر ئۇ ماڭا: «ۋىتېر ئەپەندى، چىرايىڭىز بۇرۇنقىدەك نۇرلۇق ئەمەس، روھسىز كۆرۈنىسىزغۇ، كېسەل بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟» دېگەن بولسا، يەنىلا ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلىگەن بولاتتى. ئەمما، ئۇنىڭ سۆزىدىن بۇنداق مەنە چىقمايتتى. ئالدىنقىسى زەھەرخەندىلىك بىلەن ئېيتىلغان مەسخىرىنى، كېيىنكىسى باشقىلارغا بولغان غەمخورلۇقنى ئىپادىلەيتتى.

ئەمدى ئاندوناد خانىمغا كەلسەك، ئۇنىڭ قىلغانلىرى توغرا

بولمىدى. ئۇ، ئوغلىنى جازالىماي، بەلكى ھەممە ئادەم قوبۇل قىلالايدىغان بىر خىل ئۇسۇل بىلەن زىددىيەتنى ھەل قىلسا بولاتتى. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ بالىسىنى تەربىيىلىشى تولىمۇ يېتەرسىز ھەم نامۇۋاپىق ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بالىنىڭ تىل بايلىقىنى ۋە ئۇنىڭ شەيئىلەرنى ئېنىق پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش تولىمۇ مۇھىم. مەن ئاندوناد خانىمنىڭ بۇ قائىدىنى چۈشىنىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بولمىسا، ئۇنىڭ ئوغلۇم بىلەن ئىسىمداش ئاشۇ بالىسى كەلگۈسىدە گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن.

## بالىنى خاتا تەنقىدلەشكە بولمايدۇ

بالىنى تەنقىدلىگەندە، ئەڭ مۇھىمى بالا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇشى كېرەك. ئەمما، بۇنى ئورۇندىماق تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس.

سىز بالىنى ئالدى بىلەن ئۇ چۈشىنەلەيدىغان قائىدە ھەم مىساللار ئارقىلىق تەربىيىلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئاتا - ئانىلار مەلۇم ئىشتا، ئۇنىڭ قائىدىسىنى ئۆزىمۇ بىلىپ كەتمىسە، بالىنى قانداقمۇ قايىل قىلالىسۇن؟ بالىغا قائىدە چۈشەندۈرگەندە، ئاسان چۈشىنەلەيدىغان قائىدىلەرنى سۆزلەش لازىم. ھەرگىزمۇ چوڭقۇر، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى بالىغا زورلاپ سىڭدۈرۈشكە بولمايدۇ. بۇ كىتابتىكى قائىدىلەرنى بالىلارغا سۆزلەپ بېرىشكە بولىدۇ، بىراق ئۇنى سۆزمۇسۆز كۆچۈرۈپ پايدىلىنىشقا بولمايدۇ. تەتقىقات خاراكتېرلىك ئۇنداق چوڭ قائىدىلەرنى بالىلارنىڭ قوبۇل

قىلىشى تەس. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىش شۇكى، بالىنى تەنقىدلەش ھەرگىزمۇ بالىنى جازالاش ياكى ئۆز ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشنى مەقسەت قىلمايدۇ. شۇنى مەڭگۇ ئەستە تۇتۇش كېرەككى، ئاتا - ئانىنىڭ ھەربىر ئېغىز گەپ سۆزى بالىغا ئۇزاققىچە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

مەن كارلنى تەربىيىلەش داۋامىدا، ئۇنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى تەپسىلىي كۆزىتىشكە ئىنچىكە ھالدا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، مۇمكىنقەدەر ئۇنى چۈشىنىشكە تىرىشتىم. يەنى مەلۇم ئىش تۈپەيلى ئۇنى تەنقىدلىمەكچى بولغاندا، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقۇپ بولغاندىن كېيىن تەنقىد قىلاتتىم. مەسىلەن، بەزى چاغلاردا ئوغلۇمنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى تۇيۇقسىز تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ قالاتتىم. كارل ئىنچىكە ھالدا ئۆگىنىشكە ئامراق بالا بولغاچقا، بۇنداق ئەھۋال ناھايىتى ئاسانلا دىققىتىمنى قوزغاپ قوياتتى. بۇ چاغدا مەن ئۇنى تىرىشىپ ئۆگەنمەيۋاتىدۇ دېمەي، ئەكسىچە «كارلغا نېمە بولغاندۇ، ئۇ قانداق مەسىلىگە ياكى كۆڭۈلسىزلىككە يولۇققاندۇ؟» دەپ ئويلايتتىم، مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىپ سەۋرچانلىق بىلەن پاراڭلىشاتتىم.

بىر قېتىم ئۇنىڭ كىتابنى تۇتقىنىچە، خېلى ۋاقىتقىچە شۇكلەپ قالغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. قارىماققا ئۆگىنىش قىلىۋاتقاندەك ئىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ خېلى ۋاقىتقىچە كىتابتىن بىرەر بەتمۇ ئۆرۈمەستىن خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ دەم ئالىدىغان ۋاقتى بولغاندا، مەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم:

— مەيلى نېمە ئىش بولسۇن، كۆڭۈل قويۇپ ئەستايىدىل قىلىش كېرەك، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرگەندىلا، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. ئەگەر كۆڭۈل بىر يەردە بولمىسا، ھەرقانچە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلسىمۇ، پايدىسى يوق.

پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنەمىسىلىك ھەم ئىشلىمەسلىك — ھاياتىنى ئىسراپ قىلىۋەتكەنلىك بىلەن باراۋەر.

— دادا، مېنىڭ ئۆگىنىش قىلىۋېتىپ دىققىتىمنىڭ چېچىلىپ كەتكەنلىكىگە سىزمۇ دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ — كارل ماڭا قاراپ بوش ئاۋازدا سورىدى.

— شۇنداق، مەن سېنى ناھايىتى ياخشى بالا دەپ قارايمەن. ساۋاتىڭ چىققاندىن كېيىن، سەن ئۆگىنىشكە ئىنتايىن قىزىقىپ كەتكەن ئىدىڭ، بىراق نېمىشقا بۈگۈن دىققىتىڭ چېچىلىپ كەتتى؟ ماڭا دېگىنە ئوغلۇم، ياكى ئۆگىنىشتىن تويۇقسىز رايىڭ قايتتىمۇ؟

— ياق دادا. . . — كارل بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن دېدى، — مەن ئۆگىنىشنى يەنىلا ناھايىتى قىزىقارلىق دەپ قارايمەن. بۇ بىلىملەرنى ئاز - ئازدىن ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن.

— ئەمىسە، بۈگۈن نېمىشقا ئۆگىنىش قىلىۋېتىپ، دىققىتىڭ بۆلۈنۈپ كېتىدۇ؟

— پەقەت. . . ، پەقەت. . .

— نېمە پەقەت؟ دەۋەرگىن ئوغلۇم، ھېچقىسى يوق، — مېنىڭچە، كارلنىڭ كۆڭلىدە ئۇ تېگىگە يېتەلمىگەن بىرەر مەسىلە بار ئىدى.

— مەن شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىشىمنىڭ نېمىگە پايدىسى بارلىقىنى تويۇقسىزلا ئويلاپ قالدىم،— دەپ كارل كۆڭلىدىكى گەپنى قىلدى،— ياغاچچىلىقنى ئۆگەنسە ئۆي قۇرغىلى، ئائىلە سايمانلىرىنى ياسىغىلى بولىدىكەن؛ تۆمۈرچىلىكنى ئۆگەنسە دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىلەن ئاشخانا جابدۇقلىرىنى ياسىغىلى بولىدىكەن. بىراق، مەن شۇنچە كۆپ خىل تىل ھەم شېئىرلارنى ئۆگەندىم. بۇنىڭ بىلەن نېمە

قىلالايمەن، ئۇنى قىزىقارلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆگەندىممۇ؟
ئۇنىڭ گەپلىرىدىن كۆڭلۈم خۇش بولدى. چۈنكى، كارل چوڭقۇر مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىغان ئىدى. بۇ، ئۇنىڭغا بىر قېتىم تېخىمۇ چوڭقۇرراق تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى.
— ئوغلۇم، بۇ مەسىلىلەرنى ئويلىغىنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم، چۈنكى سەن تەپەككۇر قىلىۋېتىپسەن، — دېدىم، ئالدى بىلەن بۇ ئىشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ. ئاندىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈچنى يېشىش ئۈچۈن تىرىشتىم، — بىلىم بارلىق كۈچلەرنىڭ مەنبەسى، ئەگەر مېخانىكا ھەققىدىكى ئەقەللىي بىلىملەرنى چۈشەنمىسەڭ، بىر ئۆينى قانچىلىك چوڭلۇقتىكى ياغاچ تىرەپ تۇرالايدىغانلىقىنى قانداق بىلىسەن؟ ئەگەر ماتېماتىكا بىلمىسەڭ، ئۇ ئۆيگە قانچىلىك ياغاچ كېتىدىغانلىقىنى، قانداق لايىھىلىگەندە ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى قانداق بىلىسەن؟ ئېستېتىكا ھەققىدە بىلىمىڭ بولمىسا، قانداقمۇ كۆركەم ئۆي سالالايسەن؟ بىلىم ئاساسى بولمىغان ياغاچچى مەڭگۈ ئۆي سالالمايدۇ. ئۇ، كونا بويى ياغاچقا قاراپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىمۇ ياغاچقا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن، — مەن بۇ قائىدىنى ئۇنىڭغا قىزىقارلىق ھەم جانلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردىم. كارل بۇلارنى ئاڭلاپ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى. ئەگەر تۆمۈرچى تۆمۈرنى ئوتقا سالغاندىلا، ئۇنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمىسە، ئۇ ئاشخانا جابدۇقلىرىنى قانداق ياسىيالايدۇ؟ بۇنىڭدا خىمىيىلىك ۋە فىزىكىلىق بىلىملەر بار. ئەگەر تۆمۈرچى مۇشۇلارنى بىلمىسە، ئۇ تۆمۈرگە قاراپ ئولتۇرۇپ كاللىسى ئېلىشىپ قېلىشى، ھەتتا تۆمۈرنى چىشلەپ سىلىشى مۇمكىن، — مەن چىشلىگەن ھەرىكەتنى قىلىپ كۆرسەتتىم، — ئويلاپ باق، شۇنداق بولسا،

قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقار؟
— چوقۇم ئۇنىڭ چىشى چۇشۇپ كېتىدۇ، — دېدى كارل قاقاقلاپ كۇلگىنىچە.
— ئوغلۇم ئېسىڭدە بولسۇنكى، شېئىر، ئەدەبىيات، رەسىم، مۇزىكا، پەلسەپە دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەت ئەقىل - پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى، دۇنيادىكى ئەڭ گۇزەل نەرسىلەر. تىل - يېزىق ئىنسانلارغىلا خاس. مەن ساڭا نېمىشقا تۇرلۇك ئوخشاشمىغان تىللارنى ئۆگەتتىم؟ مەن سېنى دىپلومات ياكى تەرجىمان قىلىپ تەربىيىلىمەكچى ئەمەسمەن، بەلكى سېنى ئوخشاشمىغان دۆلەت، ئوخشاشمىغان رايونلارنىڭ مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ ئوبدان چۇشەنسىكەن دېگەن ئويدىمەن. سەن دانتېنى ياخشى كۆرىسەن. ئەگەر ئىتاليان تىلىنى بىلمىسەڭ، دانتېنى قانداقمۇ ھەقىقىي چۇشىنەلەيسەن؟ ئۇنىڭ گۇزەل شېئىرلىرىنى ئۆز تىلىدا ئوقۇغىنىڭدىلا، ئاندىن ئۇنى تولۇق چۇشىنەلەيسەن. يەنە ئەڭ مۇھىمى شۇكى ئوغلۇم، ئۆزۈڭ ئېيتقاندەك، سەن ئۆگىنىش داۋامىدا خۇشاللىق ۋە بەختنى ھېس قىلدىڭ. مۇشۇلار يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ بىر ئادەم خۇشاللىق ۋە بەختكە ئېرىشسە، ئۇنىڭ يەنە نېمىسى كەم قالىدۇ؟
ئاڭلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئوغلۇمنىڭ كۆزىدىن خۇشاللىق نۇرلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى تۇگۇچ پۇتۇنلەي يېشىلگەن ئىدى. مېنىڭچە، ئوغلۇمنىڭ شۇنچە ئۆگىنىپ، خېلى نەتىجىگە ئېرىشەلىشىنىڭ ئاچقۇچى — ئۆگىنىش ھەۋىسىنىڭ كۇچلۇك بولغانلىقى ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق بەخت تۇيغۇسىغا ئېرىشەلىگەنلىكىدە ئىدى.
دادا بولغۇچى باللار چۇشىنەلمىگەن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن ياردەم بېرىپ چۇشەندۇرۇشى كېرەك. ئەگەر باللارنىڭ ھەرىكىتىگە قارىتا

ئويلانمىسا، ياكى ئۇنى بىر تەرەپلىمە ھالدا چۈشەنسە، ئۇ ھالدا بالىغا ياردەم بەرگىلى بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە سەلبىي تەسىر بېرىپ قويىدۇ. ئەگەر كارل ئۆگىنىشتە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرسا، مەن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەي، ئەكسىچە ئۇنى تىللىسام، يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئۇسۇلدا بالىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئېسىل پۇرسەت ئۆتۈپ كېتىدۇ ھەم بالىنىڭ غورۇرى سۇنىدۇ. ئەڭ يامىنى شۇكى، بالىنىڭ قەلبىگە ئىنتايىن يامان تەسىر ئورناپ كېتىدۇ. بالا ئۆگىنىشنى قورقۇنچلۇق دەپ قارايدۇ، ئۆگىنىشتىن مەقسەت ئاتىسىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن دەپ ئويلاپ قالىدۇ. بۇنداق تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق قانداقمۇ ياخشى ئادەملەرنى تەربىيىلىگىلى بولسۇن؟ بالىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىلىمگە بولغان ئىنتىلىشمۇ شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدىلا يوق قىلىۋېتىلسە، باشقىسىدىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟

مېنىڭچە، بىر ئادەمنىڭ شەخسىيەتچى، رەزىل، يالغانچى، ئاجىز بولۇپ قېلىشى مۇشۇنداق ئىنتايىن ناچار تەلىم - تەربىيە تۈپەيلىدىن بولىدۇ، ياكى بۇنى ھەرگىزمۇ تەلىم - تەربىيە دېگىلى بولمايدۇ.

## بالىنىڭ غورۇرىغا تېگىشكە ھەرگىز بولمايدۇ

مەن ئىزچىل ھالدا كىچىك بالىلارغىمۇ چوڭلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشنى، ئۇلارنى چوڭلارغا ئوخشاش ھۆرمەتلەشنى تەشەببۇس قىلاتتىم.

بالىغا بولغان تەلىم - تەربىيىدە قاتتىق بولۇش كېرەك،

لېكىن قاتتىق تەلەپ بالىنىڭ غۇرۇرىغا تەگسە بولمايدۇ. بالىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ قويسا، ئۇ هالدا ئاقىۋەتنى قورقۇنچلۇق بولىدۇ. ئەسلىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان تىرىشچان، قەيسەر بالا غۇرۇرىنى يوقىتىپ قويسا، تېزلا ئاجىز، مۇتتەھەم ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بالىنى تەربىيىلەش ئۇچۇن، ئۇنىڭغا ئىشىنىش زۆرۈر. مەيلى چوڭلار ياكى كىچىك بالىلار بولسۇن، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەندىلا، ئۆز - ئۆزىنى هۆرمەتلىيەلەيدۇ. بالىنىڭ هەممە ئىشىغا ئارىلىشىۋېلىپ، ئۇنى قىلىشقىمۇ - بۇنى قىلىشقىمۇ يول قويمىغاندىن كۆرە، ئۇنىڭغا ئىشىنىش، ئۇنى سەۋرچانلىق بىلەن قايىل قىلىش تېخىمۇ ئۇنۇملۇك بولىدۇ. ئەگەر ئاتا - ئانىلار بالىسىغا باشتىن - ئاخىر يامان ئادەمگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلسا، ئۇ بەلكى ئەسكى ئادەم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ياخشى ئادەم بولۇش ئىشەنچىنى تەدرىجىي هالدا يوقىتىپ قويىدۇ. ئىشەنچ بولمىسا، ئۇنىڭ غۇرۇرىمۇ تەبىئىي هالدا يوقىلىدۇ. بالىنىڭ غۇرۇرى ئىنتايىن مۇهىم بولغاچقا، ئوغلۇمنى قاتتىق تەربىيىلەش داۋامىدا، هەرقانداق ئەهۋال ئاستىدا، ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگمەسلىككە ئالاهىدە ئەهمىيەت بېرەتتىم. مەيلى مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز بولسۇن، قىلچىمۇ ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگمەيتتىم.

كارل بىز بىلەن غىزالانغاندا، مەن ئۇنىڭغا چوڭلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتىم، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشاتتىم، تائامنىڭ تەمى هەققىدە سۆزلىشەتتىم. غىزالىنىش جەريانىدىكى پاراڭلارمۇ ئۇ چۈشىنەلەيدىغان تېمىلار ئۈستىدە بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ - باراۋەر هالدا سۆهبەتلىشەتتىم. بەزى ئاتا - ئانىلار تاماق ۋاقتىدا بالىلىرىنى گەپ قىلغىلى قويمايدۇ. بالىلىرىنى

قورقۇتۇپ، تاماق يېيىشنى بالىلىرىغا نىسبەتەن خۇددى بىر خىل جازادەك تۇيغۇغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. يا بولمىسا داستىخاندا ئولتۇرۇپ بالىلىرىنىڭ بارلىق كەمچىلىكلىرىنى تۆكۈپ تاشلاپ، ئۇنى تۇرلۇك يوسۇندا تەنقىدلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىلار تاماق لەززىتىگە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، ئىشتىھاسىغىمۇ تەسىر يېتىدۇ. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، بالىلار ئۆزىنى يارىماس ھېس قىلىپ، ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى شەكىللىنىپ قالىدۇ. بۇنداق ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى چاكىنا ئادەملەرگە ئوخشاش يۇرەكئالدى قىلىپ قويىدۇ. بۇ ھالدا ئۇلاردا يەنە قانداق غۇرۇر بولسۇن؟

بەزى ئاتا - ئانىلار بالىنى ئاسان باشقۇرۇش ئۈچۈن، قەستەن ئۇنى ئۆزىدىن قورقىدىغان قىلىپ قويىدۇ. بالىسىغا باراۋەر مۇئامىلە قىلمايدۇ، بەلكى ئۆزىگە خوجايىن، بالىسىغا مالاي ئورنىدا مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇنداق بالا قورقۇنچاق، ئاجىز ئادەم بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئاتا - ئانىلار بالىسىنى مەغلۇبىيەتچى قىلىپ قويىدۇ. ئاجىزلارنىڭ بۇ جەمئىيەتتە بىرەر ئىشتا ئۇتۇق قازانمىقى ئىنتايىن مۇشكۈل. بىزنىڭ ئائىلىدە ئوغلۇم مېنىڭ دوستۇم بولۇپلا قالماستىن، ئانىسىنىڭمۇ ياخشى دوستى، شۇنداقلا ئائىلىمىزدىكى ئايال خىزمەتكارنىڭمۇ ياخشى دوستى ئىدى. بىز بىر - بىرىمىزنى ھۆرمەتلەيتتۇق، ئۆزئارا باراۋەر مۇئامىلە قىلاتتۇق.

بالىلار سورىغان نۇرغۇن سوئاللار لوگىكىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، نۇرغۇن كۈلكىلىك نەرسىلەردىن خالىي ئەمەس. ئەمما، ئەستايىدىل ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق، چوڭ ئادەملەرنىڭ بىلىمىمۇ ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن كۈلكىلىك نەرسىلەردىن خالىي ئەمەس. شۇڭا، بالا مەيلى قانداق سوئال سورىسۇن، ھەرگىز مەسخىرە قىلماسلىق، بەلكى ئۇلارغا

سەممىمىي جاۋاب بېرىش لازىم. ئەگەر ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى مەسخىرە قىلسا، بالىلار ئىزا تارتىپ قايتا سوئال سورىمايدىغان بولۇۋالىدۇ. سوئال سوراش بالىلارنىڭ بىلىم ئېلىشىدىكى يېتەكچى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بالىلارغا تولۇق بىلىم بېرىش كېرەك. بالىلار ئاتا - ئانىلار ئۇقمايدىغان سوئال سورىسا، باشقىلاردىن سوراپ ياكى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، سەۋرچانلىق بىلەن جاۋاب بېرىش كېرەك.

ئاتا - ئانىلار بالىلارنى كولدۇرلاتماسلىقى لازىم. چۈنكى، بالىلار ئەخمەق قىلىنسا، نومۇسنى بىلمەيدىغان، ئەخلاقسىز، ھەتتا قوپال، باشقىلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. كىچىك ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەخمەق قىلىشىغا ئۇچراپ، كېيىن جىنايەت يولىغا كىرىپ قالغانلار ئارىمىزدا كۆپ. مەن ئوغلۇمنى ئەخمەق قىلمايتتىم، بەلكى ھەممە ئىشتا ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتىم، ئۇنى ئەزەلدىن ئالدىمايتتىم. مەن كارلىنىلا ئەمەس، ھەرقانداق بىر ئادەمنى ئەزەلدىن ئالداپ باقمىغان. چۈنكى، ئالدامچىلىق بىر خىل جىنايەت. ئەگەر بالىلار ئالدانغانلىقىنى ئۇقۇپ قالسا، ئاتا - ئانىسىغا ئىشەنمەيدىغان بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىدىن ئايرىلسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بالىنى ئالدىسا، بالىمۇ باشقىلارنى ئالداشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

بىر قېتىم بىرسى ئىنتايىن پەخىرلەنگەن ھالدا ماڭا: «ئوغلۇم كەلگۈسىدە چوڭ سىياسىئون بولالايدۇ» دېدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغىنىمدا، ئۇ: «ئوغلۇم ئالدىنقى كۈنى ئايالىم ئاشخانىغا قويۇپ قويغان سەينى يېۋېلىپ، ئېشىپ قالغىنىنى مۇشۇكنىڭ ئاغزىغا سۈركەپ قويۇپ، ئىشنى مۇشۇككە دۆڭگەپ قويۇپتۇ ئەمەسمۇ» دېدى. بۇنداق ئاتىلارنى مېنىڭچە

قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ھېلىقى بالا مۇنداق يالغانچىلىقنى دادىسىدىن ئۆگەنگەنلىكى ئېنىق.

نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىسىنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرىدۇ. بالام ئىش قىلالمايدۇ دەپ قاراپ، ھەممىگە چات كىرىۋالىدۇ. نەتىجىدە نۇرغۇن بالىلار ئۆز قابىلىيىتىدىن گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. كارل كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ، ئانىسى سەۋرچانلىق بىلەن كىيىمگە تۈگمە قاداشنى ئۆگەتكەن، ئۇ، قادىيالماي كۆپ ئاۋارە بولاتتى. بىراق، ئانىسى ئۇنى بىر خىل تەلىم - تەربىيە دەپ قارىغاچقا، سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنى تۈگمە قادىغىلى سالاتتى. مېنىڭچە بۇ، ئوغلۇمنىڭ ئۆزىنى چېنىقتۇرۇشنىڭ ئىنتايىن ياخشى ئۇسۇلى ئىدى. ئانىسىنىڭ كارلنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۆز كىيىمىگە تۈگمە قادىغىلى سالغانلىقى ئۇنىڭ قول ھەرىكىتىنى مەشىق قىلىشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭدا باشقىلارغا ياردەم بېرىش ئېڭىنى شەكىللەندۈرەتتى. شۇڭا، ئانىسى كارلغا كىيىمنى ۋە ئايىغىنى ئۆزى كىيىشنى ئۆگەتتى. ئۇنىڭ ۋاقتى ئالدىراش بولسىمۇ، ۋاقىت چىقىرىپ، كارلغا كىيىم كىيىش - سېلىشنى ئۆگىتىشىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇنى تەربىيىلىگەنلىك ئىدى.

بەزى ئاتا - ئانىلار بالىسىنى زىيادە ياخشى كۆرگەچكە، ئۇنى ئەتىۋارلاپ، يىقىلىپ چۈشۈشىدىن ئەنسىرەپ، ئوينىغىلى قويمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ چېنىقىش پۇرسىتى بولمايدۇ. ئۇلار يەنە بالىسىنىڭ كاللىسىنى ئىشلىتىپ چارچاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى تەربىيىلىمەيدۇ، بالىسىغا كىتاب ئوقۇتمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەخمىقانە قىلىقلاردۇر. بۇ خىل ئۇسۇل بالىنى ھېچ ئىش قىلالمايدىغان كېرەكسىز ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. يەنە بەزى ئاتا - ئانىلار بالىسىغا گەپ ئاڭلىتىش ئۈچۈن، قورقۇنچلۇق ھېكايىلار بىلەن قورقۇتىدۇ. بۇنداق

قىلغاندا، بالىنىڭ كاللىسى قورقۇنچلۇق ھېكايىلار بىلەن تولۇپ كېتىپ، ئۇ بەرداشلىق بېرەلمىگەندە، روھىي قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، بالىلارغا دۇنيادىكى ھېچقانداق نەرسىنىڭ قورقۇنچلۇق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈش كېرەك. بالىلار ئاتا - ئانىسىغا ئىشەنگەچكە، ئاتا - ئانىسى دېگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى راست دەپ بىلىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار بالىلارنى قورقمايدىغان قىلىپ تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بالىلارغا جىن - شەيتاننىڭ گېپىنى قىلىپ قورقۇتۇش ئىنتايىن زىيانلىق. مۇشۇنداق خاتا تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى تۈپەيلى، نۇرغۇن ئادەملەر ئۆمۈر بويى قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك بولۇپ قالىدۇ. مەن كارلغا نۇرغۇن ئەپسانە - چۆچەكلەرنىمۇ ئېيتىپ بېرەتتىم. بىراق، ئۇنىڭغا ئەپسانە - چۆچەكلەرنىڭ راست ئەمەسلىكىنى، توقۇپ چىقىرىلغانلىقىنى تەكىتلەيتتىم. چۆچەكلەرنى تاللىغاندا، ياخشىلىق ۋە پائال ئالغا ئىنتىلىدىغان قەھرىمانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرەتتىم. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىم ھېكايە - چۆچەكلەر ئارقىلىق ئوغلۇمغا قەيسەرلىك، باتۇرلۇقتا ئوخشاش بەزى كىشىلىك تۇرمۇش قائىدىلىرىنى ئۆگىتىش ئىدى.

مەن ئائىلە بالىنىڭ جەننىتى بولۇشى كېرەك دەپ قارايمەن. بىراق بۇ، بالىنى ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىش كېرەك دېگەنلىكىم ئەمەس. ئائىلە سۆيگۈ ھەم خۇشاللىقنىڭ سورۇنى بولۇشى، بالىلار ئائىلە غەمخورلۇقى ئاستىدا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى لازىم. ئۇلار كىچىككىدىن باشلاپ ئائىلىدە ئادەم بولۇش ئىشەنچىنى تۇرغۇزۇشى، ھەرگىزمۇ نامۇۋاپىق تەلىم - تەربىيە تۈپەيلى، ئادەمگە ئەڭ مۇھىم بولغان غۇرۇردىن مەھرۇم بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

# سەككىزىنچى باب ئوغلۇمغا ئويناش ھەم دوست تاللاشنى قانداق ئۆگەتتىم

نۇرغۇن ئادەملەر بالىنىڭ بىللە ئوينايدىغان دوستلىرى بولمىسا، بالا مەنمەنچى ياكى بەگۋاش بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ، ئىنتايىن خاتا قاراش. مېنىڭچە، ئەمەلىي ئەھۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بالىلار بىللە ئوينايدىغانلارنى تاللىمىسا، ئۇلار ئۆزئارا مەنمەنلىك قىلىشىپ، شەخسىيەتچى بولۇپ قېلىشى، نەتىجىدە ھىيلىگەرلىك، ساختىپەزلىك، بەگۋاشلىق، ھەسەتخورلۇق، ھاكاۋۇرلۇق، ئاغزى يامان، سوقۇشقاق، باشقىلارغا تۆھمەت قىلىدىغان، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىشى مۇمكىن.

## ئويۇن دېگەن بەرىبىر ئويۇن

بىر ئادەمنىڭ ھىيلىگەر، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان، بەگۋاش بولۇپ كېتىشى كۆپىنچە ھاللاردا كىچىكىدە ياخشى تەربىيىلەنمىگەنلىكىدىن بولىدۇ.

بالىلارنى باشقۇرماي ئۆز ئەركىگە قويۇۋەتكەندە، ئۇلار دوست تاللىماي، ئۇدۇل كەلگەن بالىلار بىلەن بىللە ئويناپ، ھەر خىل يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىشى، بەزىدە يامان ئىللەتلەرنىمۇ ئۆگىنىۋېلىشى مۇمكىن. مەن دائىم ياخشى باشقۇرۇلمىغان بىر قىسىم بالىلارنىڭ يول باقىلىرىغا توپلىشىۋېلىپ، قىمار ئويناۋاتقانلىقىنى، ئۆزئارا

ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى، بىر - بىرىنى سەت تىللار بىلەن تىللاۋاتقانلىقىنى ئۇچراتسام، ئۇلارغا نۇرغۇن قېتىم نەسىھەت قىلغان ۋە ئۇرۇشۇۋاتقانلارنىمۇ ئاجرىتىپ قويغان ئىدىم. ھەر قېتىم مۇشۇنداق ئەھۋالنى ئۇچراتقىنىمدا كۆڭلۈم سوۋۇپ كېتىدۇ. ئۇلار ئەسلىدە ياخشى تەربىيىلەنسە، ئەدەپلىك ۋە بىلىملىك بالىلاردىن بولاتتى. ئەمما، ئۇلار ئۇنداق ئەمەس. بۇ بالىلار ناھايىتى بىغەرەز بولۇپ، دائىم تاش ئېتىشىپ ئوينايتتى. نەتىجىدە يارىلىنىش، ھەتتا كۆزى قويۇلۇپ كېتىش، مېيىپ بولۇپ قېلىشتەك ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقاتتى. بۇ، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئىش. قار توپ ئېتىشىپ ئوينىغاندىمۇ، بەزى بالىلار تاشتەك قاتقان قارلارنى تاللاپ ئېتىپ، قارشى تەرەپنى يارىلاندۇراتتى. مەن قارىغۇ ۋە ئاقساق - چولاق بالىلارنى ئۇچراتقىنىمدا، بۇنداق بولۇپ قېلىشنىڭ سەۋەبىنى سوراپ باقاتتىم. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئويۇن ئويناپ، مېيىپ بولۇپ قالغان بالىلار بولۇپ چىقاتتى. بۇ ئىشلاردىن دائىم تېنىم شۈركۈنەتتى.

كارلىنىڭ بىر توپ دوستلىرى بار ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ تولىمۇ قوپاللىقىنى بايقاپ قالغاندا، كارلنى ئۇلار بىلەن ئوينىغىلى قويمىدىم. ئۇ بالىلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسلىدىنلا ئەسكى دېمەكچى ئەمەسمەن. بىراق، بالىلار ھامان ئىش ئۇقمايدۇ، چوڭلار ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلمىغاچقا، دائىم بەزى ئەخمىقانىلىقلارنى قىلىپ قويىدۇ.

ئاندى كۈچلۈك بالا بولۇپ، ئۇنى ئاشۇ بىر توپ بالىلارنىڭ بېشى دېيىشكە بولاتتى. ئۇ سۈرلۈك، ئەقىللىق، بەلكى تەشكىللەش قابىلىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك بالا بولۇپ، دائىم ئۆزىدىن كىچىك بالىلارنى باشلاپ ئۇرۇش ئويۇنى ئوينايتتى. بەلكىم ئاندىدا ئاشۇنداق تۇغما قابىلىيەت بولسا كېرەك، ئۇ ئۆز

«قوشۇنى»نى ئىنتايىن تەرتىپلىك باشقۇراتتى. بىراق، بىر كۈنى بۇ «قەھرىمان»نى ئاخىرى «دۈشمەن»لىرى يېڭىۋاپتۇ. ئۇ كۈنى ئاندى كىچىك ھەمراھلىرىنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، قەلئەگە ھۇجۇم قىلىش ئويۇنى ئوينىغان ئىكەن. ئاندى بەش - ئالتە كىچىك دوستى بىلەن قەلئەنى ساقلايدىغان، باشقا بىرنەچچەيلەن دۈشمەننىڭ رولىنى ئېلىپ، قەلئەگە ھۇجۇم قىلىدىغان بولۇپتۇ. ئاندى ياغاچ قىلىچنى ئوينىتىپ، مال توشۇيدىغان بىر ھارۋىنىڭ ئۈستىدە باتۇرلارچە تۇرۇپتۇ. ئۇ، بىر قولىنى بېلىگە تىرەپ، يەنە بىر قولىدا قىلىچ تۇتۇپ، بىر پۇتىدا ھارۋا چاقىنى دەسسەپ، ھەقىقىي قەھرىماندەك قىياپەتتە تۇرۇپ: «دۈشمەنلەرنى يوقىتايلى! . . .» دەپ توۋلاپتۇ. ئەينى چاغدا ئوغلۇم كارلمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇپ، ئاندى بىلەن مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ «جەڭ» قىلىۋاتقان ئىكەن. «دۈشمەن» تەرەپ تاش، دەرەخ شاخلىرى بىلەن ئۇلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ كەپتۇ. ئاندى «قىلىچ» بىلەن ئۇلارنى بىر - بىرلەپ يىقىتىپتۇ. ئاندى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى «قەلئەنى چوقۇم قوغداش كېرەك» دەپ ئويلايدىكەن، ئەمما «دۈشمەن» تەرەپنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئۇلار تاقابىل تۇرالماپتۇ. قارشى تەرەپنىڭ بىر ئادىمى، ئېھتىمال شۇلارنىڭ باشلىقى بولسا كېرەك، ھارۋا ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىپ چىقىپ، ئاندى دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتە ئۇنىڭ دۈمبىسىگە قاتتىق تېپىۋېتىپتۇ. ئاندى «ۋايجان» دېگىنىچە ھارۋىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ كېتىپتۇ.

شۇ چاغدا، مەن ئۆيدە بىر مېھماننى كۈتۈۋاتاتتىم. يىراقتىن كەلگەن بۇ مېھمان بىلەن بالا تەربىيىلەش مەسىلىسى ھەققىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق. كارل ناھايىتى ئالاقزادە بولغان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بوسۇغىدا تۇرۇپلا:

«دادا، يامان بولدى، چاتاق چىقتى!» دېگەن ئالاقزادە ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپلا، چوقۇم بىر ئىش چىققانلىقىنى بىلدىم. ئوغلۇمنىڭ باشلىشى ئارقىلىق، ھېلىقى مېھمان بىلەن بىرلىكتە ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇلار ئوينىغان يەرگە يېتىپ كەلدۇق. ئاشۇ كۆرۈنۈشنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن، مېھمانمۇ بۇ ئىشتىن چۆچۈپ كەتكەن ئىدى.

ئاندى ھارۋىدىن يىقىلىپ چۈشكەندە، ئۇ دەل يەردىكى بىر ئورغاقنىڭ دەستىسىگە دەسسىۋاپتۇ. ئاشۇنداق دەل كېلىپ قالغان بولسا كېرەك، ئورغاق يەردىن چاچراپ چىقىپ، دەل ئاندىنىڭ يوتىسىغا سانجىلىپ كەتكەن ئىكەن. ئاندى يەردە ئاغرىققا چىدىيالماي ۋايجانلاپ ياتاتتى، باللار قورقۇپ ئۇنىڭغا يېقىن بارالماپتۇ. ئاندىنىڭ پۇتى قانغا بويالغان ئىدى...

كارل شۇ ئىشتىن كېيىن: «ئاندى ھەقىقەتەن باتۇر ئىكەن» دېدى.

— ئوغلۇم، سەن ھەقىقەتەن ئۇنى باتۇر دەپ قارامسەن؟

— ھەئە، ئۇ قەلئەنى قوغدايمەن دەپ يارىلاندى، ئۇ ئىنتايىن باتۇرلۇق كۆرسەتتى، — ئوغلۇمنىڭ كۆزىدىن ئۇنىڭغا بولغان قايىللىقى چاقناپ تۇراتتى.

— ياق ئوغلۇم، ياق، ئاندىنىڭ بۇ ئىشىنى باتۇرلۇق دېگىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئاندىنى ھارۋىدىن ئىتتىرىۋەتكەن بالا تېخىمۇ بىغەرەز ئىكەن.

— دادا، سىز باتۇر ئادەم بولۇش كېرەك، دېمىگەنمىدىڭىز، ئاندى باتۇر ئەمەسمۇ؟

بۇ چاغدا مەن ئوغلۇمنىڭ نېمىدېگەن ساددىلىقىنى، نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىقنى پەرق قىلالمايدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم.

— ئوغلۇم، بۈگۈن سىلەر نېمە ئىش قىلغان ئىدىڭلار؟

— قەلئەگە ھۇجۇم قىلىش ئويۇنى ئوينىغان ئىدۇق.
— توغرا، ئۇ پەقەت بىر ئويۇن، ھەقىقىي ئۇرۇش ئەمەس.
مەن «ئويۇن» دېگەن سۆزنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا نېمىنىڭ راست، نېمىنىڭ يالغانلىقىنى ئايرىپ بېرىشكە باشلىدىم، — ئوغلۇم، سىلەرنىڭ باتۇرلارنى ياقتۇرىدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن. بىراق باتۇرلۇق كالامپايلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ھەممىنى قارا-قويۇق ئۇرۇش - قىرىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

مەن ئوغلۇمنىڭ بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، بۇ ئىشتىكى توغرا - خاتانى ئۇنىڭغا تەپسىلىي تەھلىل قىلىپ بېرىشكە باشلىدىم:

— گەرچە سىلەر ئويۇن ئويناۋاتقان بولساڭلارمۇ، ھەممىڭلار ياخشى دوستلاردىن. ھەقىقىي ئۇرۇشمىساڭلار نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ بۇ خىل ئۇرۇش ئويۇنى دوستلارنى ئاسانلا دۈشمەنگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. قارا، ئاندى بەلكىم ئۆزىنى هارۋىدىن ئىتتىرىۋەتكەن ئاشۇ بالىغا مەڭگۈ ئۆچمەنلىك ساقلىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ يارىلاندى. ئەسلىدە ناھايىتى ياخشى دوستلار دۈشمەنلىشىپ قالدى. ئاندى كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۇرسەت تېپىپ، ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئېلىشى مۇمكىن. مەن سېنىڭ ۋە دوستلىرىڭنىڭ كۆڭلىدە ئاداۋەت بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن. ئاداۋەت رەزىللىكنى پەيدا قىلىدۇ.

— بىراق، ئاندى ھەقىقەتەن باتۇر تۇرسا، — كارل تېخىچە مەن ئېيتقان قائىدىنى چۈشەنمىگەن ئىدى.

— مەن ئۇنىڭ باتۇر ھەم ئەقىللىق بالا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. بىراق كۈن بويى ئۇنداق قىر - چاپ ئوينىغاننىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولار. بۈگۈن ئۇنىڭ پۇتىغا ئۇرغاق تەگدى، ئەتە كۆزىگە تاش تېگىشى، ئۆگۈنلۈككە يەنە بىلىكى سونۇشى مۇمكىن، بۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟ تولا يارىلىنىپ، مېيىپ

بولۇپ چوڭ بولغاندىن كېيىن، ھېچ ئىش قولىدىن كەلمەيدۇ. مۇبادا ئۇنىڭ گېنېرال بولغۇسى كەلسە، ئۇ ھالدا ھازىردىن باشلاپ، ئۆزىنى ئاسراشنى بىلىشى كېرەك. ئاقساق - چولاق ئادەم قانداقمۇ قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ، دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلالايدۇ؟ سىلەر تېخى بالا، ئۇرۇشنىڭ ئۆلچەملىرىنى ياخشى ئىگىلىيەلمەيسىلەر. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ئويۇن دېگەن پەقەتلا ئويۇن. راست قىلىچ، مىلتىقلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىلەر ھەقىقىي ئۇرۇش مەيدانىغا بېرىپ، دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ھايات - ماماتلىق ئۇرۇش قىلساڭلار، ئاندىن ھەقىقىي باتۇرلۇق بولىدۇ.

— چۈشەندىم دادا، — دېدى كارل.

باللار ئويۇن داۋامىدا بىلىپ - بىلمەي يارىلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر ئاتا - ئانىلار ئۇلارغا ئەستايىدىللىق بىلەن يېتەكچىلىك قىلمىسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بولىدۇ. مەن دائىم كارلغا باللارنىڭ ئۇرۇشۇپ - مۇشتلىشىدىغان ئويۇنىغا ئارىلاشماسلىقنى ئېيتاتتىم. بۇنداق ئويۇندىكى زەخمىلىنىش، ئادەتتىكى ئويۇن داۋامىدا يارىلىنىشتىن تېخىمۇ ئېغىر بولاتتى. ئۇ باللارنىڭ تېنىنى يارىلاندۇرۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ يامىنى ئۇلارنىڭ سەبىي قەلبىدە ناچار تەسىر قالدۇراتتى.

دۇنيادا باللارنىڭ قەلبىدە ئۆچمەنلىك ساقلىنىپ قېلىشتىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىش يوق. ئۆچمەنلىك بىر ئادەمنى ئاتا - ئانىسىغا ساختا مۇئامىلە قىلىدىغان، ئەتراپىدىكى ھەممە ئادەمنى كۆزگە ئىلمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. تېخىمۇ يامىنى شۇكى، ئادەمنى تەنھا ۋە ياردەمسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بەزى باللار ئائىلىدە ياخشى تەربىيىلەنمىگەچكە، توغرا - خاتا، ياخشى - ياماننى بىلمەيدۇ. ئاتا - ئانىسى ئۇلارنىڭ باللىق مەزگىلىدە ياخشى ئۇسۇل قوللانمىغاچقا، ئۇلار بىكار تەلەت

بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار دۇنيادا نۇرغۇن گۈزەل نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار كىتاب ئوقۇشنى ۋە كىتاب ئوقۇشنىڭ سېھرىي كۈچىنى بىلمەيدۇ، ئەدەبىيات - سەنئەتتىن كېلىدىغان خۇشاللىقنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇلارغا ھېچقانداق ئادەم يېتەكچىلىك قىلمىغاچقا، ئۆزىنىڭ گۈزەل بالىلىق مەزگىلىنىڭ قەدرىنى قانداق بىلەلىسۇن؟ بەزى بالىلار كۈن بويى قىلغىلى ئىش يوق يۈرىدۇ، بەزى بالىلار باشقىلارنى ئۇرۇپ، بوزەك قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ. تېخىمۇ يامىنى شۇكى، بەزى بالىلار قىمارغا بېرىلىپ كېتىدۇ. مەن بۇنداق بالىلاردا گۈزەل كەلگۈسىنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. بۇ بالىلارنى ئاتا - ئانىسى ياخشى تەربىيىلىمىگەچكە، بالىلىق مەزگىلىنى مەنىلىك ئۆتكۈزىدىغان ئائىلىگە ئېرىشەلمىگەچكە، بەختسىز بولۇپ قالىدۇ. بەزىلەر بالىنىڭ مىجەز - خاراكتېرى، تالانتى تۇغما بولىدۇ، دېيىشىدۇ. ئۇلار دائىم: «مېنىڭ بالام بەكلا ئەسكىلىشىپ كەتتى. ھەرگىز ياخشى ئۆگەنمەيدۇ. ئۇنى قانداق تەربىيىلىسەممۇ بىكار» دېيىشىدۇ. ھەر قېتىم مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسام، ئازابلىنىپ كېتىمەن. ئۆز بالىڭىزغا ئۆزىڭىز ئىشەنمىسىڭىز، كىچىككىنە بالىدا يەنە قانداق تەرەققىيات بولىماقچىدى؟ مەن مۇشۇنداق ئاتا - ئانىلارغا قىلچە يۈز - خاتىر قىلماي شۇنداق دەيمەنكى: «سىلەر ئاتا - ئانا بولۇشقا لايىق ئەمەس. بالىنىڭ تەبىئىتى ياخشى، ئۇنىڭ بارلىق خاتالىقلىرىنى سىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىسىلەر».

يۈقىرىقىدەك تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى، كارلىنىڭ دوست تاللىشىغا قارىتا مەن ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ كەلدىم. ئامالىمنىڭ بارىچە ئۇنى ئۆزى بىلەن ئوخشاش قىزىقىشتىكى بالىلار بىلەن ئوينىغىلى قويدۇم. ئۇلار بىرلىكتە مەلۇم مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى، بەزى نەرسىلەرنى

ئۆزئارا ئۆگىنەتتى. مەن دائىم كارلىنىڭ بىرەر بالا بىلەن شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقانلىقىنى، مەلۇم تىياتىردىكى روللارنى دوراۋاتقانلىقىنى، بەزىدە بىرەر مەسىلە ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇلارنى ھەرگىز ئاۋارە قىلمايتتىم، بەلكى بۇنىڭدىن تەسەللىگە ئېرىشەتتىم.

## ئوغلۇم بىلەن ئۇنىڭ بىللە ئوينايدىغان ھەمراھە-لىرى ئارىسىدىكى زىددىيەت

كىشىلەر ئىزچىل ھالدا: «بالىنىڭ ئوينايدىغان دوستلىرى بولۇشى كېرەك، بولمىسا، بالىلار زېرىكىپ، كەيپىياتى تۆۋەنلەپ، مىجەزى جىمغۇر بولۇپ قالىدۇ» دېيىشىدۇ. مەن بۇنداق قارىمايتتىم. بىراق، بۇنداق دەيدىغان كىشىلەر كۆپ بولغاچقا، مەنمۇ ئامالسىز قالدىم. ئاخىر ئايالىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئىككى قىزچاقنى ئوغلۇم بىلەن ئوينايدىغان دوست قىلىپ تاللىدۇق.

بۇ ئىككى قىزچاق مۇشۇ ئەتراپتىكى ئەڭ ياخشى تەربىيىلەنگەن بالىلار بولۇپ، ناخشا ئېيتالايتتى، ئۇسسۇل ئوينىيالايتتى. ئوغلۇم ئۇ ئىككىيلەن بىلەن ناھايىتى خۇشال-خۇرام ئوينايتتى. بىراق، مەن مۆلچەرلىگەندەك، ئاقىۋەتتە ئوغلۇمنىڭ ناچار ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈۋالغانلىقى مەلۇم بولدى. كارل ئۇ قىزلار بىلەن ئوينىغاندىن كېيىن، ئەسلىدە بەڭۋاش ئەمەس ئوغلۇم بەڭۋاشلىق قىلىشقا باشلىدى. ئەزەلدىن يالغان سۆزلىمەيدىغان ئوغلۇم يالغان سۆزلەيدىغان بولۇۋالدى ھەم بىر قىسىم قوپال سۆزلەرنى ئىشلىتىدىغان، ئۆزىنىڭكىنىلا توغرا دەپ قارايدىغان ھاكاۋۇر بولۇشقا باشلىدى. مەن بۇ خىل

ئۆزگىرىشتىن ئەنسىرەپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئويناش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، بۇ ئىشلارنىڭ ئىككى قىزچاق ھەممە ئىشتا ئوغلۇمنىڭ رايىغا باققانلىقىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بايقىدىم. شۇڭا، مەن ئۇ ئىككى قىزچاققا، ھەممە ئىشتا كارلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋەرمەسلىكىنى، ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭكىنى راست قىلمۇالسا، بىزگە ئېيتىشنى تاپىلىدىم. ئەمما، يەنىلا پايدىسى بولمىدى، ئاخىرى بىز كارلىنىڭ ئۇلار بىلەن ئوينىماسلىقىنى قارار قىلدۇق.

نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟ مەن ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئەستايىدىل ئويلاندىم. بىرىنچىدىن ئۇ ئىككى قىزچاق ئىنتايىن ياخشى تەربىيە ئالغان. بەزىلەر بەلكىم: «ئۇلار ياخشى تەربىيە ئالغاندىن كېيىن، ئۆزئارا ياخشى تەسىر بىلا بولىدىغۇ» دېيىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمىدى. ھەممە ئادەمدە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشۈشكە ئىنتىلىش پسىخىكىسى بولىدۇ، بالىلاردا تېخىمۇ شۇنداق. ھېلىقى ئىككى قىزچاق ناخشا ئېيتالايتتى، ئۇسسۇل ئوينىيالايتتى، كارلمۇ ئوخشاش. بۇ يەردە كىم ئەڭ ياخشى قىلالايدۇ دېگەن مەسىلە كېلىپ چىققان. ھەر قېتىم ھېلىقى ئىككى قىزچاق لەرزان ئۇسسۇل ئوينىغاندا، كارل بىر چەتتە تۇرۇپ، قوللىرىنى شىلتىغىنىچە، ئۇلارغا: «ئۇ يېرىڭ بولمىدى، بۇ يېرىڭ بولمىدى» دېگەن. بۇ چاغدا، قىزچاقلار كارلنىمۇ ئويناپ بېقىشقا تەكلىپ قىلغان. كارل تۇزۇت قىلمايلا ئۇسسۇل ئويناپ كەتكەن. ئۇ، ئوغۇل بالا بولغاچقا، ھەرىكەتلىرى كۈچلۈك ھەم ئەركىن بولۇپ، قىزچاقلاردەك لەرزان ئوينىيالمىغان. بۇ چاغدا قىزچاقلار ئۇنىڭ ئۇسسۇلىنى قوپال ھەم كۆرۈمسىز بولۇپ قالدى، دېيىشكەن، شۇنىڭ بىلەن زىددىيەت كېلىپ چىققان. نەتىجىدە ئوغلۇم بىلەن قىزچاقلار ئوتتۇرىسىدا جىددىي تالاش - تارتىش باشلانغان. ئەگەر تالاش

ـ تارتىش باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدە بولسىغۇ مەيلى ئىدى. لېكىن، ئۇسسۇل ئۈستىدە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ قارشى بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولمىغان. ئوغلۇم ئۇسسۇلنى «كۆچلۈك ئويناش كېرەك» دېسە، قىزچاقلار: «چىرايلىق ئويناش كېرەك» دېيىشكەن. ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە بىلىدىغانلىرى ۋە ئىگىلىگەن سۆزلۈكلىرى چەكلىك بولغاچقا، تالىشىپ ـ تالىشىپ ئاخىرىدا كەلگەندە، كىمنىڭ ئاغزى ئىتتىك ھەم ئاۋازى ئۈنلۈك بولسا، شۇ يېڭىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. كارل ئوغۇل بالا بولغاچقا، ئۈنلۈك ئاۋازى بىلەن بۇ تالاش ـ تارتىشتا دائىم قىزچاقلاردىن ئۈستۈن كەلگەن. قىزچاقلار كۆڭلىدە قايىل بولمىسىمۇ، لېكىن كارلنى قايىل قىلالىغۇدەك سەۋەب تاپالمىغان. كارل قارشى تەرەپنى پۈتۈنلەي ھەيۋە بىلەن يەڭگەن. شۇنىڭ بىلەن كارلدا بۇ قىزچاقلار ماڭا يەتمەيدىكەن دېگەن قاراش پەيدا بولغان. ئۆزىنىڭكى ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسىمۇ مانا شۇنىڭدىن شەكىللەنگەن. كارل ئۆزىنىڭ بىلىم جەھەتتە ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى يەڭگەنلىكىنى ھېس قىلالمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇشۇنداق خاتا تۇيغۇ ئىچىدە، ئۆزىنىڭكىنى راست دەيدىغان، ئۆزۈم ھەممىنى بىلىمەن دەيدىغان بولۇپ قالغان. ئىككىنچىدىن دائىم تالاش ـ تارتىشتا كارل يېڭىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ ھەمراھلىرىنى تەدرىجىي ھالدا كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۇلارنى ئەقلىي قابىلىيەت جەھەتتە ئۆزىگە يەتمەيدۇ دەپ قارايدىغان بولغان. مەن ئوغلۇمنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا ھېلىقى قىزچاقلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن يالغان سۆزلەيدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. ئۇلارنىڭ تالاش ـ تارتىشى بەزىدە مەسىلىنىڭ ئەسلىي دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. ئوغلۇم ئۇلارنى يېڭىۋېلىش ئۈچۈن ھېچقانداق ۋاستە تاللىمىغان، ھەتتا ھېكايىلارنى ئۆيدۈرۈپ چىقىرىپ،

قىزچاقلارنى ئالدىغان. ئۇ ئىككى قىزچاق كارلغا ئوخشاشلا كىچىك بولغاچقا، بىلىمى چەكلىك ئىدى. ساددا بالىلار ئاسانلا ئالدىنىدۇ، يوشۇرۇن خەۋپ مانا مۇشۇ يەردىن كەلگەن. بىر تەرەپتىن ئالغاندا، كارل ئەسلىدە يالغانچى بولمىسىمۇ، لېكىن يالغانچى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يالغانچىلىقى پۇل ياكى باشقا نەرسە ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى تالاش - تارتىشتا غەلىبە قىلىش ئۈچۈن بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا ھەممە نىمىگە ئالدامچىلىق ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىكەن دەيدىغان قاراش پەيدا بولغان. بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئۇنىڭ كەلگۈسىگە زىيان يەتكۈزەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ھېلىقى ئىككى قىزچاق زىيان تارتقۇچى بولۇپ قالغان، ئۇلار كارلدىن خاتا نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغان. بۇمۇ ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە ناچار تەسىرلەرنى يەتكۈزىدۇ. كارلنىڭ ئەسلىدىنلا بەلگىلىك بىلىمى بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەيۋىسى ۋە يالغانچىلىقى قوشۇلۇپ، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن كارل ھېلىقى ئىككى قىزچاقنى قايىل قىلىپ گېپىگە كىرگۈزەلىگەن. نەتىجىدە ئۇلار ھەممە ئىشتا كارلنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان، كارلنىڭ رايىغا باقىدىغان بولۇپ قالغان. ئاخىرقى ھېسابتا، كارل ئۇلارغا ئۆزۈم خالىغانچە بۇيرۇق قىلسام بولىدۇ دەپ قاراپ، ئېغى ئۇلارنى دۆت، كالۋا دېگەندەك بەزى سەت گەپلەر بىلەن تىللايدىغان بولۇپ قالغان.

## كىچىك ھەمراھى بولمىسىمۇ، بالىلىق ھەۋىسى يوقالمايدۇ

بالىلارنىڭ دوستى بولماسلىقى بالىلىق خۇشاللىقىنى

يوقىتىپ قويۇشتىن دېرەك بېرەمدۇ؟ مېنىڭچە، بۇ مۇمكىن ئەمەس. باللار باشقا باللار بىلەن ئوينىمىسا، ئۇنىڭ خۇشاللىقى يوقىلىدۇ، دېيىش ئىنتايىن خاتا قاراش. ئەمەلىيەتتە باللار بىللە ئوينىغاندا، ئىنتايىن ئەركىن بولۇپ كېتىدۇ. نېمە دېگۈسى كەلسە، شۇنى دەيدۇ؛ نېمە قىلغۇسى كەلسە، شۇنى قىلىدۇ. ئۇلار ئەلۋەتتە ئاشۇنى ياخشى كۆرىدۇ. كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى بالىنىڭ خۇشاللىقى دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. بىراق، بۇنداق خۇشاللىقنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشى. مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ، ئاتا - ئانىنىڭ بالىسى بىلەن بىللە ئويناش مەسئۇلىيىتىدىن قاچقانلىق بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار باللىرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەلمىسە، باللىرى بىلەن بىللە ئوينىسا، باللار ئوخشاشلا خۇشال بولىدۇ ھەمدە بۇنىڭ پايدىسى باركى، زىيىنى يوق. چۈنكى بۇ، باللارنى بەڭۋاش، ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدىغان قىلىپ قويمايدۇ. ئەخلاقىمۇ ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ، ھەر خىل يامان ئادەتلەرنى يوقتۇرۇۋالمايدۇ.

بىللە ئوينىغان بالا ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ زىيانلىق. بۇ نۇقتىنى مەن باشتا مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتتۇم. ئەگەر بىللە ئوينايدىغان بالا ئەسكى بولسا، زىيىنى تېخىمۇ زور بولىدۇ. بىللە ئويناش داۋامىدا ئەسكى باللار ياخشى باللارنىڭ ياخشى ئادەتلىرىنى ئۆگىنىۋالسىغۇ، ئەلۋەتتە ناھايىتى ياخشى ئىش. بىراق ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇنداق مۇمكىنچىلىك ھەرگىزمۇ بولمايدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا ئەسكى باللارنىڭ ئەسكى ئادەتلىرى ياخشى باللارغا ناھايىتى تېز يۇقىدۇ.

نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى، ياخشى ئادەتلەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ۋە ئۆز - ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، يامان ئادەتلەرنىڭ يۇقۇشىغا

ھېچقانداق تىرىشچانلىق كەتمەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەزىلەرنىڭ «مەكتەپ دەل باللارنىڭ ناچار ئادەتلىرى مەركەزلەشكەن سورۇن» دېيىشىنىڭ مەلۇم ئاساسى بار. ئوقۇغۇچىلار سۈپىتى ناچار مەكتەپلەردە بۇ ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر. نۇرغۇن ئائىلىلەردە ئۆيدە ئۆگىنىش شەرت - شارائىتى ھازىرلانمىغان. شۇڭا، مەكتەپلەر ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بۇ نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئويۇنلىرىغا قاتتىق نازارەتچىلىك قىلىشى كېرەك.

نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار باللار دوستلىرى بىلەن ئوينىسىلا خۇشال بولىدۇ دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئاتا- ئانىلار باللىرىغا ھەمراھ بولۇپ ئوينىسا، باللار تېخىمۇ ياقتۇرۇشى مۇمكىن. بىراق، نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بۇ نۇقتىغا سەل قارايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئالدىراشلىقى ياكى باشقا سەۋەبلەرنى باھانە قىلىپ، بالىسى بىلەن بىللە ئويناشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

مەن بەزىدە «ئاتا - ئانىلارنىڭ بەدىنى باللارنىڭ ئەڭ ياخشى بەدەن چېنىقتۇرۇش قورالى، ئۇلارنىڭ مۇسكۇللىرى باللارغا كۈچ بېرەلەيدۇ. نۇرغۇن كىچىك باللار ئاتا - ئانىسىغا يامىشىپ ئويناشقا ئامراق. بۇ باللارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەنتەربىيە ھەرىكىتى بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ قالىمەن. ئاتا - ئانىلارنىڭ ئاۋازى ۋە چىرايى باللارنى جەلپ قىلىدۇ، ئاتا - ئانىلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى ھەم ئىشلەتكەن نەرسىلىرى باللارنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئاتا - ئانىلارنىڭ باللارغا بولغان غەمخورلۇقى ۋە ياردىمى باللارنىڭ ئەڭ زور خۇشاللىقىدۇر. كارل كىچىك ۋاقتىدا ئانىسىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈشكە ئامراق ئىدى، ئانىسى ئىشلىتىۋاتقان نەرسىلەرگە ئىنتايىن قىزىقاتتى. چۈنكى، باللاردا ھەرقانداق نەرسىگە نىسبەتەن يېڭى

تۇيغۇ بولىدۇ.
ئوغلۇم تۇغۇلۇپ بىر نەچچە ئايلىق بولغاندا، دائىم ئىستاكان، تەخسە، قوشۇق، قازان، تۇۋاق دېگەندەك نەرسىلەرنى تەۋرىتىپ ئويناپتتى. ئۇ، بۇ نەرسىلەرنى ئىشلىتەلمىگەچكە، ئۇنىڭ قىزىقىدىغىنى بۇ نەرسىلەرنىڭ رولى بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ رەڭگى، شەكلى، ئېغىرلىقى ھەم ئۆزىنىڭ سېزىمى قاتارلىقلار ئىدى. ئۇ يەنە قەغەز، كىتاب دېگەندەك نەرسىلەرگىمۇ ئامراق ئىدى، بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئويۇنچۇقى ئىدى.
باللار ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزى بىلەن ئوينىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ، باللار ئىنتايىن ئارزۇ قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى. ئاتا - ئانىلار مۇشۇنداق «ئاسايىشلىق» يارىتىپ بېرىش كېرەك. بەزى ئاتا - ئانىلار بۇ نۇقتىنىسى چۈشەنمەي، يا بالىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ، ياكى ئويناۋاتقان ئويۇنىنى خالىغانچە توختىتىپ قويىدۇ. بۇ، ئاتا - ئانا بىلەن باللار ئوتتۇرىسىدا تېگىشلىك ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، يەنە باللارنىڭ ئويۇن ئويناش ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ ئويۇنىغا ئاكتىپ قاتنىشىش كېرەك. چۈنكى بۇ، باللارغا باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ھېس قىلدۇرۇش ھەم بىلدۈرۈشكە پايدىلىق. ئاتا - ئانىلار دائىم بالىسىنى كۆندىلىك تۇرمۇشنى كۆزىتىشكە، ھەر خىل ئادەملەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى چۈشىنىشكە، بولۇپمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ تۇرمۇشىنى كۆزىتىشكە مەدەت بېرىشى لازىم.
ئاتا - ئانىلار مەقسەتلىك ھالدا باللارنى «دادا»، «ئانا» بولغىلى سېلىپ، ئۇلارغا ئاتا - ئانا بولۇشنىڭ تەسلىكىنى بىلدۈرۈشى كېرەك. بۇ خىل ھېس - تۇيغۇ گەرچە يۈزە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ھەرگىز سەل قارىماسلىق كېرەك.

چۈنكى، ئۇ پايدىلىق. بالىلار ئاتا - ئانا بولۇشنىڭ جاپاسىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، ئاتا - ئانىنى چۈشىنىشى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىدۇ. ئوغلۇمنى تەربىيىلەش داۋامىدا، بۇ ئويۇندا، ئاتا - ئانىلارنىڭ رول ئالغۇچى بولۇپلا قالماستىن، ئاساسلىقى يىلانلىغۇچى بولۇپ، ھەربىكەتكە قوماندانلىق قىلىشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئەگەر بالىلار ئويۇن قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلسا، ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى ئەسكەرتىشى، ئويۇننى ھەرگىز يېرىم يولدا توختىتىپ قويماسلىقى لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، بالىلارنىڭ ئائىلىدىكى رول ئېلىش ئويۇنغا بولغان قىزىقىشى ۋە ئاكتىپلىقى زەربىگە ئۇچراپ، تەسىرى بىرقەدەر ئېغىر بولىدۇ.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كارلنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ھەمدە بۇگۈنكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلىشى — ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۇنىڭ بىز بىلەن بىللە ئويناش جەريانىنىڭ نەتىجىسى. بۇ، ئۆزۈمنى زىيادە ماختىغانلىقىم ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت شۇنداق ئىدى.

ئوخشاشمىغان ياشتىكى بالىلارغا نىسبەتەن، ئويۇننىڭ ئەھمىيىتى ئوخشاش بولمايدۇ. ئويناشنىڭ ئۇسۇلىمۇ ئۆزگىرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. ئويناش قىزىقارلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى بالىلار ئويناش ئارقىلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالالايدۇ ھەم ئۆزىگە سىرلىق تۇيۇلغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايقىۋالالايدۇ. ئويناش ئارقىلىق بالىلارنىڭ ھەربىر بەدەن ئەزالىرىنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرگىلى، ھەرقايسى سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

ئوغلۇم ئۆسۈپ چوڭ بولغۇچە، مەن ئۇنىڭ ھەربىر سۆز-

ھەرىكىتىگە دىققەت قىلاتتىم. ئۇنىڭغا نىسبەتەن يەپ ـ ئىچىش، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىش، يېتىش، مىدىرلاش، ھەتتا ئۇخلاشنىڭمۇ بىر خىل ئويۇن ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. ئوغلۇمنىڭ ئوينىغۇسى كەلگەندە ، مەن دائىم ئۇنى قانغۇچە، كۆڭلى ئېچىلغۇچە ئويناتاتتىم.

ئويناش — بالىلارنىڭ تەبىئىتى، بۇ نۇقتىنى نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار بىلىدۇ. بىراق، نېمىنى ئويناش، قانداق ئويناشنى نۇرغۇن كىشىلەر يەنىلا ئېنىق بىلمەيدۇ. نۇرغۇن بالىلار ناھايىتى قارىغۇلارچە ئوينايدۇ، ئويناش ئۈچۈن ئوينايدۇ. مۇشۇ خىل ھادىسە تۈپەيلى بالىلارنىڭ ئويۇن ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرغىلى ۋە يېتىلدۈرگىلى بولىدىغان ئەقىل ـ پاراستى بىلەن ئىقتىدارى ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، بالىلار ئويناش ئۈچۈنلا ئوينىماسلىقى، ئويۇندىن نەتىجە يارىتىشى كېرەك.

بالىلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى چەكسىز بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئاتا ـ ئانىلار قېزىشى لازىم. بالىلار ئويۇن ئوينىغاندا، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى قوزغىلىدۇ، چوڭ مېڭىسى تېز ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ، پىكىر يوللىرى ئېچىلىدۇ. بۇ، بالىلارنىڭ ھەر خىل ئىقتىدارىنى، بولۇپمۇ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە باشقا ھەرقانداق ۋاستە بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدىغان ياخشى پۇرسەت. ئويۇن تۇرمۇشنىڭ كۆلەڭگىسى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم. بىراق ئۇ، تۇرمۇشنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس. بالىلار ئۆزىنىڭ بىلىشى ھەم چۈشەنچىسى ئاساسىدا تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار تۈرلۈك چەكلىمىلەر بىلەن بالىلارنى چەكلەپ قويماسلىقى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، بالىلارنىڭ ئىجادىيەت

ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

ئويۇننىڭ ئۆزى بىر خىل تەنھەرىكەت، ئويۇن ئارقىلىق بالىلارنىڭ تەن ساپاسىنى ئۆستۈرگىلى، ھەرىكىتىنى تەڭشىگىلى، روھىنى ئۇرغۇتقىلى، كەيپىياتىنى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. بىراق، ئويۇن داۋامىدا ئاتا - ئانىلار بالىلارغا ياخشى يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. بولمىسا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تۇرلۇك مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلار بىلەن ئوينىغاندا، ئۇلارنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى مۇمكىنقەدەر چۈشىنىشكە تىرىشىشى، بالىلار ناھايىتى كىچىك چاغلاردىمۇ شۇنداق قىلىشى لازىم.

كىشىلەر بىرقانچە ئايلىق بولغان بالىنى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ دەپ قارايدۇ، بۇ خىل قاراش ئىنتايىن خاتا. ئوغلۇم 5 — 6 ئايلىق بولغاندا، مەن ئۇنىڭدىمۇ كەيپىياتنىڭ بولىدىغانلىقىنى بايقىغان ئىدىم. كەيپىياتى ياخشى چاغلاردا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى كۇچكە تولاتتى، يۇمىلىنىپ ئوينىغاندا پۇخادىن چىققۇدەك ئوينايتتى. شۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچىنى ھېس قىلىپ، ئۆز كۈچىنى كونترول قىلىشنى ئاستا - ئاستا ئۆگىنىۋالدى. كەيپىياتى ياخشى بولمىغان چاغلاردا، ئۇ ناھايىتى سولغۇن، كۈچسىز بولۇپ قالاتتى. شۇنداق چاغدا ھېلىقىدەك ئويناتسام، ئۇ بىئارام بولۇپ ئۆزىنى ئاجىز ھېس قىلاتتى.

بالىلارنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارى، ئىنكاس سۈرئىتى ئاتا- ئانىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن كۆپ ئاستا بولىدۇ، ئويۇن ئوينىغان چاغلاردا تېخىمۇ شۇنداق. ئاتا - ئانىلار بالىلارغا ھەمراھ بولۇپ ئوينىغاندا، ئويۇننى بالىلارنىڭ ئىنكاس سۈرئىتىگە ئاساسەن ئوينىشى كېرەك. بولمىسا، بالىلار يېتىشەلمەي قالىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئىنكاسىغا ماسلىشىپ، سەۋرچان بولۇشى كېرەك. بولمىسا، ئويۇن ئاتا-

ئانىلارنىڭ بولۇپ قالىدۇ. كارل ناھايىتى كىچىك چېغىدىلا مەن بۇ نۇقتىنى بايقىغان ئىدىم. مەسىلەن، ئوغلۇم ئالتە ئايلىق بولغاندا، مەن ئۇنىڭغا توختىماي گەپ قىلىۋەرسەم ياكى بىردەم توختاپ قويۇپ، يەنە ئۆزۈمنىڭ تۈگىمەس نۇتۇقلىرىمنى سۆزلەۋەرسەم، ئۇ پۈتۈنلەي چۈشىنەلمەيتتى. يەنە مىسالغا ئالسام، مەن ئۇنىڭغا بىرەر ياخشى ئويۇنچۇقنى سۇنسام، ئۇ خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئاندىن ئالاتتى. بۇ چاغلاردا مەن سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ، تاكى ئوغلۇم قولىنى ئۇزىتىپ، ئويۇنچۇقنى ئالمىغۇچە، ئۇنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويمايتتىم. ئەگەر ئۇنى سۆيۈپ قويسام، دەرھال يېنىدىن كەتمەيتتىم. بولمىسا، ئۇنىڭغا بۇ قىزىقارلىق تۇيۇلماي، ماڭا كۆلۈمسىرەپ بەرگۈسى بولىسمۇ، مەن ئۇنىڭغا يېتەرلىك ۋاقىت بەرمىگەن بولۇپ قالاتتىم. بالىلار بىلەن ئويناۋاتقاندا، ئۇلارغا يېتەرلىك ۋاقىت بېرىش كېرەك.

مېنىڭچە، بالىلار ناھايىتى كۆپ ۋاقىتنى ئاتا ـ ئانىسىغا يېقىن ئۆتكۈزگىنى ياخشى. بۇنداق بولغاندا، بالىلار ھەر ۋاقىت ئاتا ـ ئانىسىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشەلەيدۇ. ئۇلار بىلەن ئۇزلۇكسىز ھېسسىيات ئالماشتۇرالايدۇ. بولمىسا، بالىلار يالغۇزلۇق، زېرىكىش ھېس قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىنى بىخەتەر ھېس قىلمايدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئامالنىڭ بارىچە ساقلىنىشى لازىم. بۇنداق ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنى ئۆزى ئىشلەيدىغان يەرگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى شۇ يەردە ئوينىتىش كېرەك. ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ھەر دائىم ئوغلىمىزنى بىز قىلغان ئىشنى بىللە قىلىشقا ئىلھاملاندۇراتتۇق. ئوغلىمىزنىڭمۇ مۇشۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بايقىغان ئىدۇق. مەسىلەن، مەن سۇ ئىشلىتىۋاتقاندا، ئوغلۇمنىڭ سۇ ئوينىغۇسى كەلسە، ئۇنى

توسۇپ قويمايتتىم. كارل بەزىدە ئانىسىنىڭ يەر سۈپۈرۈش، قاچا - قۇچا يۇيۇش ئىشلىرىغىمۇ ياردەملىشەتتى. بۇ ئاددىي ئىشلارنى كارل ئۆيۈنگە ئايلاندۇرۇۋالغان ئىدى.

ھەربىر بالا بىر مۇستەقىل گەۋدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارى ئوخشاش بولمايدۇ. بالىلارنىڭ ماسلىشىش دەرىجىسى ئۇلارنى جەلپ قىلىدىغان ھەم ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدىغان بولۇشى، ھەرگىزمۇ ئۇلار قورقۇدەك دەرىجىدە بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئىلمەكچۈچ ئوينىغاندا، بەزى بالىلار يايراپ كېتىدۇ، بەزىلىرى قورقۇپ ۋارقىراپ كېتىدۇ. ئوخلىتىشقا نىسبەتەن بەزى بالىلارنىڭ ئىنكاسى سەزگۈر بولسا، بەزىلىرىنىڭ قىلچە ئىنكاسى بولمايدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار ئۆز بالىسىنى چۈشىنىشكە ماھىر بولۇشى، ئىنكاسى قايسى ئويۇنغا ماسلىشالايدىغانلىقىغا دىققەت قىلىشى لازىم. بالىلارنىڭ خاسلىقىنى بايقاش ئاتا - ئانىلارنىڭ ساپاسىغا باغلىق. كارلنى تەربىيىلەش جەريانىدا، مەن ھەرقانداق ئىشنى ئۇنىڭغا خۇشال - خۇرام قىلدۇرۇشقا تىرىشتىم. چۈنكى، مەن ئوغلۇمنىڭ كەيپىياتىنى چۈشىنەتتىم. ئۇنىڭ بىلەن ئوينىسام، ئىككىمىز بۇ ئويۇندىن چەكسىز خۇشاللىققا ئېرىشەتتۇق. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، گەرچە كارلنىڭ بالىلىق مەزگىلى مەندەك بىر چوڭ ئادەم بىلەن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئىزچىل ھالدا سەبىيلەرچە قىزىقىشىنى يوقىتىپ قويمىغان ئىدى.

## يامان بالىلار بىلەن ئويناشنىڭ زىيىنى

چوڭلارنىڭ ھەممىمىز دوست تۇتۇشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىمىز. باشقىلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىپلا قالماستىن،

باشقىلارنىڭمۇ ئوخشاشلا بىزگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىشىنى ئارزۇ قىلىمىز. ھېچقايسىمىز «ئالۋاستى»لار بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى خالىمايمىز.

پىشقان چوڭ ئادەملەرمۇ بەزى ناچار تەسىر تۈپەيلى تۈيۈق يولغا كىرىپ قالىدۇ، كىچىك بالا تېخىمۇ شۇنداق. شۇڭا، مەن ئىنچىكە ھالدا بالىلارنىڭ قىلىقى ناچار ئادەملەر بىلەن ئۇچراشماسلىقىنى تەشەببۇس قىلىمەن. بەزىلەر «بۇنداق قىلسىڭىز بەك شەخسىيەتچىلىك بولمامدۇ، قىلىقى ناچار كىشىلەرگە ياردەم قىلىشىڭىز كېرەككقۇ؟» دېيىشى مۇمكىن. مەنمۇ شۇنداق قىلىشنى ئويلايمەن، ئەمما ئۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنىمۇ بىلىمەن. ئەمەلىيەتتە ھەممە ئادەم ئۆزىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلسىلا، ناچار ئادەتلەر تەبىئىي ھالدا يوقىلىدۇ.

مېنىڭ ياخشى دوستۇم ھەم كەسىپدىشىم باستېر ۋۇلف مەن بىلەن ئوخشاشمىغان قاراشتا ئىدى. ئۇ، ياخشى بالىلار ئۆزىنىڭ ياخشى ئادەتلىرىنى ئەسكى بالىلارغا ئۆگىتىشى زۆرۈر، دەپ قارايتتى. مەن بۇنىڭ بىر خىل گۈزەل ئارزۇ ئىكەنلىكىگە قايىل، ئەمما ئىشقا ئاشۇرۇش ئاسان مۇمكىن ئەمەس. مەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم مۇزاكىرىلەشكەن. بىراق، ئۇ باشتىن - ئاخىر ئۆز قارىشىدا چىڭ تۇرغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى نەزەرىيە ئارقىلىق قايىل قىلغىلى بولمىغاندىكىن، ئەمەلىيەت ئارقىلىق قايىل قىلىشنى ئويلاپ قالدىم.

ۋىلىيام بولسا، باستېر ۋۇلفنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ مېنىڭ ئوغلۇمغا ئوخشاش دېگۈدەك تەربىيىلەنگەن ئىدى. مەنمۇ ۋۇلفنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ياخشى پېداگوگ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئۇنىڭ ئوغلىمۇ نۇرغۇن جەھەتلەردە كارلىدىن

قىلىشمايتتى. مەيلى بىلىم دائىرىسى، تىل ياكى ئەخلاق-پەزىلەت جەھەتلەردە بولسۇن، ۋىلىيامنىڭ ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئىدى. باستىر ۋولفنىڭ ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ئوغلىنى ئەسكى باللار بىلەن ئالاقىلىشىشكە رىغبەتلەندۈرەتتى، باللارنىڭ ناچار ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشىگە ياردەم بېرىشكە دەۋەت قىلاتتى. باشقىلارغا ياردەم بېرىش بىر خىل گۈزەل ئەخلاق. ئەمما مېنىڭچە، باستىر ۋولفنىڭ بۇ ئىشى بەك مۇتەئەسسىپلىك بولۇپ، ئۇ ئوغلىغا ئىنتايىن مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان ئىدى. بىللە ئوينايدىغانلارنى ياخشى تاللىمىغاچقا، باستىر ۋولفنىڭ ئوغلى ۋىليام ئاستا-ئاستا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. مەن بۇ ئىشنى باستىر ۋولفقا كۆپ قېتىم ئەسكەرتكەن بولساممۇ، لېكىن ئۇ گېپىمگە پەرۋا قىلماي، ئۆز قارىشىدا چىڭ تۇردى. ئوغلىنىڭ ئاشۇ ئەسكى باللارنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. ئۇ جاھىللىق قىلىۋاتسا، مەندە نېمە ئامال؟ يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى.

باستىر ۋولف ئوغلى ۋىلىيامنىڭ ئۆيگە ناھايىتى كەچ قايتىۋاتقانلىقىنى، بەلگىلەنگەن ئويۇن ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىنى بىرقانچە قېتىم بايقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغلىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغان ئىكەن. ئوغلى ئۆزىنىڭ بىرقانچە دوستى ئارازلىشىپ قالغاچقا، ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن نەسىھەت قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. باستىر ۋولف «ئەسلى مۇنداق ئىكەندە» دەپ ئويلاپ، ئوغلىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپتۇ ھەمدە ئوغلىنىڭ بۇ ئىشىدىن ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. چۈنكى بۇ، ئۇنىڭ ئارزۇسى بولغاچقا، ئوغلى باشقىلارغا ياردەم بېرەلىسە، ئەلۋەتتە خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك-تە! ئەمما، ئوغلىنىڭ يالغان سۆزلەپ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىنى

بىلمەپتۇ. ۋىلىيام ئەزەلدىن يالغان ئېيتىپ باقمىغان بولغاچقا، بۇ ئىشتا باستېر ۋولفنى ئەيىبلىگىلى بولمايتتى. ئاق كۆڭۈل باستېر ۋولف ئوغلىنىڭ ھېلىقى ئەسكى باللاردىن يامان ئادەت يۇقتۇرۇۋالغانلىقىنى چۈشىدىمۇ ئويلاپ باقمىغان ئىكەن.

كېيىنچە باستېر ۋولف ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ. ۋىلىيام باشقىلارغا ياردەم بەردىم دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىلەن كەنت سىرتىدىكى ئورمانلىقتا قىمار ئوينايدىكەن، ياكى پەسكەش ھېكايىلارنى دېيىشىدىكەن. باستېر ۋولف دېھقانلار ئارىسىدا قىمار ئويناش ئەۋج ئالغانلىقىنى، بۇ ئىش تەربىيە كۆرمىگەن كىشىلەرنىڭ بىردىنبىر خۇشاللىقى ئىكەنلىكىنى، ھېلىقىدەك پەسكەش ھېكايىلار ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك ئىدى. بىراق ئۇ، بۇلارغا پەقەت دىققەت قىلمىغان ئىكەن. ۋىلىيامنىڭ ھېلىقى ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇنداق ئائىلىلەرنىڭ باللىرى ئىكەن. ئۇلار كىچىكىدىن باشلاپ ياخشى باشقۇرۇلمىغان ھەم ياخشى تەربىيىلەنمىگەچكە، خەقتىن دوراپ، يامان ئادەت، پەسكەش سۆزلەرنى ئۆگىنىش ئۇلارنىڭ دائىملىق تامىقىغا ئوخشاش بولۇپ قالغان. ۋىلىيام ئۇلار بىلەن ھەر كۈنى بىللە بولغاندىن كېيىن، تەسىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ئېنىقلا ئىش ئىدى.

بىر كۈنى ۋىلىيام ھاسىراپ - ھۆمىدىگىنىچە سىرتتىن ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، گەپ قىلماستىنلا ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. باستېر ۋولف ئۇنىڭ ئىنتايىن ئەنسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. شۇنچە كوچىلاپ سورىسىمۇ، ۋىلىيام بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماپتۇ. باستېر ۋولف ھەيرانلىق ھېس قىلىپتۇ ھەم باشقىلار ئوغلۇمنى بوزەك قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. شۇ چاغدا

سىرتتىن بىرەيلەن: «باستېر ۋولف. . . ، باستېر ۋولف. . . » دەپ توۋلاپتۇ. ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىقسا، ئىنتايىن غەزەپلەنگەن بىر دېھقان ئايال تۇرغۇدەك. ئۇ:

— نېمىدېگەن بىغەرەزلىك بۇ، باستېر ۋولف، سىز ئوغلىڭىزنى ياخشىراق باشقۇرۇپ قويۇڭ، — دەپتۇ. باستېر ۋولف ئىزچىل ھالدا ئوغلىنى ياخشى بالا دەپ ئويلىغاچقا، «بۇ ئايالنى غەزەپلەندۈرگۈدەك نېمە ئىش بولغاندۇ؟» دەپ ھەيران قاپتۇ - دە، چۈشىنەلمەي:

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى ئايال:

— ئوغلىڭىز باشقا بالىلار بىلەن بىرلىشىپ، بىزنىڭ توخۇلارنى ئوغرىلىدى. بۇ بىرىنچى قېتىملىق ئەمەس. توخۇلىرىمىز ئىلگىرى ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتسە، مەن تېخى جىن ئېلىپ قاچقان چېغى دەپتىمەن. بىراق، بۈگۈن ئۇلارنى ئوغلىڭىز ۋىليامىنىڭ ئوغرىلىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. سىز باستېر تۇرۇپ ئوغلىڭىزغا مۇشۇنداق يامان ئىشلارنى ئۆگەتسىڭىز بولامدۇ؟ — دەپتۇ. ئەسلىدە، ھېلىقى بالىلار ۋىليامىنى كۆپ قېتىم دېھقانلارنىڭ توخۇلىرىنى ئوغرىلىغىلى سېلىپ، دالىدا كاۋاپ قىلىپ بىرلىكتە يېيىشكەن ئىكەن. باستېر ۋولف بۇ ئىشلارنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، قانداق ئويلىغانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن ئۇ، چوقۇم ئىنتايىن ئازابلاندى. كېيىن باستېر ۋولف مېنىڭ قارىشىمغا ئاخىر قايىل بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئوغلىنى ھېلىقى ئەسكى بالىلار بىلەن ئوينىغىلى قويمىدى.

نۇرغۇن ئادەملەر بالىنىڭ بىللە ئوينايدىغان دوستلىرى بولمىسا، بالا مەنمەنچى ياكى بەڭۋاش بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ، ئىنتايىن خاتا قاراش. مېنىڭچە، ئەمەلىي ئەھۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بالىلار بىللە ئوينايدىغانلارنى

تاللىمىسا، ئۇلار ئۆزئارا مەنمەنلىك قىلىشىپ، شەخسىيەتچى بولۇپ قېلىشى، نەتىجىدە ھىيلىگەرلىك، ساختىپەزلىك، بەڭۋاشلىق، ھەسەتخورلۇق، ھاكاۋۇرلۇق، ئاغزى يامان، سوقۇشقاق، باشقىلارغا تۆھمەت قىلىدىغان، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىشى مۇمكىن.

## ئوغلۇمنى باشقا بالىلار بىلەن چەكلىك ھالدا ئۇچراشتۇردۇم

ئوغلۇمنى باشقا بالىلار بىلەن ئاز ئۇچراشتۇرۇشتەك ئۇسۇلۇمنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى شۇكى، ئوغلۇم بەزى ئىشلارنى خاتىرجەم قىلالايتتى. ئائىلىدە ئوغلۇمغا ئۇرۇشۇپ، تىللىشىدىغان پۇرسەت بولمىغاچقا، ئۇ باشقا بالىلارغا ئوخشاش ئۇنداق ئاسان ھاياجانلانمايتتى. مەيلى قانچىلىك دەرىجىدىكى ئەسكى بالا بولسۇن، ئوغلۇمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرەلمەيتتى. كۆپلىگەن بالىلار ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى، ئەزەلدىن ئۇنىڭ بىلەن جېدەللەشمەيتتى. ئوغلۇم ھازىر 14 ياشقا كىردى. مۇشۇ يېشىغىچە ئۇ بىرەر ئادەم بىلەن جېدەللىشىپ باقمىدى.

ئوغلۇم ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇش جەريانىدا دائىم دېگۈدەك، ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىلمىي مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇراتتى. ئەمما، ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆڭلىگە ھەرگىز تەگمەيتتى. ئوغلۇم ساۋاقداشلىرىغا قارىغاندا، ياش جەھەتتە كۆپ كىچىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىپادىسى ئاسانلا باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەسىتىنى قوزغاپ قوياتتى. بىراق، ئۇ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، باشقىلارنى قائىدە ئارقىلىق قايىل قىلىدىغان بولغاچقا، تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ دوستلىرى كۆپ

ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلىرى ئوغلۇم بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئۆتەتتى. مەن بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، خۇشلۇقۇمدىن يىغلاپ كېتىپ، ئاشۇ سۆيۈملۈك ياشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن تەشەككۈر ئېيتاتتىم.

كارل ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا، ئۇنىڭ باللار بىلەن بىرگە ئوينىشىنى قەتئىي چەكلىمىدىم، بەلكى مەن ۋە ئايالىمنىڭ نازارەتچىلىكىدە، باللار بىلەن چەكلىك ھالدا ئۇچرىشىشنى تەشەببۇس قىلدىم. چەكلىك ئۇچرىشىپ تۇرغاچقا، ئۇلار ئۆزئارا تەكەللۇپ قىلىشىپ، ئۇنداق يامان ئىشلارنى قىلىشقا پۇرسەت بولمايتتى. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان زىيانلىق ئىشلاردىنمۇ ساقلانغىلى بولاتتى. ئەلۋەتتە، ئوغلۇمغا بۇنداق چەكلىمە قويۇش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ئۇنۇمى ئىنتايىن ياخشى بولغانلىقى ئىسپاتلاندى. ئوغلۇم يۇقىرىدا دېيىلگەن تۈرلۈك يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالمىغاچقا، باشقا باللار بىلەن تىللىشىپ - جېدەللەشمەيتتى. يەنە باشقا باللار يامان نىيەتتە ئۇششۇقلۇق قىلسىمۇ، ئەپچىللىك بىلەن ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئالالايتتى. شۇڭا، ئوغلۇم بىلەن ئۇچراشقانلىكى بالا ئوغلۇمنى. ناھايىتى تېزلا ياقتۇرۇپ قالاتتى. مەن ئىلگىرى ئوغلۇمنى نۇرغۇن جايلارغا ئېلىپ بارغان ئىدىم. قايتىدىغان چاغدا، ئۇ يەردىكى باللار دائىم ئوغلۇمدىن ئايرىلىشقا قىيماي، كۆز يېشى قىلىشاتتى.

مەن ئۆز تەجرىبەمگە ئاساسەن، شۇنداق ھۆكۈم قىلالايمەنكى، باللارنىڭ بىرگە ئوينايدىغان دوستلىرى بولمىسا، ئۇلار خۇشال بولمايدۇ ھەم روھىي جەھەتتىن زەئىپلىشىپ، يېتىمسىرايدىغان بولۇپ قالىدۇ، دېگەندەك قاراشلار خاتا. باللار باشقا باللار بىلەن بىرگە ئويناشقا ئامراق كېلىدۇ، شۇڭا مۇشۇنداق قىلماي بولمايدۇ، دېگەن گەپلەرگىمۇ

قوشۇلمايمەن.

## مەن ئوغلۇمنى ئويۇنچۇقلاردىن بىر نەرسە ئۆگىنەلمەيدۇ، دەپ قارايتتىم

كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلارنىڭ باللارغا ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىشتىكى سەۋەبلىرىنى بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، باللارنى ئويۇنچۇق ئۆزىگە بەك جەلپ قىلىدۇ. ئويۇنچۇق سېتىلىدىغان سورۇنلاردا باللىرى ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ئاتا - ئانىلار ئۆز يۈزىنى دەپ، ياكى باللىرىنىڭ غۇرۇرىنى ئاياپ، ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاتا - ئانىلار ئۆز باللىرىنى ئويۇنچۇق بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزسۇن دەپ، ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىدۇ. مېنىڭچە، ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇنداق ھەرىكىتى ئىنتايىن خاتا بولۇپ، ئۇنى ئەيىبلەش ۋە تەنقىدلەش كېرەك. بەزى ئاتا - ئانىلار باللىرىغا ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىپلا ئۇلار بىلەن كارى بولمايدۇ. بۇ، خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىك بولۇپ، باللارغا قىلىنغان مەسئۇلىيەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

مەن كارلغا ھېچقانداق ئويۇنچۇق ئېلىپ بەرمىگەن، چۈنكى ئۇنى ئويۇنچۇقتىن بىر نەرسە ئۆگىنەلمەيدۇ، دەپ قارايتتىم. مەن باشقا باللارنىڭ ئويۇن ئويناشقا سەرپ قىلغان ۋاقتىنى كارلغا كىتاب ئوقۇش ھەم شەيئىلەرنى كۆزىتىشنى ئۆگىتىشكە سەرپ قىلاتتىم، كارلمۇ شۇنىڭغا خۇشتار ئىدى. كارل ناھايىتى كىچىك چېغىدىلا، كىتاب ئوقۇشتىن ۋە تەبىئەتتىن خۇشاللىق ئىزدەشنى بىلىۋالغان. شۇڭا، ئۇنىڭ ئويۇنچۇق بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ھەرگىزمۇ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. باللارنىڭ

قىلغىلى ئىشى بولمىغاندا، زېرىكىپ قالىدۇ. ئەگەر ئاتا - ئانىلار بالىلارغا ئويۇنچۇق تاشلاپ بېرىپلا كارى بولمىسا، ئۇلار دائىم روھسىزلىقتىن زېرىكىش ھېس قىلىدۇ، ھەتتا ئويۇنچۇقلارنى بۇزۇۋېتىدۇ ۋە يىغلايدۇ. بۇنداق چاغلاردا، كەيپىياتى ياخشى ئەمەس بالىلار ئادەتتە ئويۇنچۇق ياكى ئەتراپىدىكى نەرسىلەردىن ئاچچىقىنى چىقىرىدۇ. بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەت ئەپسۇسلىنارلىق بولۇپ، دېمىسەمۇ ھەممەيلەنگە ئايدىڭ.

بالىلارنىڭ بالىلىق مەزگىلىنى ئويۇنچۇق بىلەن ئۆتكۈزۈشى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. نۇرغۇن كىشىلەر بالىلىرىنىڭ بالىلىق مەزگىلىدىكى قىسقىغىنا قىممەتلىك ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىلمەيدۇ. بالىلىرىنى ئىزچىل يوسۇندا بىكار قويۇپ، ئۇلارنىڭ گۈزەل چاغلىرىنى ئويۇنچۇق ئارقىلىق ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. بۇ، بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شەكىلسىز يوقىتىش بولىدۇ. بۇ، ئاتا - ئانىلار ئۆتكۈزگەن جىنايەتتۇر. بالىلار بالىلىق مەزگىلىنى ئويۇنچۇق بىلەن ئۆتكۈزگەندە، ۋاقتى ئىسراپ بولۇپلا قالماستىن، يەنە چوڭ بولغاندا ئۆزگەرتمەك تەسكە چۈشىدىغان يامان ئادەتلەرنى كىچىكىدىنلا يېتىلدۈرۈۋالىدۇ. ئويۇنچۇقلارنى بۇزۇۋېتەلىگەن بالا باشقا نەرسىلەرنىمۇ بۇزۇۋېتەلەيدۇ. كىچىكىدىن باشلاپ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن، يامان ئادەملەردىن بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن. بالىلار ئويۇنچۇقتىن ئاچچىقىنى چىقىرالىغان ئىكەن، ئۇنداقتا، ئەتراپىدىكىلەرگىمۇ ئاچچىقلىيالايدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتى بالىلاردا ھاكاۋۇرلۇقتىن ئىبارەت يامان مىجەزنى بىۋاستە پەيدا قىلىدۇ. چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ باشقىلار بىلەن ئوبدان چىقىشىش

ئىقتىدارىغا ئىگە بولالمايدۇ ـ دە، ھەممە ئىشتا ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغان، ئۆكتەم، ھەتتا قىلچىمۇ ئەقلىيلىكى يوق ئادەم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئىنتايىن باي ئائىلىدە تۇغۇلغان چىرايلىق ھەم زېرەك بىر قىزچاق بولۇپ، ئۇنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا نامى بار ئىدى. ئۇ، ئەسلىدىن سۆيۈملۈك ھەم پۇلدار ئائىلىنىڭ قىزى بولغاچقا، نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئامراق ئىدى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئىنتايىن ئەتىۋارلايتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارغان ئادەملەر ھەمىشە قىزچاققا ئاتاپ ئەڭ ياخشى ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ باراتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ چىرايلىق ھەم قىممەت باھالىق قونچاقلىرىدىن بىرەر يۈزچىسى بار ئىكەن. شۇڭا، بۇ قىزچاقنى ئويۇنچۇق دۇنياسىدا ياشايدۇ، دېيىشكە بولاتتى. مەن ئىلگىرى ئۇنىڭ دادىسىغا قىزىنىڭ كۆپ ۋاقتىنى ئويۇنچۇققا سەرپ قىلىۋەتمەسلىكىنى ، ئۇنىڭغا بالدۇرراق تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى ئېيتقان ئىدىم. بىراق، دادا بولغۇچى: «ھازىر ئۆگىنىشكە سېلىش بەك بالدۇرلۇق قىلارمىكى، بىر ئاز چوڭ بولغاندا بىر گەپ بولار» دەپ، مېنىڭ گېپىمگە پەرۋا قىلمىدى. تېخى مېنى مەسخىرە قىلىپ: «باستېر ۋىتېر، ئاڭلىسام، سىز تالانتلىق ئوغۇل تەربىيىلەۋېتىپسىز، ئۇنى قاچانلاردا ماڭا كۆرسىتىسىز...، لېكىن ئۇ گۆھىرىڭىزنى ھەرگىز كىتاب خالتىسى قىلىپ قويماڭ جۇمۇ» دېگەن ئىدى. بۇنداق ئاتىغا مەن يەنە نېمىمۇ دېيەلەيمەن. كېيىنچە، كىشىلەرنىڭ ھېلىقى قىزچاق ھەققىدە دېگەنلىرىنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ ئويۇنچۇقلىرى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ئويۇنچۇقلىرىنى قىلچىمۇ ئاسرىمايدىكەن. ئۇ، ھەتتا ئۇماق قونچاقلىرىنى بەزىدە يول بويىدىكى ئورەكلەرگە تاشلىۋېتىدىكەن، بەزىدە تېخى پىچاقتەك بىر نەرسىلەر بىلەن

قونچاقلىرىنى قالايمىقان كېسىپ تاشلايدىكەن. ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالسىلا، ئويۇنچۇقلىرىنى يەرگە تاشلاپ، دەسسەپ، مىجىقىنى چىقىرىۋېتىدىكەن. ئائىلىسىدىكىلەر تەنبىھ قىلسا، «مەن سىنى پىچاقلاپ ئۆلتۈرىۋېتىمەن» دەپ ئاتا - ئانىسىغا تەھدىت سالىدىكەن. بىر قېتىم خىزمەتكار ئەتكەن تاماق ئۇنىڭغا تېتىمىغاچقا، كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ، تاماق ۋاقتىدا ھېچنېمە دېمەپتۇ. تاماقتىن كېيىن، پىچاقنى يېنىغا تىقىۋاپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ھېلىقى ئاق كۆڭۈل ئايال خىزمەتكار ئاشخانىدا تاماققا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، قىزچاق ئۇنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، ھېلىقى پىچاقنى ئۇنىڭ كۆكتات يۇيۇۋاتقان قولىغا سانجىۋېتىپتۇ. ئايال خىزمەتكار ۋارقىراپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ قولىدىن قان ئېقىشقا باشلاپتۇ. قىزچاق قىلچىمۇ غەم تارتماستىن يەنە: «ئەتكەن تاماقلىرىڭ بەكلا لاۋزا، بۇ قوللىرىڭنىڭ كالامپايلىقىدىنمۇ - قانداق؟!» دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىنتايىن ئىچىم ئاغرىدى. ئۇ قىزچاق شۇنداق ئوماق تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن شۇنچە يولسىز، شۇنچە رەھىمسىز بولۇپ قالىدۇ؟ بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە پەقەت ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتسىز ئاتا - ئانىسى ئەيىبلىك. ئۇلار قىزىنىڭ بۇ خىل مىجەزى ئۇنىڭ كەلگۈسىگە قانچىلىك يامان تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلمىسە كېرەك. قىزچاقنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ ئىشلار ھەققىدە نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن، مەن ئۇلارنىڭ ئوبدان ئويلىنىپ بېقىشىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن قىزىنى مۇۋاپىق تەربىيىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بالىلار ئويۇنچۇق ئويناش داۋامىدا يېتىلدۈرىۋالغان تۈرلۈك يامان ئادەتلەردىن ئاشۇ قىزچاقنىڭ قىلمىشىدەك ئىشلار بىر خىل ئادەتكە ئايلىنىپ قالسا، بۇنداق ناچار ئادەت بالىلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

مېنىڭ كارلغا ئاساسەن دېگۈدەك ئويۇنچۇق ئېلىپ بەرمەسلىكىم، ئۇنى ئادەتتىكى بالىلارغا ئوخشاش بالىلىق خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن بولۇشتىن مەھرۇم قىلىشۇەتكەنلىكىم ئەمەس. خۇددى يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، مەن نۇرغۇن پايدىلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئوغلۇمنى خۇشال قىلاتتىم ھەم ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇراتتىم، شۇنداقلا بۇ جەرياندا ئۇنى كىتابلاردا يوق نۇرغۇن بىلىملەرگە ئېرىشتۇرەتتىم. ئويۇن ئارقىلىق كارلنىڭ بىلىمىنى ئۆستۈرۈش ئۇچۇن، مەن ئۇنىڭغا ئاتاپ، ھويلىغا ئاتايتەن ئويۇن مەيدانى ياسىغان؛ مەيدانغا 60 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قۇم ياتقۇزۇپ، ئەتراپىغا تۇرلۇك گۈل - گىياھ، كۆچەتلەرنى تىككەن ئىدىم. قۇم قېلىن بولغاچقا، يامغۇر ياغسىمۇ دەرھال قۇرۇپ كېتەتتى. مەيداندا ئولتۇرسىمۇ، كىيىم - كېچەك مەينەت بولۇپ كەتمەيتتى. كارل ھەمىشە ئاشۇ يەردە ئولتۇرۇپ قەلئە ياساپ، ئۆڭكۈر قېزىپ ئوينايتتى. تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇ يەردە گۈللەرنى تاماشا قىلاتتى، ھاشاراتلارنى تۇتۇپ ئوينايتتى، تەبىئەتكە بولغان ھېسسىياتىنى يېتىلدۇرەتتى.

مېنىڭچە، بالىلارغا تەبىئەتنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئەڭ مۇھىم تەلىم - تەربىيە. بالىنىڭ ئۇنىڭدىن ئېرىشىدىغان خۇشاللىقى پۇلغا ئېلىپ بەرگەن ئويۇنچۇقلارغا قارىغاندا كۆپ بولىدۇ.

مەنمۇ ئىلگىرى ئوغلۇمغا بىر يۈرۈش ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ بەرگەن، لېكىن ئۇلار ھېلىقىدەك ئالىيېشىل نەرسىلەر بولماستىن، بەلكى بىر يۈرۈش ئاشخانا سايمانلىرىنىڭ ئويۇنچۇقى ئىدى. كارل ناھايىتى كىچىك تۇرۇپلا چوڭلار قىلغانلىكى ئىشنى قىلغۇسى كېلەتتى، خۇسۇسەن ئاشخانا ئىشلىرىغا ھەمىشە ئارىلىشۋالاتتى. بەزى ئاتا - ئانىلار

بالىلىرىنىڭ بۇ خىل ھەۋىسىنى تولىمۇ ئاۋارىچىلىك دەپ قارىسا، بەزى ئاتا ـ ئانىلار ھەتتا بۇنىڭدىن ئىنتايىن زېرىكىدۇ. بۇ، ئەمەلىيەتتە بالىلارنىڭ تۇغما مىجەز ـ خاراكتېرىنى كۆمۈۋەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. مەن ئوغلۇمنىڭ بۇ خىل ھەۋىسىگە توغرا يېتەكچىلىك قىلالىسام، ئۇنىڭ بىلىمىنى تېخىمۇ كۆپەيتەلەيمەن ھەمدە ئۇنىڭ ئەمگەكنى قىزغىن سۆيۈش ئادىتى بىلەن ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرەلەيمەن، دەپ قارايتتىم.

## ئويۇن جەريانىدا كىشىلىك تۇرمۇشنى ھېس قىلىش

ماڭا نىسبەتەن ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ بەختىم — ياخشى ئائىلىمنىڭ بولغانلىقى بولسا كېرەك. ئۇ، ئاق كۆڭۈل ھەم ئەقىللىق ئايال بولۇپ، كارلنى تەربىيىلەش داۋامىدا، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. مۇشۇنداق ئىنتايىن ئىقتىدارلىق ھەم مەسئۇلىيەتچان ئانىنىڭ بولۇشى كارلنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ بەختى.

مەن ئوغلۇمغا ئاشخانا سايمانلىرىنىڭ ئويۇنچۇقلىرىنى ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئايالىم باشقا ئانىلارغا ئوخشاش ئويۇنچۇقنى ئوغلۇمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپلا ئۆز ئىشىنى قىلماستىن، بەلكى ئوغلۇمنىڭ بۇ جەھەتتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قېزىپ چىققان ئىدى. ئايالىم تاماق ئەتكەچ، كارل سورىغان تۈرلۈك سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، يەنە كارلنىڭ بۇ ئويۇنچۇقلاردىن پايدىلىنىپ ھەر خىل سەي تەييارلاشنى ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلاتتى.

ئايالىم تۈرلۈك تاماق تەييارلاش ئويۇنلىرى ئارقىلىق، ئوغلۇمنى كىشىلىك تۇرمۇشتىمۇ بەھرىمەن قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ بىلىمگە بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇراتتى.

كارل بەزىدە ئايال خوجايىنىنىڭ رولىنى ئېلىپ، ئانىسىنى ئاشپەزلىك قىلغىلى سالاتتى. ئانىسى ئاشپەز ئۇستامىنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭدىن ھەر خىل ئىشلاردا يوليورۇق سورايتتى. ئەگەر كارلنىڭ چۈشۈرگەن بۇيرۇقلىرى جايىدا بولمىسا، ئايال خوجايىنلىق سالاھىيىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئاشپەزلىك قىلاتتى. بۇ چاغدا، ئايال خوجايىنىنىڭ رولىنى ئالغان ئانىسى ئۇنىڭغا مەلۇم سەينى تەييارلاش، كۆكتاتلىقتىن مەلۇم كۆكتاتنى ئەكېلىش دېگەندەك بۇيرۇقلارنى چۈشۈرەتتى. ئەگەر كارل بىرەر ئىشنى خاتا قىلسا، ئۇ ئاشپەزلىكمۇ قىلالمايتتى - دە، «ئىشتىن بوشىتىلاتتى».

ئايالىم بەزىدە كارل بىلەن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن قىزىقارلىق ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. بىر قېتىم ئايالىم ماڭا مۇنداق دېگەن: «بەزىدە كارل ئانا بولسا، مەن بالا بولسام بەك قىزىقارلىق بولىدىكەن. بۇنداق چاغلاردا كارل بۇيرۇغان تۈرلۈك ئىشلارنى مەن قەستەن ياخشى قىلمىسام، ياكى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇندىماي قويسام، ئەگەر كارل بۇلارنى بايقىيالمىسا، ئۇ ئانا بولالمايتتى. بىراق، كارل ئادەتتە بايقىۋالاتتى، بەلكى تەمكىن قىياپەتتە ماڭا تېخى پىكىر بېرەتتى. ئۇنداق چاغلاردا مەن: ‹كەچۈرۈڭ، بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم دىققەت قىلىمەن›، دەيتتىم. بەزىدە قەستەن قايىل بولمىسام، كارل مەن ئۇنى ئەيىبلىگەندە ئىشلەتكەن گەپلەر بىلەن مېنى ئەيىبلەيتتى. يەنە بەزى چاغلاردا كارل مۇئەللىم، مەن ئوقۇغۇچى بولاتتىم. كارل ناھايىتى ياخشى سۆزلىگەن جايلارنى مەن قەستەن ياخشى بولمىدى دېسەم، كارل مېنى تەنقىدلەپ

كېتەتتى» .

مېنىڭچە، بۇ ئويۇنلار ئوغلۇمنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىدا مەغلۇبىيەتنى ئازايتىشتا بەلگىلىك رول ئوينىدى. يۇقىرىقىدەك رول ئېلىپ ئوينايدىغان ئويۇنلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئايالىم ئۇنىڭغا رېژىسسورلۇق قىلاتتى. بەزىدە ھەتتا ئانا ـ بالا ئىككىسى بۇ خىل ئويۇنلارنى چوڭقۇرلاشتۇراتتى. مەسىلەن، ئۇلار دائىم مەلۇم ھېكايە ياكى كىتابتىكى مەلۇم تارىخىي ۋەقەلىكتىكى مەلۇم جەرياننى رولغا ئېلىپ چىقاتتى. يەنە بەزىدە، ئىلگىرى ساياھەت قىلغان جايلار ئۈستىدە سەيلە ـ ساياھەت ئويۇنى قاتارلىقلارنى ئوينايتتى. بۇ ئويۇنلار ئارقىلىق كارلغا تارىخ ھەم جۇغراپىيە ھەققىدە توغرا بىلىملەرنى ئۆگىتەلەيتتۇق. ئايالىملا ئەمەس، بەزىدە مەنمۇ كارل بىلەن ئاشۇنداق ئويۇنلارنى ئوينايتتىم. ئەلۋەتتە، مەن ئايال خوجايىن ياكى ئاشپەزنىڭ رولىنى ئەمەس، بەلكى گېنېرال ياكى ئەسكەرنىڭ رولىنى ئالاتتىم. مەيلى گېنېرال ياكى ئەسكەرنىڭ رولىنى ئالغاندا، ئوغلۇمنىڭمۇ بەلگىلىك ئورنى بولاتتى. ئۇ، بەزىدە بىر ھەيۋەتلىك گېنېرالنىڭ رولىنى ئېلىپ، مەندەك بىر ئەسكەرگە بۇيرۇق بەرسە، بەزىدە ھوجۇمچى ئەسكەرنىڭ ئورنىدا مېنىڭ قوماندانلىقىمغا بويسۇناتتى. كارل ئۆزىنىڭ ھېس قىلغىنى ھەم چۈشەنچىسىگە ئاساسەن، ئۆزى ئالغان رولنى دائىم جانلىق ئوينايتتى. ئۇ رول ئالغاندا، تەشەببۇسكارلىقى ھەم تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئۇرغۇپ كېتەتتى، بەلكى ئۆزىنىڭ ھېس قىلغانلىرىغا ئاساسەن، ئوخشاشمىغان ياش، ئوخشاشمىغان جىنسىتىكى، سالاھىيىتى ۋە كەسپى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭمۇ رولىنى ئالاتتى.

مەن بۇ ئويۇنلارنىڭ بالىلارغا نۇرغۇن پايدىسى بولىدۇ، دەپ قارايتتىم. يەنە بۇ ئويۇنلار بالىلارنىڭ ھەۋىسىنى، بىلىمگە

بولغان ئىنتىلىشىنى قاندۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقى، مۇستەقىل قارىشى ھەم ئىجادچانلىقىنى مەشىق قىلدۇرغىلى بولىدۇ. بالىلارنىڭ كۆزىتىش قابىلىيىتى، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى، ھۆكۈم قىلىش ھەم ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى؛ بالىلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى بېيىتىپ، ئۇلارنىڭ تىل ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، بالىلارنىڭ تەشكىللەش ئىقتىدارىنى مەشىق قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

كىتابتىكى ھېكايە ـ چۆچەكلەرنىڭ بالىلارنى جەلپ قىلىش كۈچى ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ. ئۇنى بالىلار ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ مەنبەسى دېيىشكە بولىدۇ. مەن بەزىدە ئوغلۇمنى ئاشۇ ھېكايىلارنى ئويناپ چىقىشقا يېتەكلەيتتىم. رول ئېلىشقا بەزىدە ئايالىم بىلەن ئىككىمىزمۇ قاتنىشاتتۇق. ئۇ، ئىنتايىن قىزىقارلىق بولۇپ، مەندىن تارتىپ ھەممىمىزنى ناھايىتى خۇشال قىلاتتى.

بۇ خىل ئويۇنلار بالىنىڭ ھېكايىگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. بۇنداق ئويۇنلار داۋامىدا، ئوغلۇم تۈرلۈك ئوخشاشمىغان روللارنى ئالاتتى. ئوخشاش بولمىغان ئاۋاز ھەم ھەرىكەتلەر ئارقىلىق، بەزى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئوينايتتى. بۇ، ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئۇنىڭغا پايدىلىق تەسىرلەرنى كۆرسىتەتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قەلبىدە گۈزەل ھېسلارنى ئويغىتالايتتى.

ئوغلۇم بىلەن بۇنداق ئويۇنلارنى ئوينىغاندا، مەن دائىم ئوغلۇمنىڭ ئوينىشىغا ماس كېلىدىغان بەزى ھېكايىلارنى تاللايتتىم. بۇ ھېكايىلارنىڭ مەزمۇنى ساغلام، ۋەقەلىكى جانلىق، تىلى گۈزەل بولۇپ، ئۇنى ئوينىماقمۇ بىرقەدەر ئاسان

بولاتتى. ئوغلۇمنىڭ چۈشىنىشى ھەم ئەستە ساقلىشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ۋەقەلىكنىڭ ئاساسىي لىنىيىسىنى بىرقەدەر ئاددىيلاشتۇراتتۇق. مەن ئادەتتە دىئالوگ كۆپرەك ھېكايىلارنى تاللايتتىم. بۇ ئارقىلىق ئوغلۇمنىڭ تىل ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرەتتىم. ئويۇن ئويناشتىن ئىلگىرى، مەن ھېكايە ۋەقەلىكىنى ئوغلۇمغا ئېنىق سۆزلەپ چۈشەندۈرەتتىم. ئۇنىڭغا ئۆزى رول ئېلىۋاتقان پېرسوناژنىڭ تىل ھەرىكىتىنى بىلدۈرۈپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭغا پۈتكۈل ھېكايە ھەم باشقا روللارنىمۇ چۈشەندۈرەتتىم. خۇسۇسەن مۇھىم ۋەقەلىكنى ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ھېكايىغا بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇراتتىم. ئوغلۇمنىڭ رول ئېلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، ئوغلۇمنى مۇمكىنقەدەر تەييارلىق خىزمەتلەرگە قاتناشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىر خىل مۇھىت ھەم كەيپىيات يارىتىپ بېرەتتىم. مەن بەزىدە ئوغلۇمغا ھېكايىدىكى ئەسلىي ۋەقەلىككە بەك ئېسىلىۋالماي، دادىل تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئەركىن بىر تەرەپ قىلىشنى ئېيتاتتىم. تاغقا يامىشىش، دەريادىن ئۆتۈش دېگەندەك ئوينىغىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا ئوبرازلىق تىل - ھەرىكەتلەر ئارقىلىق كۆڭۈل قويۇپ ئىپادىلەشنى ئۆگىتەتتىم. ئويۇن ئويناش جەريانىدا، ئادەتتە مەن مۇۋاپىق يېتەكچىلىك قىلىپ، ئوغلۇمغا نېمە قىلىش، قانداق رول ئېلىشنى بىلدۈرەتتىم ھەم ئۇنى ئۆزى ئالغان رولغا قىزىقتۇراتتىم. بەزىدە ئۇنىڭغا ئۆزۈم ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرەتتىم، بىراق مېنى ئەينەن دوراشنى ھەرگىز تەلەپ قىلمايتتىم. چۈنكى، بۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش ھەم ئىجاد قىلىش پۇرسىتى ئازىيىپ كېتەتتى. ئوغلۇم ئويۇننى قىزىقىپ ئوينىسۇن دەپ، مەن يەنە ھەر خىل شەكىلدىكى نۇرغۇن ياغاچ پارچىلىرىنى تەييارلىغان ئىدىم. ئوغلۇم شۇلار

بىلەن گاھىدا ئۆي، مۇنار، كۆۋرۈك دېگەندەك شەكىللەرنى ياساپ ئوينايتتى، گاھىدا قەلئە ياساپ ئوينايتتى. بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئويۇنى ئويۇنچۇقىدىن كاللا ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولغاچقا، بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ناھايىتى پايدىلىق ئىدى. مەن بۇ نۇقتىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇم.

ئۇنىڭدىن باشقا، ياغاچتىن بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنى ياساش ئويۇنى بالىلارنىڭ ئىرادىسىنى يېتىلدۇرۇشكىمۇ پايدىلىق. بىر قېتىم كارل ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ ئۆيلىرى، قوۋۇقى، سېپىلى ۋە ناھايىتى كۆركەم كۆۋرۈكى بولغان قەلئە ياساپ چىقىپتۇ. ئۇ، مېنى كۆرۈپ بېقىشقا چاقىرماقچى بولغاندا، بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، ئېھتىياتسىزلىقتىن كىيىمىنىڭ بۇرجىكى قەلئەدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش بولغان ئېگىز مۇنارغا تېگىپ كېتىپتۇ - دە، مۇنار ئۆرۈلۈپ كېتىپ، باشقا قۇرۇلۇشلارنىمۇ بۇزۇۋېتىپتۇ. يەنە تېخى پۈتۈن زېھنىنى بېرىپ، ئۆزى قانائەتلەنگۈدەك ياسىغان كۆۋرۈكمۇ ۋەيران بولۇپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۇنىڭ نادىر ئەسىرى كېرەكتىن چىقىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا قارىغىنىمدا، ئۇ ئاشۇ يەردە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى. مەن ئەينى چاغدىكى كۆرۈنۈشنى ۋە ياغاچ پارچىلىرىنىڭ قالايمىقان ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى دەرھال بىلدىم.

— دادا، ئۇ چۈۋۈلۈپ كەتتى. مېنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىمدىن ۋەيران بولدى. بەك ئەپسۇس، ئۇ ئەسلىي بەك چىرايلىق. . . ،— دېگىنىچە، كارل يىغلاپ كەتتى. مەن ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا:

— ئوغلۇم، ئۆزۈڭ ئېھتىياتسىزلىق قىلغان ئىكەنسەن،

ئاغرىنىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلانماسلىقىڭ كېرەك. سەن تۇنجى قېتىم ياخشى قىلالىغان ئىكەنسەن، ئىككىنچى قېتىممۇ ياخشى قىلالايسەن. نېمىدەپ ئۇ يەردە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىسەن، نېمىشقا قايتا ياسىمايسەن؟ بەلكى بۇ قېتىم تېخىمۇ ياخشى ياسىۋېتەرسەن، — دېدىم.

كارل دەرھال خۇشال بولۇپ روھى كۆتۈرۈلدى.

ئەمەلىيەتتە، بۇ سۆزنى قىلماق ئاسان بولغىنى بىلەن ئورۇندىماقنىڭ تەسلىكىنى بىلەتتىم. چۈنكى، كارلنىڭ ياساپ چىققىنى ئىنتايىن مۇرەككەپ قۇرۇلۇش ئىدى. ئۇنى ئىككىنچى قېتىم ياساش ئۈچۈن، كۈچلۈك سەۋرچانلىق ھەم ئىرادە بولمىسا بولمايتتى، بىراق مەن ئوغلۇمنىڭ قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. مەن ئويلىغاندەك، كارل ئۇنى ئاخىر قايتا ياساپ چىقتى ۋە مېنى ئۆز ئەسىرىدىن ھۇزۇرلىنىشقا تەكلىپ قىلدى. مەن كۆرۈپ ھەيران قالدىم، ئۇنى شۇ دەرىجىدە نەپىس ھەم چىرايلىق ئىشلىيەلەيدىغانلىقىنى ھەقىقەتەن ئويلىماپتىكەنمەن.

— دادا، بۇ قېتىم ئالدىنقى قېتىمقىدىن ياخشىراق ياسىدىم دەپ ئويلايمەن، چۈنكى ئىككىنچى قېتىم ياسىغاندا، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ئۆزگەرتىش كىرگۈزدۈم ھەم تېز ياساپ بولدۇم، — دېدى كارل پەخىرلەنگەن ھالدا. مۇشۇنداق بولۇشى ئېنىق ئىدى. پەقەت ئوغلۇم قايتا ياساشقا ئىشەنچ قىلالىسا، تېخىمۇ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيتتى. چۈنكى ئۇ، تۇنجى قېتىم مول تەجرىبىگە ئېرىشكەن ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، مەن ئوغلۇمغا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك پائالىيەتلەر تەقلىد قىلىنغان ئويۇنلارنىمۇ ئۆگەتكەن. لېكىن بۇ، ئۇنىڭ ئىنتايىن كىچىك ۋاقتىدىكى ئىشلار ئىدى. مەن ئاشۇ مەزگىللەردە ئويۇن ئارقىلىق ئوغلۇمنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تىرىشقان ئىدىم.

مېنىڭچە، بالىلار بىلەن ئويۇن ئوينىغاندا، كەلسە - كەلمەس ئويناشقا بولمايدۇ. مۇمكىنقەدەر بالىنى كاللا ئىشلىتىشكە رىغبەتلەندۇرۇش كېرەك. شۇنداق بولغاندا، بالا زېرىكىپ قالمايدۇ ياكى شۇ تۇيەيلى يىغلاپ ئىش تېرىمايدۇ. گەرچە كارلىنىڭ ئويۇنچۇقى ناھايىتى ئاز، قىش ۋاقتى ھەرقانچە ئۇزاق بولسىمۇ، ئۇ زېرىكىپ قالمايتتى. ئۇ، مۇشۇ ئىنتايىن ئاز ئويۇنچۇقلىرى بىلەن خۇشال - خۇرام ئوينىيالايتتى.

## ئوغلۇم بىلەن ئىككىمىز ئوينىغان ئويۇنلار

مېنىڭچە، ئويۇندىن پايدىلىنىشقا ئۇستا بولغاندا، ئويۇن بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش بولۇپلا قالماي، يەنە بالىلارغا بىلىم ئىگىلىتىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى بولالايدۇ.

بالا يىغلىغاندا، ئۇنى پەس قىلىش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئاتا- ئانىلار ئۇنىڭغا ئويۇنچۇق ياكى تاتلىق يېمەكلىك قاتارلىقلارنى بېرىدۇ، بۇنداق ئىشلارنى قانچە قېتىم قىلىسىمۇ زېرىكمەيدۇ. مەن ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇ خىل قىلمىشىدىن غەزەپلىنىمەن. ئۇ، ئەمەلىيەتتە بىر خىل خاتا ئۇسۇل. چۈنكى، بالىلارنىڭ خۇشاللىقى ھەرگىزمۇ نۇرغۇن ئادەملەر ئويلىغاندەك يېيىش - ئىچىشتىنلا كەلمەيدۇ. بالىلاردا تەم خۇشاللىقىدىن باشقا، يەنە كۆرۈش، ئاڭلاش سېزىمىنىڭ خۇشاللىقىمۇ بولىدۇ. كارل كىچىك چاغلاردا ئۇنىڭ يىغىسىنى پەسلىتىش ئۈچۈن، ئانىسى ئۇنىڭغا رەڭگى چىرايلىق نەرسىلەرنى كۆرسىتەتتى ياكى قوڭغۇراقنى چېلىپ بېرەتتى. بالا زىيادە يەپ - ئىچىۋەتسە، كاللىسى گال ھەم كېسەلمەن بولۇپ قالىدۇ.

ئوغلۇمنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئىقتىدارىنى تولۇق تەرەققىي

قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەن ئۆزئارا يۇرۇشلەشكەن ئويۇنلارنى پىلانلاپ چىققان، ئۇنىڭغا ئاتاپ كارال تەنتەربىيە مەيدانى ياسىغان ئىدىم. ئۇ يەردىكى سايمانلارنىڭ بەزىلىرىنى تاياقتا چالغىلى بولاتتى. بەزىلىرى ئېغىرلىق كۆتۈرۈش سايمانلىرى بولۇپ، ئۇلار ئارقىلىق ئوغلۇم مۇسكۇللىرىنى چېنىقتۇراتتى. مېنىڭچە، ئويۇن ئويناشنىڭ مەقسىتى ئېنىق بولۇشى، ئويۇن ئارقىلىق بالا روھىي، جىسمانىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتلەردىكى ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى، ئۆز زېھنىنى بىكار سەرپ قىلىۋەتمەسلىكى كېرەك.

بالىنىڭ قىزىقىشىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئويۇنلارنى ئويناشمۇ ئىنتايىن مۇھىم، تەرەققىي قىلدۇرۇشمۇ ئاسان، بالىنىڭ تەبىئىتىگىمۇ ماس كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بالىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇنداق ئويۇنلارنى ئويناشقا ئامراق. ئۇنىڭ كونكرېت ئويناش ئۇسۇلى مۇنداق: بالىنىڭ كۆزىنى تېڭىۋېتىپ، ئۇنىڭ قولىغا ھەر خىل نەرسىلەرنى تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تاپقۇزۇش ياكى بالىنىڭ كۆزىنى تېڭىۋېتىپ، ئۆي ئىچىدە ماڭغۇزۇپ، ئۇنىڭغا ئۇچرىغان نەرسىلەرنىڭ نېمىلىكىنى تاپقۇزۇش بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بالىنىڭ تېگىش سەزگۈسىنى ئۈنۈملۈك تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. كارلنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىز يەنە ساناق ساناش ئويۇنى ئوينايتتۇق. بىرقانچە شاھمات ئۇرۇقى، پۇرچاق قاتارلىق نەرسىلەرنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ، كارلغا ئۇلارنى سانىغىلى سالاتتۇق. مەن ھەر خىل پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئوغلۇم بىلەن دائىم بۇ ئويۇننى ئوينايتتىم. تاماقتىن كېيىن، تەخسىدىكى مېۋىلەرنى ئۇنىڭغا ساناتقۇزاتتىم. يولدا كېتىۋاتقاندا يول بويىدىكى نەرسىلەرنى سانىغىلى سالاتتىم ياكى باشقا ئۆيدىكى شىرەگە ھەر خىل

نەرسىلەرنى قويۇپ، بىر قاراپلا ئۇلارنىڭ نېمىلىكىنى ئېيتىپ بېرىشكە دەۋەت قىلاتتىم. بۇ خىل ئويۇنلار ئارقىلىق بالىنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىنى ئۆتكۈرلەشتۈرگىلى ھەمدە ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

كارل ناھايىتى كىچىك چاغلاردا، مەن دائىم ئۇنى ئېلىپ ئۇ يەر - بۇ يەرلەرنى ئايلىناتتىم. ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى مەشىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بۇرۇن بارغان جايلارغا قايتا بارغاندا، ئۇنى يول باشلىغىلى سالاتتىم. مۇشۇنداق مەشىق قىلىش ئارقىلىق كارل بىر يېرىم ياشقا كىرگەندىن باشلاپ، ئانىسى ۋە ئايال خىزمەتكارنى ئىلگىرى ئۆزى بارغان جايلارغا باشلاپ بارالايدىغان بولغان ئىدى.

بالىنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىنى مەشىق قىلدۇرىدىغان ئويۇنلار ناھايىتى كۆپ. مەن دائىم ئوغلۇمغا ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ رەڭگىنى دەپ بېرىپ، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى تاپقىلى سالاتتىم. ئوغلۇم لۇغەت، گۈل، داستىخان قاتارلىقلارنى ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇچنى ياكى بەشنى تاپقاندا، مەن ئۇنىڭغا بەلگىلەنگەن قېتىم سانى ئىچىدە، توغرا تېپىپ چىقىشنى تەلەپ قىلاتتىم. ئەگەر تاپالمىسا، ئۇ سورايتتى، مەن تاپاتتىم.

بىز يەنە كەررە ئويۇنى ئوينايتتۇق. بەش كەررە يەتتە ياكى سەككىز كەررە توققۇز دېگەندەك سانلارنى كارتىغا يازاتتۇق. بۇ كارتىلارنى ئۈستمۇئۈست تىزىپ چىقىپ، بىر- بىردىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، بىر قاراپلا ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ناھايىتى تېز دەيتتۇق. ئەگەر ئوغلۇم ناھايىتى تېز دېيەلمىسە ياكى دېگىنى توغرا بولمىسا، مەن دەپ بېرەتتىم. ئۇ، توغرا دېگەن كارتىنى قايتۇرۇۋالاتتىم.

ئوغلۇمنىڭ ئۆز بەدىنىنى كونترول قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن «ھەيكەلنى دوراش»

ئويۇننى ئويناپتتىم. ئۇنى مەلۇم قىياپەتتە ئۆرە تۇرغۇزغاندىن كېيىن، مەن ساناق سانايتتىم. بەلگىلەنگەن سان ئىچىدە مىدىرلىسا بولمايتتى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت ئوغلۇمنىڭ مۇسكۇللىرىنى چېنىقتۇرۇش، ئۇنىڭغا ئۆز بەدىنىنى كونترول قىلىشنى ئۆگىتىش ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، گىرېتسىيىلىكلەر بۇ ئويۇنغا ئامراق ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ گۈزەل بولۇشى مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

مەن يەنە ئوغلۇمغا باغۋەنچىلىكنى ئۆگەتكەن. بۇ ئويۇن ئۇنى خۇشال قىلغاندىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە تەن سالامەتلىكىنى ئىلگىرى سۈرەتتى. كارل ئەمدىلا مېڭىشنى ئۆگەنگەندە، مەن ئۇنىڭغا كىچىك ئوتىغۇچ، كىچىك گۈرجەك دېگەندەك سايمانلارنى ئېلىپ بەردىم. ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىگە كىچىك باغ ئېتىپ، ئۇنىڭغا ئۇرۇق تىكىش، گۈل كۆچۈرۈش، ئوت ئوتاش، سۇغىرىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەتكەن ئىدىم. بۇ ئاددىي ئەمگەكلەر ئوغلۇمنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن قىزىقارلىق ئويۇن ھېسابلىناتتى. باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭدا يېڭى قىزىقىش تۇغۇلدى ھەم ئەمگەك قىلىش ئادىتى بىلەن سەۋرچانلىق روھى يېتىلدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئالغان كارتا ئويۇنى قارتا ئويۇنىدىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بۇ ئويۇن ئوغلۇمنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپلا قالماستىن، ھەرىكەت سەزگۈرلۈكىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرەتتى. ئوغلۇمنىڭ دەرس تەييارلىشى ئۈچۈن تارىخ، تىل، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە قاتارلىق دەرسلەرنى كارتىغا خاتىرىلەپ، ئوغلۇم بىلەن ئويۇن شەكلىدە ئويناپتتىم. بۇ ئەپچىل ئويۇنلار ئارقىلىق تۈرلۈك بىلىملەرنى ئوغلۇمغا ئاسان ھەم خۇشال كەيپىيات ئىچىدە ئۆگىتەتتىم.

# توققۇزىنچى باب ئوغلۇمنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ھەر ۋاقىت ماختاپ تۇراتتىم

ئوغلۇم ئاندا - ساندا ماختاشقا كۆنگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ ياخشى ھەرىكىتىنى ئۆزمەي داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى بايقىدىم. ئوغلۇم بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالغاچقا، قانداق قىلسا مېنى خۇش قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن ئۆزىمۇ خۇشال بولىدىكەن، ئۆزىنىڭ ياخشى ئادىتىدىن مەمنۇنلۇق ۋە خۇشاللىق ھېس قىلىدىكەن.

## ئىشەنچنىڭ مەنبەسى

«سەن بەك ئەقىللىق، بەك ئوبدان بالا» دېگەن سۆزنى مەن كارلنى تەربىيىلەش داۋامىدا ئەڭ كۆپ ئىشلەتكەن. ھەر قېتىم ئوغلۇم ئوڭۇشسىزلىق ۋە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، مەن ھەمىشە دۇنيادىكى ئەڭ يېقىملىق ئاشۇ سۆز بىلەن ئۇنىڭ غەم - قايغۇدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرەتتىم.

ھەر قېتىم كارل ئازابلانغان ۋە ئۈمىدسىزلەنگەن چاغدا، ئۇنىڭغا: «سەن چوقۇم قىلالايسەن، مەن ساڭا ئىشىنىمەن» دەيتتىم. بالا دېگەن ھامان بالا، ئۇ تېخى بەك كىچىك، ئۆمرىدە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. مەن قولۇمدىن كېلىشىچە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشىم، ئۇنى قوللىشىم كېرەك. ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۈمىدسىزلىنىدىغان، ئىشەنچىنى يوقىتىپ

قويىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. ئەجەبا، كىچىك بالا ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ بالىدا تولۇق ئىشەنچ تۇرغۇزۇلغاندىلا، ئۇ كەلگۈسى ھاياتىدا ئۇچرايدىغان بارلىق قىيىنچىلىقلارغا يۈزلىنىپ، بەختلىك ھاياتقا ئىگە بولالايدۇ.

ئىشەنچ قەيەردىن كېلىدۇ؟ ئۇنىڭ مەنبەسى ئاتا - ئانىنىڭ ئۇنۇملۇك ماختىشىدىن كېلىدۇ. بالا ماختاشقا، ئىلھاملاندۇرۇشقا موھتاج. ماختاش — ئاتا - ئانىنىڭ بالىغا بولغان ئىشەنچىنىلا بىلدۈرمەستىن، يەنە بالىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىمۇ چىڭىتىدۇ. بالىدا ئۆزىگە نىسبەتەن تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بولغاندىلا، ئاتا - ئانا ئاندىن مۇنەۋۋەر پەرزەنت يېتىشتۈرۈپ چىقالايدۇ. ئەگەر باشتىلا مېنىڭ كارلغا بولغان ئىشەنچىم يېتەرلىك بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ ھازىر قانداق ئادەم بولۇشىنى مەن ھەقىقەتەن تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم.

كارل يېزىقچىلىقنى ئەمدىلا ئۆگىنىشكە باشلىغان چېغىمدا، ئۆز ئىقتىدارىغا ئازراقمۇ ئىشەنچى يوق ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ بىرىنچى پارچە ماقالىسىنى تولىمۇ قورۇنۇپ تۇرۇپ ماڭا سۇنغاندا، ئۇنىڭ كۆزىدىكى ئەنسىزلىككە دىققەت قىلغان ئىدىم، مېنىڭ تەنبىھلىشىمنى كۈتۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇپ، ناھايىتى ناچار يېزىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم. دېمەكچى بولغان گەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، جۈملىلىرى چالا، نۇرغۇن خەتلەر خاتا يېزىلغان ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا قانداق باھا بېرىشىم كېرەك. مەن ئوغلۇمنىڭ يېزىقچىلىققا نىسبەتەن ئىشەنچىنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلغاچقا، ئۇنىڭغا «قامالاشماپتۇ» دېيلا، مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. مەن ئۈنچىقماي تۇرغىنىمدا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئەنسىزلىك ئەكس ئېتىۋاتاتتى، «ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، بۇ تېخى تۇنجى قېتىم يېزىشىڭ، مەن سەندەك ۋاقتىمدا

بۇنچىلىك يازالمايتتىم» دېيىشىمنى ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى. كىشىنى خۇشاللىقتا چۆمدۈرىدىغان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى مەمنۇنلۇقتىن چاقناپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇ ئىككىنچى پارچە ماقالىسىنى ماڭا كۆرسەتكەندە، بۇ ئالدىنقىسىدىن ئاسمان - زېمىن پەرق قىلدى.

ئۆزىگە ئىشىنىش — ئىشەنچنىڭ ئاساسى، ئۆزىگە ئىشىنەلمىسە، ئىشەنچتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۈنۈملۈك ماختاش ئارقىلىق بالىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئوڭاي يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. ئۆزىگە ئىشىنىش ئاددىيلا ئۇقۇم. يەنى ئۆز - ئۆزىگە ئىشەنچ قىلىش دېگەنلىكتۇر. مەيلى چوڭ ئادەم ياكى كىچىك بالا بولسۇن، مەيلى نېمە ئىش قىلسۇن، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى كەمچىل بولسا، مۇقەررەر ھالدا ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە، بىر ئادەم ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچ قىلسىلا، خىزمەتكە بولغان ئىشەنچى ئاشىدۇ. ئۇ ھالدا نېمە ئىش قىلسۇن، ھەرقانچە جاپا - مۇشەققەتكە ئۇچرىسىمۇ، ھەرگىز بەل قويۇۋەتمەيدۇ.

مەن ئوغلۇمنى تەربىيىلەش جەريانىدا شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، ئەڭ ئۈنۈملۈك تەربىيە ئۇسۇلى بالىنى ئۆزىگە ئىشىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش ئىكەن. مەن نۇرغۇن ئاتا - ئانىلارنى تونۇيمەن، ئۇلار ئۆزىنى ناھايىتى چوڭ تۇتۇشىدۇ. ئەمما، بالىلىرىنى ھۆرمەتلىشى يېتەرسىز، بوۋاق بالىلار گەرچە نېمىنىڭ غۇرۇر ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىسىمۇ، ئۇلاردا يەنىلا غۇرۇر بار. ئۇلار ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن ئاڭقىرالايدۇ. ئۇلار كۆيۈنۈش ۋە ماختاشقا قارىتا كۈلۈمسىرەش، ئەركىلەش بىلەن ئىنكاس قايتۇرسا، مەسخىرە قىلىش ۋە كەم سۇندۇرۇشقا قارىتا، خاپا بولۇش ۋە بەڭۋاشلىق بىلەن ئىنكاس قايتۇرىدۇ.

باللار ناھەق مۇئامىلە ياكى تەن جازاسى قاتارلىقلارغا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئۇسۇلى بىلەن ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئۇلار يا ۋارقىراپ يىغلايدۇ ياكى بەئەۋاشلىق قىلىدۇ، ياكى بەزى «يامان» ئىشلارنى قىلىدۇ. مەن كارلنى يېتەرلىك ھۆرمەتلەۋاتامدىمەن - يوق، دەپ پات - پات ئۆزۈمنى ئەسكەرتىپ تۇراتتىم. كارلنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى جەريانىدا شۇنى بايقىدىمكى، بالىغا بولغان پوزىتسىيە ۋە ھەرىكەتلىرىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تۇرغاندا، بالىنىڭ بەئەۋاشلىقى ئوڭايلا ئوڭشىلىنىدىكەن. يۇقىرىقى ئىشنى مىسالغا ئالايلى، ئەگەر مەن كارلنىڭ ماقالىسىنىڭ قاملاشمىغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنى ئىنكار قىلسام، ھەتتا ئۇنى «دۆت»، «قاپاقباش» دەپ تىللىسام، بالىنىڭ غۇرۇرىغا ئازار بەرگەن بولىمەن - دە، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى يوقىلىدۇ، بەلكى ئۇ ئىككىنچىلەپ ماقالە يازماسلىقى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارى بۆشۈكىدىلا تۇنجۇققان بولىدۇ.

ئىشلارنىڭ ئەلا، ياخشى، ئوتتۇرا ھال، ناچار دېگەن باھا ئۆلچەملىرى بولىدۇ. كارل «ئەلا» غا ئېرىشكەندە، مەن تەبىئىي ھالدا ئۇنى ماختاپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇراتتىم. «ياخشى»، «ئوتتۇرا ھال» لارغا ئېرىشكەندە، ماختاش ۋە پەرقىنى تېپىش زۆرۈر. لېكىن، مۇھىمى يەنىلا ماختاش بولۇپ، ھەتتا ناھايىتى ناچار بولۇپ قالغاندىمۇ، ماختاشقا ماھىر بولۇپ، تاپا - تەنە قىلىپ، ئۇنى ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويمايتتىم، سەۋەبىنى تېپىپ چىقىشقا ياردەم قىلاتتىم. ھالقىلىق يېرى شۇكى، چوقۇم بالىنىڭ ياخشى يېرىنى تېپىپ ماختاش كېرەك. بۇنداق چاغدا، ھەرگىزمۇ بالىنىڭ ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

گۈزەل نەرسىلەر ھامان ئادەمنى شېرىن تۇيغۇغا چۈمدۈرىدۇ. كۆرۈمسىز نەرسىلەر ھامان ئادەمنىڭ بەدىنىنى

باللار ناھەق مۇئامىلە ياكى تەن جازاسى قاتارلىقلارغا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئۇسۇلى بىلەن ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئۇلار يا ۋارقىراپ يىغلايدۇ ياكى بەئۋاشلىق قىلىدۇ، ياكى بەزى «يامان» ئىشلارنى قىلىدۇ. مەن كارلنى يېتەرلىك ھۆرمەتلەۋاتامدىمەن - يوق، دەپ پات - پات ئۆزۈمنى ئەسكەرتىپ تۇراتتىم. كارلنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى جەريانىدا شۇنى بايقىدىمكى، بالىغا بولغان پوزىتسىيە ۋە ھەرىكەتلىرىنى ئەستايىدىل تەكشەپ تۇرغاندا، بالىنىڭ بەئۋاشلىقى ئوگايلا ئوڭلىنىدىكەن. يۇقىرىقى ئىشنى مىسالغا ئالايلى، ئەگەر مەن كارلنىڭ ماقالىسىنىڭ قاملاشمىغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنى ئىنكار قىلسام، ھەتتا ئۇنى «دۆت»، «قاپاقباش» دەپ تىللىسام، بالىنىڭ غورۇرىغا ئازار بەرگەن بولىمەن - دە، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى يوقىلىدۇ، بەلكى ئۇ ئىككىنچىلەپ ماقالە يازماسلىقى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارى بۆشۈكىدىلا تۇنجۇققان بولىدۇ.

ئىشلارنىڭ ئەلا، ياخشى، ئوتتۇرا ھال، ناچار دېگەن باھا ئۆلچەملىرى بولىدۇ. كارل «ئەلا» غا ئېرىشكەندە، مەن تەبىئىي ھالدا ئۇنى ماختاپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇراتتىم. «ياخشى»، «ئوتتۇرا ھال» لارغا ئېرىشكەندە، ماختاش ۋە پەرقىنى تېپىش زۆرۈر. لېكىن، مۇھىمى يەنىلا ماختاش بولۇپ، ھەتتا ناھايىتى ناچار بولۇپ قالغاندىمۇ، ماختاشقا ماھىر بولۇپ، تاپا - تەنە قىلماي، ئۇنى ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويمايتتىم، سەۋەبىنى تېپىپ چىقىشقا ياردەم قىلاتتىم. ھالقىلىق يېرى شۇكى، چوقۇم بالىنىڭ ياخشى يېرىنى تېپىپ ماختاش كېرەك. بۇنداق چاغدا، ھەرگىزمۇ بالىنىڭ ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

گۈزەل نەرسىلەر ھامان ئادەمنى شېرىن تۇيغۇغا چۆمدۈرىدۇ. كۆرۈمسىز نەرسىلەر ھامان ئادەمنىڭ بەدىنىنى

تىكەنلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ماختاش — ماختالغۇچىدا شېرىن تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ماختالغۇچىدا گۈزەل ئەسلىمە قالدۇرۇپ، ئۆزىنى توختىماي ئالغا بېسىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. كارل بىرەر ياخشى ئىش قىلسا، مەن ماختىسام، ئۇنىڭ قاش - كۆزلىرى ئويناپ كېتەتتى، ئىشەنچىمۇ ھەسسىلەپ ئاشاتتى. مېنىڭچە، بالىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك ئازراقلا جاي بولىدىكەن، قىلچە بېخىللىق قىلماي ماختاش كېرەك. ئۇ، بەزى ئىشلارنى خاتا قىلغان تەقدىردىمۇ، تاپا - تەنە قىلىپ كۆڭلىگە ئازار بېرىشكە بولمايدۇ. بالا خاتا ئىش قىلىپ، سەممىيلىك بىلەن تۈزەتسىلا، ئاتا - ئانىلار ئۇنى جازالىسا بولمايدۇ.

ھەرقانداق ئادەم غەلىبىمۇ قىلىدۇ، مەغلۇپمۇ بولىدۇ، مەغلۇبىيەت ھامان غەلىبىدىن كۆپرەك بولىدۇ. بالا مەغلۇپ بولسا، ئاتا - ئانىلار ھەرگىز «سېنىڭ قىلالمايدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم» دېگەندەك گەپلەرنى قىلماي، بەلكى بالىلارنىڭ مەغلۇبىيەتتىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغا ياردەم بېرىشى، كۆپرەك ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇشى لازىم.

## بالىنىڭ تۇغما تالانتى ھەر تەرەپلىمە بولىدۇ

بالىنىڭ تۇغما تالانتى ھەر تەرەپلىمە بولىدۇ، ئاتا - ئانىلار ئۇنى بايقاشقا ماھىر بولۇشى ھەم بالىسىغا ياخشى مۇھىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. ئاتا - ئانىلار بۇنى بايقىيالىسا ھەم ۋاقتى - ۋاقتىدا ماختاپ تۇرالىسا، بالىدا ئۈمىد زور بولىدۇ. بالىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ ئەڭ يۇقىرى چەكتە جارى

قىلدۇرۇلغان - قىلدۇرۇلمىغانلىقىنىڭ ئاچقۇچى بالىدا ئەمەس، بەلكى ئاتا - ئانىدا. ئۇنىڭ تالانتىنى ئۆز ۋاقتىدا بايقاپ ۋە ماختاپ تۇرسىلا، بالىنىڭ ئىلگىرىلىشى تېز بولىدۇ. كارلنى تەربىيىلەش جەريانىدا مەن بۇ نۇقتىنى بەك چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنلا ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ. بالىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمچىلىكىنى تۈگىتىشنى تۇتۇش ئالدى بىلەن ھەربىر ئاتا - ئانىنىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى.

باللاردا مۇزىكىغا قارىتا تۇغما قىزىقىش بولىدۇ. يېقىملىق مۇزىكىلارنى ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ چوڭ مېڭىسى ئۇنۇملۇك چېنىقىشقا ئېرىشىدۇ. ئەگەر بالىدا مۇزىكىغا نىسبەتەن ئالاھىدە سەزگۈرلۈك، تولىمۇ بېرىلىش بولسا، ئۇنداقتا بۇ بالىنىڭ مۇزىكا تالانتى بولۇشى مۇمكىن. ئاتا - ئانىلار بالىسىغا تېخىمۇ كۆپ «مۇزىكا مۇكاپات»ى بېرىشى، بالىسىنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىزىقىشى ئايان بولسىلا، ھەر خىل يوللار بىلەن «مۇكاپات»لاپ تۇرۇشى لازىم.

باللارنىڭ رەسىم سىزىش ئىقتىدارى ھەر خىل رەڭلەرنى پەرقلەندۈرۈشتىن باشلىنىدۇ. ئەگەر بالىنىڭ تۈرلۈك رەڭلەرگە ئالاھىدە قىزىقىشى بولسا ھەمدە ھەمىشە يەرگە، تامغا ھەر خىل نەرسىلەرنى سىزىپ يۈرسە، بۇ بالىدا رەسىم سىزىش تالانتى بولۇشى مۇمكىن. ئاتا - ئانىلار ئۇنىڭغا رەسىم قەلىمى، قەغەز ۋە بوياق ئېلىپ بېرىپ، بالىسىنى رەسىم سىزىشقا قىزىقتۇرۇشى، پات - پات تەبىئەت مەنزىرىسىنى كۆزىتىشكە ئاپىرىپ، بالىسىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى ئېچىشى لازىم. مانا بۇلار بالىنى ماختىغانلىق بولۇپ، بالىنىڭ تالانتىنى قېزىشقا تولىمۇ پايدىلىق.

بالىلارنىڭ شېئىر يادلاش، سۆزلەش، ھېكايە ئېيتىشقا ئامراقلىقى ئۇنىڭ تىل قابىلىيىتىگە ئىگە بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بالدۇر تىلى چىققان بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى كېرەك. بالىنىڭ تىل قابىلىيىتىدە، تۇغما ئامىللاردىن باشقا، يەنە كېيىنكى مەشىقمۇ ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمىشە «سۆزلىشىش» كېرەك. گەرچە ئۇ گەپ قىلالمىسىمۇ، لېكىن ھېچبولمىغاندا، ئۇنىڭ تىلغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغىغىلى بولىدۇ. تىل قابىلىيىتى ئادەملەردىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىقتىدارنىڭ بىرى، شۇڭلاشقا ئاتا- ئانىلار بۇنى ماختاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. كىچىك چېغىدا توختىماي چۇڭقۇلداپ تۇرىدىغان بالا چوڭ بولغاندا چوقۇم سۆزمەن بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ تەلەپپۇزى توغرا بولمىسا، سۆزلۈكلەرنى نامۇۋاپىق ئىشلىتىپ قالسا، ئۇنى ھەرگىز زاڭلىق قىلماسلىقى، مۇۋاپىق رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە يېتەكلىشى لازىم. شۇنى بىلىش كېرەككى، بالىنىڭ خاتا سۆزلەپ قويۇشى پۈتۈنلەي نورمال ئىش. خاتا سۆزلىمىسە، ئاندىن ئەجەبلەنسەك بولىدۇ. بالا گەپلا قىلىدىكەن، ئىلھاملاندۇرۇش زۆرۈر. كارلنىڭ توققۇز يېشىدا فرانسۇز، ئىتاليان، لاتىن، ئىنگلىز، گرېك تىللىرىنى پىششىق بىلىشى ۋە تەرجىمە قىلالىشىدا، مېنىڭ شۇ چاغلاردىكى ماختىشىم ناھايىتى زور رول ئوينىغان.

بالىغا بولغان تەربىيەدە، مەن ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى بىلىم ئۆگىتىشتىن مۇھىم دەپ بىلدىم. نۇرغۇن كىشىلەر بالىلار تەربىيىسىدە، ھەر خىل بىلىم ئۆگىتىشكە بەك كۆچەپ، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە سەل قارايدۇ. مەن بالىلارنىڭ بىلىم ئۆگىنىشىنىلا مەقسەت قىلىۋېلىشىنى تەشەببۇس

قىلمايمەن، بەلكى بىلىم ئۆگىنىشنى بىر خىل ۋاستە قىلىشنى، بىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق ھەر خىل ئىقتىدارىنى ئېچىشنى، ھەر خىل ئىقتىدارىنى ۋە ساپاسىنى يېتىلدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىمەن.

تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ بىرەر كونكرېت نىشانى يوق. ئۇنى پەقەت كونكرېت پائالىيەتلەردىلا ئۇنۇملۇك قاناتلاندۇرغىلى بولىدۇ. بالا قانچە كىچىك بولسا، بۇ نۇقتا شۇنچە مۇھىم. ئوغلۇم قەدىمكى رىتسارلارنىڭ رولىنى ئالغاندا، قۇشلارنىڭ ئۇچقىنىنى دورىغاندا، بۇلار ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. بۇ چاغدا، ئۇنى «ناھايىتى ياخشى ئوينىدىڭ» دەپ ماختاپ قوياتتىم. بۇنىڭ ئۇنۇمىگە گەپ كەتمەيدۇ. بۇنداق بولغاندا، بالا چوڭ بولغانسېرى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى تېخىمۇ بېيىيدۇ، تېخىمۇ ئۆزگىچە بولىدۇ.

بالىلار ھېكايە ئاڭلاشقا ئامراق. بۇ، ئۇلارنىڭ تۇغما ئالاھىدىلىكى بولسا كېرەك. ئۇلار ئاتا - ئانىسىنىڭ ياكى باشقا چوڭلارنىڭ ئىلگىرى ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىنى يەنە دەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە زېرىكمەي ئاڭلايدۇ. ئۇلار بۇ ھېكايىنى ئېيتىپ بېرىۋاتقاندا، ئۇيەر - بۇيەردىن لوقما سېلىپ تولۇقلاپ تۇرىدۇ، بەزىدە ھەتتا خاتا لوقما سالىدۇ، لېكىن بۇ ياخشى ئەھۋال. ئاتا - ئانىلار چوقۇم ۋاقتىدا رىغبەتلەندۈرۈپ، بالىنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى ماختىشى، بالىنىڭ خاتا لوقما سالغان، مۇۋاپىق تولۇقلىمىغان يەرلىرىگە توغرا قاراپ، بالىنىڭ ئاكتىپلىقىغا ھەرگىز زەربە بەرمەسلىكى كېرەك.

ئوغلۇم بەزىدە، ئەسلىي مەۋجۇت بولمىغان ئىشلارنى باش-ئايىغى شۇنچە قاملاشمىسىمۇ توقۇپ چىقىراتتى. مەن ئۇنى يالغان سۆزلەۋاتىدۇ، دەپ قارىمايتتىم. ئەكسىچە، قاملاشمىغان جايلىرىنى توغرىلاپ، تۈزىتىپ بېرەتتىم. مېنىڭچە، بالىلارنىڭ

تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى ماختاش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشقا يېتەكلەش — ئاتا - ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى. پات - پات ماختاپ، ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇش ئارقىلىق ئوغلۇمنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بارغانسېرى ئەركىن تەرەققىي قىلىپ ئاتقانلىقىنى بايقىدىم. نۇرغۇن بالىلارنىڭ دادىل تەسەۋۋۇرىنى ئاتا - ئانىلىرى دائىم دېگۈدەك چۈشەنمەيدۇ. چۈنكى، ئاتا - ئانىلارنىڭ كۆڭلىدە نۇرغۇن رامكىلار بار. ئۇلار ھەمىشە مۇشۇ رامكىلار بىلەن بالىنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى بوغۇپ قويىدۇ. مېنىڭچە، بالىلارنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ مۇنچىۋالا دادىل ۋە مول بولۇشى ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ھېچقانداق رامكىنىڭ بولماسلىقىدا. لېكىن، ئۇلار رامكىنىڭ ئىچىگە كىرىشنى ئەسلا خالىمايدۇ.

بىر كۈنى مېنىڭ بىر قەدىناس دوستۇم ئۆيىمىزگە مېھمانلاپ كەلدى. ئۇ، كارلىنىڭ چوڭ ۋە يۇمىلاق بىر نەرسىنى كۆك رەڭدە سىزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئوغلۇم، سىزىۋاتقىنىڭ نېمە؟

— ئالما.

— نېمىشقا ئۇنىڭغا كۆك رەڭ ئىشلىتىسەن؟

— مېنىڭچە، كۆك رەڭ ئىشلىتىش كېرەك.

دوستۇم ماڭا دېدى:

— قەدىناس دوستۇم، ئوغلۇڭغا ئوبدانىراق ئۆگەت، ئۇ ئالمىنى كۆك رەڭدە سىزىۋېتىپتۇ. بۇنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى سەن ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇشۇڭ كېرەك.

مەن ھەيران بولۇپ دېدىم:

— نېمىشقا ئەمدى، مەن نېمىدەپ ئالمىنى چوقۇم قىزىل رەڭدە سىز دەپ قويغۇدەكمەن؟ مېنىڭچە، ئۇ ناھايىتى ياخشى سىزىپتۇ. كېيىنچە ئۇ، راستىنلا كۆك رەڭلىك ئالما

يېتىشتۈرۈپ چىقامدۇ تېخى. ئۇ ئالما يېگەندە، ھازىرقى ئالمىنىڭ قانداق رەڭدە ئىكەنلىكىنى تەبىئىي ھالدا بىلىۋالىدۇ.

بالىنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارى مانا مۇشۇنداق ئۈزلۈكسىز ماختاش جەريانىدا يېتىلىدۇ. ئەگەر چوڭلارغا قويۇلىدىغان ئۆلچەم بىلەن بالىغا تەلەپ قويساق، بالىنىڭ ھەرقانداق ئىشىدا نامۇۋاپىق بولغان نۇرغۇن «قائىدىسىز» ئىشلار بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا تۈزىتىپ تۇرىمەن دېسەك، بالىنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز ھالدا يوقىلىدۇ. كارل كىچىك ۋاقتىدا ھەمىشە ئۇنىڭ يەرگە دۈم يېتىۋېلىپ، چۈمۈلىلەرنىڭ بىر نەرسە توشۇۋاتقان ھەرىكىتىنى ھەيرانلىق بىلەن كۆزىتىۋاتقانلىقىنى بايقايتتىم. بۇنداق چاغدا ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا دەخلى قىلمايتتىم. ئۇ، ئۆزى كۆزەتكەن ئەھۋاللارنى ماڭا بىر - بىرلەپ دەپ بېرەتتى. مەن ئۇنىڭ ئىنچىكە كۆزەتكەنلىكىنى ماختاپ قوياتتىم.

بالىنىڭ قىزىقىشچانلىقىنى ماختاش ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە بەك پايدىلىق. ماختاش ئارقىلىق بالىنىڭ قىزىقىشچانلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتكىلى بولىدۇ. مەن بەزىدە ئوغلۇمنى تەبىئەت قوينىغا باشلاپ چىقاتتىم، ئۇنىڭغا ئۇچار - قۇش، گۈل - گىياھ، قۇرت - قوڭغۇز، ئاسماندىكى سان - ساناقسىز يۇلتۇزلارنى كۆرسىتەتتىم. گۈلدۈرماما، چاقماق ئاۋازى، ھاۋانىڭ ئوچۇق - تۇتۇقلۇقى، قار - يامغۇرنىڭ يېغىشى ئۇنى بەكمۇ قىزىقتۇراتتى. قۇياشنىڭ ئۆرلىشى ۋە ئاينىڭ پېتىشى، كېچە - كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى دېگەندەك نەرسىلەر ھەققىدە مەندىن توختىماي سوئال سورايتتى.

بالىنىڭ قىزىقىشچانلىقىدىن ئاتا - ئانىلار زېرىكمەسلىكى، بەلكى ئۇنى ئاسرىشى ھەمدە توغرا يولغا باشلاشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. بۇ خىل ماختاش ئارقىلىق بالىنى بىلىم دېڭىزىغا

يېتەكلىگىلى بولىدۇ. كىتاب ئوقۇش، بىرەر نەرسە ياساش، تەجرىبە ئىشلەش قاتارلىقلار بالىغا چەكسىز خۇشاللىق بېغىشلايدۇ.

## ئوغلۇمغا مەغلۇبىيەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەتتىم

جەننەتنىڭ يولى ئۇزۇن، تۇنجى قەدەمنى ئەستايىدىل ئويلىشىپ بېسىشقا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە، بەش ياشلىق مەزگىل بۇنىڭ تۇنجى قەدىمىدۇر. ئوغلۇم بەش ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە باشلىغان ئىدىم. مېنىڭچە، تېخىمۇ مۇھىمراقى مۇشۇ چاغدىن باشلاپ بالىنىڭ خۇشال - خۇرام مىجەز - خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

ھاياتلىقتا مەغلۇبىيەت تولا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بالىغا مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىشنى، ئۇنىڭدىن قورقماسلىقنى ئۆگىتىش ناھايىتى مۇھىم ئىش. نۇرغۇن چاغلاردا ئادەم مەغلۇبىيەتتىن قورققانسېرى مەغلۇپ بولىدۇ، نۇرغۇن چاغلاردا مەغلۇبىيەتتىن قورقمىغانسېرى غەلىبە قىلىدۇ. مەغلۇبىيەتتىن قورققاندا، بالىغا بولغان پىسخىك بېسىم ناھايىتى زور بولىدۇ - دە، ئەسلىدە قىلالايدىغان ئوڭاي ئىشلارنىمۇ ئوبدان قىلالمايدۇ، ياخشى قىلغىلى بولمايدۇ. مەغلۇبىيەتتىن قورققاندا، «قىلسام خاتالىشىدىكەنمەن، كۆپ قىلسام كۆپ خاتالىشىدىكەنمەن» دېگەن ئوي بالىنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولۇپ، سىناپ كۆرۈشتىن ئىبارەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ يوقىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزاققىچە ئۆزىنى ئىقتىدارسىز چاغلايدىغان پىسخىك ھالەت

ئىچىدە تۇرىدۇ. بۇ جەھەتتە مەن ئوغلۇمغا تولىمۇ كەڭ قورساق ئىدىم. ئۇ، بىرەر ئىشتا مەغلۇپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ بولۇشىغا يول قوياتتىم. بالىنىڭ ئېمىش، تىلى چىقىش، مېڭىش جەريانىدا نۇرغۇن قېتىم مەغلۇپ بولىدىغانلىقى ھەممەيلەنگە ئايان، ئەمما بالا ئاخىرى غەلىبە قىلىدۇ، نەتىجە قازىنىدۇ. مانا بۇ، ئاتا - ئانىلارغا ئەڭ ياخشى ئىلھام ئەمەسمۇ؟!

مەغلۇبىيەتتىن قورقىدىغان پسىخىكىنى يوقاتمىسىغاندا، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى بالىدا شەيئىلەرگە قىزىقمايدىغان، ياكى ھەرقانداق پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىق ئادىتى شەكىللىنىپ قالىدۇ - دە، ئۇنىڭ ساغلام ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە ئىنتايىن زىيانلىق بولىدۇ. بۇ خىل پسىخىكا بالىدا بۇرۇقتۇرما، جىمغۇر، غەمكىن مىجەز - خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈپ قويىدۇ. بۇنداق ئادەمدە قانداقمۇ ئۇمىدۋار مىجەز - خاراكتېر، گۈزەل كىشىلىك خاراكتېر بولسۇن؟ ئوغلۇم مەيلى نېمە ئىش قىلسۇن، ئۇ مۇقەددەس پرىنسىپلارغا خىلاپلىق قىلمىسىلا، ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زىيانلىق ئىش قىلمىسىلا، مەن ئۇنى دادىللىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇشنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قوللايتتىم، ھەربىر جەھەتتە ئۇنى قايتا سىناپ بېقىشقا ئىلھاملاندۇراتتىم. مېنىڭچە، بالىدا مەغلۇبىيەتتىن قورقمايدىغان جۈرئەت بولسىلا، ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇۋاپىق يېتەكلەنسە، ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولۇپ كېتىدۇ.

مەن ئەسلىدە، بالىلار ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارغا ئاتا - ئانىلارنىڭ چات كىرىۋېلىشىنى تەشەببۇس قىلمايمەن. بۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، بالا مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. مەيلى قانداق ئىش بولسۇن، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى پۈتۈنلەي خاتا.

مەن ئۆزۈم قىلىپ كېتەلەيدىغان ئىشلارنىمۇ كارلىغا قىلدۇراتتىم. ئۇنىڭ «مەن قىلالمايمەن» دېگەن باھانە بىلەن بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشىشكە مۇمكىنقەدەر يول قويمايتتىم. ھەر قېتىم كارىل مەلۇم ئىشنى «قىلالمايدىكەنمەن» دېگەندە، ئۇ ئىشنى ئۆزۈم قىلىپ بەرمەي، بەلكى «مەن ساڭا ئۆگىتىپ قويىمەن» دەيتتىم.

ئوغلۇم ھەرقايسى جەھەتلەردىن ياخشى تەرەققىي قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھەر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، مېنىڭ ۋە ئانىسىنىڭ ياردىمى، ئىلھاملاندۇرۇشىغا ئېرىشىپ، بۇ خىل ئىلھام ۋە ماختاش جەريانىدا ئۆزىگە تەدرىجىي ھالدا ئىشەنچ تىكلىگەن ئىدى. تا ھازىرغىچە، ئۇنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ئىزچىل ھالدا ساغلام ۋە جۇشقۇن بولۇپ كەلدى.

## ماختاشنىڭ سىرى

ئوغلۇمنى تەربىيىلەش جەريانىدا، مەن شۇنى بايقىدىمكى، ياخشى ھەرىكەت ئۈزلۈكسىز ماختاشقا ئېرىشسە، ئۇ ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ ئادەتكە ئايلىنىدۇ. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بۇ نۇقتىنى تېخى تولۇق تونۇپ يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار «بالىنىڭ ياخشى قىلىقى ئەزەلدىن بار، شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك، شۇڭا بۇ ھەقتە بىرنېمە دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ قارىغانلىقتىن، ماختاشقا سەل قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بالىنىڭ ياخشى قىلىقى ئۆز ۋاقتىدا ماختاشقا ئېرىشەلمىسە، ئۇنىڭ قەلبىگە ھېچقانداق تەسىرى يۇقمايدۇ، ياخشى قىلىقلىرىمۇ ئاستا - ئاستا توختاپ قالىدۇ. مەن كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلارنىڭ بىلىپ - بىلمەي، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇپ، بالىلىرىنىڭ ناچار

قىلىقلىرىنى ماختايدىغانلىقىنى، مەسىلەن ئەركە باللارنى بولۇشىغا قويۇۋېتىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ ناچار قىلىقلىرىنى مانا مۇشۇنداق غەرەزسىز ھالدا تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. تۇرمۇشتا مەن بۇنداق ئىشلارنى دائىم بايقاپ قالىمەن. باللار سوقۇشۇپ قالسا، ئىسراپچىلىق ۋە ئوغرىلىق قىلسا ياكى يالغان سۆزلىسە، ئاتا - ئانىسى ئالدىراپ - تېنەپ بالىلىرىنى تىللايدۇ، تەنبىھ بېرىدۇ، ھەتتا ئۇرىدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق قىلغاندا، مەسىلە ھەل بولمايلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ زور، ناچار تەسىرلەر كېلىپ چىقىدۇ. باللارنىڭ ناچار قىلىقلىرى ئاتا - ئانىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئۇلارغا چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ. چۈنكى، باللار دائىم ئاتا - ئانىلىرى پەرۋا قىلمايدىغان ئىشلارنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان قىلىقلارنى تاللايدۇ. بەزى ئاتا - ئانىلار «بالىنىڭ يامان قىلىقلىرىنى كۆرگەندە، ئۇنى جازالىسا، يامان ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇپ قالغىلى بولىدۇ» دەيدىغان خاتا قاراشتا بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يامان قىلىقى ئاتا - ئانىسىنىڭ دىققىتىنى تارتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل جازا مۇكاپاتتەك تۇيۇلىدۇ. نۇرغۇن باللارنىڭ يامان ئادەتكە كۆنۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ يەردە. ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ قايسى قىلىقىغا دىققەت قىلسا، بۇ خىل قىلىق تەدرىجىي ھالدا بالىنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا مېنىڭچە، ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ ياخشى تەرىپىگە كۆپرەك دىققەت قىلىپ، ياخشى قىلىقلىرىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ماختاپ ۋە مۇكاپاتلاپ تۇرۇشى؛ يامان قىلىقلىرىغا پەرۋا قىلماي، لېكىن ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلاپ كېتىشىگە پۇرسەت قالدۇرماسلىقى كېرەك. بالىنىڭ ياخشى قىلىقلىرىنى ماختاش قانچە بالدۇر بولسا، شۇنچە ياخشى.

بالا قانچە كىچىك بولسا، بۇنىڭ ئۇنۇمى شۇنچە كۆرۈنەرلىك، شۇنچە ئوڭاي بولىدۇ. مەن باشقا بالىلار ئۈستىدىمۇ بەزى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردىم. بالىلار ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە قەدەم قويغاندا، بۇ خىل ماختاش بەلگىلىك دەرىجىدە قىيىنلىشىدۇ. چۈنكى، بالىلىق مەزگىلىدىكى ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن قارشىلىشىدىغان باسقۇچى بولىدۇ. بۇ ئۆسۈلنى ئۇنۇملۇك قوللىنىش ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ ھېسسىياتى ۋە ھەرىكىتىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈش كېرەك. بالىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى مۇھەببەت، خۇشاللىنىش، ئاچچىقلىنىش قاتارلىقلار ئۇنىڭدا خاسلىق پەيدا قىلىدۇ. ئاتا - ئانىلار كۆپىنچە ھاللاردا بۇنى چۈشىنىپ كەتمەيدۇ. بالىلار ئۆزىنىڭ خۇشال بولۇش ياكى ئاچچىقلىنىش ھېسسىياتىنى كونترول قىلالمايدۇ. بالىنىڭ ھەرىكىتى ئاشكارا بولىدۇ، ئۇنى كۆرگىلى ۋە تۇتقىلى بولىدۇ. بالىنىڭ ئۆزىمۇ بۇ ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلالايدۇ. بالا ئۆزىنىڭ قىلمىقلىرىنى كونترول قىلالمايدۇ، ئەمما باشقىلارنى ئۇرۇشتىن ئۆزىنى كونترول قىلالايدۇ. شۇڭلاشقا، ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ ھېسسىياتىنى كونترول قىلالىشى تەس، ئەمما ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

مېنىڭچە، بالىنى ماختاش ئۇنىڭ ھېسسىياتىغا ئەمەس، بەلكى ھەرىكىتىگە قارىتىلىشى كېرەك. ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ ھەرىكىتىگە قارىشى كېرەك دېگەنلىك — مېنىڭچە، ئابستراكت ياكى تەھلىل قىلىپ چىقىرىلغان تەرىپلىرىگە ئەمەس، بەلكى، بالىنىڭ كونكرېت ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ھېلىقىدەك چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان ھەرىكەتلەرگە ئاتا - ئانىلار تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. تىزگىنلەشكىمۇ ئامالسىز قالىدۇ. بۇ نۇقتىنى چۈشىنىۋېلىش ناھايىتى مۇھىم. قانداق

ھەرىكەت چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان ھەرىكەت بولىدۇ؟ مەسىلەن، «بۇ بالا ھەمىشە ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ»، «بۇ بالا باشقىلارنى بوزەك قىلىشقا ئامراق»، «بۇ بالا بەكلا مەسئۇلىيەتسىز» دېگەندەك ئىشلار ئاشۇ دائىرىگە كىرىدۇ. قانداق ھەرىكەت كونكرېت ھەركەت بولىدۇ؟ مەسىلەن، «ئۇ، باشقىلارنىڭ بالىسىنى ئۇردى»، «ئۇ، تامغا كىچىك ھايۋانلارنىڭ رەسىمىنى سىزىپ قويدى» دېگەندەك ئىشلار ئاشۇ دائىرىگە كىرىدۇ.

شۇنى چۈشىنىۋېلىشىمىز كېرەككى، ماختاشقا تېگىشلىكى بالىنىڭ ھېسسىياتى ئەمەس، بەلكى كونكرېت ھەرىكىتى بولۇپ، «چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان ئىشلار» نى ئەمەس، بەلكى كونكرېت ھەرىكەتنى ماختاش كېرەك. ئاتا ـ ئانىلار ئاساسلىقى بالىنىڭ ياخشى ھەرىكىتىنى ئۆز ۋاقتىدا ماختىشى كېرەك. ئەگەر بالا بۇنى قىلالمىسا، ھەرگىز ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. بالىنىڭ تۇيۇقسىز ھالدا بىرەر ھەرىكەتنى قىلغانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ خېلى چوڭ ئىلگىرىلىگەنلىك. بالا ياخشى ھەرىكىتىنى كۆرسەتكەنلا بولسا، ئاتا ـ ئانىلار ئۆز ۋاقتىدا بۇنى ئىجابىي جەھەتتىن كۈچەيتىپ، بۇ خىل ھەرىكەتنى مۇستەھكەملەش كېرەك.

مەن كارلنى ماختىغاندا، ھېسسىي ۋاستە ۋە ماددىي ۋاستىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللىناتتىم. شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، ھېسسى ۋاستە ھامان ماددىي ۋاستىدىن ئۈنۈملۈكرەك بولىدىكەن. ھېسسىي ۋاستە دېگىنىمىز، ئادەتتە تەقدىرلەش، سۆيۈپ قويۇش، قوچاقلاش دېگەندەك ئاغزاكى ياكى جىسمانىي ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ۋاستىنى قوللانغاندا، كەڭ قورساق بولۇش، گەپكە بېخىللىق قىلماسلىق كېرەك.

ماددىي ۋاسىتە دېگىنىمىز، تولۇقلىما ۋاسىتە بولۇپ، بالىغا بىرەر تال پېچىنە - پىرەنىك بېرىش دېگەندەك ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. كارل ھەر قېتىم مۇشۇنداق ئەھۋالدا مۇكاپاتقا ئېرىشسە، ئاجايىپ خۇشال بولۇپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى ھەمدە مۇكاپاتنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە پەرۋا قىلمايتتى. كارلغا مۇشۇنداق تەربىيە بېرىش جەريانىدا، ئۇ بەك كىچىك چاغلاردا كۆپىنچە ھېسسىي ۋاسىتە ئارقىلىق مۇكاپاتلاش يېتەرلىك بولغانلىقىنى، ئالاھىدە ئەھۋالدا ئاندىن ماددىي ۋاسىتە قوللانغانلىقىمنى بايقىدىم.

مېنىڭچە، بالىنىڭ مەلۇم ھەرىكىتى ئۆز ۋاقتىدىلا توغرا ماختاشقا ئېرىشەلىسە، بۇ ياخشى ھەرىكەت بالىدا ئۆزلۈكسىز تەكرارلىنىدۇ ھەمدە ئۆز ۋاقتىدا كۈچىيىپ مۇستەھكەملىنىدۇ. داۋاملاشقانسېرى بالا تەبىئىي ھەم ئۆزلۈكىدىن سوزۇلغان ياخشى ھەرىكەت ئادىتىگە كۆنۈپ قالىدۇ.

مەن كارلنى كەلسە - كەلمەس ماختاۋەرمەيتتىم. كەلسە-كەلمەس ماختىسام، ئۇ ھالدا كارل ئۆزىنى نېمىشقا ماختىغانلىقىمنى بىلەلمەي قالغان بولاتتى. ھەمىشە ئۇ بىرەر ياخشى ھەرىكەتنىڭ ئىپادىسىنى كۆرسەتكەندە، مەن ئاندىن ماختايتتىم ھەمدە ئۇنىڭغا نېمىشقا ماختىغانلىقىمنى ئېيتىپ قوياتتىم. كارل ئەڭ دەسلەپتە، يېڭى ۋە كىشىنى قايىل قىلىدىغان ۋاسىتە ئارقىلىق بىرەر ئىش قىلسا، مەن ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا ماختىغان ئىدىم. مېنىڭچە، بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ ياخشى ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق ئىدى. ئەگەر ئۇ يېڭى ئادەتنى ئۆگەنگەن ھەمدە ئۇ ئادەتنى ئەقلىي جەھەتتىن بىلىپ قىلغان بولسا، ئۇنى ھەر قېتىم ماختاۋەرمەي، بەلكى ماختاش ۋاقىت ئارىلىقىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئۆزارتىپ، بەلگىلىك ئارىلىقتا ياكى خالىغان چاغدا ماختاش ئۇسۇلىنى قوللىناتتىم.

بۇ خىل ماختاش پەقەت ئاندا ـ ساندا بولۇشى، تاسادىپىيلىق ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك. ئوغلۇم ئاندا ـ ساندا ماختاشقا كۆنگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ ياخشى ھەرىكىتىنى ئۆزمەي داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى بايقىدىم. ئوغلۇم بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالغاچقا، قانداق قىلسا مېنى خۇش قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن ئۆزىمۇ خۇشال بولىدىكەن، ئۆزىنىڭ ياخشى ئادىتىدىن مەمنۇنلۇق ۋە خۇشاللىق ھېس قىلىدىكەن.

مەن ئاتا ـ ئانىلارغا شۇنداق تەكلىپ بېرىمەنكى، بالىلارنىڭ بەزى ناچار قىلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى مەخسۇس جازالاپ، ئۇرۇپ ـ تىللاپ يۈرمەڭلار، بەلكى ئارتۇقچىلىقىنى بايقاڭلار. خاسلىقى كۆچلۈك، روھى كۆتۈرەڭگۈ، ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە قۇلاق سېلىپ يۈرمەيدىغان بالىلارغا تېخىمۇ شۇنداق قىلىڭلار. بالىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بايقىغىنىڭلاردا، ئۇنىڭ ياخشى ئادىتىنى مۇمكىنقەدەر ماختاڭلار. بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ماختىغىنىنى ئاڭلىسا، چوقۇم گەپ ئاڭلايدىغان بولۇپ كېتىدۇ.



# ئونىنچى باب ئوغلۇمدا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش جەھەتتە كۆپ سەرپ قىلدىم

مېنىڭچە، ئائىلىنىڭ ئادەملەر ئەخلاق - پەزىلەت، ساغلاملىق، ئىقتىدار جەھەتتە ياخشى تەرەققىي قىلغان كىشىلەردۇر. سالامەتلىكىگىلا ئەھمىيەت بەرگەندە، بالىلار يوت - قولى تەرەققىي قىلغان كۈچلۈك ھاماقەتلەردىن بولىدۇ. ئەقلىي قابىلىيىتىگىلا ئەھمىيەت بەرگەندە، بالىلار شامال تەگسىلا ئاغرىپ قالىدىغان ئاجىز چوڭ بولىدۇ، ياكى جەمئىيەتنىڭ قولاق كەستىلىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنداقلا ئەخلاق - پەزىلەت تەربىيىسىگىلا ئەھمىيەت بەرگەندە، بالىلار كېسەلمەن ۋە زەئىپ چوڭ بولىدۇ، مۇنداق كىشلەرنىڭ جەمئىيەتكە ۋە ئىنسانىيەتكە كېرىكى بولمايدۇ. شۇڭا، بالىلارنى تەربىيىلەشتە ئۈچ تەرەپكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر.

## ئوغلۇم ئۈچۈن «پائالىيەت خاتىرىسى» تۇرغۇزدۇم

ئوغلۇمدا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش جەھەتتە مەن تولىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلدىم. كارل ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدا، مەن ئۇنىڭغا قەدىمدىن ھازىرغىچە ياخشى ئادەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل ھېكايىلارنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىغان ئىدىم. ئوغلۇم ياخشى ئىش قىلسىلا، مەن دەرھال: «ياخشى، ياخشى

قىلدىڭ» دەپ ئۇنى ماختايتتىم. بەزىدە ئايالىم ۋە يېقىن دوستلىرىمنىڭ ئالدىدىمۇ: «كارلنىڭ بۇ ئىشى ناھايىتى ياخشى بولدى» دەپ ماختايتتىم. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدا مەغرۇرلىنىش كەيپىياتى پەيدا بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەن ماختاشنىمۇ بەك ئاشۇرۇۋەتمەيتتىم. بۇ ئىشنى كۆرگەنلا ئادەمگە سۆزلەپ يۈرمەي، ئۇنى چۈشىنىدىغان ئاز ساندىكى كىشىلەر ئالدىدىلا تىلغا ئالاتتىم.

كارل سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا ئەخلاق تېمىسىدىكى ھەر خىل شېئىرلارنى يادلىتىپ ئۆگىتىشكە باشلىغان ئىدىم. مېنىڭچە، گېرمانىيىدە مېھرىبانلىق، دوستلۇق، سەممىيلىك، باتۇرلۇق، قۇربان بېرىش قاتارلىق گۈزەل ئەخلاقلار كۈيلەنگەن شېئىرلار ناھايىتى نۇرغۇن. بۇلارنىڭ ھەممىسى بالىلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى ۋە ياخشى ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشتە ناھايىتى قىممەتلىك بايلىقتۇر. مەن ئوغلۇمنى ئىزچىل ھالدا، بۇ گۈزەل نەرسىلەر بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتۇردۇم. كارل بىرنەچچە ياشقا كىرگەندە، بۇ شېئىرلارنى ناھايىتى پىششىق يادلىۋالغان ئىدى. ئوغلۇمنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن، مەن «پائالىيەت خاتىرىسى» تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى شۇ خاتىرىگە تىزىملاپ، ئۈلگىلىك ئەسلىمە قالدۇرغان ئىدىم. مۇشۇنداق ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرغاچقا، كىچىككىنە كارل ئۆمۈر بويى ياخشى ئىش قىلىشقا بەل باغلىغان ئىدى. كارل بالىلىق دەۋرىدە، ئۆزىنىڭ ياخشى ئىشلىرى «پائالىيەت خاتىرىسى»گە يېزىلغانلىقىدىن خۇش بولۇپ كېتەتتى ھەم ئۇنى پات - پات ۋاراقلاپ ئوقۇيتتى. بۇنداق چاغدا، مەن ئۇنىڭ يۈزىدە جىلۋىلەنگەن بەختىيار كۈلكىنى كۆرەتتىم.

خۇددى كارلنىڭ باشقا جەھەتلەردىكى ياخشى ئادىتىنى

يېتىلدۇرگەنگە ئوخشاش، كارلدا ياخشى ھەرىكەت يېتىلدۇرۇش جەھەتتىمۇ، مەن ئەزەلدىن ئۇنى ئۆزى خالىمىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلىمايتتىم. ئۇ ئۆزى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ئىشلارغا كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۇنى ئۆزى قىلغان ياخشى ھەرىكەتتىن ۋە ئۆزىنى تۈتۈۋالغان چاغدىكى خۇشاللىقتىن بەھرىمەن قىلاتتىم. ئەلۋەتتە، بالىغا خۇشاللىقنىڭ قىزىقارلىقلىقىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇنى ئېسىدە قالدۇرۇش بەك تەس. ئەمما، بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشمۇ ئەمەس. مەن ئىشىنىمەنكى، سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىلسىلا، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنىڭ خۇشاللىقىدىن لەززەت ئالالايدۇ ۋە ئۇنى بىلەلەيدۇ. مېنىڭ كۈچ سەرپ قىلىپ، كارلنى ياخشى ھەرىكەت قىلىدىغان ئادەم قىلىپ تەربىيىلىشىم ئۇنى ئالىيجاناب ئادەم قىلىپ يېتىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، بەزىدە مەن ئۇنىڭغا يامان ئىش قىلغان ئادەمنىڭ يامان ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلارنى ئېيتىپ بېرەتتىم ھەمدە ئۇنىڭدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ يامان ئىشلىرىنى كەسكىن تەنقىدلەيتتىم. مەن بۇ سەلبىي تىپلارنى ئوغلۇمغا نەسىھەت قىلىدىغان ۋە ئۇنى ياخشى ئىش قىلىدىغان ۋاسىتىگە ئايلاندۇرۇۋالغان ئىدىم. نورغۇن ئاتا ـ ئانىلار بالىلار ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان مەزگىلىدە، «بالام نېمىشقا يالغان سۆزلەيدۇ؟»، «بالام نېمانداق بەخۋاش؟»، «بالام كىچىككىنە تۇرۇپ، نېمىشقا كىچىك ھايۋانلاردەك ۋەھشىيلىك قىلىدىغاندۇ؟»... دېگەندەك بىر تالاي مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ. نورغۇن ئاتا ـ ئانىلار بۇ مەسىلىلەر ئالدىدا ئامالسىز قالىدۇ ـ دە، ئازابلانغان ھالدا: «ئىست، بۇنداق بولۇشىنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام، پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن بولار ئىدىم» دېيىشىدۇ. ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان بۇ مەسىلىلەر ئۇلارنى ھەم قىينايدۇ ھەم

قايمۇقتۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ بۇ شاكىچىكلىرىنى ياخشى تەربىيىلىيەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتمەيدۇ. بالىلارنىڭ ئۆزى خاتالىقنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزگەرتكىلى ئۇنىمايدىغان يامان ئادىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنىمۇ بىلمەيدۇ. بەزى ئاتا - ئانىلار: «شۇنچە كۆچ سەرپ قىلىپ باقتىم. ئەمما، بالامنىڭ ئەدەپسىز قىلىقلىرىنى قانداق ئۆزگەرتىشنى بىلەلمىدىم. ئۇ ئاق كۆڭۈل ئەمەس، باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىشنىمۇ بىلمەيدۇ، پەند - نەسىھەت ئاڭلىمايدىغان، ئۆزگەرتكىلى ئۇنىمايدىغان يەنە نۇرغۇن ئادەتلىرى بار» دېيىشىدۇ. مېنىڭچە، ئۇسۇل جايىدا بولسىلا، بالىلارنى ياخشى تەربىيىلىگىلى بولىدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ئىجتىمائىي قېلىپنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئىجتىمائىي قېلىپ سىرلىق ئۇقۇم ئەمەس ياكى بىر خىل قۇرۇق گەپ ئەمەس، بەلكى ھەرىكەتنىڭ بىر خىل قائىدىسى. ئۇ، ھەر بىرىمىزدە شەكىللەنگەن ئىدىيە، ھېسسىيات ۋە ئادەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ دەسلەپكى چەكلىمە ئۇنىڭ يېنىدىكى ئەڭ يېقىن كىشىلەردىن كېلىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدىكى بۇ كىشىلەر ئاق كۆڭۈل، ئادىل، مەسئۇلىيەتچان بولسىلا، بالىلار بۇ كىشىلەرنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدىن تەربىيىلىنىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى ياخشى ماددىي تۇرمۇشتىن قانداق بەھرىمەن بولۇشنى ئۆگىتىپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، ھەقىقەتەن ئىچكى - تېشى بىردەك ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. بالىنى ئاق كۆڭۈل، مەسئۇلىيەتچان قىلىپ تەربىيىلەشنى ئۈمىد قىلىش — ئۇنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئەڭ تۈپ تەلىپى ۋە ئارزۇسى. ياخشىلىق بىلەن ئادىللىقتىن ئىبارەت شەخس ئۆلچىمىنىڭ قۇرۇلمىسى قاتارلىقلار بالىنىڭ كەلگۈسى ھاياتىدىكى ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئاق كۆڭۈل،

ئادىل ئادەم بولۇش - بولماسلىقىدا ناھايىتى مۇھىم. ئەگەر بۇ جەھەتتە بىز ئازراقلا بوشاشتۇرۇپ قويساق، ناچار ئادەتلەر دەرھال بىخلىنىپ چىقىدۇ. ئىنساپ - دىيانەتنىڭ نېمىلىكىنى ئۇقمايدىغان بالىلار چوڭ بولغاندا، جەمئىيەتنىڭ جىنايەتچىسىگە ئايلىنىدۇ، ئۇلاردا ھېچقانداق رەھىمدىللىك ۋە ياخشى كۆڭۈل بولمايدۇ. ئۇلار ھەمىشە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە نومۇسسىزلارچە ئازار بېرىپ، باشقىلارغا زىيان سالىدۇ، جەمئىيەتنى قالايمىقان قىلىدۇ. بۇ ئىشلار كىشىنى ئاجايىپ ئەپسۇسلاندۇرمامدۇ؟ ئۇلارنىڭ جىنايى ھەرىكەتلىرى ئېچىپ تاشلانغان چاغدا، كىشىلەر: «توۋا، ئۇ ئەسلىدە ئوبدان بالا ئىدى» دېيىشىپ، ھەسرەت چېكىشىدۇيۇ، ئۇ بالىنىڭ ئۆزىگە قاچان ئىللەت يۇقتۇرۇۋالغانلىقىنى بىلمەيدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بۇنداق بالىلارنى كۆرگەندە، بىر تەرەپتىن ھەسرەت چەكسە، يەنە بىر تەرەپتىن: «مېنىڭ بالام نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالغاندۇ» دەپ ئۆز - ئۆزىدىن سورايدۇ.

مېنىڭچە، بالىنى نوقۇل ھالدا مۇكاپاتلاش ياكى جازالاشقا تايىنىپ، ئۇنىڭغا ھەق - ناھەقنى ئايرىشنى ئۆگەتكىلى بولمايدۇ. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار مۇشۇ چارىنى قوللىنىدۇ، ئۇلارنىڭ بالىسى بىرەر ئىشنى ياخشى قىلسا ياكى نەتىجە ياراتسا مۇكاپاتلايدۇ؛ ئەگەر ياخشى قىلمىسا، جازالايدۇ. بۇ خىل ئاددىي ۋاستە ئاتا - ئانىنىڭ ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بالىسىنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەشنى خالىمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى، شۇنداقلا مەسئۇلىيەتتىن قاچقانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بالا بۇ خىل قائىدىنى بايقاپ قالسا، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆلچىمىنى بىلىۋالىدۇ-دە، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرىدىغان بەزى چارىلەرنى ئىشلىتىدۇ. مۇنداق بولغاندا، پەقەت بالىنىڭ كۆڭلىدە مۇشۇ خىل جازا - مۇكاپات قارىشى ياكى ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىلا بولىدۇ.

ئەگەر ئاتا - ئانىلار ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلمىسا ۋە تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بارمىسا، بالىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئويلاشمىسا، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئازاب ۋە ئاۋارىچىلىك مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بارغانسېرى چوڭىيىپ، بالىنى ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتەلمەيدىغان دەرىجىگە ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر مۇكاپاتتا ئۆزگىرىش بولسا، بالىنى ئاۋۋالقى قائىدىلەرگە داۋاملىق ئەمەل قىلدۇرۇشقا سەۋەب بولماي قالىدۇ.

مېنىڭچە، جازالاش ۋاقىتلىق، كۆرۈنۈشتە پايدىلىق چارە بولۇپ، ئۇنىڭدا بالىنى ھەقىقىي تەربىيىلەشنىڭ ئاساسى تولۇق بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، بالىلار پەقەت «مۇنداق قىلسام، مۇكاپات بار ئىكەن، ئۇنداق قىلسام جازا بار ئىكەن» دەپلا چۈشىنىدۇ. شۇڭلاشقا، مەن ئوغلۇمغا قارىتا تەربىيە جەريانىدا، ھەرگىز ئاددىي ھالدا مۇكاپاتلاش ياكى جازالاش ئۇسۇلىنى قوللانماي، بەلكى ھەمىشە بەزى ئۇنۇملۇك چارىلەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا نېمىنىڭ ياخشىلىق، نېمىنىڭ يامانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۇردۇم. ياخشى ھەرىكەتنىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلدۇردۇم.

مېنىڭچە، غايىلىك ئادەملەر ئەخلاق - پەزىلەت، ساغلاملىق، ئىقتىدار جەھەتتە ياخشى تەرەققىي قىلغان كىشىلەردۇر. سالامەتلىكىگىلا ئەھمىيەت بەرگەندە، بالىلار پۇت - قولى تەرەققىي قىلغان كۈچلۈك ھاماقەتلەردىن بولىدۇ. ئەقلىي قابىلىيىتىگىلا ئەھمىيەت بەرگەندە، بالىلار شامال تەگسىلا ئاغرىپ قالىدىغان ئاجىز چوڭ بولىدۇ، ياكى جەمئىيەتنىڭ قۇلاق كەستىلىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنداقلا ئەخلاق - پەزىلەت تەربىيىسىگىلا ئەھمىيەت بەرگەندە، بالىلار كېسەلمەن ۋە زەئىپ چوڭ بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتكە ۋە ئىنسانىيەتكە كېرىكى بولمايدۇ. شۇڭا، بالىلارنى

تەربىيىلەشتە، ئۈچ تەرەپكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر. بالا تەربىيىلەشتە، ئۇنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىلا تەرەققىي قىلدۇرۇپ قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەخلاق - پەزىلەتنى ۋە ياخشى ئادەتنى يېتىلدۇرۇش لازىم. مېنىڭچە، بالىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا باشلىغاندەك، بالىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەخلاق - پەزىلىتىنى يېتىلدۇرۇشنىمۇ چوقۇم ئۇ بۆشۈكتىكى چېغىدىلا باشلاش كېرەك. بولمىسا، ئۈمىد بولمايدۇ. ئەخلاق تەربىيىسى بالىغا قارىتا قانچە بالدۇر باشلانسا، شۇنچە ياخشى.

بالىنىڭ قەلبى بىر پارچە ئاجايىپ تۇپراق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىدىيە ئۇرۇقى تېرىلسە، ھەرىكەتتىن ئىبارەت ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ؛ ھەرىكەت ئۇرۇقى تېرىلسە، ئادەتتىن ئىبارەت ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ؛ ئادەت ئۇرۇقى تېرىلسە، ئەخلاق - پەزىلەتتىن ئىبارەت ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ؛ ئەخلاق - پەزىلەت ئۇرۇقى تېرىلسە، ماختاشتىن ئىبارەت ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. بالىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى يېتىلدۇرۇشتە، ئاتا - ئانىلار تولىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى، ئاتا - ئانىلار بالىغا ئەڭ يېقىن، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئۇزاق بىللە تۇرىدىغان كىشىلەردۇر. ئاتا - ئانىنىڭ ھەربىر سۆز - ھەرىكىتى بالىنىڭ دوراش ئوبيېكتىدىن ئىبارەت.

مەن باشتىن - ئاخىر شۇنداق قارايمەنكى، جەمئىيەتتە بالىلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى يېتىلدۈرىدىغان مەخسۇس ئورگانلار بولمىغاچقا، بۇ ۋەزىپە ئاتا - ئانىلارنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ. بالىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى يېتىلدۇرۇشكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان ئاتا - ئانىلاردۇر. ئاتا شۆھرەتپەرەس بولسا، ئۇ ھالدا قىزىمۇ مۇقەررەر شۇنداق بولىدۇ. دادا ھاراقكەش بولسا، ئوغلىمۇ

ھاراق ئىچىدىغان بولۇپ چىقىدۇ. دادىنىڭ ئاغزى يامان بولسا، ئوغلىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، بالىغا باشلامچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرسە، بالىنىڭ گۈزەل كېلەچىكى ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت ھازىرلىغان بولىدۇ. بۇنداق ئاتا ـ ئانىلار كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر. مېنىڭچە، بالا بولسا ئاتا ـ ئانىنىڭ سايىسى، ئاتا ـ ئانىنىڭ يەنە بىر كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى. مەن كارلغا ھەرقانداق بىر نەرسىنى سىڭدۈرسەم، ئۇنى ئاۋۋال ئۆزۈم قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتەتتىم. ئوغلۇمنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، مەن ھەرىكىتىمگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىم، ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا باشلامچى بولۇشۇم كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلەتتىم. مەن كارلغا بولغان تەربىيە جەريانىدا كىچىكىدىن باشلاپ، ئۇنىڭدا تىرىشچان ئادەت يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردىم. مېنىڭچە، تىرىشچانلىق ھەربىر ئادەمنىڭ مۇھىم ئەخلاق ـ پەزىلىتى، بەختىنىڭ مەنبەسى. ھۇرۇنلۇق بولسا، ھەممە ئەسكىلىكنىڭ مەنبەسى. بالىنىڭ زېھنىي كۈچى پايدىلىق نىشانغا يېتەكلەنمىسە، ئۇ بۇزغۇنچى كۈچكە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ، تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. مەن پلاتوننىڭ «ھەرقانداق يامان ئادەممۇ ئۆزى خالاپ يامان بولۇپ قالغان ئەمەس» دېگەن سۆزىنى كارلغا نۇرغۇن قېتىم دەپ بەرگەن. بۇ ئارقىلىق ئوغلۇمغا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، ھەممە ھەرىكەتتە ياخشىلىقنى مەقسەت قىلىش ھەققىدە تەلىم ـ تەربىيە بېرەتتىم. ئادەمنىڭ يامان بولۇپ قېلىشى كۆپ ھاللاردا، ئاتا ـ ئانا تەربىيىسىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى.

مەن بارلىق ئاتا ـ ئانىلارغا شۇنى ئاگاھلاندۇرىمەنكى، بالىدا كىچىكىدىن باشلاپ تىرىشچانلىق ئادەت يېتىلدۈرۈش،

شەيتانغا پۇرسەت بەرمەسلىك كېرەك. ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپ ئەمگەكنى سۆيىدىغان، ياخشى ئۆگىنىپ چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىدىغان، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ھېسداشلىق قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا بالا چوقۇم بەختلىك بولىدۇ.

مەن دائىم ئوغلۇمنى باتۇر بولۇش توغرىسىدا تەربىيىلەيتتىم. چۈنكى، باتۇرلۇق ئادىتى بىر خىل مۇھىم ئەخلاقىي پەزىلەت. بەزى ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ ئازراقلا ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغىنىنى كۆرسە، ئۇنىڭغا زىيادە تەسەللىي بېرىپ، ئۇنىڭ ئازابىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ، بىر خىل خاتا ئۇسۇل. توغرا ئۇسۇل شۇكى، بۇ ئىشنى زىيادە تىلغا ئالماي، بالىنىڭ دىققىتىنى تېزلىك بىلەن باشقا تەرەپكە بۇرىۋېتىش كېرەك. بۇنداقتا ئۇ، ئىلگىرىكى كۆڭۈل ئاغرىقىنى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ. بەزى كىشىلەر باشقىلارنىڭ خەيرىخاھلىقىغا تايىنىپ جان باقىدۇ. جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئەبگارلىق بولماس. ئەمما، باتۇرلار ھەرگىز رەھىمسىز ئادەملەردىن ئەمەس. مەن كارلغا ھەمىشە: «ھەم باتۇرلۇققا، ھەم ھېسداشلىققا ئىگە ئادەم بول» دەيتتىم. مەن يەنە ئۇنىڭغا، ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىگە يارىشا جاۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدىم. مېنىڭچە، بالىغا بۇ قائىدىنى چۈشەندۇرۇش، ئۇنى مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە تەربىيىلەش ئىنتايىن مۇھىم. ياخشى ئىش قىلىشقا نەسىھەت قىلىشتىكى مەقسەت بىلەن ياخشى ئىش قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۇرۇشنىڭ مەقسىتى ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. ئالدىنقى خىل ئەھۋالغا قارىتا، مەن ئادەتتە پۇل بىلەن مۇكاپاتلاپ رىغبەتلەندۇرەتتىم. كېيىنكى خىل ئەھۋالغا قارىتا، مەن ئوغلۇم ياخشى ئىش قىلسا، پۇل بەرمەستىن، بەلكى «پائالىيەت خاتىرىسى» گە تىزىملاپ

قوياتتىم. مەن ئۇنىڭغا «ئۆگىنىش بىز ئۈچۈن بۇ دۇنيالىق بەختنى ئېلىپ كېلىدۇ، ياخشى ئىش بىزگە پەرۋەردىگارنىڭ مۇكاپاتىنى ئېلىپ كېلىدۇ» دەيتتىم.

## ئوغلۇمنى نېمىشقا پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدىم

ئوغلۇمنى تەربىيىلەش جەريانىدا، پۇل بىلەن مۇكاپاتلاش ۋە «پائالىيەت خاتىرىسى»گە تىزىملاشنى تەڭ قوللىناتتىم.

ئەگەر ئوغلۇمنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى بولسا، ھەر كۈنى ئۇنىڭغا بىر كوپېيك (پارچە پۇل بىرلىكى — مۇھەررىردىن) مۇكاپات بېرەتتىم. لېكىن ئۇ، ئۆگىنىشتە ناھايىتى ياخشى بولسىمۇ، ھەرىكىتىدە سەۋەنلىك بولسا، ئوغلۇم بىر كوپېيك مۇكاپاتنى ئالالمايتتى. بۇنداق ئىش پات - پات بولۇپ تۇراتتى. ئوغلۇم خاتالىق سادىر قىلغاندا، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن: «دادا، بۈگۈن خاتالىق سادىر قىلىپ قويدۇم، شۇڭا ماڭا پۇل بەرمەڭ» دەيتتى. ئۇ چاغدا، مەن تەسىرلەنگەنلىكىمدىن ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ئارتۇق پۇل بەرگۈم كېلەتتى، لېكىن ئوغلۇمنى ئويلاپ، ھاياجانلىق ياشلىرىمنى بېسىپ، ئۆزۈمنى توختىتىۋېلىپ: «شۇنداقمۇ، مەن بىلمەپتىمەنغۇ؟ ئەممىسە ئەتە ياخشى ئىش قىل» دەيتتىم. ئەمەلىيەتتە كۆڭلۈم بىئارام بولۇپ، ئۇنىڭغا ئامراقلىقىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۆزۈمنى تۇتالماي، دائىم ئۇنى سۆيۈپ كېتەتتىم.

كارل بەك كىچىك، پۇل خەجلەشنى تېخى بىلمەيدىغان چاغلىرىدا، مەن باشقا ئۇسۇللارنى قوللانغان. ئەگەر ئۇ ياخشى ئىش قىلسا، ئەتىسى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرىدىغان چاغدا، ياستۇقنىڭ يېنىغا پېچىنە قويۇپ قوياتتىم. مەن ئۇنىڭغا:

«تونۇگۈن ياخشى ئىش قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن پەرىشتىلەر بۇنى ساڭا مۇكاپات قىلىپ بەردى» دەپ قوياتتىم. ئەگەر ئۇ ئەسكى ئىش قىلغان بولسا، ئەتىسى ئەتىگەندە بۇ نەرسىلەرنى قويمايتتىم. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا: «تونۇگۈن ئەسكى ئىش قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، بۈگۈن پەرىشتىلەر كەلمىدى» دەيتتىم. ئەگەر ئۇ سالغان كىيىمنى ئۆزى يىغىشتۇرمىغان بولسا، ئۇنى بىزمۇ يىغىشتۇرماي ئەتىگىچە قويۇپ قوياتتۇق ھەمدە يېڭىدىن كىيىدىغان كىيىملىرىنىمۇ ئېلىپ بەرمەيتتۇق. بۇنداق قىلىشىنىڭ ھەممىسى كارلىغا «ياخشىلىققا ياخشىلىق» دېگەن قائىدىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى.

نۇرغۇن كىشىلەر مەندىن «ئوغلىڭىزنى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، نېمىشقا پۇل بىلەن مۇكاپاتلايسىز؟» دەپ سورىغان. بۇ، ئۆگىنىشنىڭ ئادەمنى بۇ دۇنيالىق بەختكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى كارلىغا چۈشەندۈرۈشتە، بىر قەدەر ئەمەلىي قوللانغان ئۇسۇلۇم ئىدى. قارىماققا، بۇ ئانچە قاملاشمىغاندەك بىلىنىسىمۇ، ئەمما ئوغلۇم ياخشى ئۆگەنسىلا، مەن ئۇنىڭغا ھەر كۈنى بىر كوپېيك بېرەتتىم. بۇ، ئاز - تولا ھەققە ئېرىشىشنىڭ شۇنچىۋالا جاپالىق ئىكەنلىكىنى كارلىغا ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. بالىغا بۇ نۇقتىنى بىلدۈرۈش ناھايىتى مۇھىم. مەن بالىغا زىيادە كۆپ پۇل بېرىشكە قارشى. چۈنكى، بالا ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىگە، بولۇپمۇ پۇلغا ئوڭايلا ئېرىشىۋەرسە، ئۇنىڭدا باشقىلارغا تايىنىۋالىدىغان ئادەت شەكىللىنىپ قالىدۇ. ئەگەر بىرەر بالا ئاتا - ئانىسى تەرەپتىن پۇل قاتارلىق مۇكاپاتقا ئاسان ئېرىشىۋەرسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى بەك قورقۇنچلۇق بولىدۇ. بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئۇ پۇلنى خەجلەشكە تېگىشلىك يەرگە ئىشلەتمەي، ئايىماي خەجلەپ تۈگىتىدۇ، ھەتتا بەتخەجلىككە كۆنۈپ قالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن

ئاتا - ئانىسىنىڭ پۇلىغا ئاسان ئېرىشەلىگەچكە، ئۇنىڭدا ھەممە ئىش مۇشۇنداق ئوڭاي بولىدىغاندەك خاتا قاراش شەكىللىنىپ، چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ ياشاش ئۇچۇن كۈرەش قىلمايدۇ، ھەتتا ئاجىز، چۈشكۈن بولۇپ كېتىدۇ.

مېنىڭ بىر باي دوستۇم بولىدىغان، ئۇ بالىسىغا زىيادە ئامراق بولغاچقا، ھەمىشە بەك جىق پۇل بېرەتتى. دوستۇم بۇ ئىشنى شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارايتتى. ئۇ ناھايىتى باي بولغاچقا، ئوغلىنىمۇ باياشات تۇرمۇش كەچۈرسۇن دەپ ئويلايتتى. بالىنىڭ ئىسمى ئېنگست بولۇپ، خەجلەيدىغان پارچە پۇلى كارلىنىڭكىدىن ئون ھەسسە كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ خەجلەيدىغان پارچە پۇلى يەتكۈچە بولغاچقا، يەنە كېلىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ توغرا تەربىيىسىگە ئېرىشەلمىگەچكە، پۇل خەجلەش جەھەتتە ئۇ ناھايىتى «مەرد» ئىدى. تەڭتۇش ھەمراھلىرى ئالدىدا، ئۆزىنى دائىم ئالاھىدە چوڭ تۇتاتتى. ئۇ، پۇلنى ئۆزىگە لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا ئىشلەتمەيتتى، ياردەمگە موھتاج كىشىلەرگىمۇ ياردەم قىلمايتتى. ئېنگست «پۇلدار» بولغاچقا، ناھايىتى تېزلا ھېلىقى ئەسكى بالىلارنىڭ دوستلىشىش نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار ئېنگستقا خۇشامەت قىلىپ، ياخشىچاق بولۇپ، قۇلىقىغا خۇش ياقىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ يۈرگەچكە، مۇنداق ياخشى ھېسسىيات ئىچىدە ئۇ خۇدىنى بىلمەي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتا - ئانىسى بەرگەن پۇللارنى ھەمراھلىرىغا خەجلەپ بېرىدىغان، بەزىدە تېخى ئۇلارغا پۇل بېرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ پۇلىغا ئېرىشكەن بالىلار بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بەرسىغۇ مەيلىتتى، لېكىن ئۇلار مېنىڭچە ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتى.

ئېنگستنىڭ كەڭ قوللۇقى ھېلىقى بالىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، تېزلا ئۇلارنىڭ بېشى بولۇپ قالدى. ئۇلار

ئېنگستىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بۆيرۈقىغا بويسۇناتتى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئېنگست بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلمەستىن، بەلكى پەۋقۇلئاددە سېھرىي كۈچۈم بولغاچقا، باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتىم دەپ قارايتتى. ھېلىقى باللار بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا، ئېنگست پۇلنىڭ كۈچىنى تەدرىجىي ھالدا تونۇپ يەتتى. بەزى باللار ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسا ياكى ئۇنىڭ بىلەن زىتلىشىپ قالسا، ئۇ باشقا باللارنى پۇلغا سېتىۋېلىپ، ھېلىقى بالىنى ئۇرغۇزاتتى. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى، ئۇ ئۆكتەم، ئەدەپسىز، رەھىمسىز بولۇپ كەتتى. يولدا كېتىۋاتقان بىر دېھقان ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۇنىڭغا سوقۇلۇپ كېتىپتۇ. ئېنگست قول ئاستىدىكىلەرگە ھېلىقى دېھقاننى ئارىغا ئېلىپ قاتتىق ئۇرغۇزۇۋېتىپتۇ ھەمدە تاش بىلەن بېشىغا ئۇرۇپ قانىتىۋېتىپتۇ. يەنە تېخى بۇ ئىشنى باشقىلارغا دەپ يېيىۋەتمەسلىك ھەققىدە دېھقانغا تەھدىت سالىپتۇ.

ئېنگست كۈن بويى ئەگىشىپ يۈرگەن باللارنىڭ نىيىتى ئۇنىڭدىن ئاز - تولا پايدىغا ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. ئۇلار ئېنگستنى قىمارغا قىزىقتۇرۇپ، ھەر خىل ھىيلە - مىكىرلەر بىلەن ئۇنىڭ پۇلىنى ئالداپ سوقۇۋالىدىكەن. ئەمما، ئېنگست بۇ ئىشلارغىمۇ ھەرگىز دىققەت قىلماي، تېخى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە يېقى «ئويۇن» تېپىپ بەرگىنىگە خۇش بولۇپ يۈرۈپتۇ. پۇل ئۇتتۇرۇۋېتىش ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر، چۈنكى دادىسى ئۇنىڭغا ئۆزمەي پۇل بېرىپ تۇراتتى.

بۇنداق ئەھۋالدا، ئېنگستىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى قانداقمۇ ياخشى بولسۇن؟ ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئويۇن - تاماشا، سوقۇشۇش ۋە قىمار ئويناشتا ئىدى. ئۆگىنىش ئۇنىڭغا نىسبەتەن پەقەتلا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدا نىقابلىنىش ئۈچۈن قىلىنىغان بىر ئىش ئىدى. ئۇ، ئۆگىنىشتىكى خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولالمايتتى،

ئۆگەنگەن بىلىملىرىدىن كېلىدىغان لەززەتكىمۇ ئېرىشەلمەيتتى. ئۇ، ئۆگىنىشنى پايدىسى يوق ئىش دەپ قارايتتى، كىتاب كۆرسىلا بېشى ئاغرىيتتى. لېكىن، ھېلىقى باللار بىلەن ئوينىغاندا، كۆڭلى ئېچىلىپ، ئۆزىنى ئەركىن ھېس قىلاتتى.

ئېنگستېنىڭ كەلگۈسى قانداق بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ ئۇزاققا قالمايلا بېشەملىكنىڭ دەردىنى تارتىپتۇ. بارا - بارا ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى ئاتا - ئانىسىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپتۇ. ھېلىقى تاياق يېگەن دېھقانمۇ ئۇنىڭ دادىسىغا ئەرز قىلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دادىسى ئۇنى قاتتىق ئەدەپلەپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ خىراجىتىگە بېرىلىدىغان پۇلنى توختىتىپتۇ. ئېنگست كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلا «نامرات» بولۇپ قاپتۇ. بىر قېتىملىق قىماردا ئېنگست ھەممە پۇللىرىنى ئۇتتۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ، ھېلىقى باللاردىن قىمار ئويناشقا پۇل سورىسا، ھەممىسى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپتۇ. ئۇلار: «ھازىر سەندە پۇل يوق، بولدى ئوينىما. داداڭ ساڭا پۇل بەرمەيدىغان بوپتۇ، قەرز ئالساڭ نېمەڭ بىلەن قايتۇرىسەن؟» دەپتۇ. ئېنگست ناھايىتى غەزەپلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ، ئادەتتىكى بۇ «ياخشى دوست» لىرىنىڭ بىردەمدىلا بۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىشىنى ئويلىمىغان ئىكەن. ئېنگست ئۇلار بىلەن تىللىشىپ، دەسلەپ قول سالپتۇ. ئۇلار ئېنگستنى قورشىۋېلىپ تازا سالپتۇ. ئۇلاردىن بىرسى بىر پارچە تاش بىلەن ئېنگستنىڭ بېشىنى يېرىۋېتىپتۇ. ئۇ، دەل ھېلىقى تاياق يېگەن دېھقاننىڭ ئوغلى ئىكەن.

بۇ ئىشتىن شۇنى كۆرمەك قىيىن ئەمەسكى، بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئاتا - ئانا بىلەن نېمىدېگەن زور مۇناسىۋەتلىك ھە! ئېنگست ئەسلىدە راستچىل بالا بولالايتتى. ئۇنىڭ ئائىلە شارائىتى ياخشى، ئۆگىنىش شەرت - شارائىتلىرىمۇ تەل ئىدى.

ئەمما ئۇ، شۇنچە ئەۋزەل شارائىتتا ياخشى تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلماي، بەلكى ئۆزىنىڭ يامان قىلمىشلىرى ئۇچۇن بەدەل تۆلىدى. مېنىڭچە، بۇنىڭدىكى جاۋابكارلىقنى تامامەن ئۇنىڭ ھېلىقى دادىسىغا ئارتىش كېرەك.

مەن بۇ ئىشنى كارلىغا ئېيتىمپ بەرگەندە، ئۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ: «بۇنداق ئوغۇل ۋە بۇنداق دادا شەيتاندىن تۆرەلگەن ئىكەن» دېگەن. ئۇ ماڭا ۋەدە بېرىپ، پۇلنى جايىغا خەجلەيدىغانلىقىنى، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك مەندەك دادىسىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ تەلەيلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى.

## ئاز - تولا ھەققە ئېرىشىشنىڭ تولىمۇ تەسلىكىنى ئوغلۇمغا بىلدۈردۈم

مەن ئوغلۇمغا ئاز - تولا ھەققە ئېرىشمەكنىڭ تولىمۇ تەس ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۈم ھەم پۇلنى ئۆز جايىدا خەجلەشنى ئۆگەتتىم. مەن ئۇنىڭغا پېچىنە - پىرەنىك قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىشنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى، كىتاب قاتارلىق ئۆگىنىش قوراللىرىنى سېتىۋالسا، ئۇنىڭدىن ئۇزاققىچە پايدىلانغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتاتتىم. بەزىدە ئۇنىڭغا، مىلاد بايرىمى دېگەندەك ھېيت - ئايەم كۈنلىرىدە، دوستلىرىغا ياكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىغا ئازراق سوۋغا تەقدىم قىلسا، ئۇلارنىڭ بەك خۇشال بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قوياتتىم. ئەتراپتىكى كىشىلەردىن بىرەرسى بالا - قازاغا ئۇچرىسا، ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،

كارلنى بىللە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىن ھال - ئەھۋال سورايتتىم. ھەر قېتىم مۇشۇنداق چاغدا، كارل يىغقان پۇللىرىنى چىقىرىپ، ئۇلاردىن ھال سورايتتى. بۇ چاغدا مەن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئۇنىڭغا: «كارل ناھايىتى توغرا قىلدىڭ، گەرچە سوۋغاڭ ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ‹ئىنجىل› دا خاتىرىلەنگەن ھېلىقى نامرات تۇل خوتۇننىڭ پۇلىدەكلا قىممەتلىك» دەيتتىم. كارل بۇ گەپنىڭ «ئىنجىل» دىكى بىر ھېكايە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. «ئىنجىل» نىڭ 12-باب ئاخىرىدا مۇنداق يېزىلغان: «ئېيسا ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ پۇل ساندۇققا پۇل تاشلاۋاتقانلىقىغا قاراپ ئولتۇراتتى. بىرنەچچە باي كېلىپ ساندۇققا خېلى كۆپ پۇل تاشلىدى. شۇ چاغدا بىر نامرات تۇل خوتۇن كېلىپ، ساندۇققا ئازغىنا پۇل تاشلىدى. ئېيسا ئەلەيھىسسالام ھاۋارىيۇنلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ‹مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بۇ نامرات تۇل خوتۇننىڭ ساندۇققا تاشلىغان پۇلى باشقا ھەممەيلەننىڭ تاشلىغىنىدىن ھەم كۆپتۇر. چۈنكى، ئۇ كىشىلەر ئۆزىدىن ئېشىنىدىغان پۇلنى تاشلىدى. ئەمما، بۇ تۇل خوتۇن ئۆزىگە يېتىشمەيدىغان ئەھۋالدىمۇ، ئۆز بىساتىدا بار ھەممە پۇلىنى تاشلىدى›».

مېنىڭ «ئىنجىل» ۋە قەدىمدىن ھازىرغىچە تارقالغان رىۋايەت، شۇنىڭدەك شېئىرلاردىكى ھېكمەتلەر ئارقىلىق كارلنى ياخشى ئىش قىلىشقا ئۆگىتىشىم ئادەتكە ئايلانغان ئىدى. كارلغا كىچىكىدىن باشلاپ بۇ ھېكايىلارنى ئېسىدە ساقلاتقۇزغان ئىدىم. شۇڭلاشقا، ھەر قېتىم: «كارل، پالانى ئادەم بۇنداق ئەھۋالدا قانداق قىلغان؟» دەپ سورىسام، ئۇ دەرھال مەقسىتىمنى چۈشىنىپ، تىرىشىپ ياخشى ئىش قىلاتتى ياكى ئەسكى ئىشتىن قول ئۈزەتتى.

باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش، كۆڭۈل بۆلۈش ناھايىتى مۇھىم. ئۇ، بالىلارنىڭ كەلگۈسىدە باشقىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدىغان ئادەم بولۇش - بولماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك. بالىلار چوڭ بولغاندا ھېسداشلىق قىلىدىغان، كۆيۈمچان ئادەم بولسۇن دېسەك، كىچىكىدىن باشلاپ بۇ خىل تەلىم - تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز زۆرۈر. مەنلا ئەمەس، ئايالىمۇ ئوغلىمىزنىڭ مىجەز - خاراكتېر تەربىيىسىگە، ياخشى ئىش قىلىش جەھەتتىكى تەربىيىسىگە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتۇق. بالىنىڭ ئۆزىگىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن كارى بولمايدىغان ئادەم بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كارل ئەمدىلا ئىككى ياشتىن ئاشقاندا، ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭغا بۇ جەھەتتىكى تەربىيىنى باشلىغان ئىدۇق. كونكرېت ئۇسۇل جەھەتتە، كارل ئانىسىغا كۆڭۈل بۆلۈشتىن باشلاندى. كارلنى ئانىسى ئاچچىقلىنىپ قالغاندا تەسەللىي بېرىشكە، ئانىسى ئاغرىپ قالغاندا ھالىغا يېتىشكە، قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئىشلارنى ئانىسىغا قىلىپ بېرىشكە ئۆگىتەتتىم. مانا مۇشۇنداق تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق، مەن ۋە ئايالىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كارلنى كۆيۈمچان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقتۇق. ئۇ، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ۋە ھېسسىياتىنى بەكمۇ ئايايدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كارلنىڭ باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، ئادەمگە ھەمدەرد بولالايدىغان، سەمىمىي ھېسسىياتىدىن سۆيۈنەتتى ھەم ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى.

بىر قېتىم مەن توساتتىنلا، كارلنىڭ پۇلىي ئازلاپ قالغانلىقىنى بايقاپ، تولىمۇ ھەيران بولدۇم. چۈنكى، ئوغلۇم مەن بەرگەن پۇللارنى ئوبدان ساقلايتتى. ئۇ، خەجلىگەن ھەربىر پۇلنى، مەيلى كىتاب ياكى ئۆگىنىش سايمانلىرىنى ئالسۇن،

ماگا دەيتتى ھەم پىكرىمنى ئالاتتى. مەن ئۇنىڭدىن ھېلىقى تۇيۇقسىز «يوقاپ كەتكەن» پۇللىرىنى سۈرۈشتۈرسەم، ئۇ ماگا ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىغان بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ، خوۋس ئىسىملىك بىر بالا بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. خوۋس دېھقاننىڭ ئوغلى ئىكەن. ئۆگىنىشكە ناھايىتى ئامراق ئىكەن، ئەمما ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەپتۇ. بۇ، بەلكى ئۇنىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتى بولسا كېرەك. ئۇ، كىتابقا بەكمۇ قىزىقىدىكەن. كارل، ماگا كىتاب سەۋەبىدىن خوۋس بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. بىر كۈنى كارل دالىدىكى تاشتا ئولتۇرۇپ، بارلىق دىققىتى بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتقان ئىكەن. ئۇ، كىتاب ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەندە، كەينىدە بىرەيلەننىڭ كىتابقا قاراپ تۇرغانلىقىنى بايقاپتۇ، بۇ دەل خوۋس ئىكەن. ئۇ، ئۆزىنىڭ بەكمۇ كىتاب ئوقۇغۇسى بارلىقىنى، ئەمما ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قولى قىسقىلىقىنى، كارل ئوقۇۋاتقان كىتابتىكى ھېكايىلارنى تولىمۇ ئاڭلىغۇسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇ چاغدا، كارلنىڭ ئەتراپىدا ئويناۋاتقان دوستلىرىمۇ ئانچە كۆپ ئەمەسكەن. ئۇ، خۇددى سىرداش دوست تېپىۋالغاندەك ھېس قىلىپ، كىتابتىكى نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. خوۋسمۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئائىلە ئەھۋالىنى كارلغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ دادىسى ناھايىتى ئەمگەكچان بولۇپ، كۈن بويى تىرىشىپ ئەمگەك قىلىدىكەن، ئائىلىسىگە بارلىقىنى بېغىشلايدىكەن. ئۇنىڭ ئانىسى ئاق كۆڭۈل ئايال ئىكەن. گەرچە تەربىيە كۆرمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا خوۋسنىڭ ياراملىق ئادەم بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن، خوۋسنى تىرىشچان، ياخشى بالا قىلىپ تەربىيىلەيدىكەن. ئەمما، شەرت - شارائىت يار بەرمىگەچكە، بالىسىنى ئوقۇتالماپتۇ، بۇنىڭدىن ئانىسىنىڭ

كۆڭلى بەك يېرىم بولىدىكەن. ئۇ، كارلغا بەك ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى، چۈنكى كارلنىڭ ئوقۇيدىغان كىتابى ۋە ئوقۇش سايمانلىرى بارلىقىنى، ئەگەر ئۆزىنىڭمۇ مۇشۇنداق شەرت - شارائىتلىرى بولغاندا، بىلىملىك ۋە يارامىلىق ئادەم بولالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. كارل بۇنىڭدىن بەك تەسىرلىنىپ، دەرھال ئۆزىگە يۇگۇرۇپ بېرىپ، ئازراق قەغەز - قەلەم ئەكېلىپ، خوۋسقا بېرىپتۇ ھەمدە يىغقان پۇللىرىدىن 12 كوپېيك بېرىپتۇ. كارل ئۇنىڭغا: «بۇ مېنىڭ ئازغىنە ياردىمىم، گەرچە ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم. ھازىردىن باشلاپ تىرىشىپ ئۆگىنىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. پەرۋەردىگار سېنىڭ ئارزۇيۇڭنى يەردە قويمايدۇ» دەپتۇ. كېيىن خوۋسنىڭ دادىسى ئوغلىنى ئېلىپ، بىزنىڭ ئۆيگە ئالايىتەن تەشەككۈر ئېيتقىلى كەلدى. ئۇ: «ھۆرمەتلىك باستېر ۋىتېر، سىزنىڭ شۇنداق ياخشى ئوغلىڭىز بار ئىكەن. ھەقىقەتەن زوقۇم كەلدى. ئۇ، ئوغلۇمغا پەرىشتىدەك مېھىر - مۇھەببەت ئاتا قىلدى. پەرۋەردىگار ئۇنى بەختلىك قىلغاي» دېدى.

مېنىڭ ئوغلۇمغا پۇل بېرىشىم ئۇنىڭغا ئۆگىنىشنىڭ پايدىسىنى چۈشەندۈرۈش، شۇنداقلا ئۇنى ياخشى ئىش قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ، كىچىك چېغىدىلا ئۆزىنىڭ ئازغىنە كۈچى ئارقىلىق باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى بىلەتتى. مەن ئۇنى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، مۇنداق ساددا ئىشنىمۇ قىلغان: ھەر قېتىم ئوغلۇم بىرەر كىتابنى ئوقۇپ ياكى تەرجىمە قىلىپ بولغاندا، خۇددى يەلكىمىزدىن تاغ غۇلاپ چۈشكەندەك غەلىبىنى تەبرىكلەپ «ياشىسۇن ھومېر، ياشىسۇن ۋېككېر!» دەپ ئاپتورلارنىڭ ئىسمىنى بىرلىكتە توۋلايتتۇق، بۇ چاغدا ئايالىممۇ كىرىپ تەبرىكلەيتتى. ئاندىن بازارغا بېرىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى

سېتىۋېلىپ كېلىپ، كارل ياخشى كۆرىدىغان تاماقلارنى تەييارلاپ، دائىم يېقىن ئۆتىدىغان بۇرادەرلىرىمدىن 2 — 3 كىشىنى كەچلىك تاماققا چاقىراتتۇق. ئولتۇرۇشتا، ئالدى بىلەن مەن: «بۇ كىتاب ناھايىتى تەس ئىدى. ئەمما، كارل بۇ كىتابنى قاتتىق ئىرادە بىلەن ئوقۇپ، بىر باشقا ئېلىپ چىقالىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆگىنىشى تېخىمۇ ئىلگىرىلىدى» دەيتتىم. مېنىڭ تونۇشتۇرۇشۇمنى ئاڭلىغان بۇرادەرلىرىم ئارقا - ئارقىدىن كارلنى قىزغىن تەبرىكلەپ: «مۇبارەك، مۇبارەك» دەيتتى. ئاندىن ئۇلار شۇ كىتابتىن بەزى سوئاللارنى چىقىرىپ كارلدىن سورايتتى. ئۇ، كىتابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ياكى بىرەر ئابزاسنى بايان قىلىپ بېرەتتى. ئاخىرىدا، كەچلىك تاماق كارلنىڭ: «ئى پەرۋەردىگار! ساڭا شۇكرى، سەن مېنى شۇنداق ياخشى ئاتا - ئانىغا مۇيەسسەر قىلدىڭ. سەن ماڭا سالامەتلىك، كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ھەر خىل ئەقىل - پاراسەت، قابىلىيەت ئاتا قىلىپ، بىلىمىمنى ئۆستۈردۇڭ» دېگەندەك رەھمەت سۆزلىرى بىلەن ئاخىرلىشاتتى.

## ئوغلۇمغا پۇلنى قانداق خەجلەشنى ئۆگەتتىم

كارل تەخمىنەن بەش ياشقا كىرگۈچە خېلى كۆپ پۇل يىغدى. بۇ، شۇ ياشتىكى بالىلارغا نىسبەتەن ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. شۇ چاغدىن باشلاپ مەن ئۇنىڭغا، ئاشۇ پۇلنى قانداق خەجلەشنى ئۆگىتىشكە باشلىغان ئىدىم.

مېنىڭچە، كىچىكىدىن باشلاپ بالىغا قاتتىق تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بارغاندا، ئۇنىڭغا پۇلنى قانداق ئىشلىتىشنىمۇ ئۆگىتىش كېرەك. بۇ، بىر خىل ساپا بولۇپ، ئادەمنىڭ بىر ئۆمۈر

تەرەققىياتى ۋە بەختىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە. مەن ئۇنى پۇل باشقۇرۇش تەربىيىسى دەپ ئاتىدىم. ئۇ، كارلغا بولغان تەربىيەمنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا كارلنىڭ ساپاسىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ئىدى. مېنىڭچە، پۇل باشقۇرۇش ئىقتىدارى — بالىنىڭ تۇرمۇشى، كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك ۋە كەلگۈسىدە چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك مۇھىم قابىلىيەتلەردىن بىرى. بۇ ئىقتىدارنى بالىنىڭ كىچىك دەۋرىدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈش كېرەك. قانچە بالدۇر باشلانسا، ئۇنۇمى شۇنچە ياخشى بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ناھايىتى تەسكە توختايدۇ. باللار ئادەتتە ئەڭ ئوڭاي خاتالىق سادىر قىلىدۇ، ئەمما بۇنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ دەپ قارىساقمۇ بولمايدۇ. كىچىك بالىنىڭ مۇقىم كىرىمى بولمايدۇ، پىشىپ يېتىلگەن پۇل قارىشى ھازىرلانمىغان بولىدۇ. ئۇلار ئۆز پۇلىنى قانداق باشقۇرۇشنى بىلمەيدۇ، ئەمما پۇل خەجلەش ھەۋىسى ۋە تەلىپى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ ئەھۋال بالىدا پۇل خەجلەش جەھەتتە، ئوڭايلا خاتالىق سادىر قىلىدۇ. بۇ خاتالىق ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

شۇڭلاشقا، مەن كارلنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىگە خۇددى باشقا تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بەرگەندەك، ئۇ كىچىك چېغىدىلا قول سېلىشقا باشلىغان ئىدىم. مەن بەزى باللارنى كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە ناھايىتى ئوخشىشىدىغان مۇنداق خاتالىقلارنى سادىر قىلىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم: نۇرغۇن باللار ئاتا - ئانىسىنىڭ پۇلىنى قالايمىقان خەجلەيدىكەن. پۇلنى پەقەت مەلۇم نەرسە سېتىۋالىدىغان بىر خىل قورال دەپ قارايدىكەن. پۇل يىغىدىغان ئادىتى يوق ئىكەن، خەجلىۋەتكىنى يىغقىنىدىن كۆپ

بولىدىكەن. پۇلنى خەجلەشتىن ئاۋۋاللا نۇرغۇن نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئىستىكى بولىدىكەن. بىرەر نەرسە سېتىۋالغاندا، ھەممە پۇلنى خەجلىۋېتىدىكەن. پۇل خەجلىگەندىلا قانائەت ھاسىل قىلىدىكەن. باشقىلارنىڭ ۋەدىسىگە ئوخشىلا ئىشىنىپ قالىدىكەن، پىلانى بولمايدىكەن. مانا بۇلار ئادەتتە بالىلار پۇل خەجلەش جەريانىدا داۋاملىق ئاسان سادىر قىلىدىغان خاتالىقلاردۇر. بالىلارنىڭ بۇ خاتالىقلىرىنى تۈگىتىشكە ياردەم بەرگەندە، ئەقەللىي ۋە توغرا بولغان پۇل قارىشىنى تىكلەش، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىدا ئىگە بولۇشى زۆرۈر ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈش — ھەربىر ئائىلىنىڭ ئاساسىي مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى.

بەزى ئاتا - ئانىلار تېخى چوڭ بولمىغان بالىلىرىغا ئورۇنسىز ھالدا پۇل بېرىۋېرىپ، ئۇلارنىڭ پۇل خەجلەش تەلىپىنى شەرتسىز ھالدا قانائەتلەندۈرىدۇ. بالىلارنىڭ زىيادە ماددىي ئىستىكىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىدۇ - دە، بالىنىڭ يامان ئادىتىنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئۇلار چوڭ بولۇپ، ئۆزىنىڭ چەكلىك كىرىمىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەندە، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئەھۋالىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم قارارلارنى چىقىرىشقا توغرا كەلگەندە، دەماللىققا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېلىپ ھەم قابىلىيىتى يەتمەيدۇ، ھەم پىسخىك جەھەتتە ماسلىشالمايدۇ. مېنىڭ كارلىغا پۇل بېرىشتىكى مەقسىتىم شۇكى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا كىچىكىدىن باشلاپ پۇلنى قانداق پىلانلاپ ئىشلىتىشنى ئۆگىتىش ھەمدە ئۇنىڭغا ئەمگەك بىلەن ھەق ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرۈپ، بۇ خىل چۈشەنچىلەرنى ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇشتىن ئىبارەت. مەن ئۇنىڭغا پىلانسىز ھالدا پۇل بېرىۋەرمەيتتىم. خۇددى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، ئۇ

ياخشى ئىش قىلغاندىلا، مەن پۇل بېرەتتىم.

مېنىڭ بايقىشىمچە، بالا ئۈچ ياشلاردىكى چاغدا، ئۇنىڭدا مۇستەقىل ئاڭ بىخلىنىپ، ئۆز - ئۆزىنى تونۇيدىكەن. «ئۆزۈم قىلاي»، «مەن قىلىمەن»، «مەن قىلالايمەن» دىگەندەك ئۆز-ئۆزىنى تونۇش ۋە ئۆز ئىستىكىنى ئىپادىلەش ئالامىتى پەيدا بولىدىكەن. شۇڭلاشقا، ئوغلۇم ئۈچ ياشلارغا كىرگەندە، ئۇنىڭغا بۇ جەھەتتىكى تەربىيىنى باشلىۋەتكەن ئىدىم. بۇ تەربىيىمۇ باشقا تەربىيىدەكلا ئوغلۇمغا نىسبەتەن شۇنداق تەبىئىي، دەل ۋاقتىدا بولغان ئىدى. ئۇمۇ خۇددى باشقا تەربىيىدەك بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان مول ئوزۇقلۇق بولدى. مەن باشقا نۇرغۇن ئاتا - ئانىلاردەك، بالا كىچىك چېغىدا پۇلغا يېقىن كەلسە بولمايدۇ دەپ قارىمايتتىم. مېنىڭچە، بالىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان پۇل خەجلەش تەربىيىسىنى بىر خىل ۋاسىتە، قورال دەپ قاراش كىرەك. بۇ خىل تەربىيىنىڭ مەقسىتى ھەرگىز بالىغا پۇل يىغىشنى ئۆگىتىش ياكى ئۇنى بىر تىجارەتچى قىلىپ چىقىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى قابىل، مۇكەممەل، ھەقىقىي ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتۇر. بۇ مەسىلىدە، ئاساسىي پەزىلەتلەرنى يېتىشتۈرۈش تېخىمۇ مۇھىم.

ئاۋۋال بالىغا سەمىمىي بولۇشنى ئۆگىتىش كېرەك. چۈنكى بۇ، ئۇنىڭ قانداق پوزىتسىيە ئارقىلىق پۇلغا مۇناسىۋەتلىك ئاشۇ پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا، شۇنىڭدەك جەمئىيەت ۋە ئاممىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان باھاسىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. يەنە كېلىپ، بۇ جەھەتتە مەسىلە ساقلانسا، كېيىنچە ئۇنىڭغا ئاۋارىچىلىك، ھەتتا ئىنتايىن ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

كارلغا بۇ جەھەتتە تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بارغاندا، مەن مۇنداق ئۇسۇل قوللاندىم: مەن سەمىمىي بولۇشتەك پەزىلەتنىڭ

ئىنتايىن پايدىلىق ئىكەنلىكىگە دائىر پاكىتلارنى ياكى كىتابلاردىكى مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلارنى چۈشىنىشلىك بايان قىلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئوغلۇمنىڭ كاللىسىدا سەممىيلىك ئۇقۇمى ۋە سەممىيەتسىزلىكنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇردۇم. مەن ئۆزۈمنىڭ سەممىيلىك ئۆلچەملىرىمنى، يەنى مېنىڭ ھەرىكىتىم ئوغلۇمغا قانداق تەسىر قالدۇردى، ئوغلۇمنىڭ ئالدىدا ئانچە زىيىنى يوق بەزى گەپلەرنى سۆزلەپ سالدىممۇ ـ قانداق؟ دېگەنلەرنى پات ـ پات تەكشۈرۈپ باقتىم. كۈندىلىك تەلىم ـ تەربىيە ئارقىلىق مەن كارلىنىڭ سەممىيلىك پەزىلىتىنى ئۆز مىجەز ـ خاراكتېرىگە ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىغا ياردەم بېرەتتىم. بولۇپمۇ ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، مەن ئۇنىڭ مەلۇم ھەرىكىتىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى ئۆز قەلبىدىكى ئەخلاق ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەپ ھۆكۈم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشكە باشلىدىم. تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن قىيىن تاللاشقا دۇچ كەلگەندە، مەن ئۇنى سەممىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش، ئاكتىپ ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇردۇم. مەن ھەمىشە كارلىغا پۇل ئالدىدا غۇرۇرنى ساقلاشنى بىلىشكە ئاگاھلاندۇراتتىم. مېنىڭچە، پۇل رېئال تۇرمۇشتا ئادەمنىڭ غۇرۇرنى ئەڭ ئاسان يوقىتىدىغان، ئۆز ئارزۇسىغا خىلاپ ئىشلارنى قىلدۇرىدىغان نەرسە. ئەگەر بىر ئادەم پۇل ئالدىدا غۇرۇرنى ساقلىيالىسا، ئۆز پرىنسىپىنى سېتىۋەتمىسە، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. نۆۋىتى كەلگەندە، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدۇ، ئۆز كەسپىدە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. مەن ئۆز ھەرىكىتىمدە پۇل جەھەتتە ئىنتايىن دىققەت قىلىپ، ئوغلۇمغا غۇرۇر تىكلەشنىڭ ئۈلگىسىنى كۆرسىتىپ بەردىم. ئوغلۇم خىلمۇخىل كەچۈرمىشلەرنى ئاڭلاش ۋە بۇ خىل ئۈلگىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق، غۇرۇرنى ئاساسىي

جەھەتتىن تىكلىنىۋالغان ئىدى.

مېنىڭچە، بالىغا ئائىلە مۇقىملىقىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ قەلب ساداسىنى ئاڭلاشقا ماھىر بولۇشى، ھەر خىل ئەھۋاللاردا يولۇققان مەسىلىلەردە، بالىسىنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى پىكرىنى ئېلىشى كېرەك.

بالىلارغا ئۆز نەتىجىسىدىن قانائەتلىنىشنى ھېس قىلدۇرۇشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ھەرقانداق بالا مەلۇم ئىشتا نەتىجە قازىنىشقا موھتاج بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار ھەمىشە بالىسىغا ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىشنى كۈچەيتىدىغان پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى، نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ساھەسىنى تاللىۋېلىشىغا يول قويۇشى كېرەك. ئاتا - ئانىلار ھەمىشە بالىسىنىڭ ئورنىدا قارار چىقىرىشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

مەن ئوغلۇمنىڭ ئۆز قىممىتىنى ھېس قىلغاندا، خۇشال بولۇشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردىم. چۈنكى، ھەرقانداق بالا ئۆز قىممىتىنى بايقىغاندا، چەكسىز خۇشاللىنىدۇ، ئىچ - ئىچىدىن بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلىدۇ. بالىنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرىنى بايقاش، دائىم سەممىمىي تەقدىرلەش، ئۇنىڭ غۇرۇرىنى ساقلاشقا ياردەم بېرىدۇ.

مەن كارلنى باشقۇرۇش تەربىيىسىدە، ئۇنىڭغا تېجەشلىك بولۇش، ھەربىر نەرسىنىڭ قىممىتىنى تونۇش، بىھۇدە ئىسراپ قىلماسلىق، قىممەتلىك نەرسىلەرنى بۇزۇۋەتمەسلىك ۋە بىھۇدە ئىشلىتىۋەتمەسلىكنى ئۆگەتكەن ئىدىم. ھەربىر ئائىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئائىلىنى قانداق باشقۇرۇش ناھايىتى مۇھىم. بىز بالىلارغا ھەربىر نەرسىنىڭ قىممىتىنى تونۇشنى، ئۇنى ئاسراشنى، قوغداشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

مەن ھەمىشە كارلنىڭ ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنى

قىلىشىغا ياردەملىشەتتىم. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى ئويلىغان نەرسىلەرگە ئېرىشەتتى. مەن ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، يەر شارىدىكى تەبىئىي بايلىقلار ھەققىدە پاراڭلىشاتتىم. ئۇنىڭغا مېتال، ياغاچ ماتېرىياللىرى ۋە قەغەزنىڭ قانداق كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ ناھايىتى چەكلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتىم. ئەگەر ئۇ دىققەت قىلماي ياكى بىخەستىلىك قىلىپ، بىرەر نەرسىنى بۇزۇۋېتىپ قويسا، ئۇنى ئۆزى ئوڭلاپ بېقىشقا، رېمونت قىلىشقا بۇيرۇيتتىم.

مەن كارلغا گەرچە بىز بايلىققا ئىنتايىن ئامراق بولساقمۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن بايلىقنىلا قوغلاشساق بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇراتتىم. چۈنكى، بايلىق بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى قوللاپ تۇرىدۇ، ئەمما ئۇ ھەقىقىي مەنىگە ئىگە تۇرمۇشنى يارىتىپ بېرەلمەيدۇ.

مەن ئاددىي ـ ساددا، پەرھىزكار ئادەم، ئوغلۇمنى ئىزچىل ھالدا ئاددىي ـ ساددا ئىستىلدا تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدىم. باللار دۆلەتنىڭ كەلگۈسىنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر دۆلەتنىڭ كەلگۈسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ئاچ كۆز، راھەتپەرەس، نەپسانىيەتچى ئەۋلاد بولسا، ئۇ ھالدا دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. قانائەت قىلىش تۇيغۇسى ئاددىي ـ ساددىلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئاساسى. «يېتەرلىك بولدى دەپ قارىسىڭىز، يېتىدۇ» دەيدىغان پوزىتسىيە ئاددىي ـ ساددا پەزىلەتنى يېتىشتۈرۈشتە، چوقۇم ئۇل چىقىش رولىنى ئوينايدۇ. مەن مۇشۇ گەپ بىلەن ئوغلۇمغا ئاچ كۆز بولماسلىق ھەققىدە تەربىيە بېرەتتىم. مەن ھەمىشە كارل بىلەن ئاددىي ـ ساددىلىق ئادەمگە بويۇنتۇرۇق بولماستىن، بەلكى ئادەمگە ئەركىنلىك ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىشەتتىم. پاراڭنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گۈزەللىك ۋە

دوستلۇق تەرەپكە قارىتىپ، ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ قىممىتى، ماددىنىڭ قىممىتىدىن ئۇستۇنلۇكىنى بىلدۈرەتتىم.

ئاددىي - ساددا ئىستىلنى يېتىلدۈرۈش ئىنتايىن تەس بولسىمۇ، لېكىن بالىلارغا ھەر دائىم «بارلىق ئىشلاردا ئاددىي-ساددىلىقتا سادىق بولۇش» دېگەن سۆزنى ئېسىدە ساقلاشنى ئۆگەتسەك، ئۇ ھالدا ئاددىي - ساددا بولۇشتەك ياخشى ئادەتمۇ ئۇلاردا تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ.

## ئانىسى ئۇنىڭ دىپلوماتى ئىدى

كارل ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئانىسىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەن ئىدى. ئائىلىمىنىڭ كارلغا سەرپ قىلغان يۈرەك قېنى مېنىڭكىدىن كەم ئەمەس. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كارلنىڭ ئاشۇنداق ياخشى پەزىلەتلىك، ئوچۇق - يورۇق، تېتىك مىجەز - خاراكتېرى ۋە باشقىلارغا كۆيۈمچان بولۇشى ئانىسىنىڭ ئەستايىدىل تەربىيىسىدىن ئايرىلالمايدۇ.

ئانىسى ئۇنىڭ دىپلوماتى ئىدى. ئۇ، كارلغا باشقىلار بىلەن قانداق پاراڭلىشىش، قانداق چىقىشىپ ئۆتۈش، ھەتتا كىيىم - كېچەكلەرگىچە قانداق قىلىشنى بىر قوللۇق كۆرسىتىپ ئورۇنلاشتۇراتتى. مەيلى كىچىك بالا ياكى چوڭ ئادەم بولسۇن، «ئۇنى قىل، بۇنى قىلما» دېگەن بۇيرۇقلاردىن بىزار بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ئائىلەم ھەمىشە ئەپچىل چارىلەرنى ئويلاپ تاپاتتى. «ئۇنى قىل» دېمەيمۇ كارلغا تەبىئىي ھالدا شۇ ئىشنى قىلدۇراتتى، «بۇنى قىلما» دېمىسىمۇ كارل ئاڭلىق ھالدا ئۇنى قىلمايتتى. ئائىلەم ماڭا: «بالىنى ئۆگىنىشكە زورلىغاننىڭ پايدىسى يوق، ئۇنى ئۆگىنىشكە زورلىغاندىن

كۆرە، ئۆگىنىشكە توغرا مۇئامىلە قىلىشقا يېتەكلىگەن ياخشى» دېگەن. گەرچە مەن كارلىنىڭ ئۆگىنىشىگە مەسئۇل بولساممۇ، ئايالىم ماڭا نۇرغۇن ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىپ تۇرغان ئىدى.

مېنىڭچە، ئانا ئۆزىنىڭ پەرزەنت قەلبىدىكى نوپۇزىنى تىرىشىپ ساقلىشى كېرەك. بەزى ئانىلار كوچىدا ئاجايىپ ياسىنىپ ـ تارىنىپ ماڭسا، باشقىلارنىڭ مازىقىغا قالىدۇ. يەنە بەزىلىرى بولسا دەل ئەكسىچە، ناھايىتى قاملاشمىغان كىيىنىپ، باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ. بالا ئۆز ئانىسىنىڭ باشقا باللار تەرىپىدىن مازاق قىلىنغىنىنى كۆرسە، ناھايىتى ئوڭايسىزلىنىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي، يەنە بالىنىڭ روھىغا ناھايىتى يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئانىلار غەيرىي ياسىنىۋالماي، لايىقىدا كىيىنىشكە ھەم ئۆزىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتمەسلىككە دىققەت قىلىشى لازىم. ئۇنداق بولمىسا، ئانىنىڭ نوپۇزى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. مانا بۇ، بالا تەربىيىلەشتىكى مەغلۇبىيەتنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالىدۇ. نۇرغۇن ئانىلار بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلمايدۇ، ئۆز ھەرىكىتىنى بالا بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس، نۇرغۇن باللار مۇشۇنداق ئانىلارنىڭ سەل قارىشى تۈپەيلىدىن ياخشى تەربىيىلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ، ھەتتا بارغانسېرى چاتاق بولىدۇ.

ئايالىم ماڭا بىر ئىشنى دەپ بەرگەن بولۇپ، نۇرغۇن ئىشلار بالىنىڭ قەلبىدە ئانىنىڭ نوپۇزى قالمىغاندا، قانداق ئاقىۋەت يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

بىر ئانا ئۆز قىزىنى قىزلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ئۇ، تېجەشلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ قىزىنى ئۆز سالاھىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان دەرىجىدە قالتىس چىرايلىق كىيىندۈرىدىكەن. ئۇ، شۇنچە قىلسىمۇ، لېكىن قىزى يەنىلا

ئانىسىنى ياقتۇرمايدىكەن. بىر قېتىم ئۇ قىز ئايالىمغا مۇنداق دەپتۇ: «ئانام ئاشۇنداق ئالىيېشىل گۈللۈك رەختلەردە كىيىم كىيىپ مەكتەپكە كەلسە، مەن بەك نومۇس قىلىپ كېتىمەن. مەن تۆت ياشقا كىرگەندىن باشلاپ ئانام مۇشۇنداق قىلغاچقا، ناھايىتى ئوڭايسىزلىنىپ كېتەتتىم».

ھېلىقى ئانا مۇنداق قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. گەرچە ئۇ قىزىمغا ياخشى بولسۇن دېگەنبىلەن، يەنىلا قىزىنىڭ ئۆزىگە بولغان ھۆرمىتىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. بەلكى، بەزىلەر بۇ قىزدىن نەپرەتلىنىشى مۇمكىن، ئەمما مەن ئۇ قىزغا ھېسداشلىق قىلىمەن. گەرچە ئانا قىزىنىڭ ئۇستۇۋېشىغا ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۇنى بىر ئوبدانلا قىزلار مەكتىپىگە ئاپىرىپ ئوقۇتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالماپتۇ، دەپ قارايمەن. ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ ئۈلگىسى. ئانىنىڭ ئۇستۇۋېشى رەتسىز بولسا، بالىسىمۇ شۇنداق بولىدۇ، بۇنى ھەممەيلەن بىلىدۇ. چېچىلاڭغۇلۇقتەك ئەسكى ئادەت ئادەمنى بىر ئۆمۈر چىرمىۋالسا، كىشىگە ئىنتايىن پايدىسىز. جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن كىشىلەر كىيىنىشىنىڭ رەتسىزلىكىدىن نۇرغۇن ياخشى پۇرسەتلەردىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇڭلاشقا، بىر ئادەمنىڭ قانداق كىيىنىشى ھەرگىز كىچىك ئىش ئەمەس. ئايالىم بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى، ئۆزى رەتلىك، پاكىز كىيىنىپلا قالماي، كارلىنىمۇ شۇنداق رەتلىك، چىرايلىق ياسىۋېتەتتى. ئايالىم ماڭا: «كىيىم - كېچىكى رەتسىز بولسا، روھىي جەھەتتىمۇ چېچىلاڭغۇ بولىدۇ. شۇڭا رەتلىك، پاكىز كىيىنىش ئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرەڭگۈ قىلىدۇ» دېگەن ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ، كارلغا ھەشەمەتلىك كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ قويمىسىمۇ، ئەمما رەتلىك، پاكىز كىيىندۈرەتتى.

مېنىڭچە، رەتلىك - پاكىز كىيىنىشمۇ ئادەمدە غۇرۇر پەيدا

قىلالايدۇ. ئادەملا ئەمەس، بەلكى ئاتمۇ شۇنداق. ئاتنىمۇ ياخشى ئېگەر - جابدۇق بىلەن جابدۇسا، ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق كۆرۈنىدۇ. ئاتنى كونا ئېگەر - جابدۇق بىلەن جابدۇغاندا ناھايىتى چۈشكۈن كۆرۈنىدۇ. ئەجەبا، ئات شۇنداق بولغان يەردە بالا شۇنداق بولمامدۇ؟ ئۈستۈبېشى مەينەت، رەتسىز بالىدا ھەرگىز ھېچقانداق دىت بولمايدۇ. ئايالىم كىيىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە يەنە كارلىنىڭ بەدەن پاكىزلىكى ۋە تازىلىقىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ، كارلغا يۈز - قولىنى يۇيۇشنى، ئەتىگەندە چىش چوتكىلاشنى، چاچ تاراشنى ئۆگەتكەن. چۈنكى، بەدەن پاكىزلىكىمۇ بالىنىڭ غۇرۇرىنى ساقلاشقا پايدىلىق. ئايالىم ھەربىر كىچىك ئىشلارنىمۇ ئالاھىدە ياخشى تۇتاتتى. كارلغا ياسانچۇقلۇق، ھەشەمەتلىك قىلىدىغان ئادەتنى يۇقتۇرماي، ئوتتۇرا ھال يول تۇتقان ئىدى. بالىنىڭ ئەسكى قىلىقلارغا كۆنۈپ قېلىشى كۆپىنچە ئانىنىڭ تەسىرىدىن يۇقىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭدىن ھوشيار بولۇش زۆرۈر.

ئادەم ھايات ئىكەن، ھەرقانداق چاغدا بىكار يۈرمەسلىكى كېرەك. بەزى ئانىلار شەخسىي تەربىيىلىنىشكە ۋە بالىسىنى تەربىيىلەشكە قىزىقمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر دائىم كىيىم - كېچەك ۋە گىرىم بۇيۇملىرى بىلەن ھەپىلىشىدۇ. بالىنىڭ ھاياتىنى كۆزدە تۇتقاندا، بۇنىڭدىن ساقلىنىش كېرەك. ئايالىم كارلنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە كىيىنىشىگە كۆڭۈل بۆلگەندىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ ئوينايدىغان ئويۇنلىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. نۇرغۇن ئانىلار بالىسىنىڭ ئويۇنىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ئۇلار ئۆي ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، بالىسى بىرەر ئىشنى قىلىپ ئانىسىغا «كۆرۈپ بېقىڭ» دېسىمۇ قاراپ قويمايدۇ. نەتىجىدە بالىنىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولىدۇ، بەزى بالىلار ھەتتا ئانىسىنىڭ تەنبىھ ۋە دۇشكەللەشلىرىگە

ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدا، ئانا تامامەن توغرا قىلمىغان بولىدۇ.
كارلنىڭ ياخشى ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئايالىم ئۇنىڭغا ئاتاپ ئالايىتەن «ئەخلاق - پەزىلەت جەدۋىلى» سىزىپ چىققان، ئۇنى ھەپتىدە بىر ۋاراق ئىشلىتەتتى. بۇ جەدۋەلدە «بويسۇنۇش، ئەدەپ - قائىدە، كەڭ قورساقلىق، سەمىمىيلىك، باتۇرلۇق، سەۋرچانلىق، ساداقەت، تېتىكلىك، پاكىزلىك، ئەمگەكچانلىق، ئۆزىنى تۇتۇش، ياخشى ئۆگىنىش، ياخشى ھەرىكەت» قاتارلىق مەزمۇنلار بار ئىدى. ئەگەر ئوغلۇم ئاشۇ تۈرلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ھەرىكەت قىلسا، شۇ كۈنلۈك كاتەكچىگە بىر ئالتۇن يۇلتۇز چاپلىناتتى. ئەكسىچە بولسا، بىر قارا يۇلتۇز چاپلىناتتى. بىر ھەپتىنى ئالتە كۈن ھېسابلاپ، ئالتۇن يۇلتۇز كۆپ بولسا، كارل كېلەر ھەپتە ئاشۇ ئالتۇن يۇلتۇزلار بىلەن ئوخشاش ساندا كىتاب، مېۋە - چېۋە، پېچىنىگە ئېرىشەلەيتتى؛ قارا يۇلتۇز كۆپ بولسا، بۇ مۇكاپات بۇيۇملىرىغا ئېرىشەلمەيتتى.
بۇ «ئەخلاق - پەزىلەت جەدۋىلى»گە بىر ھەپتە توشۇپ، ھېسابلاپ بولغاندىن كېيىنمۇ، كارلنىڭ ئۇنى تاشلىۋېتىشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى. بۇ، كارلنىڭ كېلەر ھەپتىدە قارا يۇلتۇزلارنى يوقىتىشىغا ئىرادە تىكلىشى ئۈچۈن ئىدى. بۇنداق قىلغاندا، كارلنىڭ ئاكتىپ روھىي ھالىتىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق بولاتتى. چۈنكى، قارا يۇلتۇزلار ئۇزاق مۇددەت ساقلىنىپ قالسا، كارل ئۈمىدسىزلىنىپ قالاتتى.
بىر كۈنى كارل ئۆيدە يالغۇز قالغاندا، بىز باققان كۈچۈكنى ھويلىغا باغلاپ قويۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ، لېكىن كارل كۈچۈكنى ئۆيگە ئەكىرىپ قويماپتۇ. كۈچۈك ھويلىدا «ھاۋ. . . ھاۋ» دەپ قاۋىغىنىچە، سوغۇقتا دىر - دىر تىترەپ تۇرۇپتۇ. ئايالىم سىرتتىن قايتىپ

كىرىپ بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپتۇ ـ دە، دەرھال كۈچۈكنى يېتىلەپ ئۆيگە ئەكىرىپتۇ ۋە كارلدىن:

— كارل، نېمىشقا كۈچۈكنى يامغۇردا قويدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن . . . ، مەن ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دەپتۇ كارل.

— سەن ئۇنىڭ قاۋىغىنىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ — دەپتۇ ئايالىم ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپ. چۈنكى ئۇ، كارلنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ قاپتۇ.

— ئۇ سىرتتا قالسا ھېچنېمە بولماس دەپتىمەن، — دەپتۇ كارل ئۆزىنى ئاقلاپ.

— نېمە؟ ئۇنداقتا سېنىمۇ تالاغا ئاچىقىپ، يامغۇردا بىردەم قويۇپ قوياي، خالامسەن؟

— ياق.

— كارل، ئۆزۈڭ خالىمايسەنۇ، نېمىدەپ كۈچۈكنى يامغۇردا قويۇپ قويىسەن. قارا، ھاۋا شۇنچە سوغۇق تۇرسا، كۈچۈك ئاغرىپ قالامدۇ؟ كۈچۈكنى يامغۇردا قويۇپ قويغىنىڭ نېمىدېگەن رەھىمسىزلىك ـ ھە! ئەگەر بىرەيلەن سېنى مۇشۇنداق يامغۇردا قويۇپ، ئاغرىتىپ قويسا، مەن قانچىلىك ئىچ ئاغرىتىمەن ـ ھە!

ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كارل بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، ئۆز خاتالىقىنى ئېتىراپ قىپتۇ ھەم بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىنى، كىچىك ھايۋانلارنى چوقۇم ئاسرايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

ئايالىم تۇرمۇشتىكى مۇشۇنداق بەزى كىچىك ئىشلاردىن تارتىپ تۇتۇپ، كارلنىڭ ياخشى ئادىتىنى بىر ـ بىرلەپ يېتىلدۈرگەن ھەمدە ئۇنىڭغا ئادەم بولۇشنىڭ قائىدىلىرىنى

ئۆگەتكەن ئىدى.

## ئوغلۇمنى يامان ئۆگىتىپ قويىمدىم

مەيلى كارلىغا بىلىم ئۆگىتىش ياكى ئۇنىڭدا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈشتە بولسۇن، ئەزەلدىن ئۇنى ئەيىبلىمەيتتىم، بەلكى سەۋرچانلىق بىلەن قائىدە سۆزلەيتتىم. مەن بۇنى ئەڭ ئۇنۇملۇك تەربىيە ئۇسۇلى، دەپ قارايمەن.

ئەمەلىيەتتە بالا ئەسكى ئىش قىلسا، مەسئۇلىيەت بالىدا ئەمەس، بەلكى چوڭلاردا بولىدۇ. بالىنىڭ ئەسكى ئىش قىلىشى ئاتا - ئانىلار ئۇنىڭ زېھنىنى ياخشى تەرەپكە يېتەكلىمەي، ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتى. بالىنىڭ زېھنىنى ياخشى تەرەپكە قارىتىمەن دەيدىكەنمىز، بالىنى خىزمەت ۋە ئەمگەككە مۇمكىنقەدەر بالدۇرراق قىزىقتۇرۇشىمىز ھەمدە ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىكى قابىلىيىتى ۋە قىزىقىشىنى يېتىلدۈرۈشىمىز زۆرۈر. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، بالىنىڭ ساغلام ئىچكى دۇنياسىنى تەدرىجىي يېتىلدۈرەلەيمىز. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىنى ئۇرۇش ئارقىلىق ياخشى تەربىيىلىگىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ، ئىنتايىن خاتا قاراش. «بالىنى ساۋاپ تۇرمىسا، يامان ئۆگىنىپ قالىدۇ» دېگەن گەپمۇ بار. مېنىڭچە، بۇ قاراش توغرا ئەمەس. بۇ، نۇرغۇنلىغان ياش ئاتا - ئانىلارنى خاتا يېتەكلەپلا قالماستىن، بالىغىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ. بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى ھەمىشە ئۇرۇپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق قىلساق، بالىمىز يامان ئۆگىنىپ قالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ، ئەمەلىيەتتە بالىنى تېخىمۇ رەھىمسىز، سوغۇققان قىلىپ قويىدۇ.

بىر قېتىم مەن بىر كىچىك بالىنىڭ بىر كۈچۈكنى

قىيناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ بالا ھېلىقى بىچارە مۈشۈكنى تارغاق بىلەن ھەدەپ ئۇرۇۋاتقان ئىكەن. مەن دەرھال بېرىپ، ئۇنى توستۇم ۋە ئۇنىڭدىن: «بالام، سەن بۇ كۈچۈكنى نېمىشقا شۇنچىۋالا ئۇرىسەن؟ ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىمىدىمۇ؟» دەپ سورىدىم. «دادام ھەمىشە مېنىمۇ مۇشۇنداق ئۇرىدۇ. ھېچكىم ماڭا ئىچ ئاغرىتمايدۇ. ئۇنداقتا، كۈچۈككىمۇ ئىچ ئاغرىتماسلىق كېرەك» دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى بالا.

ئەتراپىمىزدىكى ئائىلىلەرنىڭ بەزى بالىلىرى دادىسىنىڭ تاياق زەربىسىدىن قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالغان. دادىسى قالدۇرغان تاياق ئىزى دائىم ئۇلارنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ، ناھايىتى رەھىمسىزلىك ئەمەسمۇ؟ پەرۋەردىگار بىزنى باشقىلارنى سۆيۈشكە بۇيرۇيدۇ. ئەمما، بۇنداق قوپال تەلىم ـ تەربىيە ئارقىلىق چوڭ بولغان بالا كەلگۈسىدە قانداقمۇ باشقىلارنى سۆيەلىسۇن؟

مەن يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، غۇرۇر بىر ئادەمنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىنىڭ ئاساسى. غۇرۇر يوقالغاندا، ئادەمنىڭ ئەخلاق-پەزىلەت قۇرۇلمىسى پارچىلىنىپ كېتىدۇ. بەزىلەرنىڭ ھاراقكەش، قىمارۋاز، تىلەمچى، ئوغرى... بولۇپ قېلىشى غۇرۇرىنى يوقاتقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى.

ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىنى تىلغا ئالماي، ئۇرۇپ ـ تىللاۋەرسە، بالىنىڭ غۇرۇرى ئازابلىنىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ سەۋەنلىكىنى ھەمىشە ئاغزى بېسىقماي دەۋەرسە، بالىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدۇ. بۇمۇ توغرا ئەمەس. مەن تەن جازاسىنى ئىزچىل ھالدا تەشەببۇس قىلمايمەن، كارلىغىمۇ ئەزەلدىن تەن جازاسى بېرىپ باقمىدىم. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار ئاچچىقى كەلسىلا قىلچە ئويلانماي، بالىسىنى ئۇرۇپ كېتىدۇ. ئاچچىقى يانغاندىن كېيىن يەنە

بالىسىنى سۆيۈپ، ئۇنىڭ تاياقتا ئاغرىغان يەرلىرىنى سىلايدۇ، ياكى بالىسىنىڭ «كۆڭلىنى ئالىدۇ» . بۇنداق تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق ھەرگىزمۇ مۇنەۋۋەر تالانتلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولمايدۇ، بەلكى بىلىمسىز، يارامسىزلار يېتىشىپ چىقىدۇ.

باللار تەربىيىسى ئاتا - ئانىنىڭ تەربىيىلىنىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالا باشقۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن ئۆزىنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. ئاتا - ئانا بالىسىنى ياخشى تەربىيە كۆرگەن ئادەم قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنداقتا، ئاۋۋال ئۆزى ھەققىدە ئوبدان ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، ھېچقانداق تەربىيىنى بىر باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. ئائىلىدە گەپ - سۆز ئەركىنرەك بولىدۇ. ئەمما، ئۆز ئۆيۈمدە نېمە دېگۈم كەلسە شۇنى دەيمەن، نېمە قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلىمەن، ماڭا چەكلىمە يوق دەپ قارىسا بولمايدۇ. چۈنكى، ئاتا - ئانىنىڭ گەپ - سۆزى بالىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بالىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، خاتا ۋە ناچار تەسىرلەرنى بىلىپ - بىلمەي بالىغا يۇقتۇرۇپ قويماسلىقى لازىم. ئاتا - ئانىلار بالىغا گەپ - سۆزدە ئەدەپلىك بولۇشنى ئۆگىتىشى، بالىغا سۆزلىگەندە، «سىز»، «رەھمەت» دېگەندەك مەدەنىي سۆزلەرنى قىلىشى كېرەك. چۈنكى، بالا ھەمىشە ئاتا - ئانىسىدىن ئۆگىنىدۇ. مېنىڭچە، ھەتتا ئۆي ھايۋانلىرىغىمۇ قوپال ۋە قولاقنا سەت ئاڭلىنىدىغان گەپ - سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

ھېساب، جۇغراپىيە قاتارلىق بىلىملەرنى بالا چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆگىنەلەيدۇ، ئەمما تەربىيىلىنىش بالا كىچىككىدىلا باشلانمىسا، كېيىن تەربىيىلىمەك بەك تەس. بىر

خىل ياخشى ئادەت بالىنىڭ كىچىك ۋاقتىدا بەك ئاسان شەكىللىنىدۇ. چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كۆنمەك ناھايىتى تەس. ئەكسىچە ئېيتقاندا، بالا كىچىكىدە يۇقتۇرۇۋالغان يامان ئادەتلەر بالا چوڭ بولغاندىمۇ يوقالمايدۇ. ئەتراپىمىزدا جۇغراپىيە ۋە تارىختىن خەۋىرى بار كىشىلەر نۇرغۇن، ئەمما گەپ - سۆز، ھەرىكەتلىرى تەربىيە كۆرمىگەن كىشىلەرنىڭكىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. بۇ، دەل ئۇلارنىڭ كىچىكىدە ياخشى ئادەت شەكىللەندۈرمىگەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتى. ئاتا - ئانىلار توغرا ئىشلاردا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ئەگەر بالا توغرا ئىشنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىسا، ئاتا - ئانىلار بالىسىنى ئۆگىنىشكە ئىتائەت قىلدۇرۇشى زۆرۈر. بالا كىچىكىدىن باشلاپلا شەخسىيەتچى كېلىدۇ. بۇ، بىر خىل تۇغما خۇسۇسىيەت بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ باشقىلاردىن تەلەپ قىلىدىغىنى كۆپ، باشقىلار ئۈچۈن ئويلىشى ئاز، ھەقىقەتەن كىچىك زومىگەرنىڭ ئۆزى. ئەمما، بۇنداق مىجەز - خاراكتېرنى تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا كىچىكىدىن باشلاپ باشقىلارنى ئويلاشنى، باشقىلارغا ئىچ ئاغرىتىشنى ئۆگەتسە، بالىمۇ ئۇنداق شەخسىيەتچى چوڭ بولمايدۇ. بۇرۇن فرانسىيە پادىشاھى بىر مارشالنىڭ ئانىسىدىن: «سىز قانداق تەربىيىۋى ئۇسۇل ئارقىلىق ئوغلىڭىزنى بۇنداق بۈيۈك ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتىڭىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ ئانا: «مەن پەقەت ئۇنىڭغا ئوبدان ئىتائەت قىلىشنى ئۆگەتكەن ئىدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن. مېنىڭچە، ئىتائەت قىلىشمۇ بالىدىكى مۇھىم ئەخلاق - پەزىلەتلەرنىڭ بىرى. بالىدا مۇنداق ئادەتنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئاتا - ئانا ئالدى بىلەن توغرا چۈشەنچە تۇرغۇزۇۋېلىشى، بالىغا بۇيرۇغان ئىشنى نېمە ئۈچۈن قىلىشى كېرەكلىكى، بالىنى قىلما دەپ توسقان ئىشنى نېمە

ئۇچۇن قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈش كېرەك. ھەممە ئىشتا قائىدە سۆزلەپ، بالىنى قايىل قىلىش زۆرۈركى، ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوقلا بالىنى مەجبۇرلاشقا، ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىكەنلىكىنى ئاتا - ئانىلار ئېنىق چۈشەندۈرۈشى كېرەك.

كىچىك بالا بەك ئاچ كۆز كېلىدۇ. گەرچە بالىنىڭ تەبىئىتى شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنى قالايمىقان ئۇرۇپ - تىللىماي، بەلكى تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش كېرەك. توغرا يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىلسە، بالا تېزلا شەخسىيەتسىز ئادەم بولىدۇ. كارلنى كىچىكىدىن باشلاپلا مېھرىبان قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھەر خىل نەرسىلىرى ۋە ئوقۇش قوراللىرى قاتارلىقلارنى كىچىك دوستلىرىغا، نامرات ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە تەقدىم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنى باشقىلارنىڭ ئىشىغا ياردەم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتىم. كارل كىچىكىدىن باشلاپلا ئانىسى ۋە ئۆيدىكى ئايال خىزمەتكارنىڭ ياخشى ياردەمچىسى ئىدى.

بەزى بالىلار يالغان گەپ قىلىشقا ئامراق، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇشقا بولمايدۇ، بەلكى نېمىشقا يالغان ئېيتقانلىقى ھەققىدە ئەتراپلىق ئويلىنىش كېرەك. بالىلاردا تەجرىبە كەمچىل ھەم تەسەۋۋۇرغا باي بولمىغاچقا، بەزىدە يالغان سۆزلەيدۇ ھەمدە بۇنىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئاتا-ئانىلار بۇنىڭلىق بىلەن بالىسىنى ئارتۇقچە ئەيىبلەپ كەتمەسلىكى، لېكىن يامان ئادەتنى تۈزىتىش ئۈچۈن ھەر دائىم ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. زىيانسىز يالغانچىلىق بىلەن باشقىلارنى ئالدايدىغان يالغانچىلىقنىڭ ئارىلىقى پەقەت بىر قەدەملا كېلىدۇ. لېكىن، مەسىلىنى

ئۆرۈش - تىللاش بىلەن ھەل قىلماي، ئۇنۇملۇك چارە - ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

مېنىڭچە، بالىلارنىڭ پۇرغۇن كەمچىلىكلىرىنى كىتاب ئوقۇش ۋە ئەمگەك قىلىش ئارقىلىقمۇ تۈزىتىپ كەتكىلى بولىدۇ. كىتابتىكى نۇرغۇن بىلىم - قائىدىلەرنى بالىلارغا ئوبدان يېتەكچى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئاسان قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى ئەمگەك ئارقىلىق ھېس قىلدۇرغىلى بولىدۇ. بالىلار بىلىم ئىگىلەش ۋە ئەمگەك قىلىش ئادىتىنى ھازىرلىسىلا، ئۇ ھالدا ياخشى تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئىلگىرىلىگەنسېرى، تەربىيە كۆرگەن ئادەم بولىدۇ. بىر رەزىل ئادەمنىڭ سوتتا «مەن تۇغۇلغاندىن بۇيان، كىتابنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمەن، بىر كۈنمۇ ئەمگەك قىلىپ باقمىدىم» دېگىنى يادىمدا. شۇڭا، جىنايەتمۇ چوقۇم نادانلىق، ھورۇنلۇق ۋە ئەمگەك قىلمىغانلىقنىڭ ئاقىۋىتى.

بىر دوستۇمنىڭ ئوغلى ئوسال ئادەتكە كۆنۈپ قالغان بولۇپ، ھەمىشە گۈللۈكتىكى ئوت - چۆپلەرنى دەسسەپ چەيلىۋېتىدىكەن. دوستۇم ھېچ ئامال قىلالمىغاچقا، مەن ئۇنىڭغا: «ئەڭ ياخشىسى ئوغلىڭىزغا گۈرجەك، ئوتىغۇچ ئېلىپ بېرىپ، ئوغلىڭىزنى گۈل تېرىغىلى سېلىڭ» دېگەن ئىدىم. دوستۇم دەرھال شۇنداق قىلغان ئىكەن، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشىپتۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ ئەلۋەتتە، نىشانىنى يوقاتقان بالىنىڭ زېھنىنى گۈل - تەشتەك توغرا يولغا يېتەكلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. كېيىن بۇ بالا گۈل - گىياھلارنى ئۆزى تېرىپلا قالماستىن، يەنە ناھايىتى ئاسرايدىغان بوپتۇ، ئۇنىڭ ئوسال قىلىقلىرى تۈگەپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ گۈللۈكتە گۈل - گىياھ مايسىلىرىنى داۋاملىق پەرۋىش قىلىپ ئاسراۋاتقانلىقىنى كۆرىدىغان بوپتۇ، شۇنىڭدەك ئۇ باشقىلارنىڭ

گۈللۈكنى بۇزۇۋەتمەي، بەلكى ئاسرايدىغان بوپتۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ياخشى ۋە ئۈنۈملۈك تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ ئاشۇنداق سېھرىي كۈچى بار.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن تەرەپتە، مەن نامراتلار مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھەممە يەردە دېگۈدەك ئانىلارنىڭ بالىسىنى ھاقارەتلەۋاتقان، دادىلىرىنىڭ بالىسىنى ئۇرۇپ-تىللاۋاتقان، بالىلىرىنىڭ يىغلاۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. راستىنى دېسەم، بىر ئېغىزمۇ چىرايلىق گەپ ئاڭلىمىدىم. مېنىڭچە، ئۇلار كۈن بويى ئىشلەپ، چارچاپ كېتىپ، كەيپىياتى سولغۇن بولغاچقا، ئاچچىقىنى ئاشۇ بىچارە بالىسىدىن چىقىرىۋاتقان بولسا كېرەك. ئەمما، بەزى ئاتا-ئانىلار باركى، كۈن بويى قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ، بىكار يۈرىدۇ يۇ، يەنىلا دائىم بالىسىنى ئەيىبلەيدۇ، بىمەنە كېلىپ چىققان خاپىلىقلارنى بالىسىغا ئارتىدۇ. مەن بۇنىڭدىن بەك بىئارام بولىمەن.

تىل-ھاقارەت ئىشتىپ، تاياق-دەشنەم يەپ چوڭ بولغان بالا بۇنىڭغا كۆنۈپ قالىدۇ. بۇنداق ئاتا-ئانىنىڭ ئىناۋىتىمۇ يوقىلىدۇ، بالا بىلەن ئاتا-ئانا ئوتتۇرىسىدا ئارىلىق شەكىللىنىپ قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بالىغا قارىتىلغان تەلىم-تەربىيە ئۈزۈل-كېسىل مەغلۇپ بولىدۇ. مېنىڭچە، بالىنى ھەم بەكمۇ ئەركە باقماسلىق، ھەم زىيادە كۆپ ئەيىبلىمەسلىك كېرەك. مۇۋاپىق، ئۈنۈملۈك تەربىيىۋى ئۇسۇل قوللانغاندىلا، بالىلاردا ياخشى ھەرىكەت قىلىش ۋە ئادەم بولۇش قابىلىيىتىنى يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ.

# ئون بىرىنچى باب ئوغلۇمنىڭ ياخشى ئادەتلىرىنى قانداق يېتىلدۈردۈم

بەزى بالىلار تۇغما ئەقىللىق كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئەقىللىقلىقى ۋە زېرەكلىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەمما، ئاتا - ئانىسىنىڭ ياخشى يېتەكلىشىگە ئېرىشەلمىگەچكە، ئۇلار ھەممىگە ئاسان قىزىقىدۇ، ھەممىنى ئۆگەنگۈسى كېلىدۇ. ئەقىللىق بالىلار تېخىمۇ شۇنداق. بىلىم ئېلىش ئىستىكى ۋە كۆپ خىل قىزىقىشنىڭ بولۇشى ياخشى ئىش. ئەمما بۇنىڭدا، مۇھىمى يەنىلا ئاتا - ئانىنىڭ ئۇنى قانداق يېتەكلىشىگە قاراش كېرەك. ئەگەر يېتەكچىلىك توغرا بولمىسا، ئۇ بالىلار ھەممە نېمىنى ئۆگەنگۈسى كەلسىمۇ، لېكىن ھېچنېمىنى ياخشى ئۆگىنەلمەسلىكى مۇمكىن.

## پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىش ئادىتى

بەزى ئاتا - ئانىلار مەندىن بالىلارنىڭ كۈن بويى ئولتۇرۇپ جاپالىق ئۆگىنىدىغانلىقىنى، ئەمما قىلچە ئىلگىرىلەش بولمايۋاتقانلىقىنى، كارلىنىڭ ئۆگىنىشى نېمىشقا ياخشى، ئۆزىنىڭ بالىلىرى نېمىشقا ناچار بولىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. بۇ ئاتا - ئانىلار تولىمۇ ھەيران بولۇپ، «بالىلىرىمىز ناھايىتى تىرىشسىمۇ، نەتىجىسى يەنىلا ياخشى ئەمەس. بالىلىرىمىز دۆتمىدۇ، ياكى كارل شۇنچە ئەقىللىقمىدۇ؟» دەپ ئويلىشىدىكەن. بولۇپمۇ كارل ئۆگىنىشتە ئىلگىرىلەشكە

باشلىغاندا، ئاشۇ ئاق كۆڭۈل ئاتا - ئانىلار مېنى ھەممىشە ئورنۇبىلىپ، مەندىن بۇ مەسىلىنى سورايتتى. ئۇلارغا بەزىدە قانداق جاۋاب بېرىشنى ھەقىقەتەن بىلەلمەي قالاتتىم. چۈنكى، بىر بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى كۆپ خىل ئامىللارغا باغلىق. ئەمما، شۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئاشۇ بالىلارنىڭ كىشىنى قانائەتلەندۈرگۈدەك ئۆگىنىش نەتىجىسىگە ئېرىشەلمەسلىكىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كىچىكىدىن باشلاپ ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرمىگەن. مەن ئوغلۇمنىڭ ھەقىقەتەن شۇنچە تالانتلىق، ھېلىقى بالىلاردا بولسا، چوقۇم تۇغما تالانتنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن. مېنىڭچە، بۇنىڭدىكى سەۋەب پۈتۈنلەي ئاتا - ئانىلاردا بولۇپ، ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىنى قانداق تەربىيىلىشى، ئۇلارنىڭ بالىنى قانداق يېتەكلىشى ھەقىقەتەن ئەڭ مۇھىم مەسىلە.

بەزى بالىلار تۇغما ئەقىللىق كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئەقىللىقلىقى ۋە زېرەكلىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەمما، ئاتا - ئانىسىنىڭ ياخشى يېتەكلىشىگە ئېرىشەلمىگەچكە، ئۇلار ھەممىگە ئاسان قىزىقىدۇ، ھەممىنى ئۆگەنگۈسى كېلىدۇ. ئەقىللىق بالىلار تېخىمۇ شۇنداق. بىلىم ئېلىش ئىستىكى ۋە كۆپ خىل قىزىقىشنىڭ بولۇشى ياخشى ئىش. ئەمما بۇنىڭدا، مۇھىمى يەنىلا ئاتا - ئانىنىڭ ئۇنى قانداق يېتەكلىشىگە قاراش كېرەك. ئەگەر يېتەكچىلىك توغرا بولمىسا، ئۇ بالىلار ھەممە نېمىنى ئۆگەنگۈسى كەلسىمۇ، لېكىن ھېچنېمىنى ياخشى ئۆگىنەلمەسلىكى مۇمكىن. كارل تىرىشچان، قىزىقىشى كۆپ خىل بالا ئىدى. ئەمما، قىزىقىشنىڭ كەڭ دائىرىلىك بولۇشى، ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيتتى. بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ شۇكى، مەن ئۇنى

كىچىكىدىن باشلاپلا قاتتىق تەربىيىلەپ، پىلانلاش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆگەتكەن. ئۇ، مەيلى نېمىنى ئۆگەنسۇن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىشنى، تىل ئۆگەنگەندە تىلنىلا ئويلاشنى، ماتېماتىكا ئۆگەنگەندە ماتېماتىكىنىلا بېرىلىشنى تەلەپ قىلاتتىم. ئۆگىنىش ۋاقتىدا ئويۇننى خىيال قىلىشقا، ئويۇن ئويناۋاتقاندا ئۆگىنىشتە يېتىشەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەشكە يول قويمايتتىم. چۈنكى، بىر ئىشقىلا كۆڭۈل بۆلمىگەندە، ھەممىسى قۇرۇق ئاۋارىچىلىك بولىدۇ. ئەگەر بىر ئىشقىلا بېرىلمىسە، بالىلار كۈن بويى كىتابتىن باش كۆتۈرمىسە، ئۇمۇ كۆرۈنۈشتىكى ئىش بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ۋاقىتنى خالىغانچە، بىھۇدە ئۆتكۈزۈش، شۇنداقلا ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئالداش بولۇپ قالىدۇ.

نۇرغۇن بالىلار كۈن بويى ئۆگىنىش قىلىسىمۇ، نەتىجىسى ياخشى بولماسلىقىدىكى سەۋەبىنىڭ تولىسى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇلار كىتابقا تىكىلىپ، ھاڭۋېقىپ ئولتۇرغان بىلەن كۆزى كىتابتا، خىيالى باشقا يەردە بولىدۇ، ياكى ئاسمانغا قاراپ قۇرۇق خىيال سۈرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، بىلىمنى قانداقمۇ ياخشى ئۆگەنگىلى بولسۇن. مېنىڭچە، بۇنداق ئولتۇرغاندىن كۆرە، پۇخادىن چىققۇچە ئوينىغان ياخشى.

بىر دوستۇمنىڭ خارتۋېل ئىسىملىك ناھايىتى ئەقىللىق ئوغلى بولۇپ، كارلدىن توپتوغرا 10 ياش چوڭ ئىدى. مەن ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئۇزاق يىللىق قەدىناس دوست، ئۇ مېنىڭ كۆز ئالدىمدا دېگۈدەك چوڭ بولغان ئىدى. خارتۋېل كىچىكىدە، خۇددى كارلدەكلا ھەممە نەرسىگە ناھايىتى قىزىقاتتى، بىلىم ئېلىش ئىستىكىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ھەر قېتىم مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، بۇ ئوماق بالا ھەمىشە مېنىڭ يېنىمغا

كېلىۋېلىپ، ھېلى ئۇنى - ھېلى بۇنى سورايتتى. كىچىك بالىغا نىسبەتەن بەك سەۋرچانلىقىمدىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ سوئالىغا ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بېرەتتىم. شۇ سەۋەبتىن كىچىك خارتۋېل مېنى ئۆز دوستى قاتارىدا كۆرەتتى. ئەمما، بۇ بالا مۇنتىزىم تەلىم - تەربىيە قوبۇل قىلىشقا باشلىغاندا، دادىسى ماڭا ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. دەسلەپتە، بۇنىڭدىن ناھايىتى ھەيرانلىق ھېس قىلدىم. چۈنكى، بۇ بالا ناھايىتى ئەقىللىق، ئاتا - ئانىسىمۇ مەلۇماتلىق بولۇپ، ئوغلىغا بولغان تەلىم - تەربىيىسىمۇ خېلى ياخشى ئىدى. لېكىن، نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟ بۇنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن، خارتۋېلنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن بالىسىنىڭ قانداق ئۆگىنىش قىلىدىغانلىقىنى بىر قېتىم يوشۇرۇن كۆزىتىپ بېقىشىمغا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۆگىنىش ۋاقتى بولغاندا، خارتۋېل بۇرۇنقىدەكلا ئۆز ئۆيىدىكى ئۆگىنىش شىرەسى ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ھومېر داستانلىرىنى ئوقۇپ، يادلاشقا باشلىدى. مەن ياندىكى ئۆينىڭ ئىشىك يوچۇقىدىن كۆزىتىپ تۇردۇم. خارتۋېلنىڭ ئاۋازى بوش ئاڭلىناتتى، ئەمما بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ بوش ئاۋازىمۇ ئاستا - ئاستا يوقىلىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئوچۇق تۇرغان كىتابقا ئەمەس، بەلكى دېرىزە سىرتىغا تىكىلىپ قېتىپ قالغانلىقىنى بايقىدىم. شۇنى بىلدىمكى، ئۇنىڭ خىيالى بىر ياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن بولۇپ، زېھنىنى كىتابقا مەركەزلەشتۈرەلمىگەن ئىدى. مەن ئۇنىڭ دادىسىنى چاقىرىپ، بۇ ئەھۋالنى كۆرسەتتىم. خارتۋېلنىڭ دادىسى ئەھۋالنى كۆرۈپ دەرغەزەپ بولۇپ، دەرھال كىرىپ ئوغلىنى تەنبىھلەپ قويماقچى بولدى. مەن ئۇنى توسۇۋېلىپ، پەس ئاۋازدا: «ئۇنداق قىلماڭ، ئۇنىڭ بىلەن مەن سۆزلىشىپ باقاي» دېدىم - دە، ئاۋايلاپ

دەسسەپ، خارتۇبلىنىڭ ئۆيىگە كىردىم. مەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندىمۇ، ئۇ يەنىلا تۇيمىدى. مەن «بۇ بالا چوقۇم بىرەر ئىشنى ئويلاپ خىيالغا چۆكۈپ كېتىپتۇ» دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مۇرىسىگە يېنىككىنە شاپىلاقلاپ قويدۇم. ئۇ ناھايىتى چۆچۈپ كەتتى ـ دە، بەدىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترىدى. مەن بوش ئاۋازدا سورىدىم:

— خارتۇبل، نېمە ئويلاۋاتىسەن؟

— ھە، ۋتېر ئەپەندىم ئىكەنسىزغۇ؟

— نېمىنى ئويلاۋاتىسەن؟ ئۆگەنگەندە كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەن. نېمىدەپ زېھنىڭ چېچىلىپ كېتىدۇ؟

— مەن. . . مەن، ھېچنېمىنى ئويلىمىدىم.

— ئۇنداقتا ياخشى، ھېلى يادلىغان شېئىرلىرىڭنى ئاڭلاپ باقاي، — دېدىم، ئۇنىڭ كىتابىنى ئېلىپ. خېلى ئۆتتى، خارتۇبل بىر مىسرامۇ يادلاپ بېرەلمەي، خىجىللىقتىن يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى.

— ئوغلۇم، باشقا ئىشنى خىيال قىلمىغان بولساڭ، نېمىشقا بىر مىسرامۇ يادلاپ بېرەلمەيسەن؟

خارتۇبل ئۆزىنىڭ بايا ئۆگىنىش قىلغاندا، زېھنىنىڭ چېچىلىپ كەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ مۇنداق دېدى:

— نېمىشقىكىن. ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. قولۇمغا كىتاب ئالسام زېھنىم چېچىلىپ كېتىپ، باشقا ئىشلارنى ئويلاپ قالىمەن.

— بايا نېمىلەرنى خىيال قىلىپ كەتتىڭ؟

— تۇنۇگۈنكى ئىش خىيالىمغا كېلىۋالدى، — دېدى ـ دە، ئۇ گېپىنى باشلىدى، — كۆچلۈك بىر بالا بار ئىدى. ئۇ باشقا بالىلارنى ھەمىشە بوزەك قىلاتتى، بۇ ئىشقا مېنىڭ بەك ئاچچىقىم كەلگەن ئىدى. مەن بايا «ئەلەمگە ماھىر كۆچلۈك

قىلمچۋاز بولغان بولسام، قانداق ياخشى بولاتتى، چوقۇم ئۇنىڭ ئوبدان ئەدىبىنى بېرىپ قويغان بولاتتىم. ئاق ئارغىماققا مىنىپ، ئۇزۇن شەمشىرىمنى پۇلاڭلىتىپ، ئاشۇ كىچىك دوستلارغا ياردەم بېرىپ، بوزەك بولۇشنىڭ تەمىنى ئەسكى باللارغا ئوبدان تېتىتىپ قوياتتىم» دەپ خىيال قىلدىم، — خارتۋېل بىر تەرەپتىن سۆزلىسە، بىر تەرەپتىن قول ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇراتتى. بۇ چاغدا خارتۋېلنىڭ چىرايى باشقىچە نۇرلىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى قەھرىمانغا ئايلانغاندەك سېزىۋاتاتتى.

— ئاڭلا ئوغلۇم، — دېدىم گېپىنى بۆلۈپ، — بىلەمسەن؟ باشقىلارغا ياردەم بېرىش ياخشى ئىش. ئەمما، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ قۇرۇق خىيال قىلغان بىلەن بولمايدۇ - دە، ھازىر ئوقۇۋاتقىنىڭ ھومىر داستانلىرى ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن قەھرىمانلارنىڭ ھېكايىلىرى بار. سەن بۇ كىتابتىكى ئاشۇ قەھرىمانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ قەھرىمان بولغانلىقىنى ئوقۇپ باق. ۋەھالەنكى سەن ھازىر ئۆگىنىش قىلىۋاتىسەن، باشقا ئىشلارنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇپ، تىرىشىپ ياخشى ماھارەت ئۆگەنسەڭ كۈچلۈكلەردىن بولالايسەن. سەن قەھرىمان بولماقچى ۋە باشقىلارغا ياردەم بەرمەكچى بولساڭ، كىتابقا قاراپ ئولتۇرۇپ، قەھرىمان بولۇش خام خىيالىنى سۈرمەي، بەلكى مۇشۇ كىتابتىكى ئاشۇ قەھرىمانلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئۆگىنىشىڭ كېرەك، دەپ باقە، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— چۈشەندىم، — دېدى خارتۋېل، خۇددى تۇيۇقسىزلا بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك، — ئەمدى مەن كىتابتىكى قەھرىمانلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئۆگىنىمەن. ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ بەدەن چېنىقتۇرۇپ، ئۆزۈمنى

كۆچلۈك ئەزىمەت قىلىپ تاۋلايمەن. چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئاشۇ ئاجىز ـ كىچىكلەرگە ھەقىقىي ياردەم بېرىمەن. سىزنىڭچە توغرىمۇ ۋىتېر ئەپەندىم؟

— توغرا، قائىدە مۇشۇنداق ئاددىي، — دېدىم ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى تۇگۇچنىڭ يېشىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن خۇش بولۇپ، — چەۋەنداز خارتۋېل، ئەمدى نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى بىلگەنسەن؟ — دەپ سورىدىم. خارتۋېل: «بىلدىم» دېگىنىچە، كىتابنى ئېلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئوقۇشقا بېرىلىپ كەتتى.

كېيىنچە خارتۋېلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مەن بىلەن كۆرۈشۈپ: «باستېر ۋىتېر، سىزنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىڭىز قالتىسكەن. ھازىر ئوغلىمىزنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئۆسۈپ كەتتى» دېيىشتى. خارتۋېلنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى بولماسلىقىدىكى سەۋەب، دەل ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىر يەرگە يىغالماسلىقىدا ئىدى. مەن بۇ نۇقتىنى بايقىدىم ھەم ئەپچىل چارە قوللىنىپ، ئۇنىڭ زېھنىنى ئۆگىنىشكە مەركەزلەشتۈردۈم. ئۇنداقتا، ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ ناھايىتى ئۆلگىرىلىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى.

## سەزگۈرلۈك ۋە چېۋەرلىك ئادىتى

كارل دەرس تەييارلاۋاتقاندا، مەن ئۇنىڭ دىققىتىنى چېچىۋېتىدىغان ھەرقانداق ئىشنىڭ بولۇشىغا يول قويمايتتىم. ئۇنىڭ ئويناش ۋە ئۆگىنىش ۋاقتىنى قاتتىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈردۈم.

كارل يېڭىدىن ئوقۇشقا كىرىشكەندە، مەن ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 45 مىنۇت دەرس ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرەتتىم. كارل بۇ چاغدا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئۆگىنىش قىلمىسا، قاتتىق تەنقىدكە ئۇچرايتتى. كارل ئۆگىنىش قىلىۋاتقاندا، ئائىلىم ۋە خىزمەتكارنىڭ ئۇنىڭدىن بىرەر ئىشنى سورىشىغا قەتئىي يول قويمايتتىم. ئۇلارغا: «كارل ئۆگىنىش قىلىۋاتىدۇ، ئۇنى تىنچ قويۇڭلار» دەيتتىم. باشقىلار زىيارەت قىلغىلى كەلگەندە، مەن ئوغلۇمغا دەرس تەكرارلاپ بېرىشنى توختىتىپ قويمايتتىم. مەن ئۆيدىكىلەرگە «ئۇلار بىردەم ساقلاپ تۇرسۇن» دەيتتىم. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىم، كارلدا ئۆگىنىشكە نىسبەتەن قىلچە بىخەستىلىك قىلمايدىغان، كەسكىن ۋە ئەستايىدىل پوزىتسىيە يېتىلدۈرۈش ئىدى. مەن يەنە كارلنىڭ ئىش قىلغاندا سەزگۈر ۋە چېۋەر بولۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردىم. ئەگەر ئۇ بىرەر ئىشنى ئەزمىلىك بىلەن قىلسا، گەرچە ياخشى قىلغان تەقدىردىمۇ مەن رازى بولمايتتىم. بۇ، بالىدا پۈت - قولى چاققان بولۇش ئىستىلىنى يېتىلدۈرۈشكە ناھايىتى ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتەتتى. بالىدا سەزگۈر ۋە چېۋەر بولۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش بەك مۇھىم. ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئولتۇرغان جايىدىن مىدىرلىماي، خېلى ۋاقىتقىچە خىزمەتكە چۈشمەيدۇ. بۇ، دەل كىچىكىدە شەكىللەندۈرگەن ئەسكى ئادەتنىڭ تەسىرى. ئۇلار شۇنداق ئەزمىلىك قىلىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ!

مەن كارلغا قارىتا ئېلىپ بارغان قاتتىق تەلىم - تەربىيە داۋامىدا، ئۇنىڭ باشقا نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىنىدىغان ۋە ئوينايدىغان ۋاقتىنى قۇربان قىلىۋەتمەيتتىم ھەمدە ئۇنى ھەر كۈنى 1 — 2 سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۆگىنىش جەريانىدا

ياخشى ئۆگىنىش ئۇنۇمىگە ئېرىشتۇرەتتىم. ئۇ، مېنىڭ تەربىيىلىشىم ئارقىلىق، سەزگۈر ۋە چېۋەر بولۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈۋالدى.

كارل ھەرگىزمۇ باشقىلار ئويلىغاندەك، ئۆگىنىش بىلەنلا بولۇپ، ئويناش ۋاقتىدىن مەھرۇم قالغىنى يوق، بەلكى ئۇ ئۆگىنىش قىلغاندا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەچكە، ئۆگىنىش ئۇنۇمى يۇقىرى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ نۇرغۇن ۋاقتىنى ھەرىكەت قىلىش، ئويناش، ئارام ئېلىش، ئالاقە قىلىشقا سەرپ قىلالايتتى.

ئىش قىلغاندا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىشنىڭ ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، كىچىكىدىن باشلاپ سەزگۈر ۋە چېۋەر بولۇش، ئايىغى يەڭگىل بولۇشتەك ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈش لازىم. چۈنكى، ھەر بىرىمىزنىڭ ھاياتى ناھايىتى چەكلىك بولۇپ، نەچچە ئون يىل ياشىيالايمىز. بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ۋاقتنى ئۇخلاش ۋە دەم ئېلىشقا سەرپ قىلىمىز. ئەگەر ۋاقتنى ماھىرلىق بىلەن چېك تۇتماي، بەزى ئىشلارنى قىلمىساق، ئۇ ھالدا قىممەتلىك ۋاقتىمىز سۇدەك ئېقىپ تۈگەيدۇ، ھاياتمۇ ئاسماندىكى ئاقار يۇلتۇزدەك پاللىدە قىلىپ يوقىلىدۇ. مەن ھەمىشە كارلنى ئاگاھلاندۇرۇپ، بىر مۇكەممەل ئادەم ئىش قىلغاندا، كەسكىن ۋە ھەرىكىتى چېۋەر بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، چەكلىك ھاياتتا زور ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ، دەيتتىم.

بىر قېتىم كارل ماتېماتىكا تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلىمەكچى بولدى. مەن بىرنەچچە مەسىلىنى دەپ بېرىپ چىقىپ كەتتىم. چۈنكى، ھەر قېتىم مۇشۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا، ئۇنىڭغا مەلۇم ۋاقىت بەلگىلەپ بېرىپ، ۋاقىت توشمىغۇچە ئۇنىڭغا كاشىلا قىلمايتتىم. مەقسىتىم ئۇنىڭغا مەسىلىنى مۇستەقىل

ھالدا، كۆڭۈل قويۇپ ھەل قىلدۇرۇش ئىدى. ئەمما، بۇ قېتىم مەن بىر كىتابنى ئېلىش ئۈچۈن، تېخى ۋاقىت توشمىغاندىلا ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ قالدىم. قارىسام، ئۇ ئىلگىرىكىدەك شىرە يېنىدا ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلىماي، بەلكى ئۆي ئىچىدە ئويناۋېتىپتۇ. مەن دەرھال ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— كارل، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن، نېمە ئۈچۈن مەن ئورۇنلاشتۇرغان تاپشۇرۇقنى ئىشلىمىدىڭ؟

— مەسىلىلەر بەك ئاسان ئىكەن، ۋاقىت توشقۇچە تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى كارل بوگۇنكى ئىشنى كۆزىگە ئىلمىغان ھالدا.

— شۇنداقمۇ، سېنىڭچە بەك ئاسانمىكەن؟ — دېدىم ئۇنىڭ سۆزىدىن خاپا بولۇپ، — ئۇنداقتا يەنە ئىككى مەسىلە قوشۇپ بېرەي، — دېدىم ئاچچىقىمدا.

— ئەمما، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

— سەن ۋاقىتنىڭ بەك كۆپلۈكىنى ھېس قىلىپسەنغۇ؟ ئۇنداقتا كۆپرەك ئىش قىلىشىڭ كېرەكتە.

ئادەتتە مەن كارلغا قاتتىق تەلەپ قوياتتىم، دېگىنىمنى ئىجرا قىلدۇراتتىم. كارل مېنىڭ بۇنداق ئىستىلىمنى بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ماتېماتىكا دەرسىدىن بەك قىيىن يەنە ئىككى مەسىلىنى قوشۇپ، ئۇنىڭغا ئىشلەشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم. بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشقاندا كىرىپ, ئۇنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرسەم، ئۇ باشقا مەسىلىلەرنى ئىشلەپ بولۇپ، ئەڭ تەس بىر مەسىلىنى ئىشلەۋاتقان ئىكەن.

— كارل، بولدى.

— بىراق، تېخى ئىشلەپ بولمىغان تۇرسام.

— مەن ساڭا يېڭىدىن مەسىلە قوشۇپ بەرگەن، لېكىن ۋاقىتنى ئۇزارتىپ بەرمىگەن، — دېدىم جىددىي تەلەپپۇزدا.

— بىراق دادا، بۇ ئانچە ئادىل بولمىدى، — دېدى ئۇ، ئۇۋال بولغاندەك.

— ئادىل بولمىدىمۇ، بابا تېخــــى ۋاقىــــت كۆپكەن دەۋاتامتىڭ؟ ئۇنداقتا، ئېشىپ قالغان ۋاقىتتا ئىشلە، — ئوغلۇم بۇنى يەنىلا چۈشەنمىدى. مېنىڭ بۇنداق قىلىشىــــم ئۇنىڭدا، ئىشنى كەينىگە سۈرىدىغان ئادەت يېتىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن ئىكەنلىكىنى بىلمىدى.

— ئەگەر بابا ئىشنى كەينىگە سۈرۈپ، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلمىغان بولساڭ، بۇ مەسىلىنى ئىشلەشكە يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرالىغان بولاتتىڭ، — دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ. بۇ چاغدا، ئۇ ئاز - تولا بىر نەرسىنى ئاڭقارغاندەك بولۇپ، ماڭا قارىدى.

— ئوبلاپ باق، - دېدىم ئۇنىڭغا سۆزۈمنى داۋاملاشتۇ-رۇپ، — بابا ۋاقىتىڭنى ئويۇنغا سەرپ قىلمىغان بولساڭ، مەن تاپشۇرغان مەسىلىلەرنى ئىشلەپ بولغان بولاتتىــــڭ. قالغان ۋاقىتتا كىتاب كۆرەمسەن ياكى كۆڭلۈڭ خالىغان باشقا ئىشنى قىلامسەن، ئىختىيارىڭ ئىدى. سەن ئاشۇ ئىسراپ قىلىۋەتكەن ۋاقىت ئىچىدە ھېچ ئىش قىلمىدىڭ. بۇ، خۇددى تاتلىق بىر پىيالە سۈتنى يەرگە تۆكۈۋەتكەنگە ئوخشاش ناھايىتــــى زور ئىسراپچىلىق ئەمەسمۇ؟ سەن بۇگۈن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغىنىڭ ئۇچۇن، مەنمۇ سېنىڭ ئىچىــدىغان سۈتۈڭنــــى ئىـــــسراپ قىلىۋېتىمەن. ئەلۋەتتە، مەن سۈتۈڭنى يەرگە تۆكۈۋەتمەيمەن، بەلكى ئايال خىزمەتكارغا بېرىمەن. مەن ياخشى نەرسىنــــى ھەرگىز سەندەك ئىسراپ قىلىۋېتىدىغان ئەخمەق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ رولىنى مۇمكىنقەدەر جارى قىلدۇرىمەن.

شۇ كۈنى مەن دېگىنىمنى قىلىپ، كارل ئىچىدىغان سۈتنى راستىلا ئايال خىزمەتكارغا بېرىۋەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن كارل

قائىدىنى چۈشىنىپ، يۇقىرىقىدەك ئىشنى قايتا سادىر قىلمىدى.

## تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىش ئادىتى

تىل ياكى ماتېماتىكا قاتارلىق بىلىملەرنى ئۆگەنگەندە، مەن كارلىنىڭ ئەپلەپ - سەپلەپ ئىش قىلىشىنى قەتئىي چەكلەيتتىم. بۇ، ئۇنىڭدا تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى.

مېنىڭچە، بالىغا ئىلىم ئىگىلەشنى ئۆگىتىش، خۇددى تام ئەتكەنگە ئوخشىشىدۇ. ئەگەر قاتتىق تەلەپ بولمىسا، ھەرگىز ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئىش قىلغاندا، تېخىمۇ تىرىشىپ، مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىش بولسا، بىر خىل گۈزەل ئەخلاق. مەن ھېلىقىدەك كۆز بويامچى ئادەملەرنى بەك يامان كۆرىمەن، ئۇلار مەيلى قانداق ئىش قىلسا، چوڭقۇر تەتقىق قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشىدىن خېلى زور ئۈنۈم قولغا كەلگەندىمۇ، لېكىن ئادەم رازى بولغۇدەك ئىش قىلالمايدۇ، ھەتتا كۆپ جەھەتلەردە ئەپۇ قىلغۇسىز خاتالىقلار ساقلىنىپ قالىدۇ. دۇنيادىكى بەزى ئاتالمىش ئىلىم ئەھلىلىرى گەپ قىلسا ياكى ئەسەر يازسا، ئۆز بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، بەزى دەبدەبىلىك سۆز - جۈملىلەرنى ئىشلىتىشكە ئامراق كېلىدۇ. لېكىن، كىشىلەرنىڭ ئۇنى چۈشەنمىكى تەس. بۇنداق كىشىلەرنىڭ كەمچىلىكى ماڭا ئايان. مېنىڭچە، ئۇلار مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلمەيدىغان، سۆز مەنىلىرىنىمۇ چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرەلمەيدىغان، ئىنچىكە ئۆگەنمىگەن كىشىلەردۇر.

مېنىڭ نەزىرىمدە بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ساختا مەھسۇلات، ئۇلارنى بۇيۇك ئىلىم ئەھلى دەپ يۇرىدىغان كىشىلەرمۇ ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلەردۇر. كارلنى كىچىكىدىن باشلاپ ئەستايىدىل ئىش قىلىشقا، مۇكەممەل قىلىشقا ئۆگەتكەن ئىدىم. مەيلى ئۆگىنىشتە ياكى قىزىقىشتا بولسۇن، چوقۇم پۇختا بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مەن ئوغلۇمغا: «ھەرقانداق ئىش كىشىلەرگە پۇختىلىق تۇيغۇسى بېرەلىسىلا، بۇ ئىشنىڭ چوقۇم قىممىتى بولىدۇ» دېگەن ئىدىم. كارل رەسىم سىزىشقا ئامراق ئىدى. مەن بارغانسېرى مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىشنىڭ قائىدىسىنى ئۇنىڭ رەسىم سىزىشىدىن تارتىپ ئۆگەتكەن ئىدىم. چۈنكى، گۈزەل سەنئەت ئىجادىيىتى بارغانسېرى مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىشنى تېخىمۇ تەلەپ قىلاتتى. مەن ئوغلۇمغا نۇرغۇن مەشھۇر رەسساملارنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرىنى ئېلىپ بەرگەن. سەنئەتكارلارنىڭ بۇ رەسىملەرنى قانداق تەييارلىغانلىقى ۋە مۇكەممەللىككە يەتكۈزۈش ئۈچۈن قانداق تىرىشقانلىقىنى ھەمىشە ئۇنىڭغا چۈشەندۈرگەن ئىدىم. ئوغلۇم كۆۋرۈك سىزىشقا ئالاھىدە ئامراق، بولۇپمۇ كۈزنىڭ ئالتۇن رەڭلىك قۇياش نۇرى ئاستىدىكى كۆۋرۈكنى سىزىشقا ئامراق ئىدى. ئۇ، ماڭا ھاۋا ئوچۇق كۈنلەردە، كۆۋرۈكتىكى تاشقا چۈشكەن قۇياش نۇرىنىڭ ئالتۇندەك چاقناپ كېتىدىغانلىقىنى، كۆۋرۈك ئاستىدىكى سۈپسۈزۈك سۇ يۈزىدە ئەكس ئەتكەن قۇياش نۇرىنىڭ ياقۇتتەك كۆپكۆك جۇلالىنىدىغانلىقىنى؛ تۇتۇق ۋە سايىدا، قۇياش نۇرىنىڭ قېنىقلىشىپ، سىرلىق ۋە خىيالىي تۇستە كۆرۈنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى.

بىر كۈنى ئوغلۇم رەسىم سايمانلىرىنى ئېلىپ كەنت سىرتىدىكى دەريا بويىغا رەسىم سىزغىلى باردى، ئۇ مەخسۇسلا

ئۆزى ئامراق ھېلىقى كىچىك تاش كۆۋرۈكنى سىزغىلى چىققان ئىدى. شۇڭا، دەريا بويىدىكى تاشتا ئولتۇرۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ رەسىم سىزدى. مەن بىر توپ يوغان دەرەخنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ، ئەستايىدىللىق بىلەن كىتاب كۆرگەچ، پات - پات يېقىنلا يەردىكى كارلغا قاراپ قوياتتىم. ھاۋا بەك ياخشى بولغاچقىمىكىن، ياكى ئوغلۇم مېنى بىر خىل جىمجىتلىق ئىچىگە باشلاپ كىرگىنى ئۈچۈنمىكىن، كۆڭلۈم ناھايىتى خۇشال ئىدى. بىردەمدىن كېيىن كارل ئورنىدىن تۇردى. ئۇ، سىزىپ بولغاندەك قىلاتتى. ئۇ، رەسىم سىزىش تاختىسىنى كۆتۈرگىنىچە يېنىمغا كېلىپ، سىزغان رەسىمىنى ماڭا كۆرسەتتى. رەسىم ھەقىقەتەن ياخشى ئىدى، ئوبرازنى بىر تەرەپ قىلىشى ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، رەسىم ئۈستىدىكى مۇلاھىزىگىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپتۇ. كۆۋرۈك بىلەن ئەگرى - بۈگرى دەريا ئېقىنى، شۇنىڭدەك ئەتراپتىكى كەنت كۆرۈنۈشىنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشى خېلىلا گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئىستېتىك تۇيغۇ بېغىشلايتتى. مەن رەسىمنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، بەزى يېتەرسىز جايلىرىنى بايقىدىم. مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا ئاتا - ئانىلار بولغان بولسا، بۇ رەسىمنىڭ پۈتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى ماختاپ ۋە ئالقىشلاپ كەتكەن بولاتتى. ئەمما، مەن ئۇنداق قىلمىدىم. رەسىمدىن بايقىغان يېتەرسىزلىكلەرنى چوقۇم ئوغلۇمغا كۆرسىتىپ بېرىشىم كېرەك، دەپ قارىدىم.

— كارل، سەن سىزماقچى بولغان رەسىم توغرىسىدىكى ھېلىقى ھېسسىياتىڭنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن ئىدىڭغۇ، لېكىن بۇ رەسىمدە ئۇنى كۆرمەيمىنا؟

— بىراق، مەن ئۇنى سىزىپ بولدۇم دەپ قارايمەن، — دېدى ئۇ قايىل بولمىغان ھالدا جاۋاب بېرىپ.

— سەن ماڭا سۈنىڭ سايە يەردىكى رەڭگى ياقۇتتەك كۆك بولىدىغانلىقى، بەلكى سىرلىق تۇيغۇ بېرىدىغانلىقىنى دېگەن ئىدىڭ، مەن ئۇنى ھېچ كۆرمەيمەنغۇ؟ — دەپ سورىدىم.

كارل بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ، بىردەم رەسىمگە، بىردەم كۆزۈرۈك ئاستىدىكى سايىغا تەپسىلىي نەزەر سالغاندىن كېيىن، خىجىل بولغان ھالدا دېدى:

— راست، سۇدىكى ئۆزگىرىشنى قېنىق كۆك رەڭ بىلەن سىزىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

شۇنىڭ بىلەن كارل يەنە دەريا بويىدىكى ھېلىقى تاشقا بېرىپ ئولتۇردى.

— دادا، قاراڭ، ئەمدى بولغاندۇ؟ — دېدى ئۇ، بىردەمدىلا سىزىپ بولغان رەسىمنى مېنىڭ ئالدىمغا ئەكېلىپ.

— ھە، بوپتۇ. بايىقىدىن كۆپ ياخشى بوپتۇ. گەرچە قۇياشنىڭ سۇدىكى شولىسى ئىپادىلەنگەن بىلەن، يەنىلا زۇمرەتتەك كۆك ۋە ئۇنچىدەك سۈزۈك تۇيغۇ بېرەلمەيدىكەن، — دېدىم.

ئەمەلىيەتتە مەن كۆڭلۈمدە، كارلنىڭ مۇشۇنچىلىك سىزالىغىنىنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش دەپ ئويلايتتىم. ئۇ، قۇياش نۇرى چۈشكەن سۇ بىلەن سايە يەردىكى سۇنىڭ ئوخشاشمىغان رەڭگىنى ناھايىتى ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ چىقالىغان ئىدى. بۇنى كەسپىي رەسساملاردىن باشقا، ئادەتتە مەلۇم مەزگىل مەشىق قىلغان كىشىلەرنىڭ ھېس قىلالىشى تەس ئىدى. ئەسلىدە، مەن ئۇنىڭغا ئازراق پىكىر بېرىپ، «بۇ رەسىم بوپتۇ، يېتەرسىزلىكلىرىنى كېيىنچە ئاستا - ئاستا تۈزىتىڭلار» دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئەمما، كارلنىڭ روھى ئۇرغۇپ: «يەنە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ باقاي» دەپ، يەنە دەريا بويىدىكى ھېلىقى تاش ئۈستىگە بېرىپ ئولتۇردى. مەن ئۇنىڭ بىردەم

رەسىمگە، بىردەم سۇغا تەپسىلىي قاراپ، بىردەم قەلىمىنى چىشلەپ ئويغا چۆكۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ تۇردۇم. ئۇ، بۇ قېتىم ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۆيگە قايتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغان ئىدى، لېكىن ئۇ تېخىچىلا ئاشۇ يەردە ئولتۇراتتى. مەن ئۇنى ئالدىرىتىپ:

— كارل، بولدى ئەمدى قايتايلى، - دېدىم.

— بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭ. ھازىرلا پۈتىدۇ، — دېدى ئۇ، توۋلاپ تۇرۇپ.

مەن ئۇنىڭ تۈيۈقسىز باش چۆكۈرۈپ سىزىشقا كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ئاغزىدا بىر نېمىلەرنى توختىماي دەۋاتاتتى. لېكىن، نېمە دېگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ئۇ، رەسىمنى ئۈچىنچى قېتىم ماڭا كۆرسەتكىلى ئېلىپ كەلگەندە، مەن ھەقىقەتەن ھەيران قالدىم. كۆۋرۈك ئاستىدىكى سايىدا ئېقىۋاتقان سۇ خۇددى كۆك مەرۋايىتتەك چىرايلىق بولۇپ، ئۆزگىرىشى سىرلىق كۆرۈنەتتى.

— ئوغلۇم ھەقىقەتەن يارايسەن، قانداق سىزدىڭ بۇنى؟

— مەن سايىنىڭ سىرىنى بايقاپ قالدىم. ئۇ، بىر پۈتۈن قېنىق كۆك بولماستىن، بەلكى ئوخشاشمىغان كۆك رەڭلەردىن تەركىب تاپقان ئىكەن. ئىچىدە، قېنىق كۆك، پرۇسسىيە كۆكى، بىرلىيانت كۆكى، ھەتتا ئازراق قىزىل رەڭمۇ بار ئىكەن. ئۇ چاغدا، قىرغاقتىكى گۈللەرنىڭ سايىسى سۇغا چۈشۈپ تۇراتتى، — دېدى كارل. شۇ چاغدا، مەن ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى رەسىمچىلىكتىكى كەسپىي بىلىملەر ئىدى. ئۇنىڭغا ھېچكىم ئۆگەتمىگەنىدى، ئۆزى ئاڭقىرىۋالغان ئىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆزىتىش قابىلىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن.

— سەن بايا ئاۋۇ يەردە ئولتۇرۇپ، ئۆزۈڭچە بىر نېمىلەرنى دېدىڭغۇ؟

— كۆك ياقۇت، سىرلىق تۈيغۇ. . . دەپ توختىماي تەكرارلىدىم. مەن پەقەت كۆڭۈل قويۇپ سىزسام، ھېلىقى تۈيغۇنى ئىپادىلەپ چىقالايمەن دەپ ئويلىدىم.

ئوغلۇمنىڭ بۇ جاۋابىغا نېمىمۇ دېيەلەيتتىم. مەن ئىچكى ھاياجىنىمنى بېسىپ، ئۇنىڭ بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئۆيگە قايتتۇق. يولدا كېتىۋېتىپ ئۇنىڭدىن:

— ئىككىنچى قېتىم سىزغىنىڭمۇ ئوبدان بوپتىكەن، نېمىشقا بۇنچىۋالا قىزىقىش بىلەن ئۈچىنچى قېتىم سىزىسەن؟ — دەپ سورىدىم.

— سىز ھەرقانداق ئىشنى بارغانسېرى مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىش لازىم دەيتتىڭىزغۇ؟ — دېدى ئوغلۇم. كارلنىڭ ھەم ساددا، ھەم خۇشاللىققا تولغان غەيرىتىنى كۆرۈپ، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي، ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقتىم.

## قەتئىي بوشاشماسلىق ئادىتى

ئادەم ھاياتىدا نۇرغۇن - نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ، ياكى ئۆگىنىش جەھەتتە خىيالىغا كەلمىگەن قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇپ تۇرىدۇ. مەن ھەمىشە كارلغا بىر ئىشنى توغرا دەپ بىلگەندىن كېيىن، بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشىشنى، قەتئىي ئىرادە، قەتئىي بوشاشماس روھ بولغاندىلا، ھەرقانداق قىيىنچىلىق ئۆڭاي ھەل بولىدىغانلىقىنى دەپ تۇراتتىم. كارل تېخى تۇغۇلمىغان چاغدىلا، ئۇنى ئۇتۇق قازىنىدىغان ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشنى ئايالىم بىلەن

قارار قىلغان ئىدۇق. ئەينى چاغدا، ئۇنىڭ قايسى ساھە بويىچە ئىرىشىپ ئۇتۇق قازىنىشىنى تېخى دېيىشمىگەن بولساقمۇ، لېكىن بىزدە ئۇتۇق قازىنىش ئۈچۈن نىشان توغرا بولۇش، قەتئىي بوشاشماسلىقتىن ئىبارەت نۇقتا تولىمۇ ئېنىق ئىدى. شۇڭا، كارل كارىۋاتتا ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلەيدىغان بولغاندا، بىز ئۇنىڭغا چىدامچانلىقنى مەشىق قىلدۇرۇشقا باشلىدۇق. بۇ جەھەتتە ئايالىم ناھايىتى ياخشى قىلدى. كارل بىرەر قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا تاكى نەتىجىگە ئېرىشكۈچە، ھەر خىل چارە - ئاماللار بىلەن ئۇنى: «چىدا، يەنە بىر ئاز چىدا» دەپ ئىلھاملاندۇراتتى.

كىچىك ۋاقتىدىلا كارلنىڭ چىدامچانلىقىنى مەشىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئانىسى ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۇزاققىچە مەركەزلەشتۈرۈشتىن باشلىدى. چۈنكى، دىققەتنىڭ مەركەزلىشىشى ھەرىكەت چىدامچانلىقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بالىنىڭ دىققىتىنى ئۇزاققىچە مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئانىسى كارلنىڭ دىققىتى ۋە قىزىقىشىنى قوزغىيالايدىغان سىرىق ئاسلاننىڭ قونچىقىنى رەختتىن ئىشلەپ تەييارلىدى. كارلنىڭ ئانىسى ئاسلاننى ھېلى ئالدىغا - ھېلى كەينىگە، ھېلى ئوڭ - ھېلى سول تەرىپىگە قويۇپ، ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىغاندىن كېيىن، ئاسلاننى ئۇنىڭ قولى يەتكۈدەك يەرگە قويۇپ، ئۇنى تۇتۇشقا قىزىقتۇراتتى. كارل ئاسلاننى تۇتالماي، بۇ ئىشتىن ۋاز كەچمەكچى بولغاندا، ئانىسى ئاسلاننى ئۇنىڭ يېنىغىراق ئىتتىرىپ: «ئاز قالدى، ئاز قالدى. كۈچە، كۈچە!» دەپ، ئىلھام بېرەتتى. كارل نەچچە قېتىم دومىلاپ كېتىپ، ئاخىرى ئانىسىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن ئاران تۇتۇۋالاتتى.

بۇ چاغدا ئانىسى كارلنى سۆيۈپ، ئۇنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ، ئۇنىڭغا كۈرەش قىلىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش

لەززەتتىنى ھېس قىلدۇراتتى. كارل ئۆمىلىگۈدەك بولغاندا، ئانىسى مەشىقنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇردى. كارل نىشانغا يېتەي دەپ قالغاندا، ئۇ قىزىقىدىغان ئويۇنچۇقنى تېخىمۇ يىراقراق يۆتكەپ قويۇپ، ئۇنى ئۆمىلەپ بېرىپ ئېلىشقا ئىلھاملاندۇراتتى. ئاپىسىم ماڭا: «بۇنداق قىلغاندا، ھەم ئىرادە يېتىلدۈرگىلى، ھەم ئۆمىلەشنى مەشىق قىلدۇرغىلى، يەنى بىر ئىشتا ئىككى خىل نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدىكەن» دېگەن ئىدى.

كارل سەل - پەل چوڭ بولۇپ، بىلىم ئۆگىنىشكە كىرىشكەندىن كېيىن، ئاپىسىم بىلەن ئىككىمىز يۇقىرىدىكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇنىڭ قەتئىي بوشاشماسلىق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇنى ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان بىر خىل ئادەتكە ئايلاندۇردۇق. بۇ جەرياندا ئويۇنچۇقنىڭ ئورنىغا پەقەت كىتاب ئالماشتى.

كارلنىڭ ئۆگىنىشتە ھەربىر قېتىم ئىلگىرىلىشى خېلى قىيىن مەسىلە ئۈستىدىمۇ قەتئىي بوشاشماي تىرىشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئوغلۇم ئۆگىنىشتە بىر خىل ناھايىتى ئازادە كەيپىياتتا بولغاچقا، ماتېماتىكىغىلا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق مەسىلىنى ھېچقانچە كۈچىمەيلا ئىشلىۋېتەتتى. مەن ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بىر قېتىم ئۇنىڭ قابىلىيەت دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بىر مەسىلىنى ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇردۇم. مەن ئاشۇ ئىشنى ھازىرغىچە ئەسلەپ تۇرىمەن. چۈنكى شۇ چاغدا، ئۇ ھېلىقى مەسىلىنى ئىشلەشكە ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى، ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئىرادىسىنى نامايان قىلغان ئىدى. مەن كارلغا مەسىلىنى كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ، ئەستايىدىل

ئويلىنىشقا باشلىدى. بۇنداق چاغدا، ئۇنىڭ تىنچ مۇھىتتا يالغۇز ئولتۇرۇپ، مۇستەقىل ئويلىنىشىغا ئۇچۇن ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتىم. ئارىدا خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، كارل ئۆيدىن چىقمىدى. مەن سەل - پەل تەئەججۇپلەندىم. گەرچە ئۇ سوئال ناھايىتى قىيىن بولسىمۇ، لېكىن كارل مەسىلە ئىشلىگەندە، ئادەتتە بۇنچە ئۇزاق ۋاقىت كەتمەيتتى. ھالبۇكى، ھازىر ئۇنىڭغا بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتىن بەك ئېشىپ كەتكەن ئىدى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا كىرسەم، كارلنىڭ تېخىچە ئويلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم، شىرە ئۈستىدىكى ھېلىقى مەشىق قەغىزى ئاق پېتى تۇراتتى. مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— قانداق، بۇ مەسىلە بەك تەسمىكەن؟ — ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ قويدى يۇ، ئۈنچىقمىدى. قارىسام، كارلنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، پېشانىلىرى تەرلەپ كېتىپتۇ. ھاۋا ئۇنچىلىك ئىسسىق ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنى ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم - دە:

— كارل، بىرەر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ياق، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ، — بۇ مەسىلىنى قانداق يېشىشنى ئويلاۋاتىمەن.

— بەلگىلەنگەن ۋاقىتمۇ توشۇپ كەتتى. ئەگەر بۇ مەسىلە ساڭا بەك تەس تۇيۇلسا، ھازىرچە ئارام ئالغىن، ئۇنى ئەتە ئىشلىسەڭمۇ بولىدۇ، - دېدىم.

— ياق دادا، بىردەم توختاپ تۇرۇڭ، بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنى تاپقىلى ئاز قالدىم. يەنە ئازراق ۋاقىت بېرىڭ، — ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ، ئويلىنىشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ مەسىلىنى يېشىشنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ پىكرىنى بۆلۈۋەتمەي دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ يېنىدىن سىرتقا چىقىپ، ئايالىم بىلەن بۇ ھەقتە پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇم. تاماق

ۋاقتى بولغاندا، ئايالىم ئولتۇرالماي قالدى ـ دە.

— كارلنى چاقىرىپ چىقىڭ، ئۇ مەسىلە بەك قىيىن ئوخشايدۇ. كارلنىڭ غۇرۇرى بەك كۈچلۈك، ئىشلىيەلمەي ئىزا تارتىپ قالمىسۇن، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىڭ، بەك ھېرىپ كەتمىسۇن، — دېدى. مەن كارلنىڭ يېنىغا يەنە كىرىپ:

— كارل، بولدى قىل، ئىشلىيەلمىسەڭ ھېچقىسى يوق، بۇ مەسىلە ھەقىقەتەن بەك قىيىن ئىدى، — دېدىم.

— ياق دادا، ئاز قالدى، — دېدى كارل،— سىز ماڭا قەتئىي بوشاشما دېمىگەنمىدىڭىز، مەن بۇ مەسىلىنى يېشىشنىڭ چارىسىنى تېپىپ بولدۇم. ئازراقلا بىر يېرى قالدى، ئۇنى ھازىرلا ئىشلەپ بولىمەن.

ئوغلۇمنىڭ بۇنداق پوزىتسىيىسىگە قارىتا مەن نېمە دېيەلەيتتىم. يەنىلا ئايالىم بىلەن سىرتتا ئۇنى تاقەت قىلىپ ساقلاپ تۇردۇق. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ بۇ مەسىلىنى ئىشلىيەلمەيدىغانلىقىغا قارىتا، بىزدە ئىدىيە تەييارلىقى بار ئىدى. ئۇنىڭ شۇنچە ئىرادىسىنى كۆرۈپ، ئۇنى مۇمكىنقەدەر قوللاش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىشتۇق. ئۇزاق ئۆتمەي كارلنىڭ «دادا، دادا!» دەپ خۇشال توۋلىغان ئاۋازىنى ئاخىر ئاڭلىدىم. شۇ چاغدا مەن چەكسىز ھاياجانلاندىم. ئوغلۇمنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ نەتىجە قازانغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. دېگەندەك كارل ھېلىقى سوئال قەغىزىنى كۆتۈرگىنىچە، ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى. قەغەزگە قارىسام ئۇ بەك توغرا ئىشلەپتۇ. ھەمدە پىكىر قىلىش يوللىرىمۇ ناھايىتى جايىدا بولۇپ، ئۆلچەملىك جاۋابتىن ياخشىراق ئىكەن.

ئاشۇ كۈنى كەچلىك تاماقتا، كارل ئۆزىنىڭ قانداق پىكىر يۈرگۈزگەنلىكىنى، مەسىلىنىڭ يېشىلىش نۇقتىسىنى قانداق تاپقانلىقىنى توختىماي سۆزلەپ بەردى. ئۇ، مەسىلىنىڭ

قىيىنلىقىنى ھەقىقەتەن ئېتىراپ قىلدى. ئەزەلدىن بۇنداق قىيىن مەسىلىگە يولۇقۇپ باقمىغانلىقىنى، ئۇنى ئۇتۇقلۇق ھالدا ئىشلىيەلىگەنلىكىدىن ئۆزىنىڭ پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭدىن بۇ مەسىلىنى يېشىش جەريانىدا، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشنى ئويلىغان - ئويلىمىغانلىقىنى سورىسام، ئۇ: «ئۇنىمۇ ئويلىدىم. چۈنكى، بۇ مەسىلە بەك تەس ئىكەن، كۆپ ۋاقىت كېتىدىكەن. بېشىم ئاغرىپ، مېڭەم چىڭقىلىپ كەتتى. مەن يېنىڭىزغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، ‹بولدى، ئىشلىيەلمىدىم› دېگۈم كەلدى. ھەر قېتىم شۇ ئوي كەلگەندە، قۇلىقىمغا ‹غەيرەت قىل، غەيرەت قىل› دېگەن بىر سادا ئاڭلانغاندەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەسىلىنى مەن چىڭ تۇرۇپ ئىشلەپ بولمىغۇچە بولدى قىلمايمەن دەپ، ئۆز - ئۆزۈمگە ۋەدە قىلدىم» دېگەن ئىدى. ئۇ كۈنى كەچتە كارل يېمەكلىكلەرنى كۆپ يېدى، ئادەتتىكىدىن ئۇزاق ئۇخلىدى. ئۇ ھەقىقەتەن بەكلا چارچاپ كەتكەن ئىكەن.

ئاشۇ ئىشتىن كېيىن، كارلنىڭ مەسىلە يېشىش قابىلىيىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ، ماتېماتىكىدىكى بەزى قىيىن مەسىلىلەرنى 2 — 3 خىل يول بىلەن يېشىپ، ئىشلىيەلەيدىغان بولدى. كارل ئاشۇ قېتىمقى مەشىق ئارقىلىق، بەرداشلىق بېرىشنىڭ ئۆزى غەلىبە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت قائىدىنى چوڭقۇر تونۇۋالغان ئىدى.

# ئون ئىككىنچى باب ئوغلۇمنىڭ ئۆز-ئۆزىدىن قانائەتلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدىم

مەن ئوغلۇمغا: «بىلىم ئادەمنى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر قىلىدۇ، ياخشى ئەمەل پەرۋەردىگارنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ. جاھاندا ئىلىمسىزلەر ناھايىتى كۆپ، ئۇلار ئىلىمسىز بولغاچقا، ئىلىملىكلەرنى كۆرسە باشقىچىلا چوقۇنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ماختاشلىرى تۇراقسىز بولىدۇ، يەنى ئۇنىڭغا ئېرىشمەك ئاسان، شۇنداقلا ئاسان قولدىن كېتىدۇ. لېكىن، پەرۋەردىگارنىڭ رەھمىتىگە ياخشى ئەمەللىرىڭ كۆپ بولغاندىلا ئېرىشەلەيسەن. ئۇنىڭغا ئېرىشمەك ئاسان ئەمەس، ئۇ مەڭگۈلۈك. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا خۇشتار بولما» دېگەن ئىدىم. مەن يەنە كارلغا: «باشقىلارنىڭ ماختىشىغا خۇشتار ئادەملەر مۇقەررەر ھالدا، باشقىلارنىڭ ئازار بېرىشىگىمۇ چىدىشى كېرەك. باشقىلارنىڭ باھاسىدىن خۇش بولىدىغان ياكى ھەسرەت چېكىپ يۈرىدىغانلار ئەڭ ھاماقەت. باشقىلارنىڭ ئازار بەرگەنلىكىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ يۈرىدىغانلار جەزمەن ئەخمەق. باشقىلارنىڭ ئازراق ماختىشى بىلەن خۇدىنى يوقىتىپ قويىدىغانلار تېخىمۇ ئەخمەقلەردۇر» دەپ تەلىم بەرگەن ئىدىم.

## بالىنى خالىغانچە ماختاشقا بولمايدۇ

كارلنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى ماختاپ تۇراتتىم. شۇنداقتىمۇ ئاشۇ ئاق كۆڭۈل ئاتا - ئانىلارغا شۇنى ئەسكەرتىمەنكى، بالىنى

زىيادە كۆپ ماختاشقا بولمايدۇ. چۈنكى، خالىغانچە ماختاۋەرگەندە، ماختاشنىڭمۇ رولى قالمايدۇ.

كارل ناھايىتى ياخشى ئۆگىنىپ كەتكەندىمۇ، مەن «ھە، ياخشى» دەپلا قوياتتىم. ئۇ، ياخشى ئىش قىلغاندا بولسا، ئىپادەمنى بىر دەرىجە ئاشۇرۇپ: «ياخشى، ئوبدان قىلىپسەن، پەرۋەردىگار رەھمەت قىلسۇن» دەيتتىم، لېكىن بەك ئاشۇرۇۋەتمەيتتىم. كارل بىرەر ئالاھىدە زور ياخشى ئىش قىلغاندا، مەن ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ قوياتتىم. ئەمما، بۇ ھەممىشە بولمايتتى. مېنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىم — ئاتا - ئانىسىنىڭ سۆيۈشىگە ئېرىشىش بالىغا نىسبەتەن ناھايىتى قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ئوغلۇمغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئىدى. مانا مۇشۇنداق ئوخشاشمىغان ئىپادىلەش شەكلى ئارقىلىق ئوغلۇمغا «ياخشى ئىشتىن خۇشاللىق ھېس قىلىش — ئۇنىڭغا قايتۇ-رۇلغان ئەڭ ياخشى جاۋاب ھەم پەرۋەردىگارنىڭ مەرھەمىتى» ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر بىلدۈرگەن ئىدىم. مەن ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، زىيادە ماختىماسلىققا دىققەت قىلاتتىم. چۈنكى، بالا ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىپ كەتكەن ھامان، تۇزۇتمەك بەك تەس. پوچى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، مەن كارلغا نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگەتكەن، ئەمما فىزىكا ۋە خىمىيە بىلىملىرىنى ئۆگەتمىگەن ئىدىم. بەلكى بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ پىكرى مېنىڭكى بىلەن ئوخشاشماسلىقى مۇمكىن. ئۇلار بالىلىرىنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق ئالاھىدە تەرەپلىرىنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا كۆز - كۆز قىلىپ ماختاشقا ئامراق. ئۇنداق قىلغاندا، بالا ئۇنىڭدىلا ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، مەن بۇنداق قىلىشنىڭ يوشۇرۇن ساپالىق بالىنى ئۇجۇقتۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن.

مېنىڭچە، دەسلەپكى تەربىيىنى باشتىن كەچۈرمەي، تۇغما

تالانتىغا تايانغان خىسلەتلىك باللار بىتاپ ھالەتتىكى ۋاقىتلىق ھادىسىدىنلا ئىبارەت. بۇنداق خىسلەتلىك باللار ھامان ئاسانلا يېرىم يولدا قالىدۇ. بۇ دەل: «10 يېشىدا خىسلەتلىك، 15 يېشىدا تالانتلىق، 20 ياشتىن ئاشقاندا ئادەتتىكى ئادەم» دېگەن تەمسىلدىكىدەك ئەھۋال. يوشۇرۇن ساپالىق بەزى باللارنىڭ كېيىنچە كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىكىدىكى سەۋەب دەل ئاشۇ باللارنىڭ مەغرۇرلىنىپ، ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىپ، پوچىلىق ۋە چوڭچىلىق قىلغانلىقىدا.

جاھاندا تەكەببۇرلۇق ۋە پوچىلىقتىن ئارتۇق قورقۇنچلۇق ئىش يوق. چۈنكى، ئۇلار كىشىنىڭ يۇقىرى ساپاسىنى تۈگەشتۈرىۋېتىدۇ.

لاين كىچىكىدىلا مەلۇم تالانتىنى نامايان قىلغان بالا ئىدى. چۈنكى ئۇ، تۇغۇلغاندىلا باشقىلار ئۇنىڭ چېچەن ۋە ئەقىللىقلىقىنى ھېس قىلىشقان. كىشىلەر بۇ بالىنى چوقۇم تالانتلىق ۋە ئىستىقبالى پارلاق بولىدۇ، دەپ قاراشقان. بەزىلەر: «لاين چوقۇم بۈيۈك ئادەم بولىدۇ، ئۇنىڭ ئاجايىپ ئەقلىگە قاراڭلار، ئۇ بىر بۈيۈك قوماندان بولۇپ قالامدۇ، تېخى» دېيىشسە، يەنە بەزىلەر كەسكىن ھالدا: «ئۇ چوقۇم كۆپچىلىكنى ھەيران قالدۇرىدىغان سەنئەتكار بولىدۇ» دېگەن. بۇ گەپلەردە ھېچقانداق خاتالىق بولمىسىمۇ، ئەمما پاكىت ئۇنداق بولمىدى. بۇ بالا ئىككى ياش چېغىدىلا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تالانتىنى نامايان قىلدى. بولۇپمۇ مۇزىكا جەھەتتە ئۇنىڭ ناھايىتى تالانتى بار ئىدى. ئاتا - ئانىسى لاينىنى مۇزىكا جەھەتتە ئەڭ ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مەخسۇس ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلدى. ئۇ، ھەقىقەتەن ناھايىتى ئەقىللىق بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىسى ئۆگەتكەن نەرسىلەرنى ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىپ بولاتتى. 4 — 5 ياش ۋاقتىدا، ئۇ

مۇزىكا ئاساسىي بىلىملىرىنى ئىگىلەپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن چالغۇلارنى چالالايدىغان بولدى. بولۇپمۇ ئۇ، پىئانىنو ۋە گارمونىنى ئاجايىپ ياخشى چالاتتى ھەمدە تېز ئارىدىلا ئۆزىنىڭ شەخسىي مۇزىكا كېچىلىكىنى ئۇيۇشتۇردى. كىشىلەر ئۇنى مۇزىكىدا پەۋقۇلئاددە ئۆتكۈر بالا، ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى دەپ، مۇزىكا تارىخىدىكى بۈيۈك مۇزىكانتلارغا ئوخشاش باھا بېرىشكەن ئىدى.

لايىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى بىر گۆھەرگە ئايلاندۇرۇۋالدى، ئائىلىسى ئۇنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدىغان بولدى. ئۇلار ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە بالىسىنى ماختاپ بېرەتتى، ھەتتا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا: «لايىنىڭ مۇزىكا سەۋىيىسى ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسىدىن، ھەتتا زامانداش مۇزىكانتلاردىنمۇ ئېشىپ كەتتى» دېيىشەتتى. كىشىلەر لايىنى «باخقا ئوخشاش مۇزىكا پىشۋاسى بولىدۇ» دېيىشىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن لاين مۇشۇنداق زىيادە كۆپ ماختاشلاردىن قايمۇقۇپ، ئۆز - ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىپ مەست بولۇپ كەتتى. بىر كۈنى مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭ مۇزىكا ئىپادىلەشتە خېلى كۆپ يېتەرسىزلىكى بارلىقىنى ئېيتتى. گەرچە ئۇنىڭ ماھارىتى خېلىلا ياخشى ئىكەنلىكى ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچى پەقەت ماھارەتتىلا ئەمەس، بەلكى مۇزىكىنىڭ ئىچكى مەنىسىدە ئىدى. لاين بۇنىڭدىن ئاچچىقلاپ كەتتى. ئۇ ئوقۇتقۇچىسىغا قوپاللىق بىلەن:

— سىزنىڭچە، مەن ماھارەتلا بىلەمدىمەن؟ مۇزىكىنىڭ ئاشۇ ئىچكى مەنىسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ بولغانمەن، — دېدى.

— ئەمما مەن ئېنىق بايقىغان تۇرسام، — دېدى ئوقۇتقۇچىسى.

— ئۇ ھېچقانچە مەسىلە ئەمەس. مەن قەستەن شۇنداق

چالغان، مەن بۇ مەسىلىنى شۇنداق چۈشىنىمەن، — دېدى لاين.

ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا مۇزىكا ئىپادىلەش جەھەتتىكى بەزى نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇپتۇ - دە، پىئانىنو چېلىش جەريانىدا، تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالغاندەكلا كىچىككىنە بىر خاتالىق سادىر قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن لاين ئۇنى تۈتۈۋېلىپ، قاتتىق مەسخىرە ئاھاڭدا: «هوي، سىزمۇ خاتا چالدىڭىز سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچۇم، مۇشۇنچىلىك سەۋىيىڭىز بىلەن ماڭا مۇزىكا ئۆگىتەلەمسىز» دەپتۇ. ئوقۇتقۇچى بۇ گەپتىن قاتتىق خاپا بولۇپتۇ. گەرچە ئۇ، لاينىنى قابىلىيەتلىك دەپ قارىسىمۇ، لېكىن دەرھال خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپتۇ. گەرچە لايننىڭ ئاتا - ئانىسى ئوغلىنىڭ بۇ قىلىقى ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇپ، ئۇنى قالدۇرۇپ قالماقچى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا كەينىگە قاراپمۇ قويماي كېتىپ قاپتۇ.

كېيىنچىرەك، مەن بۇ مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسىنى ئۇچرىتىپ، لايننىڭ ئىشى توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا لايندىن ئايرىلغان ئاشۇ پەيتتە، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى هۆكۈمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تۇيۇقسىز هېس قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ هېس قىلىشىچە، لاين ئىلگىرى ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك، ئۇنداق بۈيۈك مۇزىكانت بولالمايدىكەن. پاكىت بۇ مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ توغرا ئېيتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ ئوقۇتقۇچى كەتكەندىن كېيىن، لاين تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كەتتى. ئۆزىنى تالانتلىق دەپ قارىغاچقا، كلاسسىك مۇزىكانتلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قالايمىقان ئۆزگەرتىپ چېلىپ هەمدە: «بۇ ئەسەرلەرمۇ شۇنچىلىك ئىكەنغۇ» دەپ يۈردى. ئۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ يەنە ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىشىنى رەت قىلىپ: «ئۇلار كارغا كەلمەسلەر، ئۇلار 100 يىلدا بىر قېتىم ئاران ئۇچرايدىغان مەندەك تالانت ئىگىسىگە مۇزىكا ئۆگىتىشكە پەقەت

يارىمايدۇ» دەپ يۈردى.

ئاقمۇەتنى بىلمەك تەس ئەمەس. بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاڭلىسام، لاين هاراقكەش بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ: «كىشىلەر مەندەك تالانت ئىگىسىنى تونۇمىدى» دەپ ھەممىدىن قاقشاپ، شىكايەت قىلىپ يۈرىدىكەن.

مەن نۇرغۇن بۈيۈك سەنئەتكارلارنىڭ هايات ۋاقتىدا ۋە نام چىقىرىشتىن ئىلگىرى، باشقىلارنىڭ توغرا چۈشىنىشىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن، ئەمما لاين ئۇلارغا ئوخشاشمايدۇ. چۈنكى، ئۇ تۇغۇلغاندىن بېرى، بىرەر گۈزەل ئەسەر ئىشلىمىگەن، ھەتتا ئاددىي بىر مۇزىكا ئىجاد قىلىپ باققانمۇ ئەمەس. ئۇ، كېيىنچە هاراقنى تولا ئىچىپ، ئاڭلاش سېزىمى، ئەپچىل بارماقلىرىنىمۇ كاردىن چىقىرىپتۇ، بەلكى هازىر ئەڭ ئادەتتىكى ئاساسىي ئۇدارلارنىمۇ چالالمىسا كېرەك.

مەن كارلىغا بولغان تەلىم - تەربىيە جەريانىدا، مۇشۇ تەرەپتىن بەك ئەنسىرىگەن ئىدىم. ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ناهايىتى زور كۈچ سەرپ قىلدىم. لايننىڭ ئىشلىرىنى كارلىغا سۆزلەپ بېرىپ، ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىش ۋە پوچىلىقنىڭ ئاشۇنداق زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈردۈم.

## ئوغلۇمنى ھەرگىز زىيادە كۆپ ماختىمايتتىم

ئوغلۇمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى جەريانىدا، مەن ئۇنى كۆپ ماختىمايتتىم، بەلكى باشقىلارنىڭمۇ ئۇنى زىيادە كۆپ ماختىشىغا ھەرگىز يول قويمىغان ئىدىم.

ھەر قېتىم باشقىلار كارلنى ماختىغاندا، مەن ئوغلۇمنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭغا ئاڭلاتمايتتىم. مېنىڭ ئەسكەرتىشىمنى ئاڭلىماي، كارلنى ماختاۋېرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆيگە كېلىشىنى چىرايلىقچە رەت قىلاتتىم. شۇ سەۋەبتىنمۇ، مەن ھەتتا باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ھېسسىياتسىز ئادەمگە، جاھىل قېرىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدىم. ئەمما، مەن ئوغلۇمدا بۇنداق يامان ئادەت يېتىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەكلىرى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايتتىم. مەن ئوغلۇمغا: «بىلىم ئادەمنى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر قىلىدۇ، ياخشى ئەمەل پەرۋەردىگارنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ. جاھاندا ئىلىمسىزلەر ناھايىتى كۆپ، ئۇلار ئىلىمسىز بولغاچقا، ئىلىملىكلەرنى كۆرسە باشقىچىلا چوقۇنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ماختاشلىرى تۇراقسىز بولىدۇ، يەنى ئۇنىڭغا ئېرىشمەك ئاسان، شۇنداقلا ئاسان قولدىن كېتىدۇ. لېكىن، پەرۋەردىگارنىڭ رەھمىتىگە ياخشى ئەمەللىرىڭ كۆپ بولغاندىلا ئېرىشەلەيسەن. ئۇنىڭغا ئېرىشمەك ئاسان ئەمەس، ئۇ مەڭگۈلۈك. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا خۇشتار بولما» دېگەن ئىدىم. مەن يەنە كارلغا: «باشقىلارنىڭ ماختىشىغا خۇشتار ئادەملەر مۇقەررەر ھالدا، باشقىلارنىڭ ئازار بېرىشىگىمۇ چىدىشى كېرەك. باشقىلارنىڭ باھاسىدىن خۇش بولىدىغان ياكى ھەسرەت چېكىپ يۈرىدىغانلار ئەڭ ھاماقەت. باشقىلارنىڭ ئازار بەرگەنلىكىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ يۈرىدىغانلار جەزمەن ئەخمەق. باشقىلارنىڭ ئازراق ماختىشى بىلەن خۇدىنى يوقىتىپ قويىدىغانلار تېخىمۇ ئەخمەقلەردۇر» دەپ تەلىم بەرگەن ئىدىم.

مەن تۇرلۇك چارە - ئۇسۇللار بىلەن كارلنى تەربىيىلىدىم. ئۇنىڭدا مەغرۇرلۇق، ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىش كەيپىياتىنىڭ ئۆسۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدىم. گەرچە بۇ بەك قىيىن

بولسىمۇ، ئەمما مەن ئاخىرى قاناتەتلەنگۈدەك غەلىبە قىلدىم.
دۇنيادا بەلكىم كىشىلەرنىڭ ماختاشلىرىغا مېنىڭ ئوغلۇمدەك ئېرىشكەن بالا بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، مېنىڭ تىرىشچانلىقىم بولغاچقا، ئوغلۇم ئۇنىڭ زىيانلىق تەسىرىدىن ساقلىنىپ قالدى. بىر قېتىم خاللىرنىڭ دىنىي ئىشلار ھەيئەت ئەزاسى دوكتور سىس مەندىن: «ئوغلىڭىز تەكەببۇرمۇ؟» دەپ سورىغاندا، مەن: «ياق، قىلچە تەكەببۇر ئەمەس» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدىم. ئۇ: «بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئاشۇنداق خىسلەتلىك بالا تەكەببۇر بولمىسا، ئۇنداقتا، ئوغلىڭىز ھەقىقەتەن ئادەتتىكى بالا ئەمەسكەن، — ئۇ كارلنى تەكەببۇر چاغلاپ، — ئۇ چوقۇم تەكەببۇر، ئۇنىڭ تەكەببۇر بولۇشىمۇ تەبىئىي ئەھۋال» دېگەن. مەن شۇ ئىشتىن كېيىن، ئۇنى كارل بىلەن كۆرۈشتۈردۈم. ئۇ، كارل بىلەن ئۇزاق پاراڭلىشىپ، ئاخىر كارلنى چۈشەندى. كېيىنچە مەندىن: «ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم. ئوغلىڭىز قىلچىمۇ تەكەببۇر ئەمەس ئىكەن، سىز ئۇنى قانداق تەربىيىلىدىڭىز؟» دەپ سورىدى. مەن ئوغلۇمنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، مېنىڭ ئۇنى تەربىيىلەش ئۇسۇللىرىمنى دوكتور سىسقا ئېيتىپ بېرىشكە بۇيرۇدۇم. دوكتور ئاڭلاپ: «راست ئىكەن، ئەگەر مۇشۇنداق تەلىم - تەربىيە يولغا قويۇلسا، بالا چوقۇم تەكەببۇر بولمايدۇ، مەن ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم» دېدى.
بىر قېتىم گېرمانىيىدە ئوقۇيدىغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل ئەمەلدارلاردىن كلور ئىسىملىك ئەپەندى تۇغقان يوقلاپ گيۇتتېنگېنغا كەلدى. ئۇ گيۇتتېنگېنغا كېلىشتىن ئىلگىرى گېزىتتىن ۋە كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن كارلنىڭ ئىشىنى ئاڭلىغان ئىكەن. ئۇ، تۇغقانلىرىدىن تېخىمۇ تەپسىلىي ئاڭلاپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ

تۇغقانلىرى بىلەن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز يېقىن بولۇپ، ئۇلارغا كارلنىڭ ئەھۋالى بەش قولدەك ئايان ئىدى. كلور ئەپەندى ئوغلۇمنى سىناپ باقماقچى بولۇپتۇ. بۇ پۇرسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، توغقانلىرىدىن خەۋەر ئەۋەتىپتۇ. مەن بۇ تەكلىپكە بىنائەن كارلنى بىرگە ئېلىپ باردىم. كلور ئەپەندى ئوغلۇمنى سىناپ باقماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. مەنمۇ ئادەت بويىچە ئۇنىڭغا: «سىناق نەتىجىسى مەيلى قانداق بولسۇن، كارلنى ماختاشقا بولمايدۇ» دېگەن شەرتنى تەلەپ قىلىپ قويدۇم. كلور ئەپەندى ماتېماتىكىغا ماھىر ئىكەن. شۇڭا، ئاساسلىقى ماتېماتىكىدىن سىناپ باقىدىغانلىقىنى دېدى. مەنمۇ: «ماختىمايدىغانلا ئىش بولسا، نېمىدىن ئىمتىھان ئالسىڭىز بولۇۋېرىدۇ» دېدىم. ئىككىمىز شۇنداق پۈتۈشتۇق - دە، كارلنى چاقىرىپ كىردۇق، ئىمتىھان باشلاندى. كلور ئەپەندىنىڭ سوئاللىرى كىشىلىك تۇرمۇشتىن باشلىنىپ ئىلمىي ساھەگىچە بولدى، كارلنىڭ ھەربىر جاۋابىدىن ئۇ رازى بولدى. ئاخىرىدا كلور ئەپەندى ئۆزى ئوبدان بىلىدىغان ماتېماتېكا ئىمتىھانى باشلاندى. كارلمۇ ماتېماتىكىغا ئۇستا بولغاچقا، ئىمتىھان داۋاملاشقانسېرى كلور ئەپەندى ھەيران قېلىشقا باشلىدى. ھەربىر مەسىلىنى كارل 2 — 3 خىل يول بىلەن ئىشلەپ، كلور ئەپەندىنىڭ تەلىپىگە لايىق يېشىپ چىقتى. بۇ باسقۇچقا كەلگەندە، كلور ئەپەندى ئۆزىنى تۇتالماي كارلنى ماختاپ كەتتى. مەن دەرھال كۆز ئىشارىسى قىلىپ، ئۇنى توختىتىۋالدىم. ئىمتىھان تېخى ئاخىرلاشمىغان ئىدى. ھەر ئىككىيلەن ماتېماتىكىغا ئۇستا بولغاچقا، ئىمتىھان جەريانىدا ئىككىلىسى ماتېماتىكىنىڭ ئەڭ قىيىن مەسىلىلىرىگە كېلىپ قالدى ھەمدە ئاخىر كلور ئەپەندى تىزگىنلىيەلمەيدىغان دەرىجىگە يەتتى. بۇ چاغدا كلور ئەپەندى يەنە ئۆزىنى تۇتالماي: «ۋاھ،

ئۇ مەندىن ئېشىپ كېتىپتۇ» دەۋەتتى. «ئاپلا، چاتاق بولدى» دېدىم ئىچىمدە ۋە دەرھال: «نەدىكىنى، يېرىم يىلدىن بۇيان كارل مەكتەپتە مەخسۇس ماتېماتىكا دەرسى ئاڭلىغان. شۇڭا ئېسىدە قالغان ئوخشايدۇ» دېدىم، نەق مەيدان كەيپىياتىغا سوغۇق سۇ چېچىپ. ئەمما، كلور ئەپەندىنىڭ قىزىقىشى پەسەيمەي، يەنە بىر قىيىن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «بۇ مەسىلىنى ئويلىنىپ بېقىڭ، بۇ مەسىلىنى ئۇۋرا ئەپەندى ئۈچ كۈندە ئاران ئىشلەپ بولغان. ئەگەر بۇنى ئىشلىيەلىسىڭىز، ئۇنداقتا، تېخىمۇ قالتىس ئىش بولىدۇ» دېدى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەنسىرەشكە باشلىدىم. مەن بۇ قىيىن مەسىلىنى كارل ئىشلىيەلمەي قالامدىكىن دەپ ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەگەر بۇنچىۋالا تەس مەسىلىنى ئىشلەپ قالسا، ئۆز - ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىپ كېتەرمىكىن، دەپ ئەنسىرىگەن ئىدىم. ئەمما، كلور ئەپەندى بىزنى دېگەندەك چۈشەنمىگەچكە، مەن «بولدى، ئەمدى ئىشلىمىسۇن» دېسەم، ئوغلىنىڭ ئىشلىيەلمەي قېلىشىدىن قورقتى دەپ خاتا چۈشىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ گەپنىمۇ دېيىشنى بىئەپ ھېس قىلىپ، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن قاراپ تۇردۇم.

ھېلىقى مەسىلە مۇنداق ئىدى: بىر دېھقان تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك بىر پارچە يەرنى ئۈچ ئوغلىغا تەڭ تەقسىملەپ بەرمەكچى بوپتۇ. ھەربىر پارچە يەرنىڭ شەكلىمۇ ئىلگىرىكى يەر بىلەن ئوخشاش بولۇشى كېرەككەن.

كلور ئەپەندى بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، كارلنىڭ ئىلگىرى ئاڭلىغان - ئاڭلىمىغانلىقىنى ياكى كىتابلاردىن كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى سورىدى. كارل ئاڭلىمىغانلىقىنى ئېيتتى. كلور ئەپەندى: «ئۇنداقتا، مەن سىزگە ۋاقىت بېرەي، ئىشلەپ بېقىڭ» دېدى. ئۇ گېپىنى



توگـــــتـــــپ، قـولـۇمـدىـن تۇتقىنىمـچە ياندىكـــى ئۆيگە ئەكىرىپ، ماڭا: «ئوغلىڭىز ھەرقانچە ئەقىللىق بولسىمۇ، بۇ مەسـىـلـە بەك تەس، ئىشلىيەلمەيدۇ. مەن ئوغلىڭىزغا جاھاندا مۇنداقمۇ قىيىن مەسىلىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم» دېدى. ئەمما، كلور ئەپەندىنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا كارلىنىڭ «ئىشلەپ بولدۇم» دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. كلور ئەپەندى: «مۇمكىن ئەمەس» دېگىنىچە كارلىنىڭ قېشىغا چىقىپ كەتتى. ئوغلۇم ئۇنىڭغا «ئۈچىلىسى تەڭ ھەم شەكلى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش بولۇشى كېرەك، شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىدى.

بۇ چاغدا كلور ئەپەندى ئىشىنەلمەي: «سىز بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئىلگىرى بىلەمتىڭىز؟» دەپ سورىدى. ئوغلۇم ئۆۋالچىلىقتا چىدىيالماي، كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ: «ياق، ياق!» دېدى. بۇنى كۆرۈپ مەنمۇ سۆكۈت قىلالمىدىم ۋە كلور ئەپەندىگە: «مەن سىزگە شۇنداق ۋەدە بېرەلەيمەنكى، ئوغلۇمنىڭ ئىلگىرى ئىشلىگەنلىرى ماڭا شۇنداق ئېنىق. ئۇ، بۇ مەسىلىنى تۇنجى قېتىم كۆردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كارل ئەزەلدىن يالغان ئېيتمايدۇ» دېدىم.

بۇ چاغدا كلور ئەپەندى: «ئۇنداقتا، ئوغلىڭىز ماتېماتىك ئوۋرادىن ئېشىپ كېتىپتۇ» دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ قولىنى چىمدىپ تۇرۇپ، شۇئانلا: «قاغىمۇ بەزىدە بۇلبۇلدەك سايراپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ پۈتۈنلەي تاسادىپىيلىق» دېدىم. كلور ئەپەندىمۇ مەقسىتىمنى

چۇشىنىپ، بېشىنى لىڭشىتقىنىچە: «شۇنداق، شۇنداق» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇلىقىمغا پىچىرلاپ: «ھەي، مەن سىزنىڭ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىڭىزغا ھەقىقەتەن قول قويىدۇم. بۇنداق تەربىيىدە ئوغلىڭىز ھەرقانچە بىلىملىك بولۇپ كەتسىمۇ، ھەرگىز تەكەببۇر بولۇپ قالمايدىكەن» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، كارل باشقىلار بىلەن خۇشال ھالدا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ، كلور ئەپەندىنى تېخىمۇ خۇش قىلىۋەتتى. چۈنكى، بۇنداق چاغدىمۇ كارل خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك تەمكىن تۇراتتى.

مەن ئوغلۇمغا بەرگەن تەلىم - تەربىيىنىڭ بۇ نەتىجىسىدىن بەك خۇشال بولدۇم. مەن كارلنى سانسىز قېتىم ئاگاھلاندۇرۇپ: «مەيلى ئادەم قانچىلىك ئەقىللىق، قانچىلىك بىلىملىك، قانچىلىك دانىشمەن بولۇپ كەتسىمۇ، ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى پەرۋەردىگارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇ گويا تاغدىكى بىر تال شېغىل، دېڭىزدىكى بىر تامچە سۇ» دېگەن ئىدىم. ئازغىنا بىلىمى بىلەن مەغرۇرلىنىدىغانلار ئەمەلىيەتتە، بەك بىچارە كىشىلەردۇر. مەدھىيە - ماختاشلارنىڭ ئۇندىن سەككىزى يالغان. شۇنىسى قىزىقكى، كىشىلەر يالغان مەدھىيە - ماختاشلارغا كۆنۈپ كەتكەن. شۇڭا، كىمكى ھە دېسە مۇشۇنداق ماختاشلارغا شەكسىز ئىشىنىدىكەن، ئۇ بىر ھاماقەتتۇر» دېگەن ئىدىم.

ئەسكەرتىش: يۇقىرىدىكى ماتېماتىكىلىق مەسىلىدە ئۇقۇشماسلىق بار. رەسىمدىكى نىسبەت بۇ كىتابنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىدىن ئېلىنغان. ئەگەر خاتالىق بولمىغاندىمۇ، بۇ مەسىلىنى مۇكەممەل دېگىلى بولمايدۇ. رەسىمنى ماتېماتىكىلىق فورمۇلا بىلەن ئىسپاتلاشنىڭ ھاجىتى يوق. رەسىمدىكىسى بويىچە ئۆزئارا تەڭ ئۈچ بۆلەككە بۆلۈپ

ئىشلىگەندە، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مەيلى قانداق ئايرىلسۇن، رەسىمدىكىدەك شەكىلگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ مۇمكىن ئەمەس. كىتابنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىدىكى «similar» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىمۇ، «تەڭ، ئوخشاش» بولماستىن، بەلكى كەڭ مەنىدە، «مۇشۇنىڭغا ئوخشاش» دېگەنلىك بولۇشى مۇمكىن. بىراق، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېيىلسە، بۇ مەسىلە ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئۇۋرا ئەپەندىمۇ ئۈچ كۈن ئويلىنىپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ زادى ئەسلىي ئەسەردىكى ياكى ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىدىكى مەسىلە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمىدى. لېكىن، بۇ مەسىلە ئارقىلىق كارلىنىڭ بىلىمىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەغرۇرلانمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاچقا، بۇ مىسالدىكى خاتالىق ئانچە چوڭ ئىش ئەمەس.

# ئون ئۈچىنچى باب ئوغلۇمنىڭ يامان ئادەت يېتىلدۈرۈۋېلىشىغا يول قويمىدىم

مەن ئوغلۇمدىن باشقا، يەنە ئۈنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك نۇرغۇن بالىلارنى ئۇچراتقان. مېنىڭ بايقىشىمچە، ھەرقانداق بىر يامان ئادەتتىن باللار ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە توغرا دەپ بىلگەن مەلۇم «مۇكاپات»قا ئېرىشمەكچى بولىدۇ. مېنىڭچە، ئاتا ـ ئانىنىڭ مەسئۇلىيتى دەل بۇ خىل «مۇكاپات»نى بايقاش ۋە تۈگىتىشتىن ئىبارەت.

## ئوغلۇمدا يامان ئادەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى قانداق توستۇم

مەن ئوغلۇمغا بەرگەن تەلىم ـ تەربىيىمنىڭ خېلى نەتىجىسى كۆرۈلگۈچە، تونۇمايدىغان، ئەمما ھەۋەس قىلىدىغان نۇرغۇن تونۇش ـ بىلىشلىرىم، ھەتتا ئاتا ـ ئانىلار كېلىپ مەندىن: «بالام گەپ ئاڭلىمىسا قانداق قىلىمەن»، «بالامنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ياخشى بولمىسا قانداق قىلىمەن»، «بالامدا يامان ئادەت پەيدا بولۇپ قالسا قانداق قىلىمەن» دېگەندەك نۇرغۇن سوئاللارنى سوراشتى.

نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇ مەسىلىلەردىن ھەقىقەتەن بېشى قاتىدۇ. مېنىڭچە، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى كۆڭۈل قويۇپ، تەپسىلىي كۆزەتسە ۋە مۇمكىنقەدەر بالىلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ،

مەسىلىلەرگە قاراپ باقسىلا، مەسىلە ئوڭاي ھەل بولىدۇ. بىر مېھرىبان ئانا ئۆز ئوغلىنىڭ ئاچچىقى بەك يامانلىقىنى، ھە دېگەندىلا ئاچچىقلاپ كېتىدىغانلىقىنى، قانداق باشقۇرۇشنى بىلەلمەي قالغانلىقىنى ماڭا ئېيتقان ئىدى. ئەمەلىيەتتە بالىنى قوپال ئەمەس، بەلكى تەمكىن قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال بۇنىڭدىكى سەۋەبنى ئېنىقلاش كېرەك.

بالىلار نېمىشقا بۇنداق ئوڭايلا ئاچچىقلاپ قالىدۇ؟ مېنىڭچە، بالىلارنىڭ ھېسسىياتى بەك نازۇك بولغاچقا، ئوڭاي جىلە بولىدۇ. كۆڭلىدە كونترول قىلغىلى بولمايدىغان بىر نەرسە بولىدۇ. بۇ، دەل ئوڭۇشسىزلىقتىن پەيدا بولىدىغان بىر خىل يۇكتىن ئىبارەت. بالا بەك كىچىك بولغاچقا، نېمە قىلىشنى بىلمەي، پەقەت ئاچچىقىنىلا چىقىرىدۇ. بالا ئاچچىقلانغاندا، ئەتراپىدىكى ھەممە نېمىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ قەلبىنى غەزەپ چۇلغىۋالىدۇ. ئۇ قورقۇش، ئازابلىنىشنى ھېس قىلىدۇ، ئەمما بۇنى ئۆزى كونترول قىلالمايدۇ. بالا ئاچچىقلانغاندا ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولۇپ، خۇددى جىن چاپلىشىۋالغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ ئاچچىقلىنىش مەسىلىسىگە دىققەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلىشى ھەمدە مۇۋاپىق ئۇسۇل - چارىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئاچچىقلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

مېنىڭچە، ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئۇنى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتماسلىقى، ياكى بۇ ئوڭۇشسىزلىقنى بالا كۆتۈرەلىگۈدەك دەرىجىگە چۈشۈرۈشى كېرەك. بالىنىڭ نېمە ئىش قىلىشىغا زىيادە كۆپ چەكلىمە قويماسلىق ياكى بىرەر ئىشنى قىلىش - قىلماسلىقنى زىيادە كۆپ مەجبۇرلىماسلىق لازىم. تەلىم - تەربىيىنىڭ قاتتىق بولۇشى تەبىئىي ئىش، ئەمما ھەرقانداق ئىشنىڭ چېكى بولىدۇ. بالىنى

ئۇنىڭ چىداش دەرىجىسىدىن ھالقىغان ئىشلارنى قىلىشقا زورلىماسلىق لازىم. بۇنداقتا، بالىنى ھاڭغا قىستىغانلىق بولىدۇ - دە، ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي، كەيپىياتى قاتتىق بۇزۇلۇپ، قالايمىقان ئاچچىقلىنىدۇ. بالىلارنىڭلا ئەمەس، چوڭلارنىڭمۇ چىدىيالمايدىغان ئىشى بولىدۇ. بالىنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولمىغاندا، ئۇنىڭ چىشىغا تەگمەسلىك؛ بالا قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، ئۇنى جىلە قىلماسلىق؛ ئۇ پەسكويغا چۈشكەندە، ئاستا - ئاستا ئامال قىلىش كېرەك. ئەگەر بالا ئاچچىقلانسا، تېخىمۇ يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. مەن ئوغلۇمنى تەربىيىلەش ۋە باشقا بالىلارنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئاز - تولا تەجرىبە توپلىدىم. بالا بىرەر ئىشتىن ئاچچىقلانغاندا، دىققىتىنى باشقا ئىشقا بۇرىۋېتىپ، ئۇنى خاپا قىلغان ئىشنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئاستا - ئاستا تىنچلاندۇرۇش كېرەك. بۇنداق چاغدا، ئاتا - ئانىلار چوقۇم ئېغىر - بېسىق بولۇشى، ئوتنىڭ ئۈستىگە ماي چاچماسلىقى، كەلسە - كەلمەس قوپال چارىلەرنى قوللانماسلىقى كېرەك. بالا پەسكويغا چۈشكەندىن كېيىن، ئاتا - ئانا ئۇنىڭ ھالىغا يېتىشى، ياخشى گەپلەر بىلەن تەسەللي بېرىشى كېرەك. بەزىدە بالا ئاچچىقلانغاندا، باشقىلارنىڭ قۇچاقلىشىغا يول قويمايدۇ. بۇنداق چاغدا قۇچاقلىسا، ئۇنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار ئۇنى قۇچاقلايمەن دېمەي، ئاسان سۇنۇپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ، بالىنىڭ يارىلىنىپ قېلىشىدىن قوغداپ قالسىلا بولىدۇ. بالا پەسكويغا چۈشۈپ تىنچلانغاندا، ئاندىن باشقا ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بالىنىڭ ئاچچىقى ئۈچىغا چىققاندا، ئۇنىڭ بىلەن بىۋاسىتە قائىدە سۆزلەشمەسلىك كېرەك. چۈنكى، بالا بۇنداق چاغدا،

ھېچنېمىنى ئاڭلىمايدۇ، ھېچنېمىنى دېمەيدۇ، ھېچقانداق قائىدىگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بۇنداق چاغدا، ئاتا ـ ئانىلار بالىغا ئاچچىقلانماسلىقى كېرەك. ئاچچىقلىنىش خۇددى يۇقۇملۇق كېسەللىككە ئوخشىشىدۇ. ئاچچىق بىلەن ئاچچىققا تاقابىل تۇرۇش ئاقىلانىلىك ئەمەس، بەلكى ئىشنى تېخىمۇ يوغىنىتىۋېتىدۇ.

بالىنىڭ بۇنداق ئەسكى مىجەزىگە قارىتا، ئاتا ـ ئانىلار بالىنى جازالىماسلىقى ياكى مۇكاپاتلىماسلىقى، بەلكى ئاچچىقلىغانلىقىنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوقلۇقىنى ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك. مەسىلەن، بالا تاماق يېگۈسى كەلمەي ئاچچىقلاپ قالسا، ئاچچىقى يانغاندىن كېيىن يەنىلا تاماق يەيدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ئۇنىڭغا بۇ قائىدىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشى كېرەك. ئەگەر ئادەتتە تاماق يېگەندىن كېيىن، ئۇ تەقدىرلىنىدىغان ئىش قىلسا، ئاچچىقى يانغاندىن كېيىن يەنە تەقدىرلەش كېرەك. ئەگەر بالا جامائەت سورۇنلىرىدا، كىشىلەر كۆپ يەردە ئاچچىقلانسا، ئاتا ـ ئانىلار ھەرگىز بالىنىڭ رايىغا باقماسلىقى كېرەك. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بۇنداق چاغدا، بالىنىڭ رايىغا باقىدۇ، بۇ ئۇسۇل بەك زىيانلىق. چۈنكى، بالىلار كىچىك بولغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ ھىيلىگەر تەرىپى بولىدۇ. ئۇلار دائىم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇنداق ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بىر ئىلاج قىلىپ بالىلىرىغا بىلدۈرمەسلىك لازىم، بۇنى قىلماقمۇ تەس ئەمەس. ئەگەر بالا باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىرنېمە تەلەپ قىلسا، ئاتا ـ ئانىلار ئەڭ ياخشىسى يوللۇق تەلەپنى قاندۇرۇش كېرەك. ئەگەر بالا يەنە خاپا قىلغاندا، ئاندىن ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرسا، ئاقىۋىتى ئانچە ياخشى بولمايدۇ. بالىنىڭ تەلىپىنى مۇۋاپىق قاندۇرۇش، يولسىز تەلەپلىرىگە قارىتا ئۆيگە بارغاندا، ياكى مېھمانلار

قايتقاندا دېيىشەيلى. . . دېگەندەك ۋاستىلىك جاۋابلارنى بېرىش لازىم.

بالىنىڭ ئاچچىقلىنىشىنىڭ سەۋەبى، بالا بەك ئاجىز ۋە يولۇققان مەسىلىگە قۇربى يەتمىگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. بالىنىڭ چوڭىيىشى ۋە قابىلىيىتىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ ئازىيىپ بارىدۇ، بارغانسېرى مۇلايىم ۋە گەپ ئاڭلايدىغان بولىدۇ.

بەزى بالىلار ناھايىتى بەڭۋاش، ھە دېسىلا يىغلايدۇ، خاپا سالىدۇ، خەقىشلىك قىلىدۇ، ئاتا - ئانىسىنى ئىلاجسىز ئەھۋالغا قالدۇرىدۇ. نۇرغۇن ئەھۋالدا، ئاتا - ئانىلار ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئىنتايىن خاتا. چۈنكى، بۇنداق قىلغاندا، بالا بۇنىڭغا ئاستا - ئاستا كۆنۈۋېلىپ، بارغانسېرى بەڭۋاش بولۇپ كېتىدۇ.

ھەممىگە ئايانكى، ئاتا - ئانا ئۆز بالىسىنى ئەڭ ئوبدان چۈشىنىدۇ. بالىنىڭ مىجەز - خاراكتېرىمۇ ئۇلارغا ئەڭ ئايدىڭ بولۇپ، قانداق ئەھۋالدا بالا قانداق بەڭۋاشلىق قىلىدىغانلىقىنى ئاتا - ئانىلار ئوبدان بىلىۋېلىشى كېرەك. بالىنىڭ بەڭۋاشلىق قىلىدىغانلىقىنى پەملىگەندە، ئاتا - ئانىلار ئالدىنى ئالىدىغان بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىشى، بالىنىڭ ئاچچىقلاپ كېتىشىدىن ساقلىنىشى كېرەك. مەسىلەن، بالا «ئويۇنچۇق ئېلىپ بەر» دەپ خاپا قىلسا، لېكىن ئاتا - ئانىلار بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارىسا، بالىغا «مەن ھاماڭدىن سەندەك چوپچوڭلا بالىغا ئويۇنچۇق ئېلىپ بەرسە، مۇۋاپىق بولامدۇ - يوق؟ دەپ سوراپ باقاي، ئەگەر ئۇ بولىدۇ دېسە ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرەي، بولمايدۇ دېسە، ئويۇنچۇق ئالمايلى» دېيىش كېرەك. ئىشتىن بۇرۇن ئويۇنچۇق ئالمايدىغان ئېھتىماللىقنى دېگەندە، بالا ئۆزىنى تەڭشەپ، پسىخىك جەھەتتىن تەييارلىق قىلىۋالىدۇ. بۇنىڭ

بىلەن ئۇنىڭ بەخۇۋاشلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.
كارلنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەن ئىدىم. مەقسىتىم، ئۇنىڭ ياخشى مىجەز - خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈش ئىدى. دەسلەپتە مەن ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇنىڭ پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردىم. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ نەتىجە قازىنىش - قازىنالماسلىقى ئۇنىڭ بىلىمى ۋە قابىلىيىتىگىلا باغلىق ئەمەس. كۆپىنچە ھاللاردا، مىجەز - خاراكتېر يېڭىش - يېڭىلىشنى بەلگىلەشتە ھالقىلىق ئامىل ھېسابلىنىدۇ.
كارل ئۈچ ياش ۋاقتىدا، بىر تۇغقىنىم كىچىك قىزىنى ئېلىپ بىزنىڭ ئۆيگە مېھمانلاپ كەلدى. كارل بىلەن ئۇ قىز تەخمىنەن ھەم قېرىنداش ئاكا - سىڭىل ئىكەنلىكىنى بىلىشكەچكە، بىردەمدىلا چىقىشىپ كېتىپ، ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئويناشتى. ئەمما، 2 — 3 كۈن بولار - بولمايلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زىددىيەت كېلىپ چىقتى. بىر كۈنى ئىككىيلەن ھويلىدا بىرگە ئويناپتۇ، كارل ياغاچ پارچىلىرى بىلەن ئۆي ياساپتۇ. سىڭلىسى بولسا، ئۇنىڭغا قىزغىن ياردەم قىپتۇ. كارل خۇددى ئىنژېنېردەك، ھېلىقى سىڭلىسىغا «ئۇنداق قىل، مۇنداق قىل» دەپ قوماندانلىق قىپتۇ. باشتا ئىككىسى ئوبدان ئويناپتۇ، لېكىن بىردەمدىن كېيىن سىڭلىسى كارلنىڭ گېپىنى ئاڭلىغىلى ئۇنىماپتۇ. ئۇ، بىر يۇمىلاق ياغاچ پارچىسىنى كارل كۆرسەتكەن يەرگە قويماپتۇ. ئۇلار خېلى ئۇزاققىچە گەپ تالىشىپ قاپتۇ. سىڭلىسى ياغاچ پارچىسىنى ئۆزى دېگەن يەرگە قويسا، كارل ئېلىۋېتىپتۇ. لېكىن، سىڭلىسمۇ ھەرگىز مۇرەسسە قىلماي، ياغاچ پارچىلىرىنى ئاۋۋالقى يەرگە يەنە قويۇپتۇ. كۆپ قېتىم ئۇ ئېلىۋەتسە، بۇ

قويۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاخىرىدا ئىككىيلەن جاڭجاللىشىپ قاپتۇ.

بىز ئاڭلاپلا ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتۇق. كارل قاتتىق ئاچچىقلانغان هالدا يەردە ئولتۇرغان، سىڭلىسى بولسا هەدەپ يىغلاۋاتقان ئىكەن.

— كارل، نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن جىددىي هالدا.

— ئۇ گېپىمنى ئاڭلىمىدى، — دېدى كارل. مەن بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، كارلغا:

— سەن چوڭ بولغاندىكىن، سىڭلىڭغا يول قويۇشۇڭ كېرەك. هېلىقى يۇمىلاق ياغاچنى ئۇ يەرگە قويساق تېخىمۇ چىرايلىق بولىدىغۇ؟ — دېدىم.

— ياق، چىرايلىق بولمايدۇ، — دېدى كارل هەمدە ئېتىلىپ بېرىپ تېخى پۈتمىگەن ئۆينى بىر تېپىپ ئۆرۈۋەتتى، ئاندىن كەينىگىمۇ قارىماي يۈگۈرگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئوغلۇمنىڭ بۇ قىلىقى مېنى بەكلا هەيران قالدۇردى. مەن ئۇنىڭ بۇنداق بەڭۋاشلىقىنى تېخى بايقىمىغان، مۇنداق ئاچچىقلىنىشىنىمۇ كۆرمىگەن ئىدىم. مەن بۇ ئىشتىن ئاچچىقلىنىپ كەتمىدىم ياكى ئۆيگە كىرىپ كارلغا قائىدە سۆزلەپمۇ يۈرمىدىم، بەلكى يىغلاپ ئولتۇرغان جىيەن قىزىمنى كۆتۈرۈۋالدىم.

كەچلىك تاماقتا، مەن كارل بىلەن جىيەن قىزىمنى ئەتەي بىر جايدا ئولتۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردۇم. تاماق ئارىلىقىدا مەن:

— ئوغلۇم، بۈگۈن سىڭلىڭغا نېمىشقا بۇنداق مۇئامىلە قىلىسەن؟ — دەپ سورىدىم كارلدىن.

— مەن ئۇنىڭغا هېچنېمە قىلمىدىم. پەقەت ئۇ گېپىمنى ئاڭلىمىغىنىغا ئاچچىقىم كەلدى، — دېدى كارل.

— نېمدەپ ئۇ چوقۇم سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلىغۇدەك؟

— چۈنكى، ئۇ ئۇقمايدۇ، لېكىن مەن ئۆي ياساشقا بەك ئۇستا.

— سەن ئۆي سالغاندا، ئۇ چۇۋۇۋەتتىمۇ؟

— ياق، — دېدى كارل، — بىراق مېنىڭچە، يۇمىلاق ياغاچنى ئۇ يەرگە قويساق چىرايلىق تۇرمايتتى.

— لېكىن، سەن سىڭلىڭنىڭ نېمىشقا ئۇنداق قىلغۇسى كەلگەنلىكىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟

— ياق.

— مېنىڭچە، سىڭلىڭ ھېلىقى ياغاچنى ئاشۇنداق تىزساق چىرايلىق بولىدۇ، دەپ ھېس قىلغاندۇ.

— بىراق...

— كارل ئادەتتە ئۆزۈڭ يالغۇز ئۆي سالغاندا، بىز ئارىلاشمىدۇق. ئۆزۈڭ بىلىپ، ئۆزۈڭ تەسەۋۋۇر قىلغاندەك سالاتتىڭ. ئەمما، بۈگۈنكىسى ئۇنىڭغا ئوخشاشمايدۇ. سىڭلىڭ بۇ ئىشقا قاتناشقان ئىكەن، نېمىشقا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىنى جارى قىلدۇرىدىغان پۇرسەت بەرمەيسەن؟

— مەن...

— بۈگۈن سەن سىڭلىڭ بىلەن ئوينىغاندىكەن، خۇشال-خۇرام ئويناپلا قالماي، يەنە ئىككىڭلار قابىلىيىتىڭلارنى تەڭ ئىشقا سېلىپ، ئۆينى تېخىمۇ ياخشى سېلىشىڭلار كېرەك ئىدى. شۇ ئېسىڭدە بولسۇنكى، بىر ئادەمنىڭ قابىلىيىتى چەكلىك بولىدۇ. ئىشنى تېخىمۇ ياخشى قىلىمەن دەيدىكەنمىز، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۈچىنى بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. سىڭلىڭ بەزى جايلارنى ئۇقمىسا، بەڭۋاشلىق بىلەن بېدەللەشمەي، بەلكى ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگىتىشىڭ كېرەك. ئويلاپ باق، ئەگەر سەن ئۇقالمىغان بىرەر ئىشنى مەن سەۋرچانلىق بىلەن

چۈشەندۈرۈپ قويماي، ساڭا ئاچچىقلىسام ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ.

گېپىم تۈگىگەندە، كارل ئۈنچىقمىدى، ئەمما ئۇ مەقسىتىمنى چۈشەنگەن ئىدى. ئەتىسى ئۇ ئىككىيلەن ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئويىنىدى ھەمدە ئۇلار بىرلىكتە بىر «ھەيۋەتلىك ئوردا» ياساپ چىقتى.

نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ چوڭ بولغانسېرى ئەسكىلىشىپ، گەپ ئاڭلىماس بولۇپ قالغانلىقىنى بايقايدۇ. گەرچە بۇ، بالىنىڭ بارغانسېرى مۇستەقىل بولۇۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى بولىسىمۇ، لېكىن باشقۇرۇش ئاجىز بولۇپ قالسا، خىلمۇخىل ناچار، ھەتتا يامان ئادەتلەر ئاسانلا يېتىلىپ قالىدۇ.

## بالىدا «يامان ئادەت» پەيدا بولغاندا

بالا دېگەن بەرىبىر بالا، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا بەزىبىر يامان ئادەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار بەك كىچىك بولغاچقا، شەيئىلەرگە ھۆكۈم قىلىش ۋە ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا كۆرۈنەرلىك ھالدا ئاجىز كېلىدۇ. ئاتا - ئانىلار ئالدى بىلەن بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلىشى، بالىلارنىڭ يامان ئادىتىنى چوڭلارنىڭكى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇۋالماسلىقى كېرەك. چۈنكى، بالىنىڭ يامان ئادىتىدە، تېخى چوڭلارنىڭكىدەك خەۋپ ۋە خاراكتېر ھازىرلانمىغان بولىدۇ. مەسىلەن، بىر بالىنىڭ «مەن ساڭا ئۆچ بولۇپ كەتتىم» دېگىنى بىلەن چوڭلارنىڭ «مەن ساڭا ئۆچ بولۇپ كەتتىم» دېگىنى ئوخشاش ئۇقۇم ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالدا، ئاتا - ئانىلار كىچىك ئىشنى چوڭايتىپ، يالغاننى

راست دەپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەسىلىلەرگە كۆپرەك بالىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ قاراپ بېقىشى، بالىنىڭ گەپ - سۆز ۋە ئىش قىلغاندىكى مۇددىئاسىنى كۆپرەك ئويلاپ بېقىشى لازىم.

بەزى ئاتا - ئانىلار جامائەت سورۇنلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بالىنى تەنبىھلىسە، ئاندىن ئاتا - ئانىنىڭ نوپۇزىنى تىكلىگىلى، بالىنى قايىل قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، بۇ چارە ئىنتايىن خاتا. چۈنكى بۇنىڭدا، بالىنىڭ غۇرۇرى بىۋاسىتە قاتتىق ئازار يەيدۇ. مەن كارلىنى تەربىيىلەش داۋامىدا ھەرگىز كىشىلەر ئالدىدا تەنبىھلەش ئۇسۇلىنى قوللانمىغان ئىدىم. چۈنكى، بالىغا بولغان تەربىيە ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگمەسلىك ئاساسىغا تۇرغۇزۇلۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، مەلۇم مەسىلىدە بالىغا ياردەم بەرگىلى بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە تېخىمۇ يامان تەرەپكە ئېلىپ بارىدۇ.

غۇرۇر — ئىنسانلاردىكى تۇپ تەلەپ. غۇرۇر ئازار يېگەندە كېلىپ چىقىدىغان روھىي ۋە جىسمانىي زىياننى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. سەبىي بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، گەرچە ئۇلار تامامەن دېگۈدەك ئىش ئۇقمىسىمۇ، لېكىن غۇرۇرى كۆپ قېتىم ئازار يېسە، ئۇنىڭ مىجەز - خاراكتېرى، ھەتتا پۈتكۈل پسىخىكىلىق جەھەتتە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. بالىنىڭ غۇرۇرى خۇددى بىر تال يۇمران غۇنچىگە ئوخشىشىدۇ، سەل - پەل دىققەت قىلىنمىسا ئازار يەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئويلىمىغان ئاقىۋەتلەر يۈز بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، مەن كارلىغا بولغان تەربىيىدە، ياكى باشقا ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىنى تەربىيىلەش توغرىسىدىكى سۆھبەتلەردە بولسۇن، بالىنىڭ غۇرۇرىنى مۇمكىنقەدەر ئاسراشنى ئىزچىل ھالدا تەكىتلەپ كەلدىم.

مېنىڭچە، ئاتا - ئانىلار بالىنى تەربىيىلىگەندە، چوقۇم

ئۇلارنىڭ شەرەپ تۇيغۇسىنى قوزغىشى كېرەك. ھەرقانداق ئادەم باشقىلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە ماختىشىغا موھتاج، بۇ ئادەمدە بولىدىغان ئەقەللىي ھادىسە. بالىلارنىڭ بۇ جەھەتتە ئىپادىلىگەن ئىنتىلىشى ئادەتتە چوڭلارنىڭكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش — ئۇنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. غۇرۇر ۋە شەرەپ تۇيغۇسىنى يوقاتقان بالا بەك قورقۇنچلۇق، تەربىيىلىمەكمۇ بەك تەس. ئەگەر نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ، بولۇپمۇ ھەمراھلىرىنىڭ ئالدىدا بالىنى ئەيىبلىسە، ئۇ يۈزى تۆكۈلۈپ كەتكەندەك ھېس قىلىدۇ - دە، قاتتىق ئىزا تارتىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ناھايىتى ئوڭايلا ھەمراھلىرى ئالدىدا سەتچىلىك ھېس قىلىپ، باشقىلاردىن ئۆزىنى داۋاملىق تۆۋەن چاغلايدىغان بولۇپ قالىدۇ ھەم باشقا بالىلار ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاھانەت قىلىدىغان دەستەك قىلىۋالىدۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، پسىخىك توسالغۇ پەيدا بولۇپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا، مەن ئەزەلدىن بالىنىڭ يېتەرسىزلىكىگە قارىتا، مۇۋاپىق ئۇسۇل ئارقىلىق ئىنچىكە تەربىيە بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىشنى، مۇۋاپىق ۋاقىتنى ئىگىلەشنى، ھە دېگەندىلا يولسىزلىق قىلماسلىقنى، بالىغا چوڭلارنىڭ قارىشى بويىچە مۇئامىلە قىلماسلىقنى ئىزچىل ھالدا تەكىتلەپ كەلدىم.

كارلغا بولغان تەلىم - تەربىيە جەريانىدا، ئۇ مەيلى توغرا ياكى خاتا ئىش قىلسۇن، ئۇنىڭغا مۇمكىنقەدەر مۇلايىم ۋە ئېغىر- بېسىق مۇئامىلە قىلدىم. چۈنكى، بالا تەربىيىلەش ناھايىتى سەۋرچانلىق تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت. مەن ھە دېسىلا ئاچچىقلاپ يۈرىدىغان، بالىلىرىغا تىل - دەشنەم بېرىدىغان ئاتا-

ئانىلارغا قارشى تۇرىمەن. بۇلارنىڭ ئۇسۇلى بالىنى پەقەت قورقۇتۇشقىلا يارايدۇ. كۆرۈنۈشتە بالىنى باشقۇرغاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھېچنېمە ھەل بولمايدۇ. بالىغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئېغىر ـ بېسىق، سالماق ھالەتتە ھەل قىلىش ئەڭ ياخشى چارە. ئۇنداقتا، ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلار ئالدىدا ھەم ئىناۋىتى بولىدۇ، ھەم ھەرگىز يولسىزلىق بولمايدۇ، بۇ سىپايىلىق بولىدۇكى ھەرگىز بوشاڭلىق بولمايدۇ.

كارلمۇ خاتا ئىش قىلاتتى. بۇنداق چاغدا، مەن باشقا ئاتا-ئانىلاردەك ھەمىشە «ئۇنىڭغا رۇخسەت يوق»، «بولمايدۇ»، «بۇنى قىلما» دېگەندەك پاسسىپ ۋە ئىنكار سۆزلەرنى ئىشلەتمەيتتىم. چۈنكى، بۇنداق گەپلەر بالىلارنى ئوڭايلا ئۆزىنىڭ ھېچ يېرى يارىمايدىغاندەك ھېس قىلدۇرىدۇ ـ دە، ئۇلاردىكى پاسسىپ كەيپىياتنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. مەن ھەمىشە ئاكتىپ، مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، ئۇنىڭغا توغرا ھەرىكەت نىشانىنى كۆرسىتىپ، ئاكتىپ كەيپىياتنى ئاشۇراتتىم. تەجرىبەمدىن قارىغاندا، بۇنىڭ ئۈنۈمى ھەمىشە ياخشى بولۇپ كەلدى. كارل مەندىن «بۇنداق قىل»، «تىرىشىپ قىل» دېگەندەك ئاكتىپ ۋە ئىلھامبەخش سۆزلەرنى كۆپرەك ئاڭلىغان بولسا كېرەك.

نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار «بالىنىڭ يامان ئادەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، چوقۇم بالىنىڭ ئەھۋالى بەش قولدەك ئايان بولۇشى كېرەك» دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل قاراشنى پۈتۈنلەي توغرا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. بالىلارنىڭ ئۆز مەخپىيەتلىكى بولىدۇ، چوڭىنىڭمۇ ـ كىچىكىنىڭمۇ بولىدۇ. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلماي، يا بالىنىڭ قانداقمۇ مەخپىيەتلىكى بولسۇن دەپ قارايدۇ، ياكى مىڭ بىر چارە ـ ئاماللار بىلەن بالىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى تېپىشقا

تىرىشىدۇ. بۇنداق قاراش قىلچىلىكمۇ توغرا ئەمەس. بالىنىڭ ئۆزىگە لايىق مەخپىيەتلىكى بولىدۇ. ئۇ، پەقەتلا چوڭلارنىڭ نەزىرىدە مەخپىيەتلىك دەپ قارالمايدۇ، بالىلار بەكلا گۆدەك، ئۇلار ئۆز قەلبىدە يوشۇرۇپ يۈرگەن نەرسىلەر دەل ئۇلارنىڭ مەخپىيەتلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئاتا - ئانىلار ئۇنىڭغا ئارتۇقچە دىققەت قىلىپ، سوراپ - سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەسلىكى، ئارىلىشىۋالماسلىقى لازىم. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق ۋە ساغلام مەخپىيەتلىكىگە قارىتا تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك. بۇنداقتا، 2 — 3 ياشلىق بالا ئاتا - ئانىسىغا تېخىمۇ ئىشىنىدۇ، مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يېقىن بولىدۇ. بۇنداق ئىشەنچ ۋە يېقىنلىق بولىدىكەن، بالا بۇ مەخپىيەتلىكنى ئاتا - ئانىسىغا ئۆزى دەپ بېرىشى مۇمكىن. ئەگەر ئاتا - ئانىلىرى سۈرۈشتۈرۈۋەرسە، بالا ئۇلارنىڭ تېگىشلىك ھۆرمەت چۈشەنچىسىگە ئېرىشەلمەي، ئۆزىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئىناۋىتى ۋە ئورنى يوق ھېس قىلىپ، ھەتتا مەيۈسلىنىپ، ئاكتىپلىقىنىمۇ ئاستا - ئاستا يوقىتىپ، كىچىك تۇرۇپلا جىمغۇر بولۇپ قالىدۇ. ئەلۋەتتە، بالىنىڭ مەخپىيەتلىكىگە ھۆرمەت قىلىش دېگىنىمىز، ئۇنىڭ بىلەن پەقەت كارى بولمىسۇن دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ، ئۇنى ساغلام يېتەكلەش، ساغلام بولمىغان تەرەپلىرىگە قارىتا، بالىنى تولۇق چۈشىنىش ۋە ھۆرمەتلەش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، كۆڭۈل بۆلۈش ۋە يېتەكلەش كېرەك دېگەنلىكتۇر.

كارل خاتالىق سادىر قىلغاندا، مەن ئەڭ ئاددىي ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭغا قائىدە چۈشەندۈرەتتىم. ھەرگىز ئۇزۇن مۇلاھىزىلەرنى توختىماستىن سۆزلەپ يۈرمەيتتىم. ئوغلۇمنى تەربىيىلەش جەريانىدا، گەپنى قىسقا ۋە ئېنىق قىلىش، مۇلايىم ۋە كەڭ قورساق بولۇشنى تەلەپ قىلىشنىڭ ئادەمنى رازى

قىلغۇدەك ئۇنۇم ئەكىلىدىغانلىقىنى بايقىغان ئىدىم. مەن ئەزەلدىن ئوغلۇمنى ئۇرۇپ باقمىغان. چۈنكى، ئۇ بىر قوپال قىلىق بولۇپ، مەن ئۇنى يامان كۆرەتتىم. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلارنىڭ تەن جازاسى بېرىش ئارقىلىق بالا باشقۇرۇشنىڭ ئۇنۇمى ۋاقىتلىق بولىدۇ. ئۇلار بالىسىنى ئۇرۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ كۆڭلىگە بەك ئازار بېرىدىغان، «ماڭا لازىمىڭ يوق»، «يوقال»، «بەك دۆتلىشىپ كەتتىڭ»، «ماڭا ئەمدى ئامال يوق» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدۇ. بۇ گەپلەر بالىغا ناھايىتى يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## قانداق قىلغاندا ئۈنۈملۈك بولىدۇ

بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۈنۈملۈك باشقۇرۇشىغا ئېرىشىش ئۇنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بەك پايدىلىق. بەزى ئاتا - ئانىلار باشقۇرۇشنىلا بىلىپ، بالىلىرىنى نۇرغۇن قائىدە - پرىنسىپلارنىڭ ئىچىگە سولىۋالىدۇ. بۇلارنىڭ ھاياتىي كۈچى يوق. بۇ ئۇسۇل ھەرگىزمۇ بالىلارنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرمايدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغاندىن قوللانمىغان ياخشى. بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ غۇرۇرىنى ئاياپ، بالىلىرىغا تەربىيە بەرمەيدۇ، بۇمۇ خاتا ئۇسۇل.

مەن كارلنى تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇش جەھەتتە، ھەم ئۇنىڭ يامان ئادەتلىرىنى ئۈنۈملۈك توسۇشقا، ھەم ئۇنىڭ سەلبىي تەسىرىنى ئازايتىش ۋە پەيدا قىلماسلىققا تىرىشتىم. مەن بۇنى بالا باشقۇرۇشتا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسىي پرىنسىپ دەپ قارايمەن. مەن ئوغلۇمدىن باشقا، ئۇنىڭ بىلەن

تەك دىمەتلىك نۇرغۇن بالىلارنى ئۇچراتقان. مېنىڭ بايقىشىمچە، ھەرقانداق بىر يامان ئادەتتىن بالىلار ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە توغرا دەپ بىلگەن مەلۇم «مۇكاپات»قا ئېرىشمەكچى بولىدۇ. مېنىڭچە، ئاتا - ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى دەل بۇ خىل «مۇكاپات»نى بايقاش ۋە تۈگىتىشتىن ئىبارەت.

مېنىڭ بىر دوستۇمنىڭ ئىككى بالىسى بولۇپ، ئوغلى ناھايىتى كەپسىز، ھەرقانداق ئىشى باشقىلاردىن ئۆزگىچە بالا ئىدى. ھەمىشە كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ئىشلارنى قىلاتتى، ھەمىشە سىڭلىسىنى ۋە باشقا ھەمراھلىرىنى بوزەك ئېتەتتى. بىر كۈنى بۇ دوستۇم مەندىن بالىسىنى قانداق باشقۇرۇش توغرۇلۇق سوراپ كەپتۇ. ئۇ ماڭا: «ئوغلۇم كىشىلەرنى بەك بىزار قىلىدۇ، ئۇ باشقىلارنى مازاق قىلىشقا ئامراق بولۇپلا قالماي، بەلكى بولكا يېيىشىمۇ باشقا بالىلارنىڭكىگە ئوخشاشمايدۇ. ئۇنىڭ بەزى قىلىقلىرىنى ياقتۇرمايدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن مېنى جېلە قىلماقچى بولغاندا، قەستەن شۇنداق قىلىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى ھەيران قالدىم. «بۇ بالىنىڭ بولكا يېيىشىمۇ دادىسىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرسە، باشقىلاردىن ئۆزگىچە يەرلىرى بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ بالىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئېيتتىم. ئۇ كۈنى دوستۇمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن چۈشلۈك تاماقتا بىللە بولدۇم. تاماق ۋاقتىدا، مەن بۇ كەپسىز بالىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ ئولتۇردۇم. قارىسام، بۇ بالا بولكا يېگەندە، بولكىنىڭ يۈزىنى ئاۋايلاپ سويۇۋالدى، ئاندىن ئۇنى توپتەك يۇگەپ، قالغىنىنى تەخسىگە تاشلاپ قويدى. ئاندىن كۆرەڭلىگىنىچە ئانىسىغا:

— ئانا، مەن بولكىنىڭ يۈزىنى سويۇۋالدىم! — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئانىسى ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ:

— نېمىشقا داۋاملىق مۇشۇنداق قىلىسەن، يەنە تېخى مېھمان تۇرسا، — دېدى. بۇ چاغدا دادىسىمۇ ئاچچىقلانغىلى قوپتى. مەن دەرھال كۆز ئىشارىسى قىلىپ، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى توختىتىپ قويدۇم. تاماقتىن كېيىن، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرىدىغان بىر چارە ئېيتىپ بەردىم. ئىككىنچى قېتىم بالا بولكىنىڭ يۈزىنى سويۇۋەتكەندىن كېيىن، ئانىسىغا يەنە:

— ئانا، مەن بولكىنىڭ يۈزىنى سويۇۋالدىم، — دېدى.

— ئوقتۇم، — دەپلا قويدى ئانىسى.

— ھە، خاپا بولمىدىڭىزمۇ؟ — دېيىشتى، ئانىسى:

— ياق، — دېدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، دوستۇم مېنى يەنە ئىزدەپ كېلىپ، ئوغلى ھازىر بولكىنىڭ يۈزىنى سويمايدىغان بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ تولىمۇ ھەيران بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى مەندىن سورىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ قائىدىسى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، بالىنىڭ ئۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئىكەن، يەنى ئاتا - ئانىسىدىن تىل - دەشنەم ئىشىتىشمۇ، ماڭا دىققەت قىلدى، دەپ بىلىدىكەن. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاتا - ئانىسىنىڭ تىل - دەشنەملىرى ئۇنىڭغا نىسبەتەن «مۇكاپات» بولۇپ، ئۇنىڭ قىلغىنىمۇ دەل مۇشۇ «مۇكاپات»قا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىكەن. ئاتا - ئانىسى بالىسىنىڭ بۇ قىلىقى بىلەن كارى بولمىغاندىكىن، ئۇ بۇنىڭ قىزىقى قالمىدى دەپ ئويلاپ، ئۆزىمۇ بىلمەيلا ھېلىقى قىلىقىنى تاشلىۋەتكەن.

يەنە بىر ئوغۇل بالا بولۇپ، سەت گەپ - سۆزلەرنى دېيىشكە ئادەتلىنىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بىر ھەمراھى «قوك» دېگەن گەپنى تولا دەۋەرگەچكە، ئۇمۇ بۇ گەپنى ئۆگىنىۋېلىپ، ئۆيدىمۇ دەۋېرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئاتا - ئانىسى بۇ سەت گەپتىن ئۇنى

چەكلەپتۇ. ئەمما، بالا بۇ گەپتىن توختاپ قالماي، ئەكسىچە «قوڭ»غا ئالاقىدار بىرمۇنچە گەپلەرنى توقۇپ، تېخىمۇ تولا قىلىدىغان بولۇۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، ئاخىرى پەقەت كارى بولماپتۇ. كېيىن، ھېلىقى بالا ئۇنداق دېسە، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كارى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاستا ـ ئاستا ئۇنداق دېمەيدىغان بولۇپتۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، بالىلار دەسلەپ مۇشۇنداق سەت گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىپ، يېنىدىكىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىپ قالغان. لېكىن، تەكرار دەۋرگەندە، ئۇنى رىغبەتلەندۈرىدىغانلار بولمىغاچقا، ئۇنداق دېمەيدىغان بولغان، ئۇ قىزىقىدىغان ھېلىقى سەت گەپ ـ سۆزلەرنىمۇ بارا ـ بارا ئۇنتۇپ قالغان. بالىلار ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا، بەگۋاشلىق، ئۆزىگە تەمەننا قويۇش، بەزىدە ئۆزىنى كۆرسەتكىلى ۋە باشقىلارنى ئەخمەق قىلغىلى ئامراق بولۇش، ھەتتا باشقىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە زىيان يەتكۈزۈشتەك ھەرخىل يامان ئادەتلەرنى يوقتۇرىۋالىدۇ. بۇنداق نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئاتا ـ ئانىلار ئوخشاشمىغان چارىلەر ئارقىلىق ھەل قىلىپ، ئەڭ ياخشى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم.

كارل كىچىك ۋاقتىدا تامغا قالايمىقان رەسىم سىزغىلى ئامراق ئىدى. ئۇنىڭغا رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىش سايمانلىرى ئېلىپ بەرگەن بولساممۇ، يەنىلا بۇ قىلىقىنى تاشلىماي، مەن دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تامنى بوياپ قوياتتى. بىر قېتىم ئۇ تازا خۇشخۇي ھالەتتە تامغا رەسىم سىزىۋاتقاندا، مەن ئۇنى تۇتۇۋالدىم ـ دە:

— كارل، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ، ئۇنى توسۇپ قويدۇم. كارل دەرھال بۇرۇلۇپ قەلىمىنى كەينىگە يوشۇردى ھەمدە ھېلىقى سىزغان نەرسىسىنى توسۇۋالدى. شۇ چاغدا مەن

ئۇنىڭغا باشقا گەپ قىلمىدىم، تەنبىھلەپمۇ يۇرمىدىم. پەقەت بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلىشنى چەكلىدىم ھەمدە ئۇنى ئۆز ئۆيىگە بىردەم كىرىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدۇم. بىرپەستىن كېيىن مەن ئۇنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن تامغا نېمىشقا رەسىم سىزغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ:

— دادا، مەن خاتا قىلىپتىمەن. بايا مەن ئۆيدە ئۇزاق ئويلىنىپ، تامنى مەينەت قىلىۋەتكەنلىكىمنى بىلدىم. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ رەسىم سىزىدىغان قەغىزىم بولغاندىكىن، رەسىمنى تامغا ئەمەس، قەغەزگە سىزىشىم كېرەككەن. سىز ماڭا نەرسىلەرنى خالىغانچە مەينەت قىلماسلىقنى ئېيتقان. شۇڭا مېنى جازالاڭ، — دېدى. مەن كارلىنى جازالىمىدىم. ئۇنى ئۆيدە بىردەم تۇرۇپ چىقىشقا بۇيرۇشۇمۇ، ئۇنىڭغا مۇشۇ قائىدىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئىدى. چۈنكى، بەزىدە بالىنىڭ قىلغان مەلۇم ئىشلىرى نوقۇل بىردەملىك قىزىقىش بىلەن ئۆزىنى بېسىۋالالماسلىقتىن بولىدۇ. ئۇ، گەرچە بۇنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئۆزىنى باشقۇرالماي قالىدۇ. ئەگەر ئۇنى شۇ چاغدىلا تەنبىھلىگەن بولسام، ياكى ئىلگىرى تولا دېگەن قائىدىلەرنى قايتا دېگەن بولسام، بەلكى بۇنداق ياخشى ئۈنۈمى بولمايتتى. بالا ئۆز خاتالىقىنى چىن كۆڭلىدىن ھەقىقىي تونۇسا، بۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، قايتا خاتالىق سادىر قىلىشمۇ ئازىيىشى مۇمكىن. مېنىڭ ئۇنداق قىلىشىم جازالاش چارىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنى بىردەم يالغۇز قويۇشتىنلا ئىبارەت. ئۇ يالغۇز تۇرغاندا، مەيلى نېمە ئىش قىلسۇن، بايا تامغا رەسىم سىزغاندىكى قىزغىنلىقى سوۋۇيدۇ. ئۇ، ئۆيدە تۇرۇپ، ئۆز قىلمىشى ھەققىدە ئويدان ئويلانغان بولسا، بۇ تېخىمۇ ياخشى بولغىنى.

مېنىڭچە، بۇ چارە نۇرغۇن ئەھۋاللارغا ماس كېلىدۇ.

مەسىلەن، ئىككى بالا گەپ تالاشقان ياكى سوقۇشۇپ قالغاندا، ئادەتتە بىر - بىرىنى ئەيىبلىشىپ، دە تالاش توختىمايدۇ. ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى ئايرىۋېتىپ، بىرپەس يالغۇز قويسا، ھەرقانداق مەسىلىنى ئوڭاي ھەل قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى، بالىلار ئارىسىدا چوڭقۇر ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك بولمايدۇ. ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى ئايرىۋەتمەي، قائىدە سۆزلىسە، ئۇلار ئارىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، تېخىمۇ كۆپ ئاۋارىچىلىك كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بالا ئۆز ئۆيىگە ياكى باشقا بەلگىلەپ بەرگەن جايغا بارغىلى ئۇنىمايدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. بەزىلىرى ئاتا - ئانىسىنىڭ بۇيرۇقىنى كۆزگە ئىلماسلىقى، ئۇنى ئىجرا قىلماسلىقى مۇمكىن. مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، مېنىڭچە، ئاتا - ئانىلار بالىنى دېگەن جايغا ئاپىرىۋېتىشى، بالا يىغلاپ خاپا قىلسىمۇ، ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزۈۋېتىشى كېرەك. ئاتا - ئانىلار ئۆي سىرتىدا ساقلاپ تۇرۇپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشمىغۇچە، ئىشىكنى ئاچماسلىقى كېرەك. بۇ ئارقىلىق بالىغا ھەرقانداق قارشىلىشىشنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش، دۇچ كەلگەن بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلدۇرۇش، ئۆز ئىشىغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈش كېرەك. مېنىڭ خۇش بولىدىغىنىم شۇكى، كارل كىچىكىدىن باشلاپ گەپ ئاڭلايتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا بىرقەدەر قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ باقمىغان ئىدىم.

## بالا نېمىشقا ئاچ كۆز بولۇپ قالىدۇ

ئاتا - ئانىلار بالىسىغا بەك ئامراقلىق قىلغاچقا، بالىنىڭ يېيىش - ئىچىشىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە چەكلىمەيدۇ. نەتىجىدە

بالىنىڭ ئىشتىھاسى قالايمىقانلىشىپ، دىققىتى ھەزىم قىلىشقىلا قارىتىلىپ، چوڭ مېڭىسى ئوبدان تەرەققىي قىلالمايدۇ. بۇنداق نامۇۋاپىق ئەھۋالدا، دەسلەپكى تەربىيە ياكى باشقا ھەرقانداق تەربىيىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىسىغا مۇشۇنداق ئامراقلىق قىلىشى ئۇچىغا چىققان ئەخمىقانىلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ «ئامراق»لىقى ئەمەلىيەتتە بالىغا قىلىنغان زىيانكەشلىكتۇر. مېنىڭچە، مۇۋاپىق بولمىغان ئوزۇقلىنىش بالىغا نۇرغۇن سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭغا نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار دىققەت قىلمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ كۆپچىلىك ئاتا - ئانىلاردا ساقلانغان ئېغىر مەسىلە. مەن نۇرغۇن بالىلارنى كۆرگەن، ئۇلار ئاچلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، زىيادە تويۇپ كېتىپ ئاغرىپ قالىدۇ.

ئاچ كۆزلۈك بالىنىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتى ئەمەس، بەلكى ئاتا - ئانىلارنىڭ نادانلىقى، ئەپۇچانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ تېزراق چوڭ بولۇشىنىلا ئويلايدۇ، بالىسىنىڭ بەدىنىنى كۈچلۈك قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئوزۇقلۇقنى كۆپەيتىدۇ. قايسى يېمەكلىك بەدەنگە قۇۋۋەتلىك دەپ ئاڭلىسا، ئامالىنىڭ بارىچە شۇنى سېتىۋېلىپ، بالىغا يېگۈزۈپ كۆندۈرىدۇ.

ئايالىم بىلەن مەن بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتۇق. بىز كارلىنىڭ پېچىنە - پىرەنىك دېگەنگە ئوخشاش ئۇششاق - چۈششەك يېمەكلىكلەرنى خالىغانچە يېيىشىنى قاتتىق چەكلەيتتۇق. ئۇنىڭغا ئوزۇقلۇق كۆپەيتىش ئۈچۈن، بىز مەلۇم ۋاقىت بەلگىلەپ بەرگەن ھەم بۇنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغان ئىدۇق. ئوغلۇمنىڭ ساغلاملىقى ۋە ئاچ كۆز بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا زىيادە كۆپ يېيىشنىڭ زىيىنىنى سۆزلەپ بېرەتتىم. مەن ئۇنىڭغا: «بىر ئادەم زىيادە كۆپ يېسە دۆتلىشىپ

كېتىدۇ، كۆڭلى قارا بولۇپ قالىدۇ، بەزىدە ئاغرىپ قالىدۇ، ئاغرىپ قالسا قىيىنىلىدۇ، ئۆگىنىش قىلغىلى، ئوينىغىلى بولمايدۇ. سەن ئاغرىپ قالساڭ، ھالىڭدىن خەۋەر ئالىمىز دەپ، بىزمۇ نۇرغۇن ئىشلىرىمىزنى قىلالمايمىز، يەنى سەن بىر ئىشى ئاغرىپ قالساڭ، نۇرغۇن كىشىگە ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلىسەن» دەيتتىم.

مەن كارلغا ساغلاملىقنىڭ ۋە مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن، دوستلىرىمنىڭ بالىسى ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىسام، كارلنى بىرگە ئېلىپ يوقلىغىلى باراتتىم. بۇ ئارقىلىق ئۇنى تېخىمۇ بىۋاسىتە تەسىراتقا ئىگە قىلاتتىم. ئۇ ئەمەلىي تەربىيە ئالاتتى.

بىر قېتىم كارلنى يېتىلەپ سەيلە قىلىۋاتاتتىم. دوستۇمنىڭ بىر ئوغلى ئۇچراپ قالدى. مەن ئاۋۋال ئۇنىڭدىن:

— ئۆيدىكىلەر ياخشى تۇردىمۇ؟ — دەپ ئەھۋال سورىدىم.

— رەھمەت، ھەممەيلەن ياخشى تۇردى، — دېدى ئۇ.

— بىراق ئىنىڭ ئاغرىپ قالدىغۇ دەيمەن؟

— ھەئە، سىز بۇنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھەيرانلىقتا.

— مەن ئۇقتۇم. چۈنكى مىلاد بايرىمى ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتتى. مەن بۇ سۆزنى ئۆزۈمچىلا دېمىگەن ئىدىم. ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ بەك ئاچ كۆز ئىكەنلىكىنى، مىلاد بايرىمىدىن كېيىن ئاغرىپ قېلىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى بىلەتتىم.

پەرىزىم توغرا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن مەن كارلنى بىرگە ئېلىپ ئۇنى يوقلىغىلى باردىم. قارىساق، ئۇ ۋايجان ـ ۋايىيەيلەپ يېتىپتۇ. گەپ ئارىلىقىدا ئۇنىڭ نېمىشقا ئاغرىپ قالغانلىقىنى سورىدىم. دەرۋەقە مەن ئويلىغاندەك، ئۇ بايرامدا جىق يېۋالغان ئىكەن. بۇنداق سورۇندا مەن قارشى تەرەپ بىلەن سۆزلەشكۈچە

ئارىلىقتا يېنىمدا ئولتۇرغان كارلنىڭ ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنگەن - چۈشەنمىگەنلىكىگە ھامان دىققەت قىلاتتىم.

مەن كارلنىڭ ئۆز ۋۇقلىنىش مەسىلىسىدە زىيانغا ئۇچراپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا ياخشى ئۆز ۋۇقلىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتىم. تاماق ۋاقتىدا، ئۇنى مۇمكىنقەدەر خۇشال ۋە ئازادە كەيپىياتتا غىزالىنىشقا يېتەكلەيتتىم. مېنىڭچە، بالىنىڭ خۇشال - خۇرام غىزالىنىشى ئۇنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ساغلاملىقىغا كۆپ پايدىلىق. بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تاماق بىر خىل كۆڭۈلۈك ياكى ۋەزىپە بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. بالىغا تاماق بىلەن خۇشامەت قىلماسلىق، ياكى ئۇنى تاماق يېگۈزۈش ئارقىلىق جازالىماسلىق لازىم. ئاتا - ئانىلار تاماقنى مۇكاپات - جازا، ياكى تەھدىت ۋاستىسى قىلىپ بالىنى تەربىيىلەشكە زېھىن، ۋاقىت ئىسراپ قىلىشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق. مۇھىمى بالىغا قارىتا باشقۇرۇش بىلەن تاماقنى ئايرىش، بالىغا ئازادە كەيپىياتتا تاماق يەيدىغان مۇھىت يارىتىپ بېرىپ، بالىنى مۇستەقىل ھالدا ئۆزى خۇشال - خۇرام غىزالىنىدىغان قىلىش كېرەك. كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ بەك ئاز يېيىشىدىن، ياكى يېمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەر قېتىم تاماق ۋاقتى بولسا، خۇددى دۈشمەن كەلگەندەك ھېسسىياتتا پۈتۈن زېھنى بىلەن بالىسىغا تاقابىل تۇرۇشقا كىرىشىپ كېتىدۇ - دە، ئۇنىمۇ «بولمايدۇ»، بۇنىمۇ «بولمايدۇ» دەپ، ئۇنى تاللاپ - بۇنى ئىلغاپ، بالىغا كۆرۈنمەس بېسىم شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، بالا تاماق يېيىشنى بىر خىل يۈك دەپ قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ، بالىنىڭ ئۆز ۋۇقلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، ئاتا - ئانىسىغىمۇ ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلىدۇ.

ئاتا - ئانىلار شۇنى بىلىشى كېرەككى، بالىغا يەيدىغان نەرسە يېتەرلىك بولسىلا، ئۇنىڭ ئاچ قالمايدىغانلىقىغا تامامەن ئىشەنسە بولىدۇ. بالا بەك ئاچ كۆز بولمىسىلا، ئۇنىڭغا تاماق يېيىشنىڭ بىر خىل مۇھىم، كۆڭۈللۈك ئىش ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۆزى قىلىشنى خالايدىغان ھەم ئۆزى قىلالايدىغان ئاسان ۋە تەبىئىي ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، تاماق يېيىشنى بالىغا نىسبەتەن بىردىنبىر كۆڭۈللۈك ئىش دەپ ھېس قىلدۇرماسلىق، ئۇنىڭدا ھەرگىز ئاچ كۆزلۈك ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ قويماسلىق لازىم. بالىنىڭ «پۇرسەت بولسىلا يېۋالىدىغان» ئادىتى تۇغما بولماستىن، بەلكى ئاتا - ئانىنىڭ ئۇنىڭغا كۆپ ھاللاردا «يەيدىغان پۇرسەت»نى زىيادە كۆپ يارىتىپ بەرگەنلىكىدىن بولىدۇ.

كارل تولا يەپ ئاشقازىنىنى كاردىن چىقىرىۋالمايتتى. دوستلىرىمىنىڭ ئۆيىگە مېھمانلاپ بارسام، ئۆي ئىگىسى ناھايىتى يېيىشلىك بولغان پېچىنە قاتارلىقلار بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالاتتى. لېكىن، ھەرقانچە ياخشى يېمەكلىكلەر بولسىمۇ، كارل ئۆزىنى بەك ئۇرۇپ كەتمەيتتى. دوستلىرىم ئوغلۇمنىڭ ئىنكاسىنى كۆرۈپ، بۇ بالىنىڭ ئۆز كۆڭلى ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئۇنى بەك قاتتىق باشقۇرغانلىقىمنىڭ نەتىجىسى دەپ ئويلايتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ تامامەن ئوغلۇمنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بولۇپ، ئۇ ياخشى ئۇزۇقلىنىش ئادىتى يېتىلدۈرگەن ئىدى. لېكىن، ئۇلار كارلغا خۇددى ئۆز بالىلىرىغا قارىغان كۆزدە قارىغاچقا، شۇنداق دېيىشەتتى. ئۇلار ئوغلۇمنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى چۈشەنمەيتتى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئۇنچىۋالا تەس ئەمەس، كىچىكىدىن باشلاپلا بۇ جەھەتتىكى ساغلاملىق تەربىيىسىگە دائىم

دىققەت قىلىنسىلا، بالىلار بۇنداق ياخشى ئادەتنى ئوڭايلا ئۆگىنىۋالالايدۇ.

## ئاچ كۆزلۈك ئادەمنى دۆتلەشتۈرۈۋېتىدۇ

ئاشقازاننىڭ يۇكى ئېغىرلىشىپ كەتسە، مېڭىنىڭ ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، شۇڭا ئاچ كۆزلۈك ئادەمنى دۆتلەشتۈرۈپ قويىدۇ. مەن بۇ قاراشنى ھەمىشە ئوغلۇمغا ۋە ئەتراپىمدىكى كىشىلەرگە دەپ بېرەتتىم. راستىنى ئېيتقاندا، مەنلا ئەمەس، تارىختىكى نۇرغۇن مەشھۇر شەخسلەرمۇ بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مېڭىسىنى بەك ئىشلىتىدىغان مەشھۇر مۇتەپەككۇرلار، پەيلاسوپلار تېخىمۇ شۇنداق.

گرود بىزنىڭ بۇ ئەتراپتىكى داڭلىق كىچىك بوردەك ئىدى. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇنىڭ ئىشتىيى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدىلا چوڭ ئادەملەر بىلەن ئوخشاش تاماق يەيدىكەن. كۈنلۈك نورمال تامىقىدىن سىرت، يەنە نۇرغۇن پارچە - پۇرات يېمەكلىكلەرنى توختىماي يەيدىكەن. مەن گرودنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنداق سېمىزلىكىنى سورىغان ئىدىم. ئەسلىدە مەن باشقىلارنىڭ ئىش - كۈشلىرىنى تىڭ - تىڭلاپ يۈرىدىغانلاردىن ئەمەس، ئەمما مەن ھەر قېتىم گرودنىڭ سېمىزلىكىنى، ھەتتا يول ماڭغاندا قىينىلىپ كېتىۋاتقان ھالىتىنى كۆرسەم، كاللامدا مۇشۇ سوئال پەيدا بولۇپ قالاتتى.

ئوغلۇمنى ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن، مەن ھەمىشە باشقىلاردىن بالىنى قانداق تەربىيىلەش ھەققىدە مەسلىھەت سوراپتتىم. ئۇنداقتا، بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمنى تېخىمۇ ياخشىلىۋېلىشىم مۇمكىن ئىدى.

گرودنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، ئۇلار خېلى مەزگىلگىچە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن بولۇپ، يېشى خېلىلا چوڭىيىغاندا گرود تۇغۇلغان ئىكەن. شۇڭا، ئۇلار بۇ بالىسىغا بەك ئامراق بولۇشقان، بولۇپمۇ ئانىسى ئۇنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىكەن. ئۇلار ئوغلىغا ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنى يېگۈزۈپ، ئەڭ ياخشى كىيىم - كېچەك كىيدۈرۈپتۇ، ئۇنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى تارتسىلا، ھەرقانداق قىلىپ تېپىپ بېرىپتۇ. گرودنىڭ ئاتا - ئانىسى سەل - پەل ئورۇقراق كىشىلەر بولۇپ، ئوغلىنىڭ مۇنداق سېمىز بولۇپ كەتكەنلىكىدىن بىئارام بولىدىكەن. ئەمما، ئۇلار مەسىلىگە بەك يۈزەكى قاراپ، سېمىزلىكنىڭ گرودقا بىر يۈك بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلىماي، سەت كۆرۈنۈپ قالىدىكەن دەپلا ھېس قىلىشىدىكەن، خالاس. گرود بەك سېمىز بولغاچقا، ھەمراھلىرى ئۇنى «بوردەك» دەپ چاقىرىدىكەن. ئۇنىڭ مېڭىش - تۇرۇشى ناھايىتى كالامپاي بولۇپ، ئاساسەن دېگۈدەك باشقا بالىلار بىلەن بىللە ئوينىيالمايدىكەن، ھەتتا بەزى بالىلار ئۇنى بوزەك ئېتىدىكەن. باشقىلار بوزەك ئەتكەندە، ئۇ ئۆيىگە يىغلاپ بارسا، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا يەنىلا يەيدىغان نەرسە بېرىدىكەن، ئۇلار ئوغلىغا ئوبدان يېگۈزۈپ - ئىچكۈزسەكلا مەسىلە تەبىئىي ھەل بولىدۇ، دەپ قارايدىكەن. گرود گېلىغا بەك ئامراق بولغاچقا، ھەتتا كىتاب ئوقۇغان ۋە ئۆگىنىش قىلغان ۋاقىتلىرىدىمۇ، قولىدىن پېچىنە چۈشمەيدىكەن. مەن گرودنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن ئۇنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنىمۇ سوراپ باقتىم. ئۇلار باشلىرىنى چايقىشىپ، ئۇھ تارتىشقان بولدى. گرود ئۆگىنىشكە كۆڭۈل قويغىلى ئۇنىمىغاندا، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا كەمپۈت ياكى پېچىنە - پىرەنىك بېرىدىكەن، مۇنداق قىلساق ئوغلىمىز تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ، دەپ ئويلىشىدىكەن.

راستىنى دېگەندە، ئۇلارنىڭ قىلغىنى خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق. چۈنكى بۇنداقتا، بالىنىڭ ئۆگىنىشىگە دەخلى يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا بىر خىل يامان پسىخىك ھالەت شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ ـ دە، ئۇ ئۆگىنىشنى ياخشى قىلسام مۇكاپاتلىنىدىكەنمەن دېمەي، ئەكسىچە، ئۆگەنمىسەم ياخشى يېمەكلىككە ئېرىشىمەيدىكەنمەن، دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالاتتى.

گىرود مېنىڭ ئوغلۇمدىن ئىككى ياش چوڭ، ئەمما ئۆگىنىشتە ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنەتتى.

گىرود نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالغاندۇ؟ مېنىڭچە، گۇناھ پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئاشۇ ھاماقەت ئاتا ـ ئانىسىدا، ئۇلار بالىنى قانداق تەربىيىلەشنى بىلمىگەن، بالىنىڭ ئېھتىياجى يېيىش ـ ئىچىشتىلا دەپ قاراپ، بالىنىڭ ھەر جەھەتتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى كىچىكىدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈشنى زادى ئويلاپ قويمىغان. بۇنداق ھاماقەت ئاتا ـ ئانىلار پەقەت ئۆزىدىنمۇ ھاماقەت پەرزەنت يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.

# ئون تۆتىنچى باب ئوغلۇمغا ياخشى پىسخىك ساپا هازىرلاشنى ئۆگەتتىم

بالىنىڭ كۆپ ئىشلىرىنى قىلىپ بەرگەندە، ئۇ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ۋە چېنىقىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. بۇنىسى ناھايىتى ئېنىق. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، بالىنىڭ ئىشلىرىنى زىيادە كۆپ قىلىپ بېرىش ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھېچ ئىشنى قىلالمايدىغان يارامسىز ئىكەنلىكى، چوقۇم ئاتا - ئانىسىغا تايىنىش كېرەكلىكى، بولمىسا ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتقان بىلەن باراۋەر. بۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولغان بالا جەمئىيەتكە چىقسا، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، ھەممىلا يەردە ياردەم تىلەپ يۈرىدۇ. لېكىن، ئائىلىسىدىن باشقا يەردە ئاتا - ئانىسىدەك غەمگۈزار تاپالمايدۇ، مۇستەقىل ئاگدىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ تەس. بۇ، ئەمەلىيەتتە بالىلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقتۇر.

## جاسارەت

جاسارەت — ئادەمنى پائال ئىلگىرىلىتىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچتۇر.

مەن ئوغلۇمنى جاسارەتلىك قىلىپ يېتىلدۈرۈشنى ئۇنىڭغا بولغان تەلىم - تەربىيەمنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلدىم. ھازىر ئوغلۇمنىڭ كۆڭلىدە «باتۇرلۇق ۋە چىدامچانلىق ئادەمنى

هۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدۇ، ئاجىز ۋە قورقۇنچاقلارنى كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدۇ» دېگەن چۈشەنچە شەكىللەندى.

ھەرقانداق ئاتا - ئانا بالىسىنىڭ بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. مېنىڭچە، بالىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ، خېيىمخەتەرنى زىيادە تەكىتلەپ، بالىنىڭ چېنىقىش پۇرسىتىنى ھەممىشە قۇربان قىلىۋەتكەندە، بالا ئوبدان چېنىقالمايدۇ، جاسارىتىنىمۇ يېتىلدۈرگىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە، ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇنداق قىلىشى شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئىپادىسى. ئۇلار ئەلۋەتتە، بالىسىنىڭ كېلىشمەسلىككە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ باقساق شۇنى بىلەلەيمىزكى، بالىسى بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىسا، ئۇلارنىڭ قەلبى تېخىمۇ ئازابلىنىدۇ. بۇ خىل ئىپادە ئەمەلىيەتتە ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قوغدىشىدۇر. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بالىنىڭ جاسارىتىنى چېنىقتۇرۇش — ئەمەلىيەتتە ئاتا - ئانىنىڭ جاسارىتىنى سىناشتىن ئىبارەت.

كارل كىچىكىدىنلا جاسارەتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنەتتى. بىر قېتىم ئۇ باشقا بالىلار بىلەن ئويۇن ئويناۋاتقاندا، ھەمراھلىرى دىققەتسىزلىكتىن ئۇنىڭ قولىنى قانىتىپ قويغان، ئۇنىڭ قولى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاغرىققا چىدىغان. كۆڭلىدە ئۆز - ئۆزىگە چوقۇم ئاخىرغىچە چىداشنى ئاگاھلاندۇرغان. كۆزىدىن ياش چىققۇدەك ھالەتتىمۇ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ھەمراھلىرى بىلەن ئويۇنىنى داۋاملاشتۇرغان. كېيىن ماڭا، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھەمراھلىرىغا بىلدۈرگۈسى كەلمىگەنلىكىنى، شۇ چاغدا ئەگەر كۆزىدىن ياش چىققان بولسا، ھەمراھلىرىنىڭ ئۇنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوينىماسلىقى

مۇمكىنلىكىنى ئېيتقان ئىدى.

مەن ئوغلۇمدا جاسارەت يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرەتتىم. بالىلىرىنى جاسارەتلىك قىلىپ تەربىيىلەپ چىققان ئاتا - ئانىلارغىمۇ بەك ھەۋەسىم كېلەتتى. ئەنگلىيىلىكلەر بۇ جەھەتتە ياخشى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە ئاتالمىش بالىلار ئارمىيىلىرى بار. ھەممىشە ئوقۇغۇچىلارنى ئېكسپېدىتسىيىگە، جاپالىق جايلاردا ياشاشقا ئۇيۇشتۇرىدۇ. مەقسىتى تولىمۇ روشەنكى، ئۇلار بالىلارنىڭ جاسارىتىنى، يېڭى شەيئى ئۈستىدە ئىزدىنىش قىزغىنلىقىنى، شۇنىڭدەك جاپالىق شارائىتتا ياشاش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇشنى كۆزلەيدۇ. بەزى چوڭلار خەتەرلىك كۆرۈنگەن ئىشلارنى بالىلارنىڭ قىلىشى مۇۋاپىق ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بالىلار ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىسىغا ئامراقلىقى ياكى بالىسىنىڭ ئىقتىدارىغا قارىتا تونۇشىنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن، بالىلارنىڭ يېڭى شەيئىلەر ھەققىدە ئىزدىنىپ، يېڭى مۇھىت بىلەن تونۇشۇشىنى توسۇپ قويۇپ، بالىلارنى چېنىقىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. مەن ئىزچىل ھالدا شۇنداق قارايمەنكى، زىيادە ئاسراپ - ئاۋايلاپ چوڭ قىلغان بالىنىڭ ماھارىتى تەبىئىي ھالدا كەمچىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىغىمۇ ناچار تەسىر يېتىدۇ. بىر ئادەمدە جاسارەت ۋە ئۆزىگە ئىشىنىشنىڭ بولۇش - بولماسلىقى شۇ ئادەمنىڭ نەتىجە قازىنىش - قازىنالماسلىقىدىكى مۇھىم ئامىل. مېنىڭ ھەممىشە كارلغا «سەن قىلالايسەن» دېيىشىم، ئۇنى تولۇپ تاشقان ئىشەنچكە كەلتۈرۈپ، ئويلىغان ئىشلىرىنى جاسارەت بىلەن ئىشلەشكە قارىتا رىغبەتلەندۈرۈش ئىدى.

خۇسۇسەن قىيىن شارائىتتا ئۆزىگە ئىشىنىش تېخىمۇ مۇھىم. بۇنداق چاغدا، جاسارەتنىڭ بولۇش - بولماسلىقى ئىشتا

نەتىجە قازىنىش ياكى مەغلۇپ بولۇشنى بەلگىلەيدۇ. كارل كىچىك ۋاقتىدا ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىش قىلىپ بەرمەيتتۇق، ھەتتا ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىيىن ئىشلارنىمۇ قىلىشىپ بەرمەيتتۇق. بۇ، ئۇنىڭ خىرىسقا يۈزلىنەلەيدىغان جاسارىتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ مۇستەقىل ئىش قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.

مېنىڭچە، بالىنى زىيادە ئاسرىغاندا، ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ۋە جاسارىتى يوقىلىدۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسىرى، بالىدا كۈچلۈك بولغان يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسى پەيدا بولىدۇ ھەمدە ئۆزىنى ھېچقانداق ئىش قولىدىن كەلمەيدىغاندەك قابىلىيەتسىز ھېس قىلىپ قالىدۇ. مەن كارلغا لايىقىدا غەمخورلۇق قىلاتتىم، كۆيۈنەتتىم، بەلكى ئۇنى ھەر جەھەتتىن مۇستەقىل قابىلىيەتكە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەيتتىم. شۇنى بىلىش كېرەككى، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى تاسادىپىي كېلىشمەسلىكلەر ھەرقاچان، ھەر جايدا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇرۇلۇپ - سوقۇلىدىغان بەزى ئىشلاردىن ساقلىنىش تەس. بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەزى چاغدا ھەر خىل خېيىمخەتەردىن ئۆزىنى بەك قاچۇرۇپ كەتمەسلىكى، ئۇنىڭغا يۈزلىنىشنى، چىداشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. چۈنكى، چوڭ بولغاندا، چىداشقا ۋە سەۋر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار تۇرمۇشتا تېخىمۇ كۆپ. شۇڭلاشقا، كىچىكىدىن باشلاپ بالىدا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ، مۇستەقىل ۋە باتۇر روھ يېتىلدۈرۈش — ئۇنىڭ كېيىنكى تۇرمۇش ۋە خىزمىتىگە تېخىمۇ پايدىلىق. مەن شۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى، زەخىملەنگەن پۇت - قوللار ئاسان ساقىيىدۇ، ئەمما زەربە يېگەن ئىشەنچ ۋە ئېچىلمىغان جاسارەت ئۆزىنىڭ ھەقىقىي رولىنى مەڭگۈ جارى قىلدۇرالىشى تولىمۇ تەس. ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ ھەممە ئىشىغا چات كېرىۋېلىشى

ھاجەتسىز، نۇرغۇن ئىشلارنى بالىلار ئۆزى ياخشى قىلالايدۇ. بۇ نۇقتا ناھايىتى مۇھىم. بالىنى ئۆز ئىشىنى قىلىشقا خاتىرجەم قويۇۋېتىپ، ئۇنى «مەنمۇ قىلالايمەن» دېگەن تونۇشقا كەلتۈرۈش كېرەك.

كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلار تەربىيىسىدە، ئەڭ ئوڭاي سادىر قىلىدىغان خاتالىقى شۇكى، ئىشتىن بۇرۇنلا ئۇلار بالىسىنى ھېچ ئىش قىلالمايدۇ، ئىش قىلمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلىدۇ. شۇڭا، ھەممە ئىشنى بالىنىڭ قىلىشىغا يول قويماي، بەلكى ئۆزى قىلىپ بېرىدۇ. ئويلىمىغان يەردە بۇنىڭ نەتىجىسىدە، بالا ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى، ئۆزى تىرىشىپ ئىزدىنىدىغان ۋە ئىنتىلىدىغان، ئۆزىنى چېنىقتۇرىدىغان ئاڭلىقلىقنى ئاستا - ئاستا يوقىتىپ قويىدۇ. بۇنداقتا، بالىنىڭ ھەر خىل چېنىقىش، تاۋلىنىش ئارقىلىقلا ئۆزىنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىدەك قائىدىنى ئاتا - ئانىلارمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ. مەن كارلغا بولغان تەلىم - تەربىيىدە، دەسلەپكى كۆزقارىشىمغا ئېسىلىۋالىدىغان خاتالىقتىن تىرىشىپ ساقلىنىپ، ئوغلۇمنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىش قىلىشقا ئىلھاملاندۇردۇم. ھەرىكەت جەريانىدا، ئۇنىڭ يېشى تېخى كىچىك دەپ بىرەر ئىش قىلىشتىن توسۇپ قويمىدىم. «سەن ئوبدان قىلالايسەن» — مانا بۇ مەن ئوغلۇمغا بولغان تەلىم - تەربىيىدە ئالدىن بېكىتىۋالغان ئالدىنقى شەرت ئىدى. مېنىڭچە، بالىلارمۇ چوڭلاردەك ئىش قىلالايدۇ. بالىلار گەرچە ئىش قىلىشنى ياخشى ئۆگىنەلمىگەن ياكى خاتا ئىش قىلىپ قويغان تەقدىردىمۇ، ھەرقانداق جايدا ۋە ھەرقانداق چاغدا ياشاش ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. بۇ، خۇددى چوڭلارنىڭ ئىش قىلىشنى ئۆگەنگىنىگە ئوخشاشلا بىر ئىش. غەلىبە بولغان ئىكەن، مەغلۇبىيەتمۇ بولىدۇ. مەغلۇبىيەت

تۇپەيلىدىن بالىنىڭ ئۆز قىممىتىنى بايقىۋېلىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. ھالقىلىق يېرى شۇكى، بالا مەغلۇپ بولۇشقا، مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلالىشى، شۇ چاغدىمۇ ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىش روھى ۋە جاسارىتى تەسىرگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك. مەن ھەمىشە كارلىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىش قىلىشقا ئىلھاملاندۇراتتىم. يا ئۇنىڭغا زەربە بەرمەيتتىم، ياكى زىيادە ماختاپ كەتمەيتتىم. چۈنكى، زىيادە ماختاش بالىدا ئاسانلا تەكەببۇرلۇق كەيپىيات پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بۇ خىل كۆزقاراشنى يۇقىرىدا مەن كۆپ تىلغا ئالدىم. ئەمەلىيەتتىمۇ بالىلار بەزىدە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزىنى زىيادە ئاسرىشىدىن ناھايىتى بىزار بولىدۇ. بىر بالا ماڭا: «مەن ئاتا - ئانامنىڭ بىرەر ئىشنى دائىم ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سۈرۈشتۈرۈپ، زىيادە كۆيۈنۈپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇنداقتا، خۇددى مەن يارامسىز دەك ھەمراھلىرىمنىڭ ئالدىدا يۈزۈم قالمايدىكەن، باشقا دوستلىرىم قىلالىغاننى مەنمۇ قىلالايمەن. بۇ نېمىدېگەن تەڭسىزلىك» دېگەن ئىدى. ناھايىتى ئايانكى، ئاتا - ئانىلار بالىنى بىرەر ئىشقا تەۋەككۇل قىلىشتىن توسقانسېرى، بالا شۇنچە بىزار بولۇپ، كۆڭلىدە بىر خىل تەڭسىزلىك ھېس قىلىپ، بەزىدە قارشىلىشىش پسىخىكىسى پەيدا بولىدۇ ــ دە، ئاتا - ئانىسى قىلىشتىن توسقان بارلىق ئىشلارنى ئەتەي قېرىشىپ قىلىدىغان بولۇۋالىدۇ.

بالىلاردا جاسارەت يېتىلدۈرۈش جەھەتتە، ئەنگلىيىلىكلەر-نىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. مەن مۇنداق بىر ئىشنى ئاڭلىغان: ئەنگلىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ۋېي دەريا ئېقىنى بويىدا ئۆسمۈرلەر ئېكسپېدىتسىيە تەشكىلاتى قۇرۇلغان. دەريا ئېقىنى ئېكسپېدىتسىيە مەشىق مەركىزى مەخسۇس

بالىلارغا ئېكسپېدىتسىيە قىلىش، تەۋەككۈلچىلىك قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدىكەن. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ جاسارىتى ۋە مۇستەھكەم ئىرادىسىنى تاۋلايدىكەن. بۇ يەردە بالىلار ھەركۈنى ئەتىگەندە دەريا بويىغا كېلىدىكەن. مەخسۇس خادىملار ئۇلارغا سۇ ئۈزۈش، قولۋاق ھەيدەشنى ئۆگىتىدىكەن. مەشىق جاپالىق ھەم جىددىي بولىدىكەن. ھەر قېتىملىق مەشىقتە بەزى بالىلارنىڭ سۇغا چۈشۈپ كېتىش ياكى يارىلىنىش ئەھۋاللىرى بولۇپ تۇرىدىكەن. جىددىي ئېقىندا ئېلىشىش ئۈچۈن، مۇستەھكەم ئىرادە ۋە جاسارەت بولۇش كېرەك. بالىلار بۇ يەردە سۇ ئۈزۈش، قولۋاق ھەيدەش دېگەندەك ماھارەتلەرنىلا ئۆگىنىپ قالماي، مۇھىمى ئىرادىسىنى چېنىقتۇرىدىكەن، باتۇرانە روھ يېتىلدۈرۈپ چىقىدىكەن. شۇنداقلا ئۆزئارا كۆيۈنۈش ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىۋالىدىكەن.

ئەنگلىيىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پائالىيەتلەر بار. بۇنىڭدىن مەقسەت بالىلارغا مەلۇم ماھارەت ئۆگىتىشلا ئەمەس، بەلكى بالىلارنىڭ ئىرادىسى ۋە باتۇرلۇق روھىنى چېنىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى تۇرمۇش ۋە خىزمىتى ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمە ھازىرلىقنى ياخشى ئىشلەش كۆزدە تۇتۇلغان. مېنىڭچە، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ بۇ ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىشقا ۋە كېڭەيتىشكە ئەرزىيدۇ.

## مۇستەقىل ئاڭ

بالا قىلالايدىغان ئىشلارنى ھەرگىز ئاتا - ئانىلار قىلىپ بەرمەي، بالىنىڭ ئۆزى قىلىشىغا يول قويۇشنى مەن قايتا - قايتا تەكىتلىدىم. بۇ، ناھايىتى مۇھىم بىر خىل مىزان. مەن

ئوغلۇمغا بولغان تەلىم ـ تەربىيىدە ئىزچىل ھالدا، مۇشۇ مىزان بويىچە ئىش كۆرگەن ئىدىم. باللار قىلالايدىغان ئىشنى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قىلىپ بېرىشى ئەمەلىيەتتە، باللارنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا ئەڭ قاتتىق زەربە بولىدۇ. چۈنكى بۇ، باللارنى ئەمەلىيەتنىڭ پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. بۇ، خۇددى ئۇلارغا «مەن سېنىڭ ئىقتىدارىڭغا، جاسارىتىڭگە ئىشەنمەيمەن» دېگەنگە باراۋەر. مۇشۇنداقلا بولۇۋەرسە، بالا بىر خىل كىرىزىس، خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلىدۇ. خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ بىر تەرەپ قىلىدىغان مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئاساسىغا تىكلىنىدۇ. ئەگەر بالىدا ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشەنچ بولمىسا، خاتىرجەملىك تۇيغۇسى نەدىن كېلىدۇ.

بىر بالىنىڭ ئاتىسى تۇگەپ كەتكەن بولۇپ، ئانىسى ئوغلىغا قەۋەتلا ئامراق ئىدى. بالا تۆت ياشقا كىرگەندىمۇ، ئانىسى يەنىلا ئۇنىڭ تامىقىنى يېگۈزۈپ، كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ قوياتتى. ئۇ بالا خېلى چوڭ بولغاندىمۇ ئۆزى تاماق يېيەلمەيتتى، كىيىمىنىڭ تۇگمىسىنى ئېتەلمەيتتى، ئايىغىنىمۇ كىيەلمەيتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك باللار بۇنداق كىچىك ئىشلارنى ئۆزى قىلاتتى. سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى بەكلا كارغا كەلمەيتتى، بەلكى ناھايىتى بىچارە كۆرۈنەتتى. بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ ئانىسىغا: «بۇ ئىشلارنى بالىڭىز ئۆزى قىلىشنى ئۆگەنسۇن، بۇنچە بولغان بالا دېگەن كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئۆزى كىيىشنى بىلىشى كېرەك» دەپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئانىسى: «مەن ئوغلۇمغا بەك ئامراق، ئۇ مېنىڭ بارلىقىم، مەن ئۇنىڭ ئۇچۇن تېخىمۇ كۆپ قۇربان بېرىشكە رازى» دەپتۇ. بۇنداق قىلىش بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بۇ ياخشى ئانا

بىلمەيدىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئوغلىغا بولغان ئامراقلىقى ئۇنىڭغا بولغان ئىچ ئاغرىتمىشتۇر. ئۇ، ئۆزىنى بىر ياخشى ئانا دەپ قاراپ، بارلىقىنى ئوغلىغا تەقدىم قىلىدىكەنۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ئوغلىغا نىسبەتەن «سەن بىر يارامسىز، كارغا كەلمەس» دېگەنلىك بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. بۇ خىل ئادەتتىن تاشقىرى زىيادە ئامراقلىقنىڭ سەلبىي تەسىرى بەك زور بولىدۇ. بالىدا بىر خىل ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسى يېتىلىپ قالىدۇ. ئۇ ھېچنېمىنى قىلمايدۇ، ھېچ ئىشنى ئۆگەنمەيدۇ، پەقەتلا ئوينايدۇ. ئەگەر ئانىسى ئۇنىڭغا بىرەر كۈن ئوبدان قارىماي قويسا، چەكسىز ئۇمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ. ئانىنىڭ بۇ خىل شەخسىيەتسىز ئادىتى ئەمەلىيەتتە شەخسىيەتچىلىكتۇر. چۈنكى، ئۇ بالىسىنىڭ ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلىش ئېھتىياجىغا سەل قارىغان. بالا چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ، ئانا ئوغلىغا يەنە بالدۇرقىدەك قاراپ، بالىسىنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملىق قىلىپ بەرگەن. ئوغلى بۇنىمۇ قىلالمىغان، ئۇنىمۇ ئۆگەنگۈسى كەلمىگەن. ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ئوخشاشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان، ھەتتا ئۆزىنى كارغا كەلمەس دەپ تونۇپ، ساۋاقداشلىرى بىلەن بىر يەردە تۇرۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان. بۇنداق باللار ناتونۇش جايغا بېرىپ قالسا، قىلچىلىك تەييارلىقى بولمايدۇ، تېڭىرقاپ قالىدۇ. باللىرىمىزغا ئۇلار ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلىپ بېرىۋەرسەك، ئۇلارغا «بىز سەندىن كۈچلۈك، سەندىن چاققان، ئىقتىدارىمىز سەندىن زور، سەندىن تەجرىبىلىك، سەندىن مۇھىم» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ، ئۆزىمىزنىڭ قالتىسلىقىنى، بالىنىڭ ئاجىزلىقىنى نامايان قىلغانلىقتۇر. بۇنداق تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق چوڭ بولغان باللار ئېگىز بوي ۋە قامەتلىك، قارىماققا مەردانە بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە توخۇ يۈرەك، جاسارىتى

ۋە ئىقتىدارى كەمچىل بولىدۇ. ئۇلار مۇستەقىل قابىلىيىتىنى يوقىتىدۇ. بۇنداق بالىلارنىڭ قانداقمۇ گۈزەل ئىستىقبالى بولسۇن.

ئايالىم كارلنى تەربىيىلەش جەريانىدا، ناھايىتى ياخشى قىلغان ئىدى. كارل كىيىم كىيىشنى ئۆگەنگۈدەك بولغاندا، ئايالىم ئۇنىڭ كىيىمىنى كىيدۈرۈپ قويماي، بەلكى كارلنىڭ ئۆزىنى كىيىپ بېقىشقا يېتەكلەيتتى. ئۇ، بىر تەرەپتىن ئۆزى كۆرسىتىپ بەرگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ كىيەلىگەن - كىيەلمىگەنلىكىگە قارايتتى. ئۇنى «تېز بول» دەپمۇ ئالدىراتمايتتى، بەلكى: «ئۆزۈڭ كىيەلەيسەن، ئالدىرىما، كىيەلمىسەڭ ئاندىن مەن ياردەم قىلاي، ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، سەن خېلى چوڭ بولۇپ قالدىڭغۇ» دەيتتى. ئەگەر كارل ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يەنىلا كىيەلمەي قالسا، ئايالىم بۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، كارلنى داۋاملىق ئىلھاملاندۇرۇپ: «سەن چوقۇم ئۆزۈڭ كىيەلەيسەن، قېنى، كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئونغىچە ساناپ بولغۇچە كىيىپ بولالامدىكەنسەن - يوق؟» دەيتتى. بۇنداق چاغدا كارل يا داۋاملاشتۇراتتى، يا ھېچقانداق تىرىشچانلىق كۆرسەتمەيتتى. ئايالىم يەنە ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايتتى. كارل يىغلىسىمۇ ئانىسىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىيالمىغانلىقىنى سەزگەندە، ئۆزىنىڭ ئىشىنى داۋاملىق ئۆزى قىلىپ باقاتتى. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كارل ناھايىتى تېزلا كىيىمىنى ئۆزى كىيىشنى ئۆگىنىۋالغان ئىدى.

ئايالىم بىلەن ئىككىمىز مۇشۇنچىلىك كىچىك ئىشلاردىن تارتىپ، كارلدا مۇستەقىل ئاڭ يېتىلدۇرۇشكە باشلىغان ئىدۇق. قەدىمكى گېرمانىيىدە، بالىلارغىمۇ چوڭلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىنىدىكەن. ئاقسۆڭەكلەر بالىلىرىنى باشقا قەلئەلەردىكى ئاقسۆڭەكلەردىن ھەقىقىي چەۋەنداز بولۇشنى

ئۆگىنىشكە ئەۋەتىدىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، باللار ئۆيدىن ئايرىلىپ، سىرتتا مۇشۇنداق مۇستەقىل ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا، بىر چەۋاندازدا بولۇشقا تىگىشلىك ساپا ۋە بىلىم هازىرلىيالايدىكەن. دېمەك، بالىنىڭ مۇستەقىل ئىگىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش — مىللىتىمىزنىڭ ئىسىل ئەنئەنىسى، بۇ بىزنىڭ مىللىتىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئەمەلىيەتتە، باللارنىڭ تېخى يېتىلمىگەن ئىقتىدار دائىرىسى ۋە مىجەز - خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئويلاشقا دىققەت قىلىش زۆرۈر. لېكىن، باللارنىڭ مۇستەقىل، باتۇر خىسلىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى چېنىقىشقا ۋە قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرۇشقا قويۇۋېتىشتەك بۇ ئەنئەنە ئىگى هازىرمۇ تاشلىنىپ كەتكىنى يوق. ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ھەتتا بۇنى باللارغا بىلىم ئۆگىتىشتىنمۇ مۇھىم بۇرچ دەپ قارايدۇ. بۇ، كۆچەپ كېتەيتىشكە تېگىشلىك بىر ئىش. مەنمۇ كارلىنى شۇنداق تەربىيىلىگەن.

باللار خاتىرجەمسىزلىك ۋە ئاجىزلىق ھېس قىلغاندا، ئۆز تەبىئىتى بويىچە ئاتا - ئانىسىدىن تەسەللى ۋە ياردەم ئىزدەيدۇ. ئۇلار ئاتا - ئانا مېھرىنىڭ ئۇلارغا ئىللىق ئىكەنلىكىنى، قوللايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇنداق ئارامبەخش تۇيغۇغا ئېرىشىشنى ئىزچىل كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، بەزى باللار ھەممە ئىشتا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ھېسسىيات مۇستەقىللىقىنى تاپشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان كەيپىيات كونتروللۇقىنى قوبۇل قىلماي قالمايدۇ. بۇ جەھەتتە ئۆزىدە پىسخىك توسالغۇ بار بەزى كىشىلەر كەيپىيات جەھەتتە باشقىلارغا قاتتىق يۆلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلاردا ئۆزۈمچىلىك تۇيغۇسى بولمايدۇ.

پسىخىك جەھەتتە ئۆز - ئۆزىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. ئۇلار ئەدىيە، قىممەت قاراش، ھەرىكەت قاتارلىق جەھەتلەردە باشقىلارغا يۆلىنىدۇ. ئۇلار ئاتا - ئانىسى ياكى باشقا نوپۇزلۇقلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە پىكىر قىلىدۇ، ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزۈمچىلىك تۇيغۇسى ئەمەلىيەتتە، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭدىكى ئىنكاسىدۇر. ئۇلارنىڭ ئۆزى يۆلەنگەن نوپۇز سىستېمىسى بۇزۇلغان ھامان روھىي دۇنياسىنىڭ پارازىتلىقى تۇپەيلىدىن، ئۇلار چەكسىز ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. مېنىڭچە، ھەقىقىي مۇستەقىل روھقا ئىگە ئادەملەرنىڭ ئۆزۈمچىلىك ئېڭىغا نىسبەتەن كۈچلۈك ئېھتىياجى بولىدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا ياكى ئۇنىڭغا يۆلىنىۋالماي، بەلكى ئۆز ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۆز قارارىنى چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن نىشانى بويىچە ئۆز ھەرىكىتى ۋە ئىنتىزامىنى ئىجرا قىلىدۇ. «ئۇلۇغ كىشىلەر ئۆز ئىرادىسى بىلەن باشقىلارنى ئەمەس، ئۆزىنى قانائەتلەندۈرىدۇ».

بۇ خىل يۆلىنىۋېلىش ئېڭى نىسپىي ھالدا يوشۇرۇنلۇققا ئىگە بولغاچقا، ئاتا - ئانىلارغا تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق تەلەپ قويىدۇ. ئاتا - ئانىلار چوقۇم بالىسىغا بولغان ئۆز مۇھەببىتىدە، بالىنىڭ مۇستەقىل بولۇش كېرەكلىكىنى بىلىشى، ئەمما بالىسىنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەچكە، ئۇلار ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان ھالەت ئىچىدە، بالىسىنىڭ ياشىشىنى ئۈمىد قىلىش قاتارلىق تەركىبلەرنىڭ بار - يوقلۇقىغا دىققەت قىلىشى كېرەك.

بالىنىڭ كۆپ ئىشلىرىنى قىلىپ بەرگەندە، ئۇ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ۋە چېنىقىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. بۇنىسى ناھايىتى ئېنىق. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، بالىنىڭ ئىشلىرىنى زىيادە

كۆپ قىلىپ بېرىش — ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھېچ ئىشىنى قىلالمايدىغان يارامسىز ئىكەنلىكى، چوقۇم ئاتا - ئانىسىغا تايىنىش كېرەكلىكى، بولمىسا ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتقان بىلەن باراۋەر. بۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولغان بالا جەمئىيەتكە چىقسا، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، ھەممىلا يەردە ياردەم تىلەپ يۈرىدۇ. لېكىن، ئائىلىسىدىن باشقا يەردە ئاتا - ئانىسىدەك غەمگۈزار تاپالمايدۇ، مۇستەقىل ئاڭدىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ تەس. بۇ، ئەمەلىيەتتە بالىلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقتۇر.

مەن كارلغا قارىتا تەلىم - تەربىيە جەريانىدا، ئۇنىڭدىكى مۇستەقىل روھنىڭ يېتىلىشىگە تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن ئىدىم. كارل بوۋاق ۋاقتىدىلا ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئەمەس، بەلكى دائىم بۆشۈكتە ئايرىم ياتاتتى. ئوغلۇمغا قارىتا قاتتىق بەلگىلەنگەن ئېمىتىش ۋاقتى بار ئىدى. بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشمىسا، ئۇ ھەرقانچە يىغلاپ چىقىرىسىمۇ، ئايالىم ئۇنى خالىغانچە ئېمىتمەيتتى. بۇ ئادەتنى بەلكىم بەزىلەر بىر ئاز رەھىمسىزلىك دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، بالىنىڭ مۇستەقىل روھىنى بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپ چېنىقتۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر. زىيادە كۆيۈنۈش بالىنىڭ ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ، شۇنداقلا بالىنىڭ ئۆزىمۇ بۇنى تامامەن قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە قەدەم قويغان بالا بىلەن ئاتا - ئانىسى ئارىسىدا دائىم دىگۇدەك توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. بۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئەمەلىيەتتە، ئاتا - ئانىنىڭ كۆيۈنۈشىگە قىلىنغان بىر خىل قارشىلىقتىن ئىبارەت. بالا باشقىلارنىڭ ئۆزىنى يارامسىز، كارغا كەلمەس دەپ قارىشىنى خالىمايدۇ، ئۇ كىشىلەر ئالدىدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئۆز قابىلىيىتىنى نامايان قىلىشقا

موھتاج بولغاچقا، ئاتا - ئانىسىنىڭ چات كېرىۋېلىشى تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ قارشىلىقىنى پەيدا قىلىدۇ.

## ئوغلۇمنىڭ پىسخىك بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى چېنىقتۇردۇم

بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ئومۇمىي قانۇنىيەتلەردىن قارىغاندا، ئوڭۇشسىز شارائىت ۋە ئوڭۇشسىزلىق بىر ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ ئاسان تاۋلايدىكەن. ئەلۋەتتە، ئوڭۇشلۇق شارائىتتا تالانتلىق كىشىلەر چىقىدۇ، ئوڭۇشسىز شارائىتتا بولسا، تېخىمۇ تالانتلىق كىشىلەر چىقىدۇ. ئوڭۇشسىز شارائىتتا، ئوڭۇشسىزلىقلار ئىچىدە تاۋلىنىپ چوڭ بولغان كىشىلەرنىڭ ياشاش ئىقتىدارى، رىقابەت ئىقتىدارى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. چۈنكى، قىيىنچىلىق شارائىتتا كۆرەش قىلغانلارنىڭ ھەم مەغلۇبىيەت تەجرىبىسى، ھەم مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىسى بولۇپ، ئۇلار تېخىمۇ پىشقان كېلىدۇ. ئۇلار ئوڭۇشسىزلىقنى بىر خىل بايلىق دەپ بىلىدۇ. ئۇلار مەغلۇبىيەت بولغاندىلا غەلىبىنىڭ بولىدىغانلىقىنى، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مەغلۇبىيەت ئاساسىغا قۇرۇلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر بىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلاردا ھەرقانداق ئوڭۇشسىزلىق ۋە قىيىنچىلىققا يۈزلىنەلەيدىغان سالاپەت بولىدۇ.

بالىنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا قارىتا يۈرەكلىك ھالدا يۈزلىنەلەيدىغان قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كىچىكىدىن تارتىپ ئۇنىڭ بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى تاۋلاش لازىم. ئوڭۇشسىزلىقنى توزلا ئېيتقاندا، قىيىنچىلىققا ياكى

مەغلۇبىيەتكە ئۇچراش دېگەنلىكتۇر. ئوڭۇشسىزلىق دەل بۇ خىل قىيىنچىلىق ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ پسخىك جەھەتتىكى تەسىراتىدىن ئىبارەت. بۇ خىل تۇيغۇ بىرقەدەر ئازابلىق، چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ، ياكى قاندۇرالىشى تەس. ھالبۇكى ئوخشاشمايدىغان ئادەملەرگە، ئېنىقراق دېگەندە، ئىرادە پەزىلىتى ئوخشاشمايدىغان ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئوڭۇشسىزلىقنىڭ مەنىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

مەن ھەمىشە ئوغلۇمنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «كىشى ھاياتتا نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرايدۇ. لېكىن، ئۇ چوقۇم قەتئىي ئىرادىلىك بولۇشى كېرەك» دەيتتىم. مەن ئۇنىڭغا: «پسخىك بەرداشلىق بېرىش كۈچى ئاجىزلار قىيىنچىلىق ئالدىدا ئوڭايلا يىقىلىدۇ، ئىرادىلىك كىشىلەر قىيىنچىلىق ئىچىدىمۇ مۇۋەپپەقىيەت يولىنى تاپالايدۇ» دەپ ئېيتقان ئىدىم. مەن ئۇنىڭ مەغلۇبىيەتنى قوبۇل قىلىشى زۆرۈرلۈكى، بولمىسا، تۇراقلىق مىجەز - خاراكتېر يېتىلدۈرەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا تەلىم - تەربىيە بەرگەن ئىدىم. دەسلەپتىلا مەن ئۇنىڭغا مەغلۇبىيەت كەلتۈرىدىغان سەلبىي تەسىرنى سەۋرچانلىق بىلەن قوبۇل قىلىش ھەمدە مەغلۇبىيەتكە باتۇرلۇق بىلەن يۈزلىنىشنى ئۆگەتكەن ئىدىم. مەن ئوغلۇمغا مەغلۇبىيەتتىن قورقۇپ، خىزمەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ ئۆزى بىر خىل جاھىللىق، كاجلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدىم. ھېلىقىدەك ئەسكى بالىلار دەل مۇشۇنداق، ئۇلار ئۆگىنىشكە قاتنىشىشنى رەت قىلىش ئارقىلىق ئىمتىھاندىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. شۇنداق بولغانسېرى، ئۆز - ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. ئۇ بالىلار ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئالدايدىغان بۇ خىياللىرىغا يوللۇق سەۋەب تېپىپ، دائىم ئۆزىنى ماختاپ، ئۆزى قىلىشنى

خالمايدىغان ئىشلارنى كەم سوندۇرىدۇ. تىرىشچان كىشىلەرنى «ساختىپەز»، «قاپاقباش» دېيىشىدۇ. ئۇلار ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، «مەغلۇبىيەت»نى ئايرىلىپ چىققانلىقىنىڭ، خاسلىق كۆچلۈكلۈكىنىڭ نامايەندىسى قىلىۋالىدۇ. مەن كارلىغا «خاتالىق ئۆتكۈزۈش، ھەتتا مەغلۇپ بولۇشمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇقەررەر يولى، مۇھىمى ئۆز تىرىشچانلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش لازىم» دېگەن قائىدىنى كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە چۈشەندۈرگەن ئىدىم. مەن كارلنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ھەرقانداق ئەھۋالدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنى ئېيتقان ئىدىم. چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە ئامراق ھېلىقى باللار ھەتتا ئۆزىنى نابۇت قىلىش ئارقىلىق مەغلۇبىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاتا - ئانىسى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۈمىدىنى قانائەتلەندۈرەلمەسلىكتىن قورقۇپ، غەم يەپ يۈرىدۇ. ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدە، مەغلۇبىيەتتىن ئەنسىرەش تۇيغۇسىنى يوشۇرۇشنىڭ بەكرەك ئومۇملاشقان شەكلى ھاراقكەشلىك ۋە ئۇرۇشقاقلىقتۇر. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇنداق يامان ئادەتلەر باللاردا، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان قارىشىغا ئېتىۋار بەرگۈدەك ياشقا يەتكەندە ئاندىن باشلىنىدۇ. بۇ، ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ماس كېلىپ قېلىش ئەمەس.

نۇرغۇن تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، باللاردا كىچىكىدىن تارتىپلا باتۇرلۇق، قەتئىيلىك ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش روھىنى يېتىلدۇرۇپ، باللارنى چۈشىنىپ، باللارغا ئىشىنىپ ۋە ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ، سىردىشىش ئارقىلىق ياردەم بەرگەندە، ئۇلارنىڭ بەزىبىر چەكتىن ئاشقان ھەرىكەتلىرىدىن تەبىئىي ھالدا ساقلانغىلى بولىدۇ. مېنىڭچە، كىشىلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئالداش قابىلىيىتى چەكسىز. شۇڭلاشقا، مەن كارلغا

رېئاللىق ئاساسى بار پىكىر قىلىشنى ئۆگىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ئىدىم. بىر ئادەم رېئاللىققا يۈزلەنگەندىلا، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ رېئاللىققا يۈزلىنەلمەي، كۈن بويى خام خىيال سۈرۈپ يۈرۈشى، دەل رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش پسىخىكىسىدىن ئىبارەت. گەرچە ئادەملەر ھەمىشە رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان پسىخىك ھالەتنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىسىمۇ، لېكىن رېئاللىققا يۈزلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشى تولىمۇ زۆرۈر. مەن ھەمىشە كارلىغا مۇمكىنقەدەر ھەم ئۆزىگە، ھەم باشقىلارغا پايدىلىق ھەرىكەتتە بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرەتتىم. ئوغلۇمدا ئۆز - ئۆزىنى ئالدايدىغان پسىخىكا شەكىللىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭغا دۇنيانى ئەسلى قىياپىتى بىلەن تونۇشنى ھەمدە مۇۋاپىق ئىنكاس قايتۇرۇش ۋە قارار چىقىرىشنى ئۆگەتكەن ئىدىم. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىلارغا بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارنى ئۆگەتمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلارنى رېئاللىققا يۈزلىنەلمەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. بەزىلەر ھەمىشە بالىلىرىنى رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن قوغداپ قېلىشنى ئويلايدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قوغداش پسىخىكىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. مېنىڭ نەزىرىمدە، بۇنداق ئاتا - ئانىلارنىڭ بىلىپ - بىلمەي بالىلارغا كەلتۈرگەن يامان ئاقىۋەتلىرىنى بىر خىل جىنايەت دېيىشكە بولىدۇ.

مەن كارلىغا نىسبەتەن مۇنداق ئۇسۇل قوللانغان ئىدىم: مەيلى قانچىلىك ئازاب بولسىمۇ، ئۇنىڭ رېئاللىققا توغرا قارىشىغا ياردەم بەردىم. ئۇنىڭغا مەسىلە بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىتىش جەريانىدا، ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ھېلىقىدەك ئەڭ جاپالىق شارائىتتىمۇ يۈزلىنىش ۋە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا

ئىگە ئىكەنلىكىنى ئاستا - ئاستا چۈشەندى. بۇنداق چاغلاردا كارل دائىم «مەنمۇ قىلالايمەن» دەيتتى.

## ئوغلۇم بىلەن «تىنچلاندۇرۇش» ئويۇنى ئوينايتتىم

بىزگە مەلۇمكى، ئادەم ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۆزىنى كۆتۈرمىكى تەس. ئادەمنىڭ ئۆز - ئۆزىنى يېڭىشىمۇ ئاسان ئىش ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆزى يېڭىشى دەل ئۆز - ئۆزىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كونترول قىلغانلىقتۇر.

ھېسسىياتنى تىزگىنلەش — ھەربىر ئادەم چوقۇم ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئاساسىي ساپا. شۇنداقلا بىر ئادەمنىڭ پىشىپ يېتىلىشكە باشلىغانلىقىنىڭ مۇھىم بىر ئالامىتى، مېنىڭچە، بالىغا ھېسسىياتنى تىزگىنلەشنى ئۆگىتىشتە، زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش، يەنى ھېسسىياتنى ئاساس قىلغان ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھېسسىيات مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش لازىم. مەن «تىنچلاندۇرۇش» دەپ ئاتىلىدىغان ئويۇن ئارقىلىق، ئوغلۇمنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى مەشىق قىلدۇرغان ئىدىم.

كارل پۈتۈن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قىزىل تاياقچە ئاستىدىكى يېشىل تاياقچىنى ئالاتتى. دىققىتىنى تولىمۇ مەركەزلەشتۈرگەچكە، قوللىرى سەل - پەل تىترەيتتى. ئۇ، سېرىق تاياقچىغا تېگىپ كەتمىگەن ئەھۋال ئاستىدىلا، قىزىل تاياقچىنى تۆتتىن بىر ئىنگلىز سۈكى يۆتكىيەلىسە، ئاندىن قىزىل تاياقچىنى ئېلىپ چىقالايتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ دىققىتىنى چېچىش ئۈچۈن، قولىقىغا پۇۋلەپ، ئازراق ئاۋاز

چىقىرىپ ھەمدە توختىماستىن ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ، ئۇنى مەجبۇرلايتتىم. بىراق، كارل قىلچە دىققىتىنى چېچىۋەتمەي، ئاستا - ئاستا چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋېلىپ، مۇسكۇللىرىنى يەڭگىللەشتۈرۈپ، كۆزىنى نىشاندىن ئۈزمەيتتى. ئۇ، بۇ ئويۇندا يېڭىش ئۈچۈن، چوقۇم مېنىڭ تەسىرىمگە ئۇچرىماسلىق، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش زۆرۈرلۈكىنى بىلەتتى. ئۇ، ئۆز - ئۆزىگە «كۆز ئالدىڭدىكى نىشانغىلا قارا» دەيتتى. دەرۋەقە، ئۇ باشقا تاياقچىلارغا تەگكۈزمەي، قىزىل تاياقچىنى تارتىپ ئالالايتتى.

مېنىڭچە، بۇ خىل «تىنچلاندۇرۇش» ئويۇنىنى ئوينىغاندا، بالىلارنىڭ باشقىلاردىن كېلىدىغان كاشىلىغا قارىتا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بەرگىلى بولىدۇ. بۇ ئويۇننىڭ پرىنسىپى شۇكى، ئوينىغۇچىدىن بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر دۆۋە تاياقچىلار ئىچىدىن مەلۇم بىر تاياقچىنى باشقىسىغا تەگكۈزمەي تارتىپ چىقىش تەلەپ قىلىناتتى. گەرچە بۇ ئويۇن ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئوينىغۇچى دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەرىكىتىنى ناھايىتى ياخشى ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ھازىرلاشقا توغرا كېلىدۇ. مەقسەت — بالىدا ھېسسىياتنى تىزگىنلەش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

كارل ئويناۋاتقاندا مەن ياندا تۇرۇپ، ھەرقانداق شەكىللەر ئارقىلىق ئۇنى كولدۇرسەم بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىرەر يېرىگە تېگىپ قويسام بولمايدۇ. ھەربىر تاياقچىنى ئالسا بىر نومۇر، ئەگەر كولدۇرگەندە ئىنكاس قايتۇرمىسا، ئىككى نومۇرغا ئېرىشىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئويۇن بالىنىڭ ھېسسىيات تىزگىنلەش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشتە ناھايىتى ئەسقاتىدۇ. مەن ئۇنى كولدۇرگەندە، ئۇنىڭغا قانداق قىلسا يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپلا قالماي، يەنە ئۆز ھېسسىياتىنى تىزگىنلەشنى

ئۆگىنىۋېلىش كېرەكلىكىنىمۇ دەيتتىم. ھېسسىياتنىڭ بەدەندىكى ئىپادىلىرىنى تونۇش ۋە بىلىۋېلىشنىڭ مۇھىملىقىنى مەشىق قىلدۇرۇش ناھايىتى مۇھىم. بۇنداقتا ئۇ، ئۆز - ئۆزىنى كونترول قىلىشنى تەدرىجىي ئۆگىنىۋالاتتى. ئوغلۇم ئاچچىقلىنىپ قالغان چاغلىرىدا، يۈزى قىزىرىپ، بەدەنلىرى تىترەپ، زىيادە جىددىي ھالەتتە تۇرغانلىقى چىراي ۋە قىياپىتىدە ئىپادىلىنىپ، بەدەن ھالىتىدە كۆرۈنەتتى. بۇ خىل «تىنچلاندۇرۇش» ئويۇنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك مەشىق قىلىش ئۇسۇلى شۇكى، بالا ئالدى بىلەن بۇ خىل ئالامەتلەرنى تونۇشى، ئاندىن زىيادە چوڭقۇر نەپەس ئېلىشى، دىققىتىنى چېچىش دېگەندەك ئۇسۇللار ئارقىلىق بەدىنىنى تىنچلاندۇرۇشى لازىم. ياخشى تىزگىنلەش ئىقتىدارى بولغاندا، بالا ئۆزىنى توغرا تونۇيالايدۇ ھەمدە ئەتراپىدىكى ئاۋارىچىلىقلارغا پەرۋا قىلمايدىغان بولىدۇ. بۇ خىل ئازادە روھىي كەيپىيات ئارقىلىق، بالا بەزى كۆڭۈلسىز ئىشلارغا يۈزلىنەلەيدۇ، بىردەمدىلا غەزەپلىنىپ كەتمەيدىغان بولىدۇ. بۇ، بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىغا ناھايىتى ياخشى تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە كەلگۈسى تۇرمۇشىدىكى بارلىق كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى ماس ھالدا ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقا پايدىلىق.

## قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش ۋە كەسكىن ۋاز كېچىش

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، مېنىڭ تەلىم - تەربىيە مەقسىتىم بولسا، ئەتراپلىق يېتىلگەن تالانتلىقلارنى تەربىيىلەپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئوغلۇمغا بولغان دەسلەپكى تەربىيە

جەريانىدا، مەن كۆپ تەرەپلىمە تەربىيىلەشنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن ئىدىم. ئوغلۇم خالىسىلا، ئۇ ئۆگىنىشنى خالايدىغان ھەممە نەرسىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى قانائەتلەندۈرەتتىم. ئوغلۇمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق ئىشلا بولىدىكەن، مەن ھېچقايسىسىغا قارشى تۇرمايتتىم، ئۇنىڭ بەزى ئىشلىرىنىمۇ چەكلەپ يۈرمەيتتىم.

كۆپلىگەن ئاتا ـ ئانىلار دەسلەپكى قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، بالىنىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكىدەك ئادەم بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ھەم بالدۇرلا ئۇنىڭ كەسىپ نىشانىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. بالىنى ئۆز ئارزۇسى بويىچە تەربىيىلەيدۇ. بۇ، بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىز. بەزى ئاتا ـ ئانىلار ئۆزى سەنئەتكە ئامراق بولغىنى ئۈچۈنلا، بالىسىنى رەسىم سىزىشقا، مۇزىكا ئۆگىنىشكە زورلايدۇ. بالىسىنىڭ كۆڭلىدىكى بىلەن ھەرگىز ھېسابلاشمايدۇ. يا ئۇنىڭ ئۇنۇملۈك ۋە توغرا ئۇسۇل بىلەن بالىسىنى يېتەكلىمەيدۇ. بۇنداق قىلغاندا، بالىنى نارازى قىلىپ قويىدۇ، ھەتتا بالىنىڭ ئەسلىي ئۆزىدە بار قىزىقىشلىرىنىمۇ يوق قىلىۋېتىشى مۇمكىن. مەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن پىئانىنو ئالدىدا ئولتۇرغان ئاشۇ بالىلارنى كۆرسەملا ئازابلىنىپ كېتىمەن. مېنىڭچە، ئاشۇ بالىلار ئۇ يەردە تەربىيىلەنمەيدۇ، بەلكى قىيىنىلىۋاتىدۇ. كىچىككىدىن باشلاپلا ئازاب ئىچىدە ئۆگىنىش قىلسا، كېيىن ئۇلار قانداقمۇ ئۆگىنىشنى سۆيسۇن؟ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قامچىسى ئاستىدا بۇياق بۇيايدىغان بالا رەسسام بولارمۇ؟ كارل دەسلەپكى تەربىيىدە نۇرغۇن بىلىم ئىگىلىگەن، ئۇنىڭ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك نۇرغۇن قىزىقىشلىرى بار ئىدى. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن قىزىقىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ ئۆگەنگەن ھەمدە ھەربىر ئىشنى ئۆگىنىشتە

تولۇپ تاشقان كۆچلۈك قىزىقىش بىلەن قىلاتتى ھەمدە ئۇنىڭدىن خۇشاللىق تاپاتتى، قىزىقىشلىرىدىن گۈزەل بالىلىق دەۋرى يېتىلەتتى.

مەن كارلدىن ھەممە بىلىمنى پىششىق، ئىچكىرىلەپ ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلمايتتىم. چۈنكى، بۇ مۇمكىن ئەمەس ھەم زۆرۈرىيىتىمۇ يوق ئىدى. ئەتراپلىق يېتىلگەن كىشىلەرنى تەربىيىلەش ھەرگىزمۇ، ھەممە ئىشنى قىلالايدىغان ئالاھىدە ئادەم تەربىيىلەش دېگەنلىك ئەمەس. ئادەم كەمچىلىكتىن خالىي ئەمەس. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۇنچىۋالا مۇكەممەل، ئۇنىۋېرسال بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مەن ئوغلۇمنى سەنئەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىنچىل ئىلھاملاندۇرۇپ كەلدىم. ئۇ، رەسىم سىزىشقا ۋە مۇزىكىغا ئامراق ئىدى. مەن ئۇنى قوللايتتىم ۋە رىغبەتلەندۈرەتتىم، چۈنكى، بۇ خىل قىزىقىش ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە ئىجادچانلىقىنى كۈچەيتىشكە ياردىمى بار ئىدى. ئەمما بۇ، ئۇنى چوقۇم سەنئەتكار قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىمەن دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيتتى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ شۇنداق ئويى بولۇپ، بىر سەنئەتكار بولۇشنى خالاپ قالسا، ئۇ باشقا گەپ.

بالا ئۆزىنىڭ مەلۇم تۇغما شەرت - شارائىتى بىلەن تازا قاملىشىپ كەتمەيدىغان ئىشلارغا ئامراق بولۇپ قالسا، ئاتا - ئانىلاردا ئۇنىڭ تاللىشىغا ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتى بار. چۈنكى، كۆپ تەرەپلىمە يېتىلىش ھەرگىزمۇ ئەتراپلىق يېتىلىش ياكى كۈچنى تەڭ ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىغانلىق ئەمەس. يەنە مۇھىت ۋە شەرت - شارائىتنىڭ يول قويۇش - قويماسلىقىغا قاراپ، خۇسۇسەن بالىنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىگە، قىزىقىش ھەۋەسلىرىگە، تەرەققىيات ئەھۋالىغا ۋە كونكرېت ئۆزگىچىلىكىگە ئاساسەن تەربىيىلەش

كېرەك.

گۆدەك بالىلار توغما ھالدا ئۆزىگە ئىشىنىدىغان كېلىدۇ، ھەتتا يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەندىمۇ، نۇرغۇن قېتىم مەغلۇپ بولغاندىمۇ، بۇ خىل ئىشەنچ قىلچە ئاجىزلاپ كەتمەيدۇ. بۇ، ناھايىتى ياخشى ئىش. گەرچە تەجرىبىلىك كىشىلەر ئۇنىڭ غەلىبە قىلالمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، كىچىك بالىلار سادىقلىق بىلەن بوشاشماي تىرىشساملا ئاخىرى غەلىبە قىلالايمەن، دەپ ئىشىنىدۇ. مېنىڭچە، بالىنىڭ بۇ خىل جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشقا تېگىشلىك. ئەمما، بالا ئۆزى توغرا قارار چىقىرالمىغاندا، ئاتا - ئانا بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. مېنىڭچە، قىلچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان يولدا، بالا قىممەتلىك ئۆمرىنى ئىسراپ قىلىۋەتمەسلىكى كېرەك. مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، ئاتا - ئانا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭغا مەسىلىلەرنى رېئاللىققا ئۇيغۇن ھالدا ئويلاشنى ئۆگىتىشى كېرەك. بۇ، بالىنىڭ تەدرىجىي پىشىپ يېتىلىشىدىكى مۇھىم ھالقا.

مەن ھەمىشە كارلغا: «قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدىغانلىرىنى مۇمكىنقەدەر قولغا كەلتۈرۈش، ۋاز كېچىشكە تېگىشلىكلىرىدىن كەسكىن ۋاز كېچىش كېرەك. چۈنكى، بۇ بىر خىل ئەقىل-پاراسەت ھەم نۇرغۇن كىشىلەر دۇچ كېلىدىغان قىيىن مەسىلە، شۇنىڭدەك تۇرمۇشتىكى بىر خىل سىناق» دەيتتىم. ئوغلۇم مۇزىكا ئۆگىنىشنى باشلىغان چېغىدا، مەن ئۇنىڭ قىزىقىشىنى يېتىلدۈرۈش، بارماقلىرىنى ئەپچىل قىلىشنى كۆزلىگەن. بۇنىڭدىن مەقسەت — مۇزىكا ئارقىلىق ئۇنىڭ مىجەزىنى تاۋلاش، ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئېچىش بولغاچقا، ئۇ خاتا چېلىپ قويسىمۇ ئەيىبلەپ كەتمەيتتىم ھەم بۇ سەۋەنلىكتىن

ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەيتتىم. بالا ساز چېلىشقا ئامراق بولۇپ، گەرچە تازا ياخشى چېلىپ كېتەلمىسىمۇ، يەنىلا ياخشى ئىش. چۈنكى، بۇنداقتا ئۇنىڭ قىزىقىشىنى يېتىلدۈرگىلى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىنىمۇ ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

ئېسىمدە قېلىشىچە، كارلىنىڭ 8 — 9 ياش ۋاقتى بولسا كېرەك، بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىزلا ئۆزىنىڭ ئەمدى تىل، ماتېماتىكا دېگەنلەرنى ئۆگەنگۈسى يوقلۇقىنى، باتۇر جانباز بولغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. 8 — 9 ياشلاردىكى بالىلاردا قەھرىمان بولۇش ئارزۇسى بولىدۇ. بۇ، ھەممە بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى جەريانىدا چوقۇم بولىدىغان ھالەت. مەن بالىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىمەن، ئۇلار دەل بۇ چاغدا ھەم ئىش ئۇقىدىغان، ھەم ئىش ئۇقمايدىغان باسقۇچتا تۇرىدۇ. ئۇلار كەلگۈسىگە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ ھەم بەك ئالدىراپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇسى، دۇنيانى بويسۇندۇرغۇسى كېلىدۇ. بارلىق بالىلارنىڭ يۈكى مۇشۇ چاغلاردىن باشلىنىدۇ. مەنمۇ 8 — 9 ياشلىرىمدا شۇنداق ئىدىم. بۇ مەزگىلدە، ئاتا - ئانىنىڭ بالىغا قارىتا توغرا يېتەكچىلىكى ئىنتايىن مۇھىم. بولمىسا، بالا تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن پىسخىك ھالەتتە خاتا تاللاپ قويۇپ، قىممەتلىك ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ. كارلىنىڭ جانباز، سەركەردە بولۇش ئارزۇسىمۇ ئۇنىڭ قەھرىمان بولۇش خىيالىدىن كەلگەن. مەن ئۇنى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى چۈشەنسۇن دەپ، ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئادەتتىكى ئاتا - ئانىلاردەك ئاددىي ھالدا ئىنكار قىلىۋەتمىدىم، بەلكى ئالدى بىلەن جانباز بولۇشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئاستا - ئاستا نەسىھەت قىلدىم.

— ئوغلۇم، — دېدىم ئۇنىڭغا، — ساڭا دەپ بەرگەن ھېلىقى ھېكايىلارنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، ھېلىقى شەرق جانبازلىرى نېمىدېگەن باتۇر ـ ھە!
— شۇنداق، مېنىڭمۇ ئاشۇلاردەك باتۇر جانباز بولۇپ، ئادالەتنى ياقلاپ، زومىگەر ـ زالىملارنى يوقىتىپ، ئاجىزلارغا ياردەم قىلغۇم بار، — دېدى كارل قىزغىنلىق بىلەن.
— ئەمما، سەن ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ جانباز بولغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.
— ئۇلار كىچىكىدىن باشلاپ جاپالىق گۇمپا مەشىق قىلىپ، تەرەپ ـ تەرەپلەردىن ئۇستاز ئىزدەپ، ماھارەت ئۆگىنىپ، ئاخىرى قالتىس باتۇر بولالىغان، — دەپ جاۋاب بەردى كارل.
— جانباز بولۇشنى ئويلىغىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ، ئەمما مەن جانبازلىقنى بىلمەيمەن. يا بىزنىڭ بۇ يەردە ئۇنداق ماھارەتلىك ئۇستازلار بولمىسا، سەن قانداق ئۆگىنىسەن؟
— شەرققە بارىمەن، جۇڭگوغا، ياپونىيىگە بارىمەن.
— ئۇنداقتىمۇ ياخشى، ئەمما سەن شەرققە بارغاندىن كېيىن، شۇنداق ئۇستازلارنى جەزمەن تاپالارسەنمۇ، تاپقان تەقدىردە ئۇلار چوقۇم ساڭا ئۆگىتىپ قويارمۇ؟ تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، مەن ساڭا ئېيتىپ بەرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى بەرىبىر ھېكايە، راست بولۇشى ناتايىن. ئويلاپ باق، ئادەم بىردەمدىلا نەچچە ئون مېتىر سەكرىيەلەمدۇ؟ مېنىڭچە، ئۇنىڭغا ئىنسانلارنىڭ يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق ھېكايىلار پەقەت خىيالىي پەرەز، كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈنلا توقۇلغان. بۇ ھېكايىلارنى ئېيتىپ بېرىشتىكى مەقسىتىم بولسا، ئاشۇ جانبازلارنىڭ قەھرىمانلىق روھىدىن سېنى ئۆگەنسۇن دېمەكچى، سېنى چوقۇم ئاشۇلاردەك جانباز بولسۇن دېمەكچى ئەمەس.

بۇ چاغدا، ئوغلۇم ناھايىتى ئۈمىدسىزلەنگەندەك كۆرۈندى.
مەن ئۇنىڭغا ئاستا - ئاستا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدىم:

— يەنە كېلىپ، ھازىرقى دەۋر قەدىمكى دەۋر بىلەن تامامەن ئوخشاشمايدۇ. قەدىمكى قەھرىمان ۋە سەركەردىلەر ئۆزى ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپ چىقىشى، قولىغا قىلىچ ئېلىپ جەڭگاھتا جان تىكىپ ئېلىشىشى زۆرۈر ئىدى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا ئىلىم - پەن بىرقەدەر ئارقىدا، باشلانغۇچ مەزگىلدە ئىدى. ھازىرقى سەركەردىلەردە چوقۇم باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان ئەقىل - پاراسەت بولۇشى، ھەر خىل بىلىملەرنى ئىگىلىشى زۆرۈر، ئۆزىنىڭ ئەلەم ماھارىتىنى ئىشقا سالغان بىلەنلا بولمايدۇ. ئوغلۇم، شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، ھەممە ئادەمنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىمۇ - يېتەرسىزلىكلىرىمۇ بولىدۇ. سەن ئۆزۈڭنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى سەزگۈرلۈك بىلەن چىڭ تۇتۇشۇڭ كېرەك. قارا، سەن ماتېماتىكا، تىل - ئەدەبىيات قاتارلىقلاردا شۇنداق مۇنەۋۋەر تۇرساڭ، نېمىدەپ ئۇلاردىن ۋاز كېچىسەن؟ قەھرىمان دېگەن جەڭگاھتىلا بولمايدۇ، بەلكى ھەرقانداق ساھەنىڭ قەھرىمانى بولىدۇ. ئەدىب بولساڭ، ئىنسانلارغا ئىنتايىن زور مەنىۋى بايلىق يارىتىپ بېرەلەيسەن، كەشپىياتچى بولساڭ، ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق نەرسىلەرنى يارىتالايسەنغۇ؟ سەن ئۆزۈڭنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرساڭلا، ئوخشاشمىغان ساھەلەردە قەھرىمان بولالايسەن. ساڭا ماس كەلمەيدىغان بەزىبىر ئىشلاردىن كەسكىن ۋاز كېچەلىشىڭ كېرەك. راستىنى دېگەندە، ئۆزىگە ھەقىقىي يۈزلىنەلىگەن ئادەملەرلا، ھەقىقىي ئادەملەردۇر.

كارل بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ، كۆڭلى پاللىدە يورۇپ كەتتى. بۇ چاغدا، ئۇ قەھرىماننىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن ھەم قولىغا كەلتۈرۈش، ھەم ۋاز كېچىشنىڭ

قائىدىسىنى چۈشەنگەن ئىدى. بۇ، ئۇنىڭ كېيىنكى ھايات يوللىرىغا زور دەرىجىدە ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتتى. كېيىنكى چاغلاردا، ئۇ مەيلى قانداق ئەھۋالغا دۇچ كەلسۇن، ئاقىلانىلىك بىلەن توغرا تاللايدىغان بولدى.

## ئوغلۇمنىڭ مەنىۋى ساغلاملىقى

كارلغا بولغان تەلىم - تەربىيىدە، مەن ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىزدەيدىغان روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردىم. ھەقىقەت ئىزدەش— ئەخمىقانىلىقتىن ئىبارەت بۇ ھاڭدىن يورۇقلۇققا چىقىش جەريانىدۇر.

كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار تەلىم - تەربىيە جەريانىدا، بالىسىنىڭ ھەقىقەت ئىزدەش روھى، بىلىم ئىگىلەش ئىشتىياقىغا تامامەن سەل قارايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ يادانىلىقىدىن بالىلىرىنى مىشچان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىدۇ. بالىسى يا ھۈنەرۋەن، يا دۇكاندارلا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بالا تەربىيىلەشتىكى مەقسىتى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ، بالىلىرىنى قانداق قىلىپ پۇل تاپالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. مېنىڭ نەزىرىمدە بۇ دىتىسىزلىقتۇر. ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە پەزىلىتىنى تىرىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەربىر ئادەم بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇق. مەن ئاشۇ نادان ئاتا - ئانىلارغا ئۆزىنىڭ ھېلىقىدەك جاھاندارچىلىق پەلسەپىسىدىن ۋاز كېچىپ، زېھنىنى بالىسىنىڭ ھەقىقەت ئىزدەش روھىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەرپ قىلىشقا قارىتىشىنى، ئۇنىڭدا بىلىم ئىزدەش ئارزۇسىنى يېتىلدۇرۇشنى، ئۇنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى مۇمكىنقەدەر تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى تەكلىپ قىلىمەن.

ئەگەر بۇ خىل تەلىم - تەربىيە ھەقىقىي يۇرگۈزۇلسە، بالا ئىپادىلەيدىغان ئىدىيىلەر كاللىسى كونىراپ قالغان ھېلىقىدەك كىشىلەرنى چوقۇم ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇۋېتىدۇ. ھالبۇكى، ھەقىقىي تەلىم - تەربىيە ئارقىلىقلا بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. چۈنكى، مۇشۇنداق تەربىيە ئېلىپ بارغاندىلا، بالىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى پائال تىرىشىپ جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

بەزى نادان ئاتا - ئانىلار بالىسىنى ھەقىقەت ئىزدەيدىغان قىلىپ تەربىيىلىمەيلا قالماستىن، بەلكى قالايمىقان نەرسىلەرنى بالىنىڭ مېڭىسىگە سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. نەتىجىدە بالا دۆت ۋە يارامسىز بولۇپ قالىدۇ. بالا ھەقىقىي ئەھمىيەتلىك بىلىملەرنى ئۆگىنەلمەيلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ساغلام روھىمۇ زىيانغا ئۇچرايدۇ.

بەزى ئاتا - ئانىلار ھەر خىل سەۋەبلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، يا بالىسىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، يا بىكارچىلىقتىن بالىنىڭ ساددا كاللىسىنى قورقۇنچلۇق ۋە خۇراپىي ھېكايىلار بىلەن توشقۇزۇۋېتىدۇ - دە، ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپ ھەقىقەت ئىزدەش ئىشەنچىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. نەتىجىدە بالا بارلىق ئىشلارغا توغرا ھۆكۈم چىقىرالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بالىلار ئەسلىدىلا گۆدەك، ئاجىز بولغاچقا، ئۇلار ياردەمگە موھتاج بولۇۋاتقان چاغدا، ھېلىقى خۇراپىي قاراشلار ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنى تويۇق يولغا باشلاپ قويىدۇ.

گۆدەك ۋاقتىدىلا، بالىنىڭ مېڭىسىگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن قورقۇنچ ۋە خۇراپاتلىقلار خۇددى مىكروبتەك ئۇنىڭ قەلبىدە شىددەت بىلەن يامراپ، بالىنىڭ روھىي ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭلاشقا، مەن بالىلارغا جىن - ئالۋاستى، ئەرۋاھ ۋە دوزاخ ھەققىدىكى ھېكايىلارنى ئېيتىپ بېرىشكە قەتئىي قارشى تۇرىمەن. بۇنداق قىلىش بالىغا ناھايىتى زىيانلىق. ئۇ،

بالىنىڭ نۇرلۇق ئىچكى دۇنياسىغا ھەم ئۇنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بىۋاسىتە ھالدا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

تۇرمۇشتا، بولۇپمۇ خەلق ئارىسىدا بالىلارغا قورقۇنچلۇق ۋە خۇراپىي تەسىر بېرىشتەك ئەھۋاللار بەك كۆپ، شۇڭلاشقا بىز ھەر خىل ئالدىنى ئېلىش چارە - تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ بالىلىرىمىزغا كۆرسىتىدىغان ناچار تەسىرىنى تۈگىتىشىمىز كېرەك. مېنىڭچە، ئاشۇنداق ناچار نەرسىلەرگە قارىتا، ئالدىنى ئېلىش چارە - تەدبىرلىرىنى قوللىنىپلا قالماستىن، يەنە بالىلارنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشىمىز، بالىلىرىمىزنى پاك - پاكىز، مىكروبسىز مەنىۋى دۇنيادا ساغلام چوڭ قىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، خۇددى ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى سېلىنغاندەك بولىدۇ - دە، بالىلار مەنىۋى مىكروبلارغا ئۇچراپ قالسىمۇ، زىيىنى ئاز بولىدۇ.

بىلىشىمچە، بىر ئادەمنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ بىنۇرمال بولۇپ قېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئۇنىڭ مېڭىسىگە گۆدەك ۋاقتىدىلا قورقۇنچ، خۇراپاتلىقلار سىڭىپ كەتكەن بولسا، بۇلار ئىزچىل ھالدا شۇ ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئازدۇرىدۇ. چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ زىيىنى ۋە ئاۋارىچىلىكىگە دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەن بۇ ئىشلار توغرىسىدا روھىي كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسىدىن مەسلىھەت سورىغان ئىدىم. ئۇ، ماڭا كەسىپ ئەھلى بولمىغانلار ئويلاپ يېتەلمەيدىغان مۇنداق بىر سانىنى ئېيتىپ بەردى: بىرنەچچە يۈز مىڭ فۇنكسىيىلىك روھىي كېسەللىككە گىرىپتار بولغان بىمارلارنىڭ كۆپىنچىسى كىچىك ۋاقتىدىلا قاتتىق قورقۇنچقا ياكى قورقۇنچلۇق ئىشلارغا ئۇچرىغان ياكى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالغىلى بولمايدىغان قورقۇنچلۇق ھېكايىلارنى ئاڭلىغان.

ھېلىقى مۇتەخەسسىس يەنە كىچىك ۋاقىتىدا تەلىم ـ تەربىيە جايىدا ئېلىپ بېرىلسا، بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى ، بەلكى جايىدا ئېلىپ بېرىلغان تەلىم ـ تەربىيە بۇنداق فۇنكسىيىلىك روھىي كېسەللىكلەرنى زور دەرىجىدە يەڭگىللىتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇنىڭدىن شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى، تېبابەتتىن قالسىلا، مائارىپ ئىنسانلارنى قۇتقۇزىدىغان ئاساسلىق ۋاستە.
ھېلىقى روھىي كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى مېنى تېخىمۇ ياخشىراق چۈشىنىۋالسۇن دەپ، ئۆزىنىڭ بىمارلىرىنى ماڭا قىزغىنلىق بىلەن كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 26 ياشلىق بىر ياش يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭ كېسىلى خامۇشلۇق كېسەللىكى دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ، گويا كەچۈرگىلى بولمايدىغان گۇناھ سادىر قىلغاندەك تۇيغۇ ۋە خىيالدىن قوتۇلالمايدىكەن. ئۇ، ئۆزىنى كەلگۈسىدە چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ تېگىدە ئازابلىنىمەن، مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەيمەن، دەپ قارايدىكەن. ئۇنى مانا شۇنداق بىر خىل قورقۇنچ چىرمىۋالغاچقا، ناھايىتى بىچارە كۆرۈنىدىكەن.
دوختۇر ئۇنىڭ كېسەللىك سەۋەبىنى ئىنىقلاپ كۆرسە، ئۇ بەش ياش چېغىدا مەكتەپتىكى ئايال ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭ كاللىسىغا دوزاخنىڭ قورقۇنچىنى سىڭدۈرۈۋەتكەن ئىكەن. بۇنداق خامۇشلۇق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان يەنە بىرەيلەن بولۇپ، ئۇ بىر باستېرنىڭ ئايالى ئىكەن. ئۇ، ھەممە نېمىدىن قورقىدىكەن. قاراڭغۇ چۈشۈشتىن، قاراڭغۇ يەردە ئۆزى يالغۇز تۇرۇپ قېلىشتىنمۇ قورقىدىكەن. كېچىسى ئۇخلاشقا پېتىنالمايدىكەن، ئۇخلىسا قارا باسىدىكەن. نەتىجىدە ئۇ ئورۇقلاپ، بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ. كۆزلىرى ئاران مىدىرلايدىغان بوپقالغان بولۇپ، ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيتتى. دوختۇر ئۇنىڭ كېسەللىك سەۋەبىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرسە، ئۇمۇ كىچىك ۋاقتىدا دىنىي

جەمئىيەتتىكى مەلۇم باستىردىن جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ھېكايىسىنى تولا ئاڭلاپ كەتكەنلىكى ئاخىر ئېنىقلانغانلىقىنى ماڭا ئېيتىپ بەردى. مەن بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ بەك ئازابلاندىم. باستىرنىڭ بۇرچى باشقىلارغا ياردەم بېرىش، ئۇلارنى زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا باشلاپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئەمما، مېنىڭ ھېلىقى كەسىپدىشىم ئەكسىچە ئىش قىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئەخمىقانە ئىشلىرى، ئۇنىڭ جىن - ئالۋاستى ھەققىدىكى ھېكايىلىرى بىر ئاق كۆڭۈل ئادەمنى زۇلمەتكە باشلاپ قويۇپتۇ. ئۇ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلمىغان باستىركەن، ھەقىقىي بىر گۇناھكاركەن. مېنىڭچە، دوزاخنىڭ ئەڭ تېگىمۇ ئازابلىنىدىغىنى دەل شۇكەن. ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى پەرۋەردىگار مەڭگۈ كەچۈرمەسلىكى مۇمكىن.

مەن ئوغلۇمغا نۇرغۇن ھېكايىلارنى ئېيتىپ بەرگەن، ئەمما ھېلىقىدەك قورقۇنچلۇق ھېكايىلارنى ئەزەلدىن ئېيتىپ بەرمىگەن. مەن ئۇنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا پايدىلىق بولغان ياخشى ھېكايىلارنىلا ئېيتىپ بېرەتتىم. ئۇنىڭغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق كىشىلىك تۇرمۇشنى ھېس قىلدۇراتتىم، ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى چۈشەندۈرەتتىم.

كارل بىر قېتىم مەندىن جاھاندا جىن - ئالۋاستى بار - يوقلۇقىنى سورىۋىدى، مەن: «بار دېسەكمۇ، يوق دېسەكمۇ بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ، مېنىڭ جاۋابىمنى ئاڭلاپ ناھايىتى ھەيران بولدى. چۈنكى، مەن ئۇنىڭغا ئېنىق جاۋاپ بەرمىگەن ئىدىم.

— مېنىڭچە بار، — دېدى كارل.

— نېمىشقا؟

— كىشىلەر جىن - ئالۋاستى بار دېيىشىدىكەن.

— ئۇلار بىلمىگەنلىكتىن شۇنداق جۆيلىشىدۇ.

— ئۇنداقتا، دادا، نېمىشقا بار دېسەكمۇ بولىدۇ دەيسىز؟

— ئەمەلىيەتتە جىن - ئالۋاستى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىلا بولىدۇ، — دېدىم ئوغلۇمغا تىكىلىپ. مېنىڭچە، ئۇنىڭغا قائىدىنى ئېنىق چۈشەندۇرۇش زۆرۈر ئىدى، — ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ قەلبىدە جىن - ئالۋاستى بولمايدۇ، ھېلىقىدەك ئەسكى ئادەملەرنىڭ قەلبىدە جىن - ئالۋاستى بولىدۇ. قاراپ باقمامسەن، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان ئاشۇ كىشىلەر جىن - ئالۋاستىغا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ئۇلار كۈن بويى كىشىلەرگە زىيانلىق ئىش قىلىپ يۈرىدۇ، ئۇلار جىن - ئالۋاستى بولماي يەنە نېمە؟ ئوغلۇم ئېسىڭدە بولسۇنكى، قەلبى نۇرغا تولغان، دۇرۇس، باشقىلارغا ياردەم بېرىدىغان، ياخشى ئىش قىلىدىغان، باشقىلارنى ئويلايدىغان كىشىلەر پەرىشتىلەرگە ئوخشاش؛ ئۆزىنىڭلا غېمىنى يەيدىغان، ئەسكىلىك قىلىدىغان ئادەملەر جىن - ئالۋاستىغا ئوخشاش. بىر ئادەمنىڭ قەلبى نۇرلۇق بولسىلا، يامانلىق ۋە قەبىھلىك ئۇستىدىن غالىب كېلەلەيدۇ.

— چۈشەندىم دادا، — دېدى كارل، — دۇنيادا جىن - ئالۋاستىلەر بار ئىكەن، ئۇ بولسىمۇ قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان ھېلىقىدەك يامان ئادەملەر ئىكەن. مەن چوقۇم دۇرۇس ئادەم بولۇپ، جىن - ئالۋاستىدىن قورقۇپ يۈرمەيمەن.

بۇ چاغدا كارلنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، قەلبىدىكى چىگىش يېشىلىپ كەتتى. يەنە تېخى ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى بىلىۋالدى. ياخشى تەلىم - تەربىيە ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى نۇرلاندۇرالايدۇ، بالىدا ئىشەنچ تۇرغۇزالايدۇ ھەمدە بالىنى خۇشال - خۇرام، ئۈمىدۋار قىلىپ تەربىيىلەپ چىقالايدۇ. لېكىن، ئەخمىقانە، نادان تەلىم - تەربىيە بولسا، بالىنى قاراڭغۇ ھاڭغا ئىتتىرىۋېتىدۇ.

# ئون بەشىنچى باب ئوغلۇمغا باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاشنى ئۆگەتتىم

ئەگەر كىشىلەردە ئۆزئارا چۈشىنىش بولمايدىكەن، ئۇنداقتا، ھەربىر ئادەم ئۆز قارىشىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭكىنى مەڭگۈ توغرا، باشقىلارنىڭكىنى ھامان خاتا دەپ قارايدۇ.

## تىنچلىق سەنئىتى

بىر بالا ھەرقانچە ئەقىللىق بولسىمۇ، ئەگەر باشقىلار بىلەن قانداق بېرىش - كېلىش قىلىشنى بىلمىسە، ئۇ پەقەتلا «تەنھا» بالا بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق بالىنىڭ كەلگۈسىدە ئاجايىپ ئىشلارنى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا ئاتالمىش خىسلەتلىك بالا بولغاندىمۇ يەر - جاھاننى تەۋرەتكۈدەك ئاجايىپ ئىشلارنى قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، بىر ئادەم ئۆز بىلىملىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ، ئەگەر باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاشنى بىلمىسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتى ھەرگىز نامايان بولالمايدۇ. ئۇنداق بولغاندا، پەۋقۇلئاددە تالانتلىق بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ، قارىسىغا ئىشلەيدىغان كىتاب مەستانىسىلا بولۇپ قالىدۇ.

كارلغا بولغان تەلىم - تەربىيىدە، مەن ئۇنىڭ باشقىلار

بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈش جەھەتتە يېتىلىشىمگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردىم. مەن ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئىناق ئۆتۈشى ۋە دوستلىرى كۆپ بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن دوستلۇق، ھەمكارلىق، مەردلىك، ئوچۇق - يورۇقلۇق، ئادىللىق، ئەدەپ، غۇرۇر، مەسئۇلىيەتچانلىق، تەشكىللەش قابىلىيىتى قاتارلىقلارنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدىم. بۇنىڭدىن مەقسەت — باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشتە، ئاشۇلارنى مىزان قىلدۇرۇش، باشقىلار بىلەن لايىقىدا ئارىلىشىشنى بىلدۇرۇش ئىدى. باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا ماھىر بولغاندا، ئادەم ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولغاندەك ھېسسىياتقا كېلىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ھەممىلا يەردە تامغا ئۇسۇپ، ھېچقانداق بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. باشقىلار بىلەن سىردىشىشنى بىلمىدىغان ئادەم مەڭگۇ خۇشال ياشايدۇ، باشقىلار بىلەن ئارىلىشىشنى بىلمەيدىغان ئادەم تەنھا ۋە بەختسىز ئادەمدۇر.

بىر كۈنى بىر دوستۇم ئۆز ئائىلىسىدىكى ئىشلارنى سۆزلەۋېتىپ: «ئۆيىمىزدە بەزى مەسىلىلەر يۈز بېرىپ قالىدۇ، بىراق ھېچقايسىمىز راستىنى دېيىشنى خالىمايمىز. بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى قورقىمىز، يەنە بىرى يۈزىمىز چۈشۈپ كېتەرمىكىن دەپ قارايمىز. ھەممىمىز، جۈملىدىن مەن ۋە ئايالىم، ھەتتا بالىلىرىمىمۇ شۇنداق قارايدۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «ئەگەر كۆپچىلىك كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى خۇشاللىق بىلەن تۆكۈشنى خالىسا، مەن سىلەرگە ئائىلە يىغىنى ئېچىشنى تەكلىپ بېرىمەن. يىغىندا ھەربىر ئادەم ئۆز پىكرىنى بايان قىلسۇن» دېدىم. ئۇ، گېپىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن خاتىرە دەپتەر سېتىۋاپتۇ. ئۇنىڭغا ھەر بىرەيلەن ئائىلىدىكى باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قارىتا خاتا

قىلغان ئىشلىرىنى يېزىپتۇ. ئۇلار ۋاقىت بېكىتىپ يىغىن ئېچىپتۇ. ھەربىر قېتىملىق يىغىن ئاخىرلاشقاندا، باشلىقنى يېڭىدىن سايلاپ چىقىشىدىكەن. بارلىق ئىشلارنى شۇ كىشى ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. دوستۇمنىڭ كېيىن دەپ بېرىشىچە، ئائىلە يىغىنى ئېچىلغاندىن باشلاپ، ئائىلىنىڭ كەيپىياتى كۆپ ياخشىلىنىپتۇ. ھەر قېتىملىق يىغىندا، ئۇلار خۇددى بايرام ئۆتكۈزگەندەك ناھايىتى خۇشال - خۇرام ھالدا جەم بولۇپ ئولتۇرىدىكەن. باشتا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنىلا ئەندىشە ۋە بىرمۇنچە زىددىيەتلەر كۆرۈلۈپتۇ، كېيىنچە ھەممەيلەن ئىچ باغرىنى تۆكۈپ، ئوچۇق - يورۇق پاراڭلىشىپتۇ، زىددىيەتلەرمۇ تەدرىجىي ھالدا ئۆزلۈكىدىن تۈگەپ كېتىپتۇ. ئىلگىرى بالىلىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك پاراڭلىشىشقا پېتىنالمايدىكەن، ئايالىمۇ ئۇنىڭدىن بىر ئاز قورقىدىكەن. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ تازا ئەركىن - ئازادە بولالمايدىكەن. ھازىر بالىلىرى ئاتا - ئانىلىرىدىن كۈتىدىغان سەممىي تەلەپلىرىنى ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن تەدرىجىي ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولۇپتۇ. ئۇلار كەچ تەرەپتە ئاتا - ئانىسىنىڭ بىللە ئويۇنىشىنى ئۈمىد قىلىشىپتۇ. ئاتا - ئانىسى قىلچە ئىككىلەنمەي قوشۇلۇپتۇ. لېكىن، ئۇلارمۇ بالىلىرىدىن ۋاقتىدا ئۆيگە قايتىپ تاماق يېيىشنى، يۇيۇنۇشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇنداق سۆھبەتلىشىش شەكلىنى بەك ماختاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز كۆڭلىدىكىنى كەڭ - كۇشادە دېيىشەلەيدىغان، ئائىلىدە دېموكراتىك ھالدا چىقىرىلىدىغان قارارلارمۇ ئىجرا قىلىنىدىغان بوپتۇ. ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھېسسىياتى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلۇپ، ئائىلە تەربىيىسىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشىپتۇ. دوستۇم بىلەن ئايالىنىڭ مۇھەببىتىمۇ يېڭى توي قىلغان چېغىدىكىدەك كۆڭۈللۈك ھالەتكە قايتىپتۇ.

مەن بۇ ئۇسۇلنى ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ھەمكارلاشما شەكلى دەپ ئاتىدىم. مېنىڭچە، ئائىلە تۇرمۇشى بىر ئائىلە كىشىلىرى ئارىسىدا پىسخىك توسالغۇ ۋە ئارىلىق پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئائىلىمۇ بىر خىل ئاكتىپ كۈچ ھازىرلايدۇ. بۇ كۈچتىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش لازىم. مەسىلەن، ئانىنىڭ ئالدىدا تۈگىمەس پارچە - پۇرات ئائىلە ئىشلىرى تۇرىدۇ، ھەتتا بالىلىرىنىڭ رەتسىز، مەينەتلىكى ئۇنىڭ يۈكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ. دادا كۈن بويى خىزمەت بىلەن ئالدىراش بولۇپ، ئۆيگە كەلسە بالىلىرىنىڭ كەپسىزلىكلىرى، جېدەل - غوۋغالىرى ئارام بەرمەيدۇ. بۇنىڭغا ئاتا - ئانىلار بەلكىم سەۋر قىلىشى مۇمكىن. ئەمما، بۇنداق ئىشلار بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە زىيانلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئاتا - ئانىلارنىڭمۇ ئىچى سىقىلىپ كېتىدۇ، ھەتتا پۈتۈن جاھان ئۇلار بىلەن ئۇچەكىشىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. ئۇنداقكەن، غەزەپلەنمەي، چالۋاقاپ تىللىماي قانداق قىلىدۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇ ئاقىلانە ئىش ئەمەس، بەلكى بالىلار بىلەن ئاتا - ئانىسى ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتتە يىرىكلىك پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر ئاتا - ئانىلار توقۇنۇشنى ئاكتىپ ھەل قىلىدىغان پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇل قوللىنىپ، ئائىلىدىكىلەر بىر يەردە ئولتۇرۇپ ئائىلە يىغىنى ئېچىپ، بىر - بىرىنى چۈشىنىدىغان ئىللىق، ئىناق كەيپىيات ئىچىدە تەكلىپ پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويسا، شۈبھىسىزكى ئاجايىپ بولىدۇ، بىرقەدەر قانائەتلىنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ. مۇشۇنداق پائال سىردىشىش، يەنى ئاتا - ئانا بىلەن بالىلارنىڭ سۆھبىتى پەرزەنت تەربىيىلەشنىڭ مۇھىم يولى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل تەلىم - تەربىيە جەريانىدۇر. ئاتا - ئانىسىنىڭ

گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە بالىلار ئۆزى تونۇۋاتقان مۇھىتقا قارىتا، تەشەببۇسكارلىق ۋە ئىشەنچلىك پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلالايدۇ، مەسىلىلەرنى ئاقىلانە ھالدا بىمالال ھەل قىلالايدۇ. مەن كارلىنى ئۈچ يېشىدىن باشلاپلا ئائىلە يىغىنىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان مۇشۇنداق پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇپ، مەن ۋە ئايالىم ھەمدە ئايال خىزمەتكار بىلەن مەلۇم مەسىلىلەرنى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىشاتتۇق. گەرچە ئۇ چاغدا كارل بىرەر نەرسىنى چۈشىنىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما قانداق ئىش يۈز بەرگەنلىكىگە، باشقىلارنىڭ قانداق سۆزلىشىدىغانلىقىغا، بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قانداق قابىلىيەت كېتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلاتتى.

ئائىلە يىغىنىنىڭ شەكلى ئائىلە تەربىيىسىدىكى نۇرغۇن كونكرېت ۋە مۇھىم بولغان ئىنچىكە ھالقىلارغا چېتىلىدۇ. لېكىن، بۇلارغا تەربىيىلىگۈچى بىلەن تەربىيىلەنگۈچىلەر ئوخشاشلا سەل قاراپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، بالىلار ئانىسىنىڭ كىر يۇيۇش ۋە يېيىپ قۇرۇتۇشىغا ياردەملەشسە، ئانا ناھايىتى خۇشال بولىدۇ. ئەمما، بالىلار دادىسىنىڭ كۆپرەك ۋاقىت چىقىرىپ ئۆزى بىلەن ئويىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئاتا - ئانىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بالىلار كۆڭۈل بۆلىدىغان بۇ مەسىلىلەرنى ئىگىلىسە، شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىگە ياردىمى بولىدۇ. بۇ خىل چوڭقۇر چۈشىنىش بالىلارنى ئاتا - ئانىسىغا ئىشىنىدىغان، ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيىسىنى تېخىمۇ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان قىلىدۇ. مەن كارلغا بولغان تەلىم - تەربىيە جەريانىدا، ئۇنىڭ بىلەن سىردىشالايدىغان بەزى تەجرىبىلەرنى تەدرىجىي ئىگىلىۋالدىم، ئاشۇ تەجرىبىلەردىن بىرىنى «تىڭشاش سەنئىتى» دەپ ئاتىغان ئىدىم. مەن ۋە ئايالىم ھەر كۈنى كارل

ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ، ئۇنىڭ بۈگۈن يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگىنىنى ئاڭلايتتۇق. شۇنىڭ بىلەن كۆپىنچە ھاللاردا ئوغلۇم ئىشلارغا قارىتا ئۆزى باھا بېرىدىغان، قىلغان قايسى ئىشلىرى توغرا بوپتۇ، قايسى ئىشلىرى توغرا بولماپتۇ، دېيەلەيدىغان بولدى. ئۇ بايان قىلىش جەريانىدا، ئۆزى ھەققىدىمۇ ئويلىنىشقا تەدرىجىي ئادەتلەندى، بىزمۇ كارلنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى، باشقىلارغا ۋە باشقا ئىشلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەلەيدىغان بولدۇق. مېنىڭچە، ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ ھېچنېمىنى يوشۇرماي ئىچ - باغرىنى تۆكۈشىنى، ھەممە ئىشتا ئۆزى بىلەن مەسلىھەتلىشىشىنى، پىكىر ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما، ئاتا - ئانىلار ئالدى بىلەن بالىلارنىڭ قەلب ساداسىنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشايدىغان كەيپىيات ھاسىل قىلىشى، ئۇلارنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. شۇندىلا، ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىلار تارتىنماي، ئىچ سىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرالايدۇ.

مەن كارل بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇنىڭدىكى ھېسسىياتنىڭ چىن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا دىققەت قىلاتتىم. ئەمما، بۇ خىل بىلىش ھەممىدە ئۇنىڭ رايىغا بېقىش دېگەنلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ناتوغرا ئوي - پىكرىنى ۋاقتىدا كۆرسىتىپ، ئىشنىڭ يولىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ تۇراتتىم. بىر كۈنى كارل ماڭا قوشنىمىز بروئېن خانىمنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىسام، ئۇ: «بروئېن خانىمنىڭ كۆلكىسى كەم، ئازراقمۇ ئىللىق ئەمەس» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «سەن بروئېن خانىمنى قارىماققا ئىللىق ئەمەس، قاپىقىنى تۈرۈپلا يۈرىدۇ دەپ ياقتۇرمايدىغان ئوخشايسەن. ئەمما، بەزى ئىشلارنى سەن چۈشەنمەيسەن، بروئېن خانىمنىڭ كۆڭلى بەك ياخشى،

ئەگەر سەن ئۇنىڭغا دوستانە مۇئامىلە قىلساڭ، ئۇ بەك خۇش بولىدۇ، سىلەر چوقۇم چىقىشىپ قالىسىلەر» دېدىم.

كەچلىك تاماق بىزگە نىسبەتەن ناھايىتى يېقىملىق، ناھايىتى مۇھىم ۋاقىت. بىز ھەمىشە تاماق شىرەسىگە يىغىلغاندا، ئائىلە ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلاتتۇق. بۇنداق چاغدا، مەن ھەرقانداق كىشىنىڭ سۆھبىتىمىزنى ئۈزۈپ قويۇشىغا يول قويمايتتىم. ئۆيدىكى ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز پىكرىنى سۆزلەش پۇرسىتى بولاتتى. مەن بۇنداق چاغدا، كارل بىلەن ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىمىزنىڭ ئادەتتىكى چاغلاردىكىگە ئوخشاشمايدىغانلىقىنى بايقىدىم. كارلنىڭ بۇنداق ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويغان ئىشلىرى بەكرەك دىققىتىمىزنى تارتاتتى. ئۇ، ئۆزىمۇ قىممەتلىك قانائەت تۇيغۇسىغا ئېرىشەلەيتتى. بەزىدە مەن مەخسۇس ۋاقىتنى تاللاپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولاتتىم، بىللە ئايلىناتتۇق، ئورمانلىققا باراتتۇق. بىر - بىرىمىزنىڭ ھېسسىياتىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولاتتۇق. بۇنداق ئازادە خۇشال - خۇرام كەيپىياتتا، كارل بىلەن ئىككىمىز ناھايىتى تەبىئىي ھالدا سىردىشىپ كېتەتتۇق.

مېنىڭچە، «تىڭشاش» ناھايىتى ياخشى تەلىم - تەربىيە شەكلى. چۈنكى، تىڭشاش بالىغا نىسبەتەن ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلىك، ئۇنىڭغا كۆيۈنگەنلىك بولۇپ، بالىنىڭ ئۆزىنى ۋە ئۆز قابىلىيىتىنى تونۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر بالا ھەرقانداق ئىشقا قارىتا، ئۆز پىكرىنى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويالايدىغانلىقىنى ھېس قىلسا، ئۇنىڭ قاراشلىرى سەل قاراشقا ۋە كەمسىتىشكە ئۇچرىمىسا، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن، ھېچنېمىدىن غەم يېمەي ئۆز پىكرىنى بايان قىلالايدۇ. ئاۋۋال ئۆيدە، ئاندىن مەكتەپتە، كەلگۈسىدە خىزمەت جەريانىدا ۋە جەمئىيەتتە، ھەر خىل ئىشلارغا دادىللىق بىلەن توغرا

قارىيالايدۇ ھەم تۈرلۈك ئىشلارنى جايىدا بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

مېنىڭچە، سىردىشىش بىر سەنئەت. ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ۋاقىت، ئورۇن، مۇھىت، ئۇسۇللارنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. بەزىدە بالا پسىخىك ھېسسىيات جەھەتتە، ئۆز بوشلۇقىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ياكى ھېسسىياتى تولىمۇ ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ. سوئال - سوراقنا ئەمەس، بەلكى تەسەللىگە موھتاج بولىدۇ. مۇشۇنداق چاغلاردا مەن كارلنى باغرىمغا بېسىپ، باشلىرىنى سىلاپ، ئۇنىڭغا ئىللىقلىق سىگنالى يەتكۈزەتتىم. بەزىدە ئۆز ھېسسىياتىمنى ئاغزاكى ئىپادىلىسەممۇ بولار دەپ ئويلىغاندا، مەن ئۇنى يېزىق شەكلىدە ئىپادىلەپ، قەغەزگە يېزىپ قويۇتتىم. بۇنىڭ قىممىتى تېخىمۇ ئېشىپ، كارلغا تېخىمۇ ھەقىقىي ۋە ئىشەنچلىك كۆرۈنەتتى.

كارل بىلەن ئۆيدىكىلەرنىڭ ياخشى سىردىشىشى ئۈچۈن، بارلىق ئاماللارنى قوللىناتتىم. بۇ، كارلنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭغا نىسبەتەن قانداق قىلغاندا باشقىلار بىلەن سىرداشقىلى ۋە پىكىر ئالماشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ ئۆگىتەتتىم. بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىشقا ماھىر بولۇش قابىلىيىتى يېتىلگەن ئىدى.

## بىر - بىرىنى چۈشىنىشنىڭ كۈچى

ئائىلىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر، ئالايلۇق ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنىڭ يىراقلىشىشى ۋە سوۋۇپ كېتىشى، بالىلارنىڭ پسىخىك جەھەتتىن يېتەرسىزلىكى قاتارلىقلار ئائىلىدىكى سىردىشىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ،

كۆپىنچە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر ـ بىرىنى ئوبدان چۈشىنىشمەسلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بالىنىڭ يالغان ئېيتىش ئادىتىنى ئالدىغان بولساق، كۆپ چاغلاردا، يەنى بالا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئۆزىنىڭ باراۋەر ئورۇندا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغاندا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بەزى ئىشلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا بالىسى بىلەن ئورتاق مۇزاكىرىلەشمىشنى ۋە بالىسى قىلغان بەزى ئىشلارنى چۈشىنىشنى خالىمايدىغانلىقىنى، بالا خاتالىق سادىر قىلسا ئەيىبلىنىدىغانلىقىنى ئۆز تەجرىبىلىرىدىن تونۇپ يېتىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن راست گەپ قىلماسلىق يولىنى تاللىۋالىدۇ. مېنىڭچە، ئائىلىدە، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سىردىشىش ئۈچۈن، چۈشىنىش، كۆيۈنۈش، قوبۇل قىلىش، ئىشىنىش، ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئامىللارغا دىققەت قىلىش كېرەك. چۈشىنىش ئاتا ـ ئانا بىلەن بالىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن ئۆزىنى بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىغا قويۇپ، باشقىلارنى ئويلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. غەمخورلۇق كۆڭۈلدىلا بولماستىن، بەلكى ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ ئىجرا قىلىنىشى كېرەك. قوبۇل قىلىش — ھەربىر ئادەمنىڭ خاسلىقىنى كۆزدە تۇتۇشنى، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن زوقلىنىشنى بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىشىنىش بولسا، باشقىلارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ ئىشىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆزدە تۇتىدۇ. ھۆرمەت قىلىش باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ بالىنىڭ ھوقۇقى، پىكرى، تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

ئائىلىدە ئاكتىپ، ساغلام بولغان سىردىشىش ۋە ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانا قارار قىلغۇچى، بالا قوبۇل قىلغۇچى بولىدىغان ئۇنداق قاتمال ئائىلە قارىشى تەقسىماتىنى ئۆزگەرتىش كېرەك. ئاتا ـ ئانىلار ئائىلە تەربىيىسىدە، پېرسوناژ ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشنى

بىلىۋېلىشى، ھەربىر ئائىلە ئەزاسى ئۆزى ئىپادىلىگەن ئارزۇ - ئارمانلىرىغا قارىتا، ئاكتىپ ھالدا چۈشەنچە بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. بالىلار ئادەتتە، چوڭلار بىلەن ئائىلە ئىشلىرىنى ئورتاق مۇزاكىرىلىشىشكە قاتناشقاندا، ئاتا - ئانىسىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىدۇ. ئاتا - ئانىلار بىر تەرەپتىن بالىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى ئېنىق كۆرۈۋالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىغا مۇناسىۋەتلىك قايتارما ئۇچۇرغا ئىگە بولالايدۇ.

مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىنىمىنىڭ ئوغلى ۋېرنا بىزنىڭ ئۆيدە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدى. ئۇ، كارلدىن بىر ياش كىچىك ئىدى. ۋېرنا ناھايىتى ئوماق بولغاچقا، ھەممىمىز ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىدۇق. ئۇ، بىزنىڭ ئۆيدە قورۇنۇپ قالمىسۇن دەپ، ئايالىم ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆيۈنەتتى. شۇنىڭ بىلەن كارل «ئانام ماڭا قارىغاندا ۋېرناغا بەكرەك ئامراق بولۇپ قالدى» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ۋېرنا بىلەن جېدەللىشىپ قالسا، ئايالىمنىڭ ۋېرناغا يان باسقانلىقىغا قاراپ، مەلۇم مەزگىل ئاشۇنداق خىيالغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ، بالىلاردا ناھايىتى ئوڭاي كۆرۈلىدىغان كەيپىيات. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا «ۋېرنا ئانامنىڭ مېھرىنى تارتىۋالدى» دەپ قارايدىغان تەڭسىزلىك روھىي ھالىتى شەكىللىنىپتۇ. ئايالىم بولسا، بۇ ئىككى بالىنىڭ ئارىلىشىش جەريانىدا كارلدىن ئۆز كەيپىياتى ۋە ئىش - ھەرىكىتىنى تەڭشىۋېلىشىنى، باشقىلارغا دۇشمەنلىك بىلەن قاراشنى تۈگىتىپ، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆگىنىۋېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. چۈنكى بۇ، كەلگۈسىدە ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن باردى - كەلدىسىدىكى مەسىلىلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىغا پايدىلىق ئىدى. لېكىن، كارلنىڭ بۇنداق ئىركىشىشىگە نىسبەتەن ئايالىم ئۇنىڭغا بىۋاستە قائىدە سۆزلەپ، تەنبىھ

بەرمەي، ياكى ئۇنىڭدىن: «نېمىشقا ئۆزۈڭدىن كىچىك ئىنىڭ بىلەن چىقىشالمايسەن؟» دەپ سورىماي، بەلكى ھەر ئىككىسىگە: «سىلەرگە بىر تەكلىپ بېرەي، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىڭلار ئىتتىپاقلىشىپ ياخشىلىشىپ ئۆتۈڭلار، مەن ئاربىلاشمايمەن. سىلەر ئەقىللىق باللار، كارل سەن ئىنىڭنىڭ دىلىغا ئازار بەرمەيسەن، شۇنداقمۇ؟ ئەگەر ئىككىڭلار يەنە چىقىشالماي قالساڭلار، ئاندىن مېنى ئىزدەڭلار» دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئايالىم ئۆزىنى كارلغا كۆڭۈل بۆلگۈچى ۋە كۆيۈنگۈچى سۈپىتىدە كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، كارل بىلەن ۋېرنانىڭ ئارىسىدا تېخىمۇ زىچ قېرىنداشلىق مېھرى بارلىققا كەلدى. ئايالىمنىڭ ئەسكەرتىشى بىلەن كارل ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ، ئۆزىنى بۇ ئائىلىدىكى مەسئۇلىيەتلىك بىر ئەزا دەپ قارايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل قاراش تەدرىجىي يېتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، كارل ۋېرناغا ھەسسىلەپ كۆيۈنىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئويناپ، ئۇنىڭغا كىتاب ئوقۇشنى ئۆگەتكەندىن باشقا، يەنە ئۇنىڭغا قىزىقارلىق ھېكايىلارنى ئېيتىپ بېرىدىغان بولدى.

مەن كارلنىڭ بەزى ئىشلىرىنى كۆرۈپ قالسام، ئۇنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن تونۇپ يېتىشىنى، ئۇنى ھەقىقىي ھالدا تۈزىتىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى قارار قىلغۇچى ئورۇنغا قويۇپ «ھازىر مۇنداق بىر ئاۋارىچىلىك يۈز بېرىپ قالدى، قانداق قىلساق بولار؟» دەپ سورايتتىم. بۇنداق قىلغاندا، مەن بىلەن كارل ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنى ئورنىتىشىمغا، بىر - بىرىمىزنى چۈشىنىشنى كۈچەيتىشكە تېخىمۇ پايدىلىق ئىدى. ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئۆزئارا چۈشىنىش بولغاندىلا، بارلىق مەسىلىلەر ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كېتىدۇ.

بىر قېتىم كارل بىلەن ۋېرنا ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، دالىغا بېرىپ ئوينىماقچى بوپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلدۇم، لېكىن قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن قايتىپ كېلىشنى جېكىلىدىم. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئويۇنى بەك كۆڭۈللۈك بولغاچقىمىكىن، قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن قايتىپ كېلىشتى. مەن شۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا قايتىپ كەلمىگەنلىكىگە قارىتا ھېچنېمە دېمىدىم. ئۇلار كېيىنكى قېتىمدا يەنە ئويناشقا رۇخسەت سورىغاندا، مەن كارلغا: «بىر ئىشتىن ئاناڭ بىلەن مەن بەك ئەنسىرەيدىكەنمىز، يەنى سىلەر دېگەن ۋاقىتتا قايتىپ كەلمەيدىكەنسىلەر. ھېلىقى كۈنى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقالماي، بەكلا ئەنسىرەپ كەتتۇق، ئاناڭ يىغلاپ سالغىلى تاس قالدى. سېنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟» دېدىم. كارل بۇ ئىشتا قارارىنى ئۆزى چىقارغاچقا، ناھايىتى ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، كارل ۋاقىتقا بويسۇنمايدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلمىدى. مېنىڭچە، بىرەر ھادىسە ۋە مەسىلىنى ئورتاق كېڭىشىش ئارقىلىق ئاتا - ئانىلار بالىغا «چۈشىنىش، ئىشىنىش ۋە ۋاقىتقا رىئايە قىلىش» دېگەندەك ئۇقۇملارنىڭ مۇھىملىقىنى ئاخىرى بىلدۈرەلەيدۇ. كېڭىشىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ناھايىتى ئوڭايلا بالىنى باشقىلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ پىكىر قىلالايدىغان، بالىدا باشقىلارنى چۈشىنىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارغا نىسبەتەن كېڭىشىش ئۇسۇلىنى قوللانماي، بەلكى ئەيىبلىسەم، ئۇنداقتا كارل ھەرگىز مېنىڭ ۋە ئايالىمنىڭ كۆيۈنۈشىنى ھەقىقىي چۈشەنمەيتتى، ھەتتا تېخى ئەكسىچە يامان تەرەپكە تەرەققىي قىلىپ، بارغانسېرى بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلىمايدىغان بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

بىر قېتىملىق ئائىلە يىغىنىدا ھەممىمىز كارلنىڭ پىلانىنى

مۇزاكىرە قىلىشتۇق. ئۇ، مەلۇم ھەپتە ئاخىرىدا بىر قېتىملىق دالا تاماقى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلاپتۇ. ئۇ، ئىلگىرى مەن قىلغان ئىشنى قىلىپ باقماقچى بولۇپتۇ. ئۇ، دالا تاماقنىڭ ئورنىنى بەلگىلەپ، يولغا چىقىدىغان ۋاقىتنى ئېلان قىلدى ھەمدە تەييارلايدىغان يېمەكلىكلەرگە تەكلىپ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن ۋە ئايالىم بەزىدە پىلاننىڭ تېخىمۇ ياخشى ئىشقا ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق كۆپچىلىكنىڭ خاتىرە دەپتەرگە يەنە بەزى نەرسىلەرنى ئۆزلۈكسىز ھالدا يېزىشىنى ئوتتۇرىغا قوياتتۇق. بۇ قېتىمقى ئائىلە يىغىنىمىزدا بايرامنى تەبرىكلەش، سوۋغا ـ سالام تەقدىم قىلىش، مېھمان چاقىرىش، ئويۇن ئويناش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولدۇق. بۇ يىغىن ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى ۋە تونۇشىنى بىر ـ بىرىگە زىچ باغلايدىغان ۋاستىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئائىلە يىغىنىدا كارلىنىڭ ئويلىغانلىرىغا قارىتا، بىزنىڭ بەزى ئوخشاشمايدىغان قاراشلىرىمىز بولسىمۇ، لېكىن بىز ئالدىراپلا ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەنقىدلىمەيتتۇق، بەلكى بىرەر ئەپچىل چارىلەر ئارقىلىق كارلىنىڭ ئۆزىنى توغرا قارار چىقارغىلى سالاتتۇق.

مېنىڭچە، سىردىشىش ۋە چۈشىنىش ئىنتايىن مۇھىم. ئائىلىدە سىردىشىش ماھارىتى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىۋېلىش ۋە ئۆگىنىش بالىنىڭ كەلگۈسى جەمئىيەتكە ماسلىشىش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر بىر بالا كىچىكىدىن باشلاپ ئائىلىدە ئائىلە ئەزالىرى بىلەن سىردىشىش ماھارىتىنى ئۆگىنىۋالسا، ئۇ جەمئىيەتكە چىققاندىمۇ باشقىلار بىلەن ناھايىتى تېزلا ئوبدان مۇناسىۋەت ئورنىتالايدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، باشقىلار بىلەن سىردىشىش بولسا، چۈشىنىش ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ. ئەگەر

كىشىلەردە ئۆزئارا چۈشىنىش بولمايدىكەن، ئۇنداقتا، ھەربىر ئادەم ئۆز قارىشىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭكىنى مەڭگۈ توغرا، باشقىلارنىڭكىنى ھامان خاتا دەپ قارايدۇ. ئەگەر بىرەر ئادەم ئۆزىنى «مەن» دېگەن تار دائىرىدىلا چەكلەپ قويسا، ئۇنداقتا، باشقىلارنى چۈشىنىشى ۋە باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بايقىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. نەتىجىدە باشقىلار بىلەن سىردىشىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەگەر بالا چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ باشقىلارنى چۈشەنمىسە، باشقىلار بىلەن ياخشى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتالمىسا، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ ئۇچ بېشى، ئالتە قولى بار ئادەتتىن تاشقىرى ئادەم بولغاندىمۇ، ھەربىر ئىشنى ئوڭۇشلۇق قىلىپ كېتەلمەيدۇ، بەلكى ئۆزىگە ئۆتكىلى بولمايدىغان نۇرغۇن توساقلارنى پەيدا قىلىۋالىدۇ. شۇڭلاشقا، مەن باشقىلارنى چۈشىنىش، باشقىلار بىلەن ئوبدان ئالاقىلىشىشنى ئەڭ ئاساسىي ساپا دەپ قارايمەن. شۇنداق قىلغاندىلا، بالىلار ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان مۇنەۋۋەر ئادەم بولالىشى مۇمكىن.



# ئون ئالتىنچى باب مېنىڭ تەلىم ـ تەربىيە غايەم

بەزىلەر مېنىڭ ئوغلۇمدا مۇزىكا، رەسىم، ئەدەبىيات جەھەتتە قىزىقىش يېتىلدۈرگەنلىكىمنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن دەپ قارايتتى. بۇ، ئۇلارنىڭ مېنى تولىمۇ خاتا چۈشەنگەنلىكىدۇر. مەن ئەزەلدىن ئوغلۇمنى مەلۇم جەھەتتىن تالانتلىق قىلىپ تەربىيىلەشنى ئويلاپ باقمىغان، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ تالانتىنىمۇ باشقىلارغا زىيادە كۆپ سۆزلەپ يۈرمىگەن ئىدىم. مەن ئوغلۇمنى مۇكەممەل ئادەم قىلىپ تەربىيىلەشنى، ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر خۇشال ۋە بەختلىك ياشىشىنىلا ئويلىغان، خالاس.

## ئوغلۇمنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشىم ئۇنى بىر قەدەر مۇكەممەل ئادەم قىلىپ چىقىش ئۈچۈنلا ئىدى

سەنئەتسىز ھەرقانداق تۇرمۇش چۆل ـ جەزىرىگە ئوخشىشىدۇ. مېنىڭچە، بالىلارنىڭ بىر ئۆمۈر بەختلىك بولۇشى، تۇرمۇشىنى باي ۋە مەزمۇنلۇق ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇلارنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەھەتتە تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بار.

مېنىڭ تەلىم ـ تەربىيە غايەم بولسا، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان ئادەم يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. مەن ئوغلۇمنىڭ ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە

جىسمانىي جەھەتلەردىن تەرەققىي قىلىشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن ئىدىم. بىلىملا بار ئادەم كىتاب ئوقۇشنىلا بىلىدىغان كىتاب خالتىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق كىشىلەر پۇۋلىسە ئۇچۇپ كېتىدىغان نەرسىلەردەك ئاجىز كېلىدۇ، ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. مەن ئوغلۇمنىڭ كەلگۈسىدە مۇشۇنداق ئادەم بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتىم. پەرۋەردىگارغا مىڭ قەترە شۈكرىكى، ئوغلۇم بۇنداق بولۇپ قالمىدى. بەزى كىشىلەرنىڭ ھەيۋەتلىك قامەتتى بولىسىمۇ، لېكىن بىلىم ۋە ئەخلاقنى ئارقا تىرەك قىلمىغاچقا، ئۇلارنىڭ قامەتتى تولىمۇ ئاجىز ۋە كۈچسىز كۆرۈنىدۇ. بۇنداق كىشىلەر يا تەلۋە، يا ئۇندىمەس كېلىدۇ. ئۇلار قارا كۈچىگە تايىنىپلا ياشاپ، جەمئىيەتكە ئىنتايىن چەكلىك تۆھپە يارىتالايدۇ. يەنە بەزىلەر تەربىيە كۆرمىگەچكە نادان ۋە دۆت بولۇپ، ھەتتا ياۋۇز، رەزىل ئادەملەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ - دە، يارامىلىق ئادەم بولالمايلا قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتكە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزىدۇ. مەن ئوغلۇمنىڭ بىلىم ئىگىلىشىگىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلەتتىم. ئۇ، بالىلىق دەۋرىدە ناھايىتى ساغلام، روھى كۆتۈرەڭگۈ، تېتىك بالا ئىدى. ئۇ، ساغلام، مول بىلىملىك ۋە ياخشى تەربىيىلەنگەن، شۇنىڭدەك ياخشى ئەخلاقىي - پەزىلەتكە ئىگە ئىدى. مانا مۇشۇلار مېنىڭ ئۈمىدىم ئىدى. ئۇ، بۇلارنى ناھايىتى ياخشى ئىشقا ئاشۇردى. كارلنى ھەر جەھەتتىن ئېسىل ساپالىق ئادەم قىلىپ چىقىش ئۈچۈن، مەن ئۇنى بىلىم، ئەخلاق، جىسمانىي جەھەتتە تەربىيىلەش بىلەن قانائەتلەنمىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە ئۇنىڭ كۆپ خىل ھەۋەسلىرىنى يېتىشتۈردۈم. كارل ناھايىتى كىچىك چېغىدىن باشلاپلا، ئانىسى ئۇنىڭغا يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرەتتى. بۇنداق چاغدا، كارل بۆشۈكتە ياكى

ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا بولسۇن، رىتىملىق ئەللەيلەيتتى. ئايالىم ئۇنىڭ بۇنداق ۋاقىتتا سۈت ئەمسىمۇ، ناخشا ئاڭلىغاچ ئېمىدىغانلىقىنى، بەك كەيپسىز چاغلىرىدىمۇ ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا ئوڭلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ماڭا ئېيتقان ئىدى. ئايالىم ناخشا ئېيتسىلا كارل بېرىلىپ ئاڭلايتتى، تېخى ئەگىشىپ دورايتتى. ئەگەر ئايالىم ئۇسسۇل ئويناپ بەرسە، ئۇ تېخىمۇ يايراپ، قالتىس ئېچىلىپ كېتەتتى.

كارل 10 ئايلىق بولغاندىلا، ئۇنىڭدا سەنئەت سېزىمى پەيدا بولغانلىقى بىلىندى. بىر كۈنى ئايالىم ماڭا ناھايىتى خۇشال ھالدا: «قاراڭ، بىزنىڭ كارل نېمىدېگەن زېرەك - ھە! بۈگۈن ئۇنى كۆتۈرگەچ بىرنەچچە مىسرا ناخشا ئېيتقان ئىدىم. ئۇ غىڭشىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، بۇدرۇق قوللىرىنى قالايمىقان پۇلاڭلاتتى. مەن شۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى، بۇ ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغىنى، مەن ئۇنى ئەينەك ئالدىدا تۇرغۇزغىنىمدا، ئۇ تېخىمۇ ئېچىلىپ، قول - پۇتلىرىنى پۇلاڭلىتىپ كەتتى» دېگەن. ئايالىمدىن كارلنىڭ بۇ ئىشىنى ئاڭلاپ، تولىمۇ مەمنۇن بولغان ئىدىم. گەرچە، بۇ «ئۇسسۇل» پەقەتلا بىر خىل دوراش ھەرىكىتى بولسىمۇ، لېكىن ئىجادىيەتنىڭ كۆپ قىسمى دوراشتىن باشلىنىدۇ. بەلكى دوراشمۇ بىر خىل تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك ئىقتىدار بولۇپ، بالىنىڭ قىزىقىشى ۋە ئىشەنچىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، چوڭلار ھەر دائىم ئىلھام بېرىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە ھۇزۇرلىنىش، ياكى خۇشاللىق ئىچىدە سەنئەتنىڭ لەززىتىدىن بەھرىمەن بولۇش — تۇرمۇشتىكى چوڭ بەخت.

سەنئەتنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى بولسا، ئۇنىڭ لىرىكىلىقلىقى ۋە ئۇنىڭ مەنپەئەت كۆزلىمەسلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەن كارلغا سۆزلۈك ئۆگەتكەندە، كۆزگە تولا

چېلىقىدىغان، كۆپ ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنىلا ئەمەس، بەلكى كۆپ ئىشلىتىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنىمۇ ئۆگەتكەن ئىدىم. مەن ئۇنىڭ كۆلچەكتىكى سۇدا ئەكس ئەتكەن شەيئىلەرنىڭ سايىسى ۋە قۇياشنىڭ شولىسىنى تونۇشنى ئۆگەتتىم. ئۇ، يەنە ئۆز قولىنىڭ سايىسىغا بەك قىزىقىپ دىققەت قىلاتتى. قوللىرىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ ئوينىسا بەك قىزىقارلىق بولاتتى. بۇلار بالىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە، باغلانما تەسەۋۋۇرىنىڭ كېڭىيىشىگە، تېخىمۇ مول ھېس - تۇيغۇ شەكىللىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ. چۈنكى، سەنئەت ناھايىتى زور دەرىجىدە ئادەمنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ .

مەن ئوغلۇمنىڭ ھەۋىسىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغان، ئىشنى ئاۋۋال ئۆيىمىزدىن باشلىغان ئىدىم. مەن ئۆي ئىچىگە ھېچقانداق مەنىسىز، قاملاشمىغان نەرسىلەرنى قويمىدىم. ئۆينىڭ تاملىرىغا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئازادە قىلىدىغان تام قەغەزلىرىنى چاپلىدىم ھەمدە ئۇنىڭ ئۈستىگە نەپىس ئىشلەنگەن جازىلىق رەسىملەرنى ئاستىم. ئۆي ئىچىنى مۇمكىنقەدەر قىزىقارلىق نەرسىلەر بىلەن بېزىدىم. سالاھىيىتىمىزگە ماسلاشمايدىغان ھەرقانداق نەرسىلەرنى ھەرگىز قويمىدىم. ئەگەر باشقىلار سوۋغا قىلغان نەرسىلەر، ئۆي جاھازلىرى ماسلاشمىسا، ئۇنىمۇ ھەرگىز قويمىدىم. كىيىم - كېچەك جەھەتتە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قائىدىلىك بولۇپ، بەك ئېسىل كىيىنمەيتتۇق ھەم تولىمۇ غەلىتە ۋە ئالا - بولىماچ كىيىملەرگە زادى يېقىن يولىماي، ئاددىي - ساددا، يارىشىملىق كىيىنىشكە ئەھمىيەت بېرەتتۇق. ئۆزۈم شۇنداق قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۆيدىكىلەرنىڭمۇ رەتلىك، پاكىز ھەم چاققان

ياسىنىشىنى تەلەپ قىلاتتىم.
مەن تۇرالغۇ ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىغا ناھايىتى چىرايلىق بىر گۈللۈك ياساپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئەتىيازدىن كۈزگىچە سولماي ئېچىلىپ تۇرىدىغان ھەر خىل رەڭدىكى گۈللەرنى تىكمۇەتكەن ئىدىم. گۈللۈككىمۇ كۆرۈمسىز ۋە ماس كەلمەيدىغان گۈللەرنى تىكمىگەن ئىدىم. بىر قېتىم كارلنىڭ زوكۇزىيىپ ئولتۇرۇپ، زوق - شوخ بىلەن بىر ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ دىققىتىنى چېچىۋەتمەي، ئاستا كېلىپ كەينىدىن قارىسام، ئۇ يەردىكى ھۆل قۇمغا تاياق بىلەن رەسىم سىزىۋېتىپتۇ. ئىنچىكىلىك بىلەن سەپسالسام، ئۇ خېلى مۇكەممەل رەسىم ئىكەن. ئۇنىڭدا، ئاسماندىكى قۇياش ۋە بۇلۇتلارنىڭ، يەردىكى دەرەخ ۋە دالىلارنىڭ، ئېتىزلىقلاردا بىرنەچچە دېھقاننىڭ تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشى بار ئىكەن. مېنىڭ ئۇنى خېلى مۇكەممەل دېيىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ رەسىم نۇرغۇن مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەتتا قۇرۇلمىسىمۇ خېلى مۇكەممەل بولۇپ، سىزىقلىرى رەتلىك بىلىنەتتى. ئۇ، ئادەتتىكى بالىلار سىزغان قاغا پۇتىدەك رەسىملەرگە تامامەن ئوخشىمايتتى.
— كارل، رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرەمسەن؟ — دەپ سورىدىم، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.
— ھەئە، رەسىم سىزىش بەك قىزىقارلىق ئىكەن، — دېدى ئۇ.
— بىراق، نېمىشقا رەسىم سىزىسەن؟
— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ، بۇ يەردىكى دالا - ئېتىزلار بەك گۈزەل ئىكەن. ئۇنى سىزغۇم كېلىپ قالدى، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ.
— رەسسام بولغۇڭ بارمۇ؟

— مەن تېخى بۇنى ئويلانمىدىم، ئەمما رەسىم سىزىش بەك قىزىقارلىق ئىكەن. مەن رەسىم سىزىۋاتقاندا، ئاسماندىكى بۇلۇتلارنىڭ توختىماي يۆتكىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، — دېدى ئۇ.

ئوغلۇمنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، مەن ئىچ - ئىچىمدىن بەك خۇشال بولدىم. گەرچە مېنىڭ تېخى ئۇنى رەسسام قىلىپ تەربىيىلەش نىيىتىم بولمىسىمۇ، لېكىن رەسىم سىزىش ئۇنىڭ كۆزىتىش قابىلىيىتىنى ھەقىقەتەن يېتىلدۈرۈۋاتقان ئىدى. كېيىن، ئۇنىڭغا رەسىم سىزىدىغان قەغەز - قەلەم ئېلىپ بەردىم، مۇمكىنقەدەر ئۇنىڭغا بۇ قىزىقىشنى يېتىلدۈرىدىغان ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردىم. گەرچە ئوغلۇم ئاخىرىدا رەسسام بولۇشنى تاللىمىغان بولسىمۇ، لېكىن مەن يەنىلا ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدا سىزغان ئاشۇ رەسىملىرىنى ھازىرغىچە ساقلاۋاتىمەن. چۈنكى، ئۇ رەسىملەر ئوغلۇمنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ئىجادىي كۈچىنىڭ نامايەندىسى، شۇنىڭ ئۆزى بالىلىق دەۋرىدىكى ئۆسۈپ يېتىلىش خاتىرىسى ئىدى.

رەسىم سىزىشتىن باشقا، يەنە كارلنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشىنى يېتىلدۈرگەن ئىدىم. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىلا، مەن ئۇنىڭغا بەزى قىزىقارلىق ھېكايىلارنى ئېيتىپ بېرىشكە باشلىغان. ئۇ، ئۆزى ئوقۇيالىغۇدەك بولغاندا، مەن بەزى ياخشى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرغان ئىدىم. كارل كىچىك ۋاقتىدىلا قالتىس ئەدەبىيات ھەۋەسكارى بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇ، داڭلىق شېئىرلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك يادلاپ بولغان. ئۇ ھومىر، ۋېككېر قاتارلىق بۈيۈك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىغا بەك ئامراق ھەمدە بالدۇرلا شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن ئىدى.

بەزىلەر مېنىڭ ئوغلۇمدا مۇزىكا، رەسىم، ئەدەبىيات جەھەتتە قىزىقىش يېتىلدۈرگەنلىكىمنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا كۆز

- كۆز قىلىش ئۈچۈن دەپ قارايتتى. بۇ، ئۇلارنىڭ مېنى تولىمۇ خاتا چۈشەنگەنلىكىدۇر. مەن ئەزەلدىن ئوغلۇمنى مەلۇم جەھەتتىن تالانتلىق قىلىپ تەربىيىلەشنى ئويلاپ باقمىغان، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ تالانتىنىمۇ باشقىلارغا زىيادە كۆپ سۆزلەپ يۈرمىگەن ئىدىم. مەن ئوغلۇمنى مۇكەممەل ئادەم قىلىپ تەربىيىلەشنى، ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر خۇشال ۋە بەختلىك ياشىشىنىلا ئويلىغان، خالاس.

## ئوغلۇمنىڭ ھېسسىياتىنى قانداق تاۋلىدىم

ئوغلۇمنى بىلىملىك، ئەمما توڭ ۋە ھېسسىياتسىز ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ قويغۇم يوق ئىدى. چۈنكى، ھېسسىياتتىن مەھرۇم ئادەم خۇددى سوغۇق ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرگە ئوخشىشىدۇ. مەيلى ئۇ ھەرقانچە ئىقتىدارلىق ۋە بىلىملىك بولسۇن، ئاشۇ ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىر دېتالىدىنلا ئىبارەت، خالاس. ئادەمدىلا ئەمەس، ھايۋاندىمۇ ھېسسىيات بولىدۇ. بالىلاردا ياخشى ھېسسىيات يېتىلدۈرۈش ياكى يېتىلدۈرەلمەسلىك — ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى بەختىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىدا مېھرىبانلىق روھىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى تاۋلاش ئۈچۈن، كۆپىنچە دىنىي پائالىيەت ۋە كىچىك ھايۋاناتلارنى بېقىش ئارقىلىق بالىلارغا ھاياتنى، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈش لازىملىقىنى ئۆگىتىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپىگە ۋە جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇ ئىشلار ماختاشقا ئەرزىيدۇ. مەنمۇ مۇشۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق

- كۆز قىلىش ئۈچۈن دەپ قارايتتى. بۇ، ئۇلارنىڭ مېنى تولىمۇ خاتا چۈشەنگەنلىكىدۇر. مەن ئەزەلدىن ئوغلۇمنى مەلۇم جەھەتتىن تالانتلىق قىلىپ تەربىيىلەشنى ئويلاپ باقمىغان، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ تالانتىنىمۇ باشقىلارغا زىيادە كۆپ سۆزلەپ يۈرمىگەن ئىدىم. مەن ئوغلۇمنى مۇكەممەل ئادەم قىلىپ تەربىيىلەشنى، ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر خۇشال ۋە بەختلىك ياشىشىنىلا ئويلىغان، خالاس.

## ئوغلۇمنىڭ ھېسسىياتىنى قانداق تاۋلىدىم

ئوغلۇمنى بىلىملىك، ئەمما توڭ ۋە ھېسسىياتسىز ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ قويغۇم يوق ئىدى. چۈنكى، ھېسسىياتتىن مەھرۇم ئادەم خۇددى سوغۇق ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرگە ئوخشىشىدۇ. مەيلى ئۇ ھەرقانچە ئىقتىدارلىق ۋە بىلىملىك بولسۇن، ئاشۇ ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىر دېتالىدىنلا ئىبارەت، خالاس. ئادەمدىلا ئەمەس، ھايۋاندىمۇ ھېسسىيات بولىدۇ. بالىلاردا ياخشى ھېسسىيات يېتىلدۇرۇش ياكى يېتىلدۈرەلمەسلىك — ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى بەختىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىدا مېھرىبانلىق روھىنى يېتىلدۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى تاۋلاش ئۈچۈن، كۆپىنچە دىنىي پائالىيەت ۋە كىچىك ھايۋاناتلارنى بېقىش ئارقىلىق بالىلارغا ھاياتنى، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈش لازىملىقىنى ئۆگىتىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپىگە ۋە جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى يېتىلدۇرىدۇ. بۇ ئىشلار ماختاشقا ئەرزىيدۇ. مەنمۇ مۇشۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق

ئوغلۇمنى تەربىيىلىگەن ئىدىم. بەزى ئاتا - ئانىلار ناھايىتى ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىپ، تۇرمۇشنى ناھايىتى ئەۋزەل مۇھىت ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. لېكىن، بالىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ يېتەكلەشكە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمىگەچكە، ئۇلارنىڭ بالىلىرى ھەممىدە ئۆزىنىلا مەركەز قىلىدىغان، بارغانسېرى سوغۇق چىراي، باشقىلارنىڭ ھال - ئەھۋالى بىلەن كارى بولمايدىغان ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. مېنىڭچە، بالىدا مېھرىبانلىق ۋە جەمئىيەتكە قارىتا مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى يېتىلدۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. مانا مۇشۇنداق جاپالىق ۋەزىپىنى ئائىلە ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

بىزگە مەلۇمكى، كۆپلىگەن ئائىلىلەر مۇشۇك، ئىت قاتارلىق كىچىك ھايۋانلارنى باقىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ئارقىلىق تۇرمۇشنى مەزمۇنلۇق قىلىش، بالىلىرىنى مېھرىبان قىلىپ تەربىيىلەشنى كۆزلەيدۇ. مەنمۇ مەقسەتلىك ھالدا، كىچىك ھايۋانلارنى بېقىش ئارقىلىق ئوغلۇمنىڭ مېھرىبانلىق روھىنى قوزغاپ، ئۇنى كىچىك ۋە ئاجىزلارغا ياردەم بېرىشكە ئىلھاملاندۇرغان ئىدىم.

كارل ئۈچ ياش ۋاقتىدا، بىر قېتىم ئۆيگە خېلى كۆپ مېھمان كەلدى. ئۇلار كارل بىلەن تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. شۇ چاغدا، بىز باققان كۈچۈك سىرتتىن يۈگۈرۈپ كىرىۋىدى، كارل باشقا بالىلارغا ئوخشاش ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ يېنىغا تارتتى. مەن بۇنى كۆرۈپ دەرھال كارلنىڭ چېچىنى تۇتۇپ تارتتىم. كارل چۆچۈپ كېتىپ، كۈچۈكنىڭ قۇيرۇقىنى قويۇۋەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ چېچىنى قويۇۋەتتىم - دە، ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— كارل، باشقىلارنىڭ چېچىڭنى تارتىشىنى ياقتۇرامسەن؟

— ياق، — دېدى كارل قىزىرىپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق بولسا، كۆچۈككىمۇ بۇنداق قىلماسلىقنىڭ كېرەك، — دېدىم - دە، گەپ تۈگىگەندە ئۇنى تالاغا چىقىرىۋەتتىم.

كارلنىڭ بۇنداق قاملاشمىغان قىلىقلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا، كەسكىن تۈزىتەتتىم. مېنىڭ كارلنى مۇنداق تەربىيىلىشىمدىكى مەقسەت بولسا، مەسىلىلەرنى ئۇ باشقىلارنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ ئويلىيالايدىغان قىلىپ چىقىش ئىدى. مېنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشۇم ۋە يېتەكلىشىم ئارقىلىق كارل ئاخىرى ئاق كۆڭۈل، ھېسسىياتقا باي ئادەم بولۇپ يېتىشتى. ئۇ، قېرىنداشلىرىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىپلا قالماي، بەلكى قۇش ۋە ھايۋانلارغىمۇ شۇنداق رەھىمدىل ئىدى. ئەڭ ئاخىر ئۇ باشقىلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر ئادەم بولدى.



# ئون يەتتىنچى باب ئۇ ھەرقانداق بالىدىنمۇ بەختلىك

مېنىڭچە، كىچىكىدىن باشلاپلا ھەققەتنىڭ تەمىنى تېتىپ چوڭ بولغان بالا ھەرقانداق بالىدىنمۇ بەختلىك بولىدۇ.

## ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ۋەقە

1808- يىلى 5- ئايدا مېزىبۇرگدىكى بىر مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى جونىس لانتفوك ئەپەندى ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، كارلنى ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا سىناپ كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن باشتا، ئوغلۇمدا تەكەببۇرلۇق ۋە قانائەتچانلىق پەيدا بولۇپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ خېلى ئىككىلىنىپ قالدىم، لېكىن ئاخىرىدا يەنىلا قوشۇلدۇم. كارل تېخى كىچىك بولغاچقا، مەن ئاۋۋالقىدەكلا شەرت قويدۇم، يەنى ئىمتىھان توغرىسىدىكى ئىشنى ئۇنىڭغا ئىشتىن بۇرۇن ئۇقتۇرماسلىقنى، شۇنىڭدەك كارلنى ماختاپ - ئۇچۇرىدىغان گەپلەرنى ھەرگىز قىلماسلىقنى، ساۋاقداشلارغا ئاۋۋال تاپىلاپ قويۇشنى تەلەپ قىلدىم.

لانتفوك ئەپەندى تەلىپىمنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەكتىپى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنى زىيارەت قىلىشقا مېنى رەسمىي تەكلىپ قىلدى ھەمدە تەنقىدىي پىكىر ۋە تەكلىپ بېرىشىمنى ئۈمىد قىلدى. بىز مەكتەپكە كەلگەندە، لانتفوك

ئەپەندى كارل بىلەن ئىككىمىزنى سىنىپقا باشلاپ كىردى، مەن سىنىپنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئولتۇردۇم. بۇ سائەتلىك دەرس دەل گرېك تىلى دەرسى بولۇپ، دەرسلىك كىتابى «پرۇتاك» ئوقۇغۇچىلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتاتتى. لانتفوك ئەپەندى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويۇش ئۈچۈن، سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە كارلنى تەكلىپ قىلدى. كارل ئوقۇغۇچىلار بىلمىگەن جايلارنى قىينالمايلا يېشىپ بەردى. بۇنىڭدىن باشقا سوئاللارغىمۇ يەنە شۇنداق ياخشى جاۋاب بەردى. ئاندىن كېيىن لانتفوك ئەپەندى لاتىن تىل - يېزىقىدىكى «قەيسەر ئىمپېرىيىسى» دېگەن كىتابنى كارلغا بېرىپ، كىتابتىكى مەزمۇنلاردىن سوئال سورىدى. كارل بۇ سوئاللارغىمۇ يەنىلا قىلچە دۇدۇقلىماي جاۋاب بەردى. ئارقىدىنلا لانتفوك ئەپەندى ئىتاليانچە بىر كىتابنى ئۇنىڭغا ئوقۇتتى. كارل ئۇنى ناھايىتى راۋان ئوقۇپ بەردى. بۇ چاغدا مەنمۇ كارلدىن ئىتاليان تىلىدا بىرقانچە سوئال سورىسام، ئۇ بىر - بىرلەپ توغرا جاۋاب بەردى. لانتفوك ئەپەندى يەنە فرانسۇزچىدىن ئىمتىھان ئېلىپ باقماقچى بولدى. سىنىپتا ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا مۇۋاپىق كەلگۈدەك كىتاب تاپالماي، ئۆزى فرانسۇز تىلىدا كارل بىلەن سۆزلەشتى. كارل خۇددى ئانا تىلىدا سۆزلىگەندەك ناھايىتى راۋان سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ تۆرلۈك سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. ئاخىرىدا، لانتفوك ئەپەندى يەنە ئۇنىڭدىن گرېتسىيىنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسىگە ئائىت سوئاللارنى سورىدى. گەرچە سوئاللار بەك كۆپ ھەم ھەرقايسى تەرەپلەردىن بولسىمۇ، لېكىن كارل ھەممىسىگە بىر - بىرلەب جاۋاب بەردى. ئەڭ ئاخىرىدا لانتفوك ئەپەندى ماتېماتىكىدىن ئىمتىھان ئېلىۋىدى، كارلنىڭ قانائەتلىنەرلىك جاۋابى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ھەيران قالدۇردى. شۇ چاغدا كارل ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرىپ ئون

ئايلىق ئاشقان ئىدى. مەن بۇ بەختىيار كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەندە، قەلبىمدىن خۇشاللىق ۋە ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ چىقتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، «ھامبۇرگ خەۋەرلىرى» گېزىتىگە بېسىلغان بىر پارچە ماقالىدە، بۇ ئىشنىڭ پۈتكۈل جەريانى خەۋەر قىلىندى. ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە باركى، بۇ خەۋەر «بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى يۈرتىمىزنىڭ مائارىپ تارىخىدا يۈز بەرگەن كىشىنىڭ ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ۋەقە» دېگەن جۈملىدىن باشلىنىپ، ئاخىرى مۇنداق تۈگىگەن ئىدى: «ئەمما، بۇ ئۆسمۈر ھەرگىز بالىلىقىنى يوقىتىپ، قېرىپ قالغانلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۇ ناھايىتى ساغلام، تېتىك، مۇلايىم ۋە سەبىي ئىكەن ھەمدە ئۇنىڭدا بالىلاردا بولىدىغان مەغرۇرلۇق كەيپىياتى قىلچە يوق ئىكەن. ئۇ، خۇددى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى بىلمەيدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى. بۇ ئۆسمۈرنىڭ ئىسمى كارل ۋىتېر بولۇپ، ئۇ لوخ كەنتىدىكى باستېر ۋىتېر دوكتورنىڭ ئوغلى. . . ، مەيلى روھىي ياكى جىسمانىي جەھەتتە بولسۇن، كىمنىڭ بالىسى مانا مۇشۇنداق كۆڭۈلدىكىدەك تەرەققىياتقا ئېرىشەلىسە، چوقۇمكى، ئۇنىڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش ئۇسۇلى چوقۇم قىزىقارلىق بولىدۇ. لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، دوكتور ۋىتېر بۇ ھەقتە تەپسىلىي سۆزلەپ بەرمىدى» . ئۇزاق ئۆتمەيلا جايلاردىكى گېزىتلەرمۇ بۇ خەۋەرنى كۆچۈرۈپ باستى. شۇنىڭ بىلەن ئوغلۇم كارلنىڭ نامى پۈتكۈل گېرمانىيىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىۋەتتى. كارلنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەنلەر تېخىمۇ كۆپەيدى. ھەر ساھەدىكى ئالىم ۋە مائارىپچىلار كارلنى سىناپ كۆرۈشتى، ئاخىرى ئۇلار: «ئاڭلىغاندىن كۆرگەن ئەلاكەن» دېيىشىپ، قايىل بولۇشتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ دەۋردە ئالدىنقى

قاتاردىكى ئالىملار ئىدى.

ھەر خىل زىيارەتلەرگە نىسبەتەن كارل ناھايىتى ئەدەپلىك ۋە ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا، مەغرۇرلىنىش كەيپىياتى پەيدا بولۇپ قالمىسۇن دەپ، مەنمۇ ئۇنى توختىماي ئاگاھلاندۇراتتىم. كارل بۇنىڭدىن قانائەتلىنىپ قالماي، يەنىلا ئاۋۋالقىدەك تۇردى. مەن بۇنىڭدىن ھەقىقەتەن خۇشاللىق ھېس قىلدىم.

## لېيىپزىگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپنامىسى

بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە كىشىلەر قەدىمدىن تارتىپ ئالىملارنى ھۆرمەتلەپ كەلگەن، گېرمانىيىنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى دەل مۇشۇ ئىدى. كارلنىڭ بىلىمى بولغاچقا، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ نامى جاھانغا تارقالدى. لېيىپزىگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر پروفېسسورى بىلەن شەھىرىمىزدە تەسىرى ناھايىتى زور بىر ئەرباب كارلنى لېيىپزىگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇشقا تەكلىپ قىلماقچى بولۇشۇپتۇ. ئۇلار مېنى قايىل قىلىپ، شەھىرىمىزدىكى توماس ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى لاۋېست ئەپەندى ئارقىلىق ئوغلۇمدىن بىر قېتىم ئىمتىھان ئېلىپ بېقىشقا مېنى قايىل قىلماقچى بولۇشتى. باشتا، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغۇم كەلمىدى، قالايمىقان سوئاللارنى سورىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم. كېيىن دوكتور لاۋېست ھەرگىز مەن باشتا پەرەز قىلغاندەك ئادەم ئەمەس، بەلكى ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان، خۇشخۇي، مۇلايىم ئالىم

ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۇلارنىڭ تەكرار نەسىھەتلىرى ئارقىلىق ئاخىر قوشۇلدۇم. دوكتور لاۋېست كارلدا ئىمتىھان بەرگەندەك تەسىرات قالدۇرماي، بەلكى پاراڭلىشىش يولى بىلەنلا ئىمتىھاننى ئاياغلاشتۇردى.

بۇ، 1809- يىل 12- ئاينىڭ 12- كۈنى ئىدى. ئىمتىھاندىن كېيىن دوكتور لاۋېست كارلغا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ئىسپاتنامىسىنى يېزىپ بەردى. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «بۈگۈن مېنىڭ تەلىپىم بويىچە توققۇز ياشلىق ئۆسمۈر كارل ۋىتېردىن سىناق ئېلىندى. گرېك تىلىدىن ئىمتىھان ئالغاندا، ‹ئىلىيادا›دىن بىرنەچچە ئابزاس؛ لاتىن تىلىدىن ئىمتىھان ئالغاندا، «ئېلچىس»تىن بىرنەچچە ئابزاس؛ ئىتاليان تىلىدىن ئىمتىھان ئالغاندا، گالىلېي ئەسەرلىرىدىن بىرنەچچە ئابزاس؛ فرانسۇز تىلىدىن ئىمتىھان ئالغاندا، مەلۇم كىتابتىن بىرنەچچە ئابزاس تاللاندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشەنمەك بىرقەدەر قىيىن جايلار ئىدى، ئەمما كارل ناھايىتى ئوبدان جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى بىلىمى مول بولۇپلا قالماستىن، بەلكى چۈشىنىش قابىلىيىتىمۇ بەك كۈچلۈك بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىن چوڭقۇر بىلىم ئاساسىنى ھازىرلاپتۇ. ئاڭلىشىمچە، كىشىنى قايىل قىلىدىغان بۇ ئۆسمۈرنى دادىسى دوكتور ۋىتېر شۇنداق تەربىيىلىگەن ئىكەن. مېنىڭچە، بۇنداق تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى ئالىملارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئەرزىيدۇ. قىسقىسى، بۇ ئۆسمۈر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇش شەرتلىرىنى تامامەن ھازىرلاپتۇ. ئىلىمدە ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن، ئۇنى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىلىم تەھسىل قىلدۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەن».

دوكتور لاۋېستنىڭ ئىسپاتنامىسى لېيپزىگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، مەكتەپ كېلەر يىلى 1-

ئاينىڭ 18- كۈنى كارلنىڭ ئوقۇشقا كىرىشكە قوشۇلدى.

مەكتەپكە كىرگەن ئاشۇ كۈنى مەن كارلنى ئېلىپ بېرىپ، مەكتەپ مۇدىرى دوكتور كۈيىن بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ، ناھايىتى خۇشال بولۇپ، بىز بىلەن نۇرغۇن پاراڭلاشتى. شۇ كۈنى ئۇ، شەھەردىكى نوپۇزلۇق كىشىلەرگە بىر پارچە خەت ئەۋەتتى، ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «لوخ كەنتىدىكى باستېر ۋىتېر دوكتورنىڭ ئوغلى كارل ۋىتېر توققۇز ياشتىلا 18 — 19 ياشتىكى ياشلاردا كۆرۈلمەيدىغان ئەقلىي ۋە ئىلمىي قابىلىيەتنى ھازىرلاپتۇ. بۇ، دادىسى ئۇنىڭغا بەرگەن دەسلەپكى تەربىيىنىڭ نەتىجىسى ئىكەن. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇۋاپىق بولغان دەسلەپكى تەربىيە بالىلارنىڭ قابىلىيىتىنى ئادەم ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرىدىكەن. كارل فرانسۇز تىلى، ئىتاليان تىلى، لاتىن تىلى، ئىنگلىز تىلى، شۇنىڭدەك گرېك تىلىدىكى شېئىر ۋە ماقالىلەرنى پىششىق تەرجىمە قىلالايدىكەن. يېقىندا، نۇرغۇن ئالىملار ئۇنى سىناپ بېقىپ، ھەممىسى ئۇنىڭ بىلىمىدىن ھەيران بولۇشۇپتۇ. ئۇ، يەنە پادىشاھ ئالدىدىمۇ ئىمتىھان بېرىپتۇ. ئۇ، ئىنسانلار تارىختىن بۇيان ئەدەبىيات، تارىخ ۋە جۇغراپىيە جەھەتلەردە جۇغلىغان بىلىملەرنى ھازىرلاپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتا تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسى ئىكەن. شۇڭلاشقا، دادىسىنىڭ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىمۇ ئوغلىنىڭ بىلىمىدىن قېلىشمايدىغانلىقى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. كىشىنى قايىل قىلىدىغان بۇ بالىنىڭ سالامەتلىكىنى دېسەك، باشقا نۇرغۇن خىسلەتلىك بالىلارغا ئوخشاشمايدۇ. ئۇ ناھايىتى ساغلام، شوخ ۋە سەبىي ئىكەن. ئۇنىڭدا، باشقا خىسلەتلىك بالىلاردا ھەمىشە ئىپادىلىنىدىغان ھاكاۋۇرلۇق ۋە ئەدەپسىزلىكتىن قىلچە ئەسەر يوق. ئۇ، ھەقىقەتەن كەم

ئۇچرايدىغان قىممەتلىك ئۆسمۈر ئىكەن. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق تەلىم - تەربىيە بېرىلسە، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. ئەمما، بۇ ئۆسمۈرنىڭ دادىسىنىڭ كىرىمى ئاز، ئائىلىسىمۇ يېزىدا ئولتۇرۇشلۇق بولغاچقا، ئۇنىڭغا داۋاملىق تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىشى تەس. كارلنى ئىلگىرى دادىسى تەربىيىلىگەن، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەربىيىسىگە دادىسىمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ. كارلنىڭ دادىسى ئائىلىسىنى شەھەرگە كۆچۈرۈپ كىرىپ، ئوغلىنى ئۆز يېنىدا تۇرغۇزۇپ، يەنە ئۈچ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتۇش ئارزۇسى بار ئىكەن. لېكىن، ئۇنىڭ دادىسى يېزىلىق نامرات باستېر بولغاچقا، باستېرلىق ۋەزىپىسىنى تاشلاپ قويۇپ، شەھەرگە كۆچۈپ كېلەلمەيدىكەن. دوكتور ۋىتېرنىڭ يىلىغا تۆت مارك پۇلى بولسىلا، ئۇ لېيپزىگدا تۇرۇپ، بۇ قەدىرلىك ئوغلىنى ئۇنىۋېرسىتېتتا تەربىيىلىيەلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىرىڭلارنىڭ يىلىغا تۆت ماركتىن ئۈچ يىلغىچە بەس - بەستە ئىئانە قىلىشىڭلارنى مۇراجىئەت قىلىمەن. بۇ، ئەڭ ياخشى ئىش. كۆز ئالدىڭلاردىكى بىر تالانت ئىگىسىنىڭ جاھاندا كۆمۈلۈپ قېلىشىغا ھەر بىرىڭلارنىڭ قاراپ تۇرمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ۋەھالەنكى، دوكتور ۋىتېر بۇ يەرگە كەلسە، باشقا بالىلارغىمۇ شۇنداق تەلىم - تەربىيە بېرەلەيدۇ. بۇ، بىزنىڭ مائارىپ تەتقىقاتىمىزغىمۇ بىر كىشىلىك تۆھپە قوشقانلىق بولىدۇ. قىسقىسى، بۇ بىر ياخشى ئىش. ھەر بىرىڭلارنىڭ پائال قاتنىشىشىنى سورايمەن» .

ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ چاغدا بۇ خەتنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولغان. گەرچە يىلىغا تۆت مارك دەپ ئالدىن بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سەككىز ماركقا يەتكەن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە كىشىلەر مېنى باستېرلىق كەسپى بىلەن

شۇغۇللىنىدىغان شەھەر رايونىنى ئايرىپ بېرىپ، ماڭا ئىككى كىشىلىك ئىش ھەققى تارقىتىپ، مېنىڭ چوقۇم بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى.

## پادىشاھ ئۆزى گيۇتتېنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلدى

ئىستىپانامەگە پادىشاھنىڭ رۇخسەت قىلىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئوغلۇم كارلنى ئېلىپ كارسېلغا باردىم. ئوقۇشماسلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شۇنى ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، ئەينى ۋاقىتتىكى پادىشاھ پرۇسسىيە پادىشاھى بولماستىن، بەلكى ۋېستروليە پادىشاھى گېروم (ناپالىئون I نىڭ ئىنىسى) ئىدى.

1807- يىل 1- ئايدا ناپالىئون I ئېلبې دەرياسىنىڭ غەربىدە ۋېستروليە پادىشاھلىقىنى قۇرغان، ئۇنىڭ ئىنىسى گېروم پادىشاھ بولغان ئىدى. شۇنىڭدىن بۇيان لوخ كەنتى ۋە خاللېر قاتارلىق جايلار مۇشۇ پادىشاھنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولدى. ئەمما، سىياسىي جەھەتتە فرانسىيىلىكلەر ۋە گېرمانىيىلىكلەر ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. بىزنىڭ كارسېلغا يېتىپ بارغان ۋاقتىمىز دەل پادىشاھنىڭ ساياھەتكە چىقىپ كەتكەن ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى ئەتىگەندە، لارىست ۋەزىرنى زىيارەت قىلغىلى باردۇق. لارىست ۋەزىرمۇ كارلنى سىناپ كۆرۈپ ئوخشاشلا ھەيران قالدى. ئۇ كارلدىن تويتوغرا ئۈچ سائەت ئىمتىھان ئېلىپ، ئاخىرى ئۇنىڭ نامىنىڭ بىكارغا تارقالمىغان مەشھۇر تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشەندى. ئۇ، كارلنى دۆلەت سىرتىدا

ئوقۇتۇش بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش دەپ ھېس قىلدى، چۈنكى، لېيپزىگ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇ چاغلاردا ساكسونغا تەۋە ئىدى. ۋەزىر مېنىڭ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلۇمغا ئالاقىدار نۇرغۇن سوئاللارنى سوراپ، ئاخىرى ئىككىمىزنى لېيپزىگقا بارغۇزماي، دۆلەت ئىچىدە ئېلىپ قېلىشنى قارار قىلدى. ۋەزىر لارست ئەتىسى كەچلىك زىياپەت تەييارلاپ، ئاتا - بالا ئىككىمىزنى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىرلىرىنى كۈتۈۋالدى. زىياپەتتىكى كىشىلەرمۇ كارلنى سىناپ كۆرۈپ، ھەممىسى ناھايىتى قايىل بولۇشتى. كېيىنكى ئارقىلىق، ئۇلار پادىشاھنى لېيپزىگ شەھەر پۇقرالىرى ئۇستىگە ئالىدىغان مەجبۇرىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، بىزنى لېيپزىگقا بارغۇزماي، دۆلەت ئىچىدىكى خالىغان ياكى گيۆتتىنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتۇش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىشنى قارار قىلىشتى. ئەمما، مەن لېيپزىگ شەھەر پۇقرالىرىنىڭ كۆڭلىنى دەپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى چىرايلىقچە رەت قىلدىم. پادىشاھنىڭ رۇخسىتىگە ئېرىشەلمىگەچكە، بىز يەنىلا لوخ كەنتىدە ئىچىمىز پۇشقان ھالدا ساقلاپ تۇردۇق.

7- ئاينىڭ 29- كۈنى بىز ۋېلفۇراد ۋەزىرنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. خەتتە مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

«پادىشاھ ئالىيلىرى، جانابىڭىزنىڭ ئىستېپانامىسىدىن ۋە ئوغلىڭىزنىڭ ئاجايىپ تالانتىدىن ۋاقىپ بولدى. ئىلىمگە ھېرىسمەن پادىشاھ ئالىيلىرى مېنى يارلىق يەتكۈزۈشكە بۇيرۇدى. جانابىڭىزنىڭ ئىستېپانامىسىغا بۇ يىلقى مىلاد بايرىمىدىن كېيىن رۇخسەت قىلىدىغان ۋە ئوغلىڭىز ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن،

جانابىڭىزغا يەنە ئۆز كەسپىڭىزنى قىلىدىغان رايون بەلگىلەپ بېرىدىغان بولدى. پادىشاھ ئالىيلىرى دۆلىتىمىز ئىچىدىمۇ مۇنەۋۋەر ئۇنىۋېرسىتېتلار بولغانلىقتىن، ئوغلىڭىزنىڭ چەت ئەلگە بېرىش زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى، دۆلەت ئىچىدىلا ئوقۇسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنداقلا چەت ئەلنىڭ ماددىي ياردىمىنى قوبۇل قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى، بۇ يىلقى مىلاد بايرىمىدىن كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە ھەر يىلى 60 مارك بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئوغلىڭىزنى گيۇتتېنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇشقا يارلىق قىلدى. مەن ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىنى جانابىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويالىغىنىمدىن ناھايىتى شەرەپ ھېس قىلىمەن ھەم ئوغلىڭىزنىڭ تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنى خالايمەن. گيۇتتېنگېنغا كۆچۈپ كېلىش ئۈچۈن، بۇگۈندىن باشلاپ مىلاد بايرىمىغىچە ئىككى ئاي ۋاقىت ئىچىدە ئىستېپا تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈۋالسىڭىز بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، كارل شۇ يىلى كۈزدە گيۇتتېنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، جەمئىي تۆت يىل ئوقۇدى. تۆت يىل ئىچىدە ئۇ ئۆگەنگەن پەنلەر تۆۋەندىكىچە بولدى: بىرىنچى مەۋسۇمدا قەدىمكى زامان تارىخى ۋە فىزىكا ئۆگەندى. ئىككىنچى مەۋسۇمدا ماتېماتىكا ۋە بوتانىكا ئۆگەندى. ئۈچىنچى مەۋسۇمدا ئەمەلىي ماتېماتىكا ۋە ناتۇرال ئىلمى (تەبىئەت تارىخى) ئۆگەندى. تۆتىنچى مەۋسۇمدا خىمىيە ۋە ئانالىتىكا

ئۆگەندى. بەشىنچى مەۋسۇمدا گېئومېترىيە، خىمىيە تەجرىبىسى، مىنېرالشۇناسلىق، دېففېرېنسىئال ۋە ئېنتېگرال ئۆگەندى. ئالتىنچى مەۋسۇمدا ئەمەلىي گېئومېترىيە، ئوپتىكا (نۇرشۇناسلىق)، مىنېرالشۇناسلىق (ئالدىنقى مەۋسۇمنىڭ داۋامى)، فرانسىيە ئەدەبىياتى ئۆگەندى. يەتتىنچى مەۋسۇمدا سىياسىي، تارىخ، قەدىمكى زامان تارىخىنىڭ 2- قىسمىنى ئۆگەندى. سەككىزىنچى مەۋسۇمدا ئالىي ماتېماتىكا ئۆگەندى. ئۇلاردىن باشقا ئانالىز خىمىيىسى، ئېتىكا، تىلشۇناسلىق قاتارلىقلارنىمۇ ئۆگەندى.

ئۆگىنىش جەريانىدا مەن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ، دەسلەپتە مەكتەپكە بىللە باردىم، كارلىنىڭ يېشى بەك كىچىك بولغاچقا، خاتىرجەم بولالمايتتىم. كارل ئوقۇش ۋە تۇرمۇش جەھەتتىن ئەركىن، خۇشال ئىدى. ئادەتتە، 10 ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا 20 ياشلار چامىسىدىكى ياشلار بىلەن بىرگە ئوقۇسا، جەزمەن خېلى جىددىيلىشەتتى، لېكىن كارل ئۆگىنىشتە جىددىيلىشىپ كەتمىدى. ئۇ، پۇخادىن چىققۇچە ئوينايتتى، پائالىيەتلەرگە قاتنىشاتتى ھەمدە ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى يىغاتتى. ئۇ، رەسىم سىزالايتتى، پىئانىنو چالالايتتى، ئۇسسۇلمۇ ئوينىيالايتتى. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا، كلاسسىك تىل ۋە يېقىنقى زامان تىللىرىنى تەتقىق قىلىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدى.

پاسخا بايرىمىدىكى دەم ئېلىش كۈنلىرى يېتىپ كېلىشىگىلا، مەن كارلنى ئېلىپ ساياھەتكە چىقتىم. كىشىلەر بۇ ئىشىمنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. ئۇلار بۇ بىر ھەپتىلىك دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، چوقۇم كارلنىڭ دەرس تەكرارلىشىغا جان تىكىپ ياردەملىشىدۇ، دەپ ئويلاشقان ۋە مۇشۇ مەزگىلدە ھەركۈنى كۇتۇپخانىغا قاترايدۇ، دەپ پەرەز

قىلىشقان ئىكەن. دوستلىرىممۇ ماڭا شۇنداق نەسىھەت قىلىشقان ئىدى. بىراق، مەن ئۇلارغا: «ئەگەر ئوغلۇمنى باشقىلار ھۇزۇرلىنىدىغان بۇيۇم قىلىپ چىقىشنى كۆزلىگەن بولسام، شۇنداق قىلاتتىم. ئەمما، مېنىڭ مەقسىتىم ئوغلۇمنى كۆرگەزمە بۇيۇمى قىلىش ئەمەس، ئوغلۇمنىڭ سالامەتلىكى ۋە نەزەر دائىرىسىنى ئېچىشنى بىلىمدىنمۇ مۇھىم بىلىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغلۇمنىڭ ئۆگىنىدىغان كەڭتاشا ۋاقتى ھامان چىقىدۇ» دەپ جاۋاب بەردىم. قىسقىسى، ئۇلار بۇنىڭدىن بەك ھەيران قالدى.

ئوغلۇم ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىمۇ، مەن ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتىم. مەيلى شامال چىقسۇن ياكى يامغۇر ياغسۇن، كارل دەرسخانىنىڭ سىرتىدىكى پائالىيەتلىرىنى دەرسلىك سۈپىتىدە قەتئىي داۋاملاشتۇراتتى. يامغۇر ياكى قار ياغقان چاغلاردىمۇ سەيلە قىلاتتۇق. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ ئىككىمىزنىڭ چوڭ يولدا يۈگۈرۈپ - چېنىقىپ يۈرگەنلىكىمىزنى كۆرەتتى.

ئىككىنچى يىلى يازدا، يەنى ئىككىنچى مەۋسۇمنىڭ ئاخىرىدا پادىشاھ گېروم گېيۇتتېنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈرگەن ئىدى. پادىشاھ مەكتەپتىكى ھەرقايسى جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆسۈملۈكلەر باغچىسىغا كەپتۇ. بۇ مەۋسۇمدا كارل بوتانىكىدىن لېكسىيە ئاڭلىغاچقا، باشقا ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە ئاشۇ ئۆسۈملۈكلەر باغچىسىدا ئىكەن. پادىشاھقا ھەمراھ بولۇپ كەلگەنلەر ئىچىدە ۋەزىر لارىستمۇ بار ئىكەن. ئۇ كارلنى تونۇۋاپتۇ ۋە پادىشاھقا تونۇشتۇرۇپتۇ. پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، كارل بىلەن چوقۇم پاراڭلاشماقچى بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ يېنىدىكىلەر دەرھال كارلنى خانىشنىڭ

ھۆزۈرىغا ئېلىپ باردى. شۇ چاغدا، مېنىڭ بىللە كىرىشىمگىمۇ رۇخسەت قىلىندى. پادىشاھ بىلەن ھەممە گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىشتۇق. پادىشاھ ئوغلۇمنى بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇردى. ئۇنى مەڭگۈ قوغدايدىغانلىقىنى، كارلنىڭ خاتىرجەم ئۆگىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىز پادىشاھنىڭ ھۆزۈرىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغان ئېسىلزادە خانىملار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، كارلنى ئورىۋېلىپ، سۆيۈپ كېتىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى گېنېرال كارلنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ تاكى پادىشاھ ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ئۇزاپ كەتكۈچە ئارىلىقتا، كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ، ئۇزىتىپ قويدى. شۇ يىلى كارل ئەمدىلا 10 ياشتا ئىدى.

1812- يىلى قىشتا، يەنى بەشىنچى مەۋسۇمدا كارل 12 ياشقا كىرىپ، بۇرما سىزىق توغرىسىدىكى دېسسېرتاتسىيىسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىپ، ئالىملارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ، يەنە ئۆزى كەشىپ قىلغان ئىنتايىن ئاددىي ياسالغان ئەگرى سىزىق سىزىش ئەسۋاب ـ سايمانلىرىنى كىتابتا ئېلان قىلغانلىقتىن، پادىشاھنىڭ ۋە خەلقنىڭ ناھايىتى زور ئالقىشىغا ئېرىشتى. يەتتىنچى مەۋسۇمدا ئۇ بىر تەرەپتىن سىياسىي، تارىخنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەچ، يەنە ۋاقىت چىقىرىپ «ئۈچ بۇلۇڭ تېخنىكىسى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقتى. ئۇ چاغدا، كارل 13 يېرىم ياش ئىدى. بۇ كىتاب ئەينى ۋاقىتتا دەماللىقا نەشردىن چىقالمىدى، 1815- يىلى كارل گېيۇتتېنگىن ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئايرىلىپ، خەيدېلبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كەلگەندىن كېيىن نەشردىن چىقتى.

1813- يىلى مەن پادىشاھنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇقتۇرۇشتا، كارلغا بېرىلىدىغان ئوقۇش پۇلى

تۆت يىلغا ئۇزارتىلغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ ھەرقانداق ئۇنىۋېرسىتېتقا بېرىپ ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلىنغانلىقى ئېيتىلغان ئىدى. بۇ، ئەسلىدىكى ئۈچ يىل ئوقۇش پۇلى بېرىش توغرىسىدا بەلگىلەنگەن مۇددەت توشۇپ قالغانلىقتىن يەتكۈزۈلگەن ئۇقتۇرۇش ئىدى.

ئالدىنقى يىلى ناپالېئون يىراقتا يۇرۇش قىلىپ، رۇسىيىدە مەغلۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ كۈچى تەدرىجىي ئاجىزلىشىپ، 10- ئايدىكى لېيپزىگ ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ۋېسترولىيە ھۆكۈمىتى گۇمران بولدى. بۇ چاغدا ۋېسترولىيە ھۆكۈمىتى كارلنى خانوۋېر، بىروۋنسىك، خېسسېن قاتارلىق ئۈچ كېنەزلىك ھۆكۈمىتىگە تونۇشتۇرۇپ قويىدى. ۋېسترولىيە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ يېرىمى گېرمانىيىلىك، يەنە كېلىپ ئۇرۇشنىڭ مالىماتچىلىق مەزگىلى بولغاچقا، ھەممە دۆلەتتە مالىيە قىيىنچىلىقى بار ئىدى. ئومۇمەن جەددىي زۆرۈر بولمىغان ئىشلارغا پۇل خەجلەشكە رۇخسەت قىلىنمايتتى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئۈچ كېنەزلىك ھۆكۈمىتى يەنىلا كارلنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ ئوقۇش پۇلىنى ئۈستىگە ئېلىشقا خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كىشىلەر كارلنىڭ تالانتىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى. مەن بۇنىڭدىن بەك تەسىرلەندىم. ئۇنىڭ گيۆتتىنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى سەككىزىنچى مەۋسۇمنىڭ ئوقۇش پۇلىنى ئۈچ كېنەزلىك ھۆكۈمىتى تۆلەيدىغان بولدى.

## 14 ياشلىق دوكتور

ئىككىنچى يىلى 4- ئايدا، كارل ۋېتسلارغا ساياھەتكە باردى

ھەم گىسون ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلدى. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى پەلسەپە ئىلمى پروفېسسورلىرى ئۇنى قارشى ئالدى ھەمدە ئىلمىي ساھەدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەر توغرىسىدا كارل بىلەن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشتى. ئاخىرىدا، ئۇنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسىنى، 1812- يىلى ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىسىنىڭ قىممىتىنى ئېتىراپ قىلىشتى. مەكتەپ مۇدىرى خىللا ـ مالې دوكتور ئۇنىڭغا پەلسەپە ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى بەردى. بۇ، 1814- يىلى 4- ئاينىڭ 10- كۈنى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كارل ماربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلدى، بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا قىزغىن قارشى ئېلىندى. ئاڭلىشىمچە، گىسون ئۇنىۋېرسىتېتى بالدۇر كېلىپ قالمىغان بولسا، مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتمۇ ئۇنىڭغا پەلسەپە ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى تەييارلاپ قويغان ئىكەن.

گيۆتتېنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى سەككىزىنچى مەۋسۇمنىڭ ئوقۇش پۇلىنى خانوۋېر، برووۋنسىك، خېسسېن قاتارلىق ئۈچ كېنەزلىك ھۆكۈمىتى تۆلەيدىغان بولغاچقا، بىز برووۋنسىكقا ئوقۇش خىراجىتى ئالغىلى بارغان ۋاقتىمىزدا، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىزنى برووۋنسىك كېنەزىگە تونۇشتۇردى. بۇ چاغدا كېنەز ساياھەتكە چىقمىشقا جابدۇنغان ئىكەن، شۇنداقتىمۇ بىزنى يەنىلا خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، نۇرغۇن پاراڭلاشتى ھەمدە ئەنگلىيىگە بېرىپ ئوقۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئەگەر بىز بېرىشنى خالىساق، بىزنى ئەنگلىيىدىكى تۇغقانلىرىغا تونۇشتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ھەمدە ئوقۇش پۇلىنى چىقىرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بىز يەنىلا يۇقىرىقىدەك سەۋەب بىلەن خانوۋېرغا بارغاندا، كىشىلەر كارلنى لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. چۈنكى، كارل بۇنىڭدىن بۇرۇن سارتۇۋېدىلغا بېرىپ،

ماتېماتىكىدىن لېكسىيە سۆزلەپ، ناھايىتى ياخشى باھاغا ئېرىشكەن ئىدى. نېمىدىن سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى سورىساق، ئۇلار يەنىلا ماتېماتىكىدىكى مەسىلىلەردىن سۆزلەپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىشتى. كارل بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، ئىككىنچى كۈنى شۇ يەردىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ زالىدا لېكسىيە سۆزلىدى. ئۇ چاغ 1814- يىل 5- ئاينىڭ 3- كۈنى بولۇپ، كارل ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن ئىدى.

لېكسىيە ئاڭلاشقا شەھەردىكى بارلىق زىيالىيلار قاتناشقان ئىكەن. لېكسىيىنى ئوغلۇم يېقىملىق نېمىس تىلىدا چۈشىنىشلىك، راۋان ۋە ئېنىق قىلىپ سۆزلىدى. ئۇ، ئۇدا نەچچە كۈن ئالدىراش بولغاچقا، ناھايىتى كەچ ئارام ئالاتتى. تەييارلىق ۋاقتىمۇ يوق ئىدى. شۇڭلاشقىمىكىن تاڭ، كارل سۆزلەۋاتقاندا بەزىلەر گۇمانلىنىپ، كەينىدىن مارىلاپ كېلىپ، ئۇنىڭدا تېزىس بار - يوقلۇقىغا قاراپ بېقىپتۇ. بۇ كىشىلەر كارلنىڭ تېزىس تۇزۇۋالمىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، تېخىمۇ ھەيران قېلىشىپتۇ. كارل بۇنىمۇ نەزەردە تۇتۇپ، لېكسىيە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ گۇمانىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، قەستەن مۇنبەردىن ئايرىلىپ سۆزلىدى. بۇ چاغدا، ئاڭلىغۇچىلار تېخىمۇ قىزغىن ئالقىش ياغدۇراتتى. كارل قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە لېكسىيىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇنىڭ تالانتىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە ئىلگىرى ئۇستىگە ئالغاندىنمۇ كۆپرەك ئوقۇش پۇلى بىلەن تەمىنلىدى.

كېيىنچە كېنەز بىروۋنىسك كېنەزىگە ئوخشاشلا، كارلنى ئەنگلىيىگە بېرىپ ئوقۇشقا تەكلىپ قىلدى ھەمدە مەكتەپكە تونۇشتۇرۇپ قويۇشقا ۋە ئوقۇش پۇلىنى چىقىرىشقا ماقۇل بولدى. خېسىبىنغا بارغاندىمۇ، بىز ئوخشاشلا قىزغىن قارشى ئېلىنىپ، ئوردىغا تەكلىپ قىلىنىپ مېھمان بولدۇق.

كارل گيۇتتىبىنگىن ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ كېيىنكى چىقىش يولى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم. ئەگەر ئۇنىڭ نامىنى بالدۇر چىقىرىشنى ئويلىغان بولسام، ئەڭ ياخشىسى كارل ھازىرغىچە ئۆزى ئىگىلىگەن بىلىمى بىلەن مەلۇم ساھەدە چوڭقۇرلاپ تەتقىقات ئېلىپ بارسا بولاتتى. لېكىن، مەن ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئويلىنىپ، ئىنچىكە تاللاش ئارقىلىق، بۇ ئەپچىل يولدىن ۋاز كەچتىم. مېنىڭچە، بۇنداق قىلغاندا كارل مەلۇم ساھەدە ئالىم بولۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالاتتى. كارلغا تېخىمۇ كۆپ بىلىملەرنى ئىگىلىتىش ئۈچۈن، مەن ئۇنى قانۇنشۇناسلىقتا ئوقۇتۇش قارارىغا كەلدىم. مەلۇم بىر ماتېماتىكا پروفېسسورى بۇ ئىشنى ئۇقۇپ ناھايىتى ئەپسۇسلىنىپ، مەندىن نېمىشقا بۇنداق قارار چىقارغانلىقىمنى سورىدى. مەن بۇ پروفېسسورغا: «كەسىپ يۆنىلىشىنى بەلگىلەش 18 ياشتىن كېيىنكى ئىش. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ھەممە بىلىمنى ئۆگىنىش كېرەك. 18 ياشقا كىرگەندىن كېيىن، ئەگەر كارل يەنىلا ماتېماتىكىنى ياخشى كۆرىدىغان بولسا، ئۇ ماتېماتىكا بىلەن شۇغۇللانسۇن» دەپ ئېيتتىم.

ئۇنىڭدىن كېيىن، كارل خەيدېلبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ، مەخسۇس قانۇن ئۆگەندى. نەتىجىسى يەنىلا ناھايىتى مۇنەۋۋەر بولۇپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولىمۇ ياخشى كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولدى.

## ساغلام ۋە غەمسىز تالانتلىق بالا

بەزىلەر مەندىن: «كارلنىڭ ئالغان تەلىم - تەربىيىسى ۋە

ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتنى دەسلەپكى تەربىيىنىڭ نەتىجىسى ئىكەن. كارل بۇ تەلىم - تەربىيىنى قوبۇل قىلىپ بولغۇچە، ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يەتمىدىمۇ؟» دەپ سوراشتى.

بۇ ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم بىر مەسىلە. ئەمەلىيەتتە، كارل كىچىك ۋاقتىدىلا ئەمەس، بەلكى چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ ئىزچىل ھالدا ناھايىتى ساغلام ئىدى. شائىر گېنرىخ گېينى ۋېيلاندغا يازغان خېتىدە، كارل 10 ياش ۋاقتىدا ئۇنى ئۆزى سىناپ كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇ چاغدا، كارلنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى تىلشۇناسلىق تالانتىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ساغلام، تېتىك ۋە سەبىي روھىي - جىسمانىي جەھەتلەردە باشقىلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىدىن ھەيران قالغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. يەنە بەزىلەر «كارل ئاشۇنداق تەلىم - تەربىيىنى قوبۇل قىلىشتا، چوقۇم شىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ سەبىي ۋە رومانتىك بالىلىق دەۋرىنى قىلچە خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولالماي ئۆتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارايدىغاندۇ. ئەمما، ئىش ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك ئەمەس. مەن دېلادىنىنىڭ شېئىرىدىكى: «ھەقىقەتنىڭ تەمىنى تېتىشتىنمۇ ئارتۇق بەخت يوق، ھەقىقەتتىن بەھرىمەن بولغان بەخت مەڭگۇ ئۇنتۇلمايدۇ» دېگەن مىسرالارنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. مېنىڭچە، كىچىكىدىن باشلاپلا ھەقىقەتنىڭ تەمىنى تېتىپ چوڭ بولغان بالا ھەرقانداق بالىدىنمۇ بەختلىك بولىدۇ. خۇددى مەن ئالدىنقى بابلاردا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، مېنىڭ ئوغلۇمغا بولغان تەلىم - تەربىيەم ناھايىتى مۇۋاپىق بولغاچقا، كارلنىڭ نوقۇل ھالدا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بېرىلىپ كىتاب ئوقۇيدىغان ۋاقتى بەك ئاز ئىدى. ئۇنىڭ ئويناش، ھەرىكەت قىلىشىغىمۇ يەتكۈدەك ۋاقىت بار ئىدى.

كارل كىچىكىدىنلا ئىشنىڭ يولىنى ئۇقىدىغان، باشقا

نۇرغۇن بالىلار بىلمىگەن كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغان، بەلكى بىرەر ئىشقا قارىتا خېلى پىشقان قاراشقا ئىگە بالا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىلار ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئويۇنغىلى ئامراق ئىدى. لېكىن، ئۇ قىلچە ھاكاۋۇر ئەمەس ئىدى. باشقا بالىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان ۋە ياراتمايدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايتتــى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، كارل بىلەن بىرگە ئوينايدىغان بالىلار سەمىمىيلىك ۋە خۇشاللىق ھېس قىلاتتى، كۆڭلى ئاغرىنىپ قالمايتتى، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن ئويناشقا ئامراق ئىدى. بەزى بالىلار يولسىز كۆكەرمىلىك قىلسىمۇ، ئۇ بۇنداق جېدەللەرنى جايىدا بىر تەرەپ قىلىپ، جاڭجاللىشىپ قالمايتتى.

قەدىمدىن تارتىپ كىشىلەر: «ئالىملار ئەخمەق كېلىدۇ» دېيىشىدۇ. لېكىن، ئوغلۇم كارل مەيلى كىچىك چېغىدا، ياكى چوڭ بولغاندىن كېيىن، قۇرۇق ۋە مەنىسىز كىتاب مەستانىسى بولمىغان، بەلكى ھەمىشە كىشىلەرگە خۇشاللىق بېغىشلايتتى. ئۇنىڭ تومۇرىدا كىچىكىدىن باشلاپ ئەدەبىياتنىڭ قېنى ئاققان ئىدى. ئۇ، كىچىك چېغىدىن باشلاپلا قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەرگە پىششىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نۇرغۇن ياخشى شېئىر ۋە ماقالىلەرنى يازغان ئىدى.

مېنىڭچە، كارل ئادەملىك ۋە ئالىملىق سۈپىتىگە لايىق ياخشى خوسۇسىيەتكە ئىگە. مەنمۇ ئوغلۇمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەربىيىلەپ چىقالىغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن.

# دوستلىرىمغا بېغىشلايمەن

(ئاخىرقى سۆز)

كارلىنىڭ مۇنداق زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكىنىدىن دادا بولۇش سۈپىتىم بىلەن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن. لېكىن، تېخىمۇ خۇشال بولىدىغىنىم شۇكى، مېنىڭ تەلىم - تەربىيە نەزەرىيەم بەزىلەر دېگەندەك بىمەنە خام خىيال بولماستىن، بەلكى يولغا قويۇلسا ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغانلىقىدىن ئىبارەت.

كۆپچىلىك بەلكىم مېنى ماتېرىياللارنىڭ پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىش ئۈچۈن، بۇ كىتابنى يازغان بولسا كېرەك، دەپ قارىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، ماتېرىياللار ماڭا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدۇ، شۇڭا ئۇلارغا پايدىلىنىش ماتېرىيالى يېزىپ بەرگىنىمنىڭ پايدىسى يوق. ياق، مەن بۇ كىتابنى سىلەر ئۈچۈن، يەنى باللارنىڭ تەلىم - تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن يازدىم. مەن ھازىر ئېقىۋاتقان تەلىم - تەربىيە ئۇسۇللىرىدىن باشقا، يەنە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك باشقا ئۇسۇللارنىڭ بارلىقىنى كۆپچىلىككە بىلدۈرۈپ قويماقچى.

مېنىڭ ئىزچىل قارىشىم شۇكى، ئەگەر تەلىم - تەربىيە مۇۋاپىق ۋە جايىدا بولسىلا، كۆپ ساندىكى باللارنى قالتىس

تالانتلىق قىلىپ تەربىيىلىگىلى بولىدۇ. ئوغلۇمنىڭ بۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيىتى مېنىڭ تەلىم - تەربىيەمنىڭ نەتىجىسى. مەن كىشىلەرنىڭ مائارىپچىلارنى نېمىشقا كارلدەك بالىلارنى تەربىيىلەپ چىقالمايدۇ، دەپ توختىماي ئەيىبلەيدىغانلىقىنى بىلىمەن. بۇنداق ئەيىبلەش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس، بۇ خىل قاراشنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ پايدىسى يوق. چۈنكى، مائارىپچىلارنىڭ يارىماس ۋە ئىقتىدارسىز دەپ قارىلىپ قېلىشىدىكى سەۋەب مەندە. ئۇلارنىڭ ماڭا دۈشمەنلىك بىلەن قارىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىققان كىشى كىتابنىڭ مەزمۇنىدا ئىسپاتلانغان ماۋۇ نۇقتىنى، يەنى ئەگەر ئائىلە تەربىيىسى ياخشى بولمىسا، ھەرقانچە مۇنەۋۋەر مائارىپچى ئەستايىدىل تەلىم - تەربىيە بەرگەندىمۇ ئۇنۇمى ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەن ئۇلارنىڭ دۈشمىنى ئەمەس. شۇنداقتىمۇ مېنىڭ تەلىم - تەربىيە نەزەرىيەمنى ئېتىراپ قىلىدىغانلار يەنىلا ناھايىتى كۆپ. مېنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، مېنى چۈشىنىدىغان كىشىلەر يەنىلا بار. فېستالوز ئەپەندى مېنىڭ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلۇمنى كىشىلەر ئالدىدا تۇنجى بولۇپ ئېتىراپ قىلغان ئادەم. كىشىلەر مېنىڭ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلۇمغا يەنىلا گۇمانىي نەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقاندا، ئۇ دەرھال مېنى رىغبەتلەندۈرۈپ: «سىزنىڭ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىڭىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ» دېگەن ئىدى. يېقىندا ئۇ، مېنىڭ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلۇمنى ئاشكارا ئېلان قىلىش توغرىسىدا ماڭا نەسىھەت قىلدى. پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور جولىيانمۇ ماڭا شۇنداق نەسىھەت قىلدى. بۇ يەردە، مەن فېستالوز ئەپەندىنىڭ ماڭا يازغان خېتىنى ئاشكارا قىستۇرۇپ ئۆتىمەن.

«ئېسىمدە قېلىشىچە، 14 يىل ئىلگىرى سىز بىلەن بۇۋېسېدا تەلىم - تەربىيە مەسىلىلىرى توغرىسىدا سۆزلەشكەن ئىدۇق. شۇ چاغدا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئالاھىدە تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىڭىز ئارقىلىق بالىڭىزنى ناھايىتى ياخشى تەربىيىلەپ چىقالايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقان. مانا 14 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، ئوغلىڭىز ئالغان تەلىم - تەربىيىنىڭ سىز ئويلىغاندىنمۇ ياخشى بولغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمەن. لېكىن، ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر بەلكى ئاۋۋالقىدەكلا، بۇ، سىزنىڭ تەلىم - تەربىيىڭىزنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشى، ياكى بولمىسا، بۇنى ئوغلىڭىزنىڭ تۇغما تالانتىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، مەن سىزنىڭ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىڭىزنى تەپسىلىي يېزىپ ئېلان قىلىشىڭىزنى، ئۆزىڭىزنىڭ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىڭىز ئارقىلىق بارلىق بالىلارنى ياخشى مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ، ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر ئىش. چوقۇم ئويلىنىپ باققايسىز.

سىزنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى چاكىرىڭىز
ۋە دوستىڭىز فېستالوز
1814-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنى ئىفارتون»

مەن ئەنە شۇلارنىڭ قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلىشى بىلەن بۇ كىتابنى يېزىپ ئېلان قىلدىم. شۇڭلاشقا، بۇ كىتابىمنى ئالدى بىلەن دوستلىرىمغا بېغىشلايمەن، ئۇلارنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن غەمخورلۇقىغا رەھمەت. ئۇنىڭدىن قالسا، مەن يەنە ئاتا ـ بالا ئىككىمىزگە ياردەم قىلغان دوكتور لاۋىستقا، دوكتور كۇيىنغا، ياخشى نىيەتلىك لېيپزىگ پۇقرالىرىغا، پادىشاھ گېروم ئالىيلىرىغا، برووۋنىسك كېنەزىگە، كېنىبرىجېر كېنەز قاتارلىق بارلىق زاتلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇلارنىڭ خالىسانە، سەمىمىي ياردىمىگە تەشەككۇر ئېيتىمەن. كىتابىمنى ئاشۇلارغا بېغىشلايمەن.

چوڭ كارل ۋىتېر

1818-يىل 12- ئاينىڭ 20- كۈنى گېۋتتېنگېن.



مەسئۇل مۇھەررىرى: غولام ئەبەيدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايشەم ئابدۇۋەلى
تېخنىكىلىق مۇھەررىرى: ئابلىمىت ھەسەن

# كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى

ئاپتورى: كارل ۋىتېر (گېرمانىيە)
ئابدۇرېھىم دۆلەت
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادىل ئابدۇقادىر
جۇرئەت دۆلەت

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەھرىر بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850مم، باسما تاۋىقى: 14
قىستۇرما ۋارىقى: 2
2002 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
2002 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 5000 —— 1

ISBN—5373—1034 — 3/G. 235

باھاسى: 24.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەخمۇتجان تۇردى

بۇلاق

ISBN 7-5373-1034-3

9 787537 310345 >

ISBN7 — 5373 — 1034 — 3
G.235 （民文）定价：24. 00 元